# چىڭگىزخاننىڭ ئاق بولۇتى





شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




45

ISBN 7-228-05762-7
I·2151(民文) 定价 :16.30元

ISBN 7-228-05762-7
9 787228 057627 >

15
I364.45
1



# چىڭگىزخاننىڭ ئاق بۇلۇتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

成吉斯汗的白云:维吾尔文/(吉尔吉斯斯坦)埃提马托夫等著;穆那尔江等译 —乌鲁木齐:新疆人民出版社。2000.5

(外国中篇小说丛书;28 辑)

ISBN 7—228—05762—7

Ⅰ.成... Ⅱ.①埃...②穆... Ⅲ.中篇小说—作品集—吉尔斯斯坦—现代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I 364.45

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 29657 号

责任编辑:艾合买提.伊敏
封面设计:艾克拜尔.萨里
麦克汉
责任校对:扎米拉,塞娜瓦尔

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐解放南路 348 号 邮政编码(830001)
新疆新华书店发行
新疆司法印刷厂印刷
787×1092 毫米 32 开本 11.625 印张 2 插页
2000 年 7 月 第 1 版 2000 年 7 月第 1 次印刷
印数:1—3,060

ISBN7—228—05762—7/I.2151 定价:16.30 元

## قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ كىتابچىغا ئىككى پوۋېست كىرگۈزۈلگەن.

قىرغىزىستاننىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى چىڭگىز ئايتماتوفنىڭ «چىڭگىزخاننىڭ ئاق بۇلۇتى» ناملىق پوۋېستىدا «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» رومانىدىكى باش قەھرىمان يېدىگەيىنىڭ يېقىن ئاغىنىسى ئابۇتالىپقا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلىك راۋاجلاندۇرۇلغان بولۇپ، ئابۇتالىپنىڭ شۈھرەتپەرەس تەھقىقلىگۈچى تاڭسىقبايېفنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، ئاخىرىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىق جەريانى بايان قىلىنغان. تاڭسىقبايېف، ئابۇتالىپ خاتىرىلىۋالغان چىڭگىزخان توغرىسىدىكى رىۋايەت ئەڭ ئالىي رەھبەرلىككە قىلىنغان «سىياسىي دارىتما» دەپ تۆھمەت قىلىدۇ. رىۋايەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: چىڭگىزخان ياۋروپاغا يۈرۈش قىلغان يىلى، ئۇنىڭ بېشىدا بىر پارچە ئاق بۇلۇت پەيدا بولۇپ، ئۇ نەگە بارسا شۇ يەرگە ئەگىشىپ بارىدۇ، ئىككى يىل ئىلگىرى ئۇچرىغان بىر دەرۋىشنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ئۇ ئاق بۇلۇت تەڭرىنىڭ چىڭگىزخاننىڭ ئىشلىرىنى قوللاۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىكەن. دەرۋەقە، ئۇنىڭ سەپىرى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش ئىشى ئاخىرلاشقۇچە قوشۇن ئىچىدە بالا تېپىشنى مەنئى قىلىش پەرمانىنى چىقىرىدۇ، لېكىن يۈرۈش باشلىنىپ ئون يەتتىنچى كۈنى بىر كەشتىچى قىزنىڭ پەرمانغا خىلاپلىق

قىلىپ بالا تۇغقانلىقى مەلۇم بولىدۇ. چىڭگىزخان شۇ كۈنى سەھەردىلا پەرمان چۈشۈرۈپ، كەشتىچى قىزبىلەن ئۇنىڭ ئاشىقى باتۇر يۈز بېشىنى تۆگىگە ئېسىپ ئۆلتۈرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، قوشۇن غەربكە يۈرۈشنى يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ. لېكىن، دەل شۇ چاغدا چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ بېشى ئۈستىدە ئەگىپ يۈرگەن ئاق بۇلۇتنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى سېزىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ سەپىرى ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ. ۋولگا دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇ غەربكە يۈرۈش ئىشىنى بالىلىرى ۋە نەۋرىلىرىگە تاپشۇرۇپ، ئۆزى ئوردوس ئېگىزلىكىگە قايتىدۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي شۇ يەردە دەرد ـ ئەلەم ئىچىدە ۋاپات بولىدۇ.

بۇ كىتابچىغا كىرگۈزۈلگەن ئىككىنچى ئەسەر — «يەر ئاستى يولى». ئارگېنتىنانىڭ داڭلىق يازغۇچىسى ئېرنىستو سارۋاتونىڭ (1911 ـ ) ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بۇ پوۋېستىدا كاستېر ئىسىملىك بىر داڭلىق رەسسامنىڭ مەنىۋى ھالاكىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. چەكسىز غېرىبلىق ئىسكەنجىسىدە قىينالغان، روھىي دۇنياسى زىددىيەت بىلەن توشۇپ كەتكەن بۇ رەسسامنىڭ بىر مۇشەققەت ئىچىدە ئۆزىگە سىرداش دوست ۋە مۇھەببەت ئىزدەيدۇ، ئاخىر كۈتكەن ئادىمىگە ئېرىشىدۇ. ئەمما، رېئال دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ نەزەرىگە سىغماسلىقى، ئىچكى دۇنياسىدا بولۇۋاتقان كەسكىن توقۇنۇشلار ۋە گۇمانخورلۇقى تۈپەيلى ئۆزى مەجنۇنلارچە كۆيگەن ھەم ئۆزىنى بىردىنبىر چۈشىنىدىغان ئاشىنىسىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئەڭ ساپ مۇھەببەت ئەڭ كۈچلۈك نەپرەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ...

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

چىڭگىزخاننىڭ ئاق بۇلۇتى .............................. 1
چىنگىز ئايتماتوف (قىرغىزىستان)
مۇنارجان توختاخۇن تەرجىمىسى
يەر ئاستى يولى ................................ 183
ئېرنىستو سارۋاتو (ئارگېنتىنا)
زۇلپىقار بارات تەرجىمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# چىڭگىزخاننىڭ ئاق بۇلۇتى

چىنگىز ئايتماتوف (قىرغىزىستان)

مۇنارجان توختاخۇن تەرجىمىسى

كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىنغان بۇ پوۋېستنى رومانىنىڭ تولۇقلىمىسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ قانداق گەپ؟ بۇ يېڭى بىر ئۇسلۇبمۇ؟ تەبىئىيكى، ھەرگىز مۇنداق ئۇسلۇب يوق. ئەگەر، تۇرمۇش ئاجايىپ ـ غارايىپ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، بۇ پوۋېستنى توققۇز يىل بۇرۇن «يېڭى دۇنيا» دا ئېلان قىلىنغان «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» ناملىق رومانىنىڭ تولۇقلىمىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە زورلۇق داۋام قىلىۋاتقان دەۋردە، ھەممىنى بىلەلەيدىغان كىتاب ـ ژۇرنال تەكشۈرگۈچىلەر ۋە «يۇقىرىدىن كەلگەن پىكىر» لەر مەمۇرىي تەرتىپ بويىچە ئەسەرنىڭ تەقدىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان دەۋردە، بۇ ئەسەرنىڭ نېمە ئۈچۈن رومان ئىچىگە كىرگۈزۈلمىگەنلىكىنى بۇ يەردە چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرمايمەن. ئەسەر بۇ تۇسالغۇلاردىن «تولۇق» ئۆتۈپ كېتىشى، ئوبرازلىقراق قىلىپ ئېيتسام، بوران ـ چاپقۇن ئىچىدە كىتابخاندىن ئىبارەت بۇ قىرغاققا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان كېمىنىڭ يۈكىنىڭ ئارتىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئىككى زىيان ئالدىدا دەگسەپ بېقىپ، ئاز زىيان تارتىدىغان تەرەپنى تاللىۋېلىشقا توغرا كەلدى. مۇنداق ئىشلار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ.

«ئېيتىپ بولالمىغان ناخشىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرۈۋېتىش» ھەرقانداق ۋاقىتتا قىلالىغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. لېكىن، ھەرھالدا بۇنىڭغىمۇ يول چىقىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆزۈمنىڭ كونا، ئەمما تولۇقلانغان «يېڭى» رومانىمنىڭ بۇ بىر قىسمىنى كىتابخانلارغا سۇندۇم. ئېيتىپ ئۆتۈشۈم كېرەككى، پوۋېستقا كۆچمەنلەر رايونىدا تارقىلىپ يۈرگەن چىڭگىزخان توغرۇلۇق بىر ئاغزاكى رىۋايەتنى كىرگۈزدۈم، بۇ بىر ئەپسانە، ئۇنىڭ تارىختىكى ئەمەلىي ئەھۋال بىلەن ئوخشاشلىقى ناھايىتى كەم، لېكىن ئۇ خەلقنىڭ خاتىرىسىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن. . .

چىنگىز ئايتماتوف

بۇ يەردە پويىزلار شەرقتىن غەربكە ۋە يەنە غەربتىن شەرققە توختىماي ئۆتۈپ تۇرىدۇ. . .

شىۋىرغان قۇترىغان قىۋرال ئاخشىمى، شىمال شامىلى قەھرىتان سوغۇق جاراڭلاپ تۇرغان سارى ئۆزەك يايلىقىدىكى قويۇق تۇمانلارنى توختاۋسىز سۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى. پايانى يوق يايلاق قىلىن قارغا كۆمۈلۈپ ياتاتتى، پويىزلار توختىماي ئۆتۈپ تۇراتتى، پويىز شوپۇرلىرى ئاپئاق تۇمان ئىچىدە مىلك تەستە بورانلى ـ بورانىنى بېكىتنى ئىلغا قىلالايتتى. قۇترىغان شىۋىرغان ۋە تۇمان ئىچىدە كېچىلىك پويىزلار ئەنە شۇنداق توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇراتتى، بۇ ھال كىشىگە قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى. . .

مۇنداق كېچىدە، دۇنيا ئەلمىساقتىن بۇرۇنقى تۇمان ۋە قاراڭغۇ ھالىتىدە قايتا پەيدا بولغاندەك سېزىلەتتى، ئۆزىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان تۇمان ئىچىگە يوشۇرۇنغان سارى

ئۆزەك يايلىقى كىشىگە يورۇقلۇق ۋە زۇلمەتنىڭ ئازابلىق ئېلىشىشىدىن پەيدا بولغان، قويۇق تۇمان قوينىدا ياتقان دېڭىزنى ئەسلىتەتتى . . .

كۆز يەتكۈسىز ئاشۇ چۆللۈكتىكى بېكەتنىڭ يېنىدا بىر دېرىزە كېچىدىن تا سەھەرگىچە قاچانلا قارىسىڭىز يورۇق تۇراتتى؛ خۇددى ئۇ يەردە، ئاشۇ دېرىزىنىڭ ئارقىسىدا كىمدۇر بىرى ئازابلىق جان تالىشىۋاتقاندەك، چىدىغۇسىز ئەلەم ئىچىدە ياشاۋاتقاندەك، ئۇيقۇسىزلىق دەردىدە قىينىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇ، بېكەتنىڭ يېنىدىكى بىر ياغاچ ئۆينىڭ دېرىزىسى ئىدى، ئۇ ئۆيدە ئابۇتالىپ قۇتتىبايېفنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئولتۇراتتى. ئۇلار ئابۇتالىپ قۇتتىبايېفنىڭ خوتۇن - بالىلىرى ھەر كۈنى ئاخشىمى چىراغنى ئۆچۈرمەي، ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتەتتى. ئۇنىڭ خوتۇنى زەرىپە جىن چىراغنىڭ پىلىكىنى كېچىچە نەچچە قېتىم پەرلەپ چىقاتتى، جىن چىراغ ئۆينى ۋاللىدە يورۇتقاندا، ئانا ئادەمنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك تاتلىق ئۇخلاۋاتقان چاچلىرى قاپقارا ئىككى ئوغلىغا قاراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۆزىگە چىپپىدە كەلگەن كىيىمى ئىچىدىكى ئاجىز بەدىنى سوغۇقتا توختىماي تىترەيتتى؛ ئۇ قوللىرىنى مەيدىسىگە قويۇپ، تۈگۈلگىنىچە بالىلىرىغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئەنسىرەپلا تۇراتتى. بالىلىرىنىڭ دادىسىنى چۈشەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى، ئۇلار چۈشلىرىدە بار كۈچى بىلەن دادىسىغا قاراپ يۈگۈرۈۋاتقان، قوللىرى كەڭ ئېچىلغان، يىغلاپ ھەم كۈلۈپ، ئالدى - ئارقىسىغا قارىماي يۈگۈرۈۋاتقان، لېكىن ھەرقانچە يۈگۈرسىمۇ دادىسىغا يېتەلمىگەن . . .

ئانا مانا مۇشۇنىڭدىن ئەنسىرەيتتى. شۇنداق ئۇلار ھەرقانداق بىر پويىزدا كېلىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان دادىسىنى كۈتمەكتە. پويىز ئۇلار تۇرۇۋاتقان بۇ بېكەتتە يېرىم مىنۇتلا توختاپ ئۆتسە بولدى. پويىزنىڭ تورمۇزلانغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، پويىز توختىسىلا، ئىككى بالا شۇ زامان دېرىزە يېنىدا پەيدا بولىدۇ، دادىسى كەلسە ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ باغرىغا ئېتىشقا تەييارلىنىدۇ. لېكىن، دادىسى كۆرۈنمەيدۇ. كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، دادىسىدىن قىلچە خەۋەر يوق، قاچاندۇر، قەيەردىدۇر ھاڭ گۈمۈرۈلۈپ ئاستىدا قالغاندەك، ئىز - دېرەكسىز يوقالغان.

جاھاننىڭ يەنە بىر چېتىدە، ئالمۇتىدىكى سوراقخانىنىڭ ئاستىدىكى بىر ئۆينىڭ دېرىزىسىمۇ تۈن بويى يورۇق تۇراتتى، بىراق، بۇ دېرىزە تۆمۈر چىۋىقچىلار بىلەن رېشاتكىلانغان، بىر ئايدىن بېرى ئابۇتالىپ قۇتتىبايېۋ مۇشۇ ئۆيدە ئادەمنىڭ كۆزىگە نەشتەردەك سانجىلىدىغان تورۇستىكى كۈچلۈك چىراغ نۇرىنىڭ ئازابىدا تولغىنىپ ياتماقتا. بۇ ئازابقا ئۇنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىغانىدى. ئۇ ئۆزىنى نەگە قويۇشنى، چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئېچىشىپ ئاغرىپ كېتىۋاتقان كۆزلىرىنى، يېرىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ كېتىۋاتقان بېشىنى نەگە يوشۇرۇشنى بىلمەيتتى. بىردەم بولسىمۇ ئارام تاپقان بولسا، مېنى بۇ يەرگە نېمىشقا ئەكېلىشتى؟ ئۇلار زادى مەندىن نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ دېگەندەك ئازابلىق خىياللاردىن بىردەملىك بولسىمۇ قۇتۇلسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە! كېچىلىرى، ئۇ چىراغ نۇرىدىن

ئۆزىنى قاچۇرۇپ، كۆڭلىكىنى بېشىغا يۆگەپ تام تەرەپكە ئۆرۈلۈپ ياتسا، كىچىك دېرىزىدىن ماراپ تۇرغان گۇندىپاي شۇ زامات گۇندىخانىغا ئېتىلىپ كىرىپ، ئۇنى ياتقان يېرىدىن سۆرەپ چۈشىدۇ، «تامغا قاراپ يېتىشقا بولمايدۇ، مۇناپىق! بېشىڭنى پۈركىۋېلىشىڭغا رۇخسەت يوق، ئىپلاس! فراسوفچە[1] ئۇنسۇر!» دەپ تىللاپ تېپىدۇ. مەن فراسوفچە ئۇنسۇر ئەمەس، دەپ قانچە ۋارقىرىغىنى بىلەنمۇ ھېچكىمنىڭ كارى يوق.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىزىرىپ ـ ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىنى يۇمۇپ، رەھىمسىز چىراغ نۇرىغا قايتىدىن توغرىلىنىپ ياتىدۇ. ئۇ قاراڭغۇلۇققا، ئازراقمۇ يورۇق چۈشمەيدىغان قاراڭغۇ يەرگە تەشنا ئىدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا گۆرگە كىرىشكىمۇ رازى ئىدى، ئۇ يەردە ئۇنىڭ كۆزلىرى، مېڭىسى مەڭگۈلۈك ئارام تاپاتتى، ھەر قانداق گۇندىپاي، تەھقىقلىگۈچىمۇ ئۇ يەردە ئۇنى چىدىغۇسىز كۈچلۈك چىراغ نۇرى بىلەن ئازابلىيالمايتتى، ئات ـ ئېشەكتەك ئۇرالمايتتى.

گۇندىپايلار ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئالمىشىپ تۇرىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرىدىن ئۆتكەن تاش يۈرەك، بىرەرىمۇ مەھبۇسلارغا ئىچ ئاغرىتمىدى، ئۇلارنىڭ تام تەرەپكە ئۆرۈلۈپ يېتىۋالغانلىقىنى كۆرمەسكە سېلىپ

---

[1] «سوۋېت ۋەتىنىنىڭ خائىنى» دېگەن مەنىدە، بۇ يەردە ئېيتىلغان فراسوف ئەسلى سوۋېت ئارمىيىسىدە گېنېرال لېيتېنانت بولغان، ۋەتەن ئۇرۇشىدا گېرمانىيە فاشىستلىرىغا تەسلىم بولۇپ، ئۇلار ئۈچۈن كەتمەن چاپقان خائىن.

ئۆتكۈزۈۋېتىشنى بىلمەيدۇ، تېخى مەھبۇسلارغا زەھىرىنى چېچىپ، دۇمبالىتۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تام تەرەپكە ئۆرۈلۈشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئابۇتالىپ قۇتتىبايېۋ گۇندىپايلارنىڭ بۇرچى ۋە ۋەزىپىسىنى ئېنىق چۈشەنسىمۇ، پات ـ پاتلا ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئويلاپ كېتىدۇ: «ئۇلار ئادەم ئۇرۇپ، تىللاشقا نېمىشقا شۇنچە خۇشتار؟ سىرتىدىن بىر ئوبدان ئادەمدەك لېكىن ئىچى قانداقسىغا شۇنچە زەھەر بىلەن توشۇپ كەتكەندۇ؟ مەن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا يامانلىق قىلغان ئەمەسقۇ؟ ئۇلار مېنى تونۇمايدۇ، مەنمۇ ئۇلارنى تونۇمايمەن، لېكىن، خۇددى يەتمىش پۇشتىنىڭ خۇن قەرزى باردەك، مېنى ئۇرىدۇ، خورلايدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئۇلار زادى قانداق تۆرىلىپ قالغان ئىنسان؟ ئۇلار نېمىشقا مۇنچە ياۋۇزلىشىپ كەتكەن؟ نېمە قىلغىنىمغا مېنى شۇنچە قىينايدۇ؟ مۇشۇنداق خورلاۋەرسە، ئادەم ئېلىشىپ قالماي، بېشىنى تامغا ئۇرماي قانداق چىدايدۇ؟ بۇنىڭدىن باشقا يول بارمۇ زادى؟!»

بىر كۈنى ئۇ بۇ خورلۇقلارغا ئاخىر چىداپ تۇرالمىدى، ۋۇجۇدىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولدى. ئۆزىنى تەپكەن گۇندىپاي بىلەن قانداقلارچە ئېلىشىپ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمىدى. ئۇلار يەردە پومىداقلىشىپ خېلىغىچە ئېلىشتى.

— ھەسسىنەي! ئالدىنقى سەپ بولۇپ قالغان بولسا، بوينۇڭنى غالجىر ئىتنىڭ بوينىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈۋەتكەن بولاتتىم! — دېدى ئابۇتالىپ بوغۇلۇپ ۋە گۇندىپاينىڭ فورمىسىنىڭ ياقىسىنى «جارت» تىدە يىرتىۋەتتى، ئۇيۇشۇپ قالغان قوللىرىدا كانىيىنى جان ـ جەھلى بىلەن

بوغدى. ئەگەر ئىككى مۇھاپىزەتچى بۇ ئىشنىڭ ئۈستىگە ۋاقتىدا كېلىپ قالمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.

ئابۇتالىپ ئەتىسى ھوشىغا كەلدى. خاراموشلۇق ۋە ئاغرىق ئازابى ئىچىدە ئۇنىڭ بىرىنچى بولۇپ كۆرگىنى يەنىلا شۇ تورۇستىكى ئۆچمەس چىراغ بولدى، ئاندىن يېنىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن دوختۇرنى كۆردى.

— جىم يېتىڭ، ئەمدى سىز ئۇ دۇنياغا كېتەلمەيدىغان بولدىڭىز، — دېدى دوختۇر پەس ئاۋازدا ۋە ھۆل داكىنى ئۇنىڭ جاراھەتلەنگەن پېشانىسىگە ياقتى، — ئەمدى مۇنداق ئەخمەقلىق قىلىپ يۈرمەڭ. مۇھاپىزەتچىدىلەرگە قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكىڭىز ئۈچۈن، سىزنى ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ، ئىتتىنىڭ ئورنىدا ئۆلگۈدەك ئۇرسىمۇ، بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ. سىز ھايات قالغانلىقىڭىز ئۈچۈن تاڭسىقبايىڧقا رەھمەت ئېيتسىڭىز بولىدۇ. ئۇنىڭغا سىزنىڭ ئۆلۈكىڭىز ئەمەس، تىرىكىڭىز كېرەك، چۈشىنىۋاتامسىز؟

ئابۇتالىپ گەپمۇ قىلماي، گومۇشتەك پارقىراپلا تۇراتتى. ئۇنى نېمىلەر كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ تەقدىرىدە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ، بۇ تەرىپى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئېغىر ئازابلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

شۇ كۈنلەردە ئۇ تورۇپ - تورۇپلا جۆيلۈپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى، رېئاللىقتىن ئايرىلىش ۋە روھىدىكى خاراموشلۇق ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. شۇنداق ۋاقىتلاردا ئابۇتالىپ ئۆزىنى ئۇ يەر - بۇ يەرگە يوشۇرۇشقا

ئۇرۇنمايتتى، كۆزلىرىگە نەشتەردەك سانجىلىۋاتقان چىراغ نۇرىدىن ئۆزىنى قاچۇرمايتتى، ئەكسىچە، ئۆزىنى ئەقىل - ھوشىدىن ئايرىغان، توختىماي ئازابلاۋاتقان رەھىمسىز نۇرغا قاراشقا تىرىشاتتى، شۇندىلا، ئۇ ئۆزىنى ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرگەندەك، ئازاب ۋە ئۆچمەنلىك مەنبەسىگە يېقىنلاشقاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇپ تۇراتتى، كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇۋاتقان ئاشۇ نۇردىن غالىب كەلمەكچى، ئۆزى ئاشۇ يوقلۇق ئىچىدە ئېرىپ تۈگىمەكچى بولاتتى.

لېكىن مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ، ئۇنىڭ بېجىرىم بولمىغان ئېڭىدا يەنىلا ئۈزۈلمەس بىر تال يىپ ساقلىنىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ يىپ ئاللىقاچان ئۆتمۈشكە ئايلانغان ئاشۇ ئىشلارنىڭ قالدۇقلىرىنى، ئۇنى ئازابلاپ يۈرىكىنى يەۋاتقان غەم - قايغۇلارنى، ئائىلىسى، بالىلىرى ئۈستىدىكى غەم - ئەندىشىلەرنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇراتتى.

ئابۇتالىپ سارى ئۆزەكتە قالغان خوتۇن - بالىلىرىدىن كېچە - كۈندۈز ئەنسىرەيتتى، ئۇلارنىڭ پىراقىدا پۇچىلىناتتى. ئۇ ئۆزىنى ئۆزى سوراق قىلاتتى، ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ئېنىقلاشقا تىرىشاتتى، ئۆزىنى جازالاشنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى نېمە ئىكەنلىكىگە جاۋاب تېپىشقا ئۇرۇناتتى، لېكىن ھەرقانچە ئۇرۇنسىمۇ جاۋاب تاپالمايتتى. ئەجەبا، ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانلىقى، نەچچە مىڭلىغان بەختسىز ئەسكەرلەرگە ئوخشاش قورشاۋدا قېلىپ نېمىسلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن جازالامدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن قانچە قېتىم جازالايدۇ؟ ئۇرۇش ئاللىقاچان

ئارقىدا قالدى، مەيلى ئىسسىق قانلىرى ياكى جازا لاگېرىغا بېرىش بىلەن بولسۇن، ھەممىسى ئۇرۇش دەۋرىنىڭ ھېسابىنى بېرىپ بولدى. ئۇرۇشقا قاتناشقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆمرىنىڭ ساناقلىق كۈنلىرىلا قالدى. لېكىن، قولىدا چەكسىز ھوقۇق بار ئادەملەر يەنىلا بولدى قىلماي، ھازىرغىچە ئۆچ ئېلىۋاتىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، بولۇۋاتقان ئىشلارنى قانداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن؟ ئابۇتالىپ ھەرقانچە قىلسىمۇ بۇ سوئاللارغا جاۋاب تاپالمايتتى، بىراق ئۇنىڭدا ئازراق ئۈمىدمۇ بار: ھەممە نەرسە پات ئارىدا ئېنىقلىنىدۇ، بولۇپ ئۆتكەن بارلىق ئىشلار پەقەت ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان بىر ئۇقۇشماسلىق بولۇپ چىقىدۇ، خالاس. ئۇ چاغدا، ئابۇتالىپ قۇتتىبايېۋ تارتقان بارلىق خورلۇق ۋە ئازابلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتمەكچى، ئۇنى تېزرەك ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرسە، تېزرەك يۇرتىغا قايتۇرۇۋەتسىلا بولدى. ئەنە شۇ چاغدا ئۇ ئۇچىدۇ، قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ ئۇچىدۇ، ئۆيىگە، بالىلىرىنىڭ يېنىغا، سارى ئۆزەككە قاراپ ئۇچىدۇ، بورانلى ـ بوراننى بېكىتىگە قاراپ ئۇچىدۇ، ئىككى بالىسى ئېرمەك بىلەن داۋۇل، خوتۇنى زەرىپە ئۇ يەردە ئۇنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتمەكتە. خوتۇنى قېلىن قار ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان يايلاقتا، خۇددى مېكىياندەك ئىككى بالىسىنى قانىتى ئاستىغا ئېلىپ ئاسرىماقتا، ئۇلارنى تىترەپ تۇرغان يۈرىكىگە يېقىپ ھىمايە قىلماقتا. ئېرىنىڭ ساق ـ سالامەت قايتىپ كېلىشىنى تىلەپ، تەقدىر ئىلاھىغا يىغلاپ ـ قاخشىماقتا، يېلىنىپ ـ يالۋۇرماقتا، ئۇنىڭ رەھىم ـ شەپقەت قىلىشىنى، ئۆزلىرىگە ئاسايىشلىق

ئاتا قىلىشىنى ئۆتۈنمەكتە. . .

تارتقان ئازابلىرى دەستىدىن ھۆكرەك ئىتىپ يىغلىۋەتمەسلىكى، خورلۇقلار دەستىدىن ئىلىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئابۇتالىپ خام خىياللار دېڭىزىدا ئۈزۈپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ شۇ خام خىياللار ئىچىدىن تىنچلىق ئىزدەيتتى. ئاجايىپ تەسەۋۋۇرلارغا بېرىلىپ كېتەتتى: ئەنە، ئۇنىڭ ھېچقانداق خاتالىقى بولمىغاچقا گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلدى. مانا، ئۇ يۇرتىغا قايتتى، يۇك پويىزىغا ئولتۇرۇپ، مىڭ تەستە يۇرتىغا يېتىپ باردى. ئەنە، ئۇ پويىزدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۆيىگە قاراپ ئۆزىنى ئاتتى، ئۇلار، خوتۇنى بىلەن باللىرى ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەلمەكتە. . . لېكىن، خام خىيال دېگەن بەربىر خام خىيال، ئۇ بىردەمدىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئابۇتالىپ خۇددى قاتتىق مەستلىكتىن يېشىلگەن ئادەمدەك، رېئاللىققا قايتىپ كېلىپ مەيۈسلىنەتتى، ئۈمىدسىزلىنەتتى. ئۇ پات - پاتلا ئويلاپ كېتەتتى: ئۇ خاتىرىلىۋالغان رىۋايەت «سارى ئۆزەكتىكى جازا» دا، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئاتا - ئانىنىڭ ئازابى ۋە ئۇلارنىڭ دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان بوۋاق بىلەن ئېچىنىشلىق ئايرىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن، مانا بۇ مەڭگۈلۈك نەرسە، بۇ كۈن ئەمدى ئۇنىڭ بېشىغىمۇ چۈشىدىغان بولدى. ئۇ ئوخشاشلا ئايرىلىشنىڭ ئېغىر ئازابىنى تارتىۋاتىدۇ. . . لېكىن، بىلىش كېرەككى، پەقەت ئەزرائىللا ئاتا - ئانىنى باللىرىدىن ئايرىۋېتەلەيدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق نەرسە، ھەرقانداق ئادەممۇ . . .

ئابۇتالىپ شۇنداق ئازابلىق خىياللار بىلەن يۇم - يۇم

يىغلاپ كېتەتتى، يەنە ئۆزىنىڭ بۇ قىلىقىدىن خىجىل بولاتتى، لېكىن بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان مەڭزىگە سىرغىپ چۈشۈۋاتقان ياشلىرىنى توختىتىۋېلىشقا ئامالسىز ئىدى. ئۇ ھەتتا ئۇرۇش ۋاقتىدىمۇ مۇنداق ئېغىر ئازاب ھېس قىلىپ باقمىغانىدى. ئۇ چاغدا ئۇ ئەركىن ئىدى، نېمىنى خالىسا شۇنى قىلالاتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشەندىكى، ئەڭ ئادەتتىكى بىلىنگەن ھادىسىلەرمۇ — بالىلارمۇ ئەڭ يۈكسەك تۇرمۇش مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدىكەن، يەنە كېلىپ، ھەربىر كونكرېت سورۇندا، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق بەختى بولىدىكەن، مانا بۇ بەخت — بالىلار؛ يەنە ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق بەختسىزلىكى بولىدىكەن، ئەگەر بالىلىرىدىن ئايرىلىپ قالسا . . . بۈگۈنكى كۈندە ئۇ يەنە شۇنىڭغىمۇ چوڭقۇر ئىشەندىكى، سىز ئامالسىز زۇلمەت قوينىغا قاراپ ماڭغىنىڭىزدا، قورقۇنچلۇق چىراغ نۇرى ئاستىدا ئاخىرقى قېتىم تۇرغىنىڭىزدا، ئاخىرقى مىنۇتلار كېلىپ، ھاياتىڭىزدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغىنىڭىزدا، ھايات سىزگە باشقىچە ئەھمىيەتلىك بىلىنىپ كېتىدىكەن. دېمەك، ھاياتنىڭ ئاساسلىق نەتىجىسى ئەۋلاد قالدۇرۇش دېمەكتۇر. بەلكىم تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەممە نەرسە شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇنداق ماسلاشتۇرۇلۇپ يارىتىلغاندۇ، ئاتا ـ ئانىنىڭ ھاياتى ئەۋلاد قالدۇرۇپ، ئۆز ئىزىنى ئۆچۈرمەسلىك يولىدا ئۆپرايدۇ، بالىلارنىڭ يېنىدىن ئاتىنى تارتىپ كەتكەنلىك، ئۇنى ئاتىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلغانلىق بولىدۇ، ئېنىقكى، ئۇ چاغدا، ئاتىنىڭ ھاياتى

ھېچبىر ئەھمىيەتسىز تۇگىشىدۇ. ئادەم مۇشۇلارنى ئويلىغاندا، كۆپ ھالالاردا ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ. ئابۇتالىپ ھاياجانلىنىپ كەتكەن چاغلىرىدا، ئۆزىنىڭ خوتۇن - بالىلىرى بىلەن كۆرۈشكەن مەنزىرىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كېتىدۇ، لېكىن، بۇ ئارزۇلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ پەقەت باشقا چىقىش يولى يوق قۇربانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، دەرد - ئەلەم ئۇنىڭ يۈرىكىنى كۇندىن - كۇنگە يەپ، ئىرادىسىنى بوشىتىپ، روھىنى خوراتماقتا. ئۈمىدسىزلىك ئۇنى پۈتۈنلەي چىرمىۋالغان، خۇددى تاغ ئۈستىدە دەۋرەپ تۇرغان قاردەك، ھازىرلا گۇمۇرۇلۇپ چۈشىدىغاندەك قىلاتتى...

مانا بۇ دەل دۆلەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكىنىڭ ① تەھقىقلىگۈچىسى تاگىسقابايېفنىڭ كۈتىدىغىنى ئىدى. ئۇ بۇرۇن نېمىسلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ئابۇتالىپ قۇتتىبايېفنىڭ ئەنزىسىنى تەكشۇرۇشتە، زەھەرخەندىلىك بىلەن پۈتۈن ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، نىشانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا بۇ مەقسىتىگە يەتتى. تاگىسقابايېف يۇقىرى رەھبەرلىكنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى بىلەن، ئابۇتالىپنىڭ ئەنگلىيە بىلەن

---

① نەچچە ئون يىلدىن بېرى، سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت خەۋپسىزلىك ئورگىنىنىڭ نامى كۆپ قېتىم ئۆزگەرگەن، 1946 — 1953 - يىللىرى دۆلەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكى، قىسقارتىلىپ MGB دەپ ئاتالغان، ئۇنىڭ مەسئۇلى ئاباكوموف ئىدى. ئۇ 1954 - يىلى دېكابىردا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئىشپىيونلۇق ئورگىنى بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ھەمدە قازاقىستانىنىڭ چەت رايونلىرىدىكى پۇقرالار ئارىسىدا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئېنىقلاشقا مۇناسىۋەتلىك ئەنزىنى قولىغا ئالغانىدى. ئابۇتالىپنىڭ ئەيىبلىنىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب مانا مۇشۇ ئىدى. ئەمدى گەپ، بەزى تەپسىلاتلارنى ئېنىقلاش ۋە بېكىتىش، ئابۇتالىپ قۇتتىباييېفنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىنى تەلتۆكۈس ئىقرار قىلىشىدا قالغانىدى. بىراق، سىياسىي جەھەتتە ئالاھىدە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان، تاڭسىقباييېفنىڭ يۈكسەك سەزگۈرلۈكى ۋە ئومۇم ئۈچۈن جان پىدالىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدىغان ئاشۇ ئەيىبنامىگە ئابۇتالىپنىڭ ئاساسلىق جىنايەتلىرى خاتىرىلەنگەن. ئەگەر بۇ ئەنزە تاڭسىقباييېفنىڭ ھاياتىدا زور بىر مۇۋەپپەقىيەت بولدى دېيىلسە، ئۇ ھالدا بۇ ئابۇتالىپ قۇتتىباييېف ئۈچۈن بىر قاپقان، قۇتۇلۇش مۇمكىن بولمىغان بىر تۇزاق بولغانىدى. چۈنكى، مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق سۆزلەر ئالدىدا، ئابۇتالىپنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى، ئەيىبنامىدە ئېيتىلغان جىنايەتلەرنى تولۇق ئىقرار قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەتلەرنى بويىنىغا ئېلىش ئىدى. بۇ ئالدىن بەلگىلەنگەن، شەرتسىز ئىقرار قىلىشقا تېگىشلىك پاكىت. ئەيىبنامىنىڭ ئۆزىمۇ ئەسلىدە جىنايى قىلمىشنىڭ ھەقىقىي ئىسپاتىغۇ.

شۇڭا، تاڭسىقباييېفنىڭ ئۆز ئىشىدا ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى كامىل ئىدى. ئۇنىڭغا تۆھپە يارىتىپ، نام چىقىرىدىغان پۇرسەت ئاخىر

شۇ يىلى قىشتا كەلدى. نەچچە يىلدىن بېرى، ئۇ بىپەرۋالىقىدىن مايورلۇق ئۇنۋانىدىن ئۆرلىيەلمەي توختاپ قالغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا يېڭى بىر ئىستىقبال قۇچاق ئېچىپ تۇرۇپتۇ. ئابۇتالىپ قۇتتىبايېفنىڭكىگە ئوخشاش ئەنزىلەرنى چەت رايونلاردا دائىم ئۇنداق ئاسان قولغا چۈشۈرگىلى بولمايدۇ. تەلەي كەلدى دېسە، مانا مۇشۇنى دېسە بولىدۇ.

شۇنداق، 1953 ـ يىلى فېۋرالدىكى ئاشۇ كۈنلەردە، دۆلەتنىڭ تارىخى خۇددى تاشقىسقابايېفقا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندەك، ئۇنىڭغا ئالاھىدە شەپقەت كۆرسەتتى. تارىخنىڭ بۇ ساخاۋىتىنى تاشقىسقابايېف ئۆزى ھېس قىلىپ يەتتى دېگەندىن كۆرە، بىۋاسىتە سېزىۋالدى دېگەن تۈزۈك ئىدى. تارىخ ئۇنىڭ كەسپىنىڭ مۇھىملىقىنى بارغانسېرى ئاشۇرۇپ باردى، ئۆز نەزەرىدىكى قىممىتىنى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈردى. شۇڭا ئۇنىڭ روھى جۇشقۇن، كەيپىياتى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. بەزىدە ئۇ ئەينەككە قاراپ ھەيران بولاتتى. ئۇنىڭ قۇرغۇيىنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى شۇ كۈنلەردە باشقىچە نۇرلىنىپ كېتىۋاتاتتى. بۇنى كۆرۈپ ئۇ تېخىمۇ روھلىنىپ كېتەتتى، قانائەتلەنگەن ھالدا ساپ رۇس تىلىدا: «بىز ئەسلىدىنلا چۆچەكنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالايمىز...» دەپ پىچىرلاپ قوياتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش ئارزۇلار ئوتىدا كۆيۈپ يۈرگەن خوتۇنى مۇنداق پۈرسەتلەرنى قولدىن بەرمەيتتى: «شۇنداق، بىز پات ئارىدا ھەممىگە ئېرىشىمىز» دەيتتى ئۇ ھاياجان بىلەن، ئۇنىڭ ئوغلى تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇيتتى، ئاكتىپ

كومسومول ئىدى. ئۇ بەزىدە گەپ ئاڭلىمىغاندەك قىلغىنى بىلەن، ھالقىلىق مەسىلىلەرگە كەلگەندە، قىزغىنلىق بىلەن: «دادا، سىزنىڭ پودپولكوۋنىك بولغانلىقىڭىزنى تەبرىكلەيدىغان كۆڭگىمۇ ئاز قالدىغۇ دەيمەن؟» دەپ سوراپ قوياتتى. بۇ يەردە بەزى كونكرېت سەۋەبلەر بار، بۇ تاڭسىقبايېۋ بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئەمەس، لېكىن...

بۇ مۇنداق ئىش، ئۇنىڭغا ئانچە ئۇزۇنمۇ بولمىدى، يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا بولسا كېرەك، ئالمۇتىدا بىر قېتىم يېپيېڭى سوت ئۆتكۈزۈلدى: ھەربىي سوت قازاقلار ئىچىدىكى بىر توپ بۇرژۇئا مىللەتچى ئۇنسۇرلارنى سوتلىدى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ بۇ دۈشمەنلىرىنى مەڭگۈلۈك پاك ـ پاكىز تازىلىدى. ئىككىسى قازاق تىلىدا، رېئاللىقتا زىت كېلىدىغان، بۇرۇنقى قەبىھ فېئودال پاترىئارخاللىق تۈزۈمىنى پەردازلاپ كۆككە كۆتۈرىدىغان ئەسەر يازغانلىق جىنايىتى بىلەن ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇلۇپ، ئېتىپ تاشلاندى. پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل ـ ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنىنىڭ ئىككى تەتقىقاتچىسى يىگىرمە بەش يىل كېسىلدى... قالغانلىرى ئون يىلدىن... ئەمما، ئاساسلىق گەپ بۇ يەردە ئەمەس، مۇھىمى، مەركەز بۇ قېتىمقى سوتقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، بۇرژۇئا مىللەتچى ئۇنسۇرلارنى پاش قىلىش ۋە ئۇلارنى قىلچە رەھىم ـ شەپقەت قىلماي تازىلاش ھەرىكىتىگە بىۋاستە قاتناشقان خادىملارغا دۆلەتلىك مۇكاپات تارقىتىپ بەردى. مۇكاپات گەرچە ئىچكى جەھەتتىن تارقىتىلغان بولسىمۇ، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ سالمىقى قىلچە تۆۋەنلەپ قالمىدى. ۋەزىپىنى

ئالاھىدە ئورۇندىغانلىقى ئۇچۇن مۇددەتتىن بۇرۇن ئۆستۈرۈلگەن، مېدال ئالغان، مۇكاپاتنامە تارقىتىپ بېرىلگەن ۋە نۇرغۇن مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشكەن ھەمدە ئومۇمىي بۇيرۇق ئارقىلىق مۇكاپاتلانغان، شۇنداقلا باشقا غەمخورلۇقلارغا ئېرىشكەنلەر ھەتتا تۇرمۇشتىمۇ ناھايىتى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئىپادىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغان تۆھپىكار خادىملار بولسا، كۆڭۈلدىكىدەك يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئورنى مۇستەھكەملەندى، گەپلىرىمۇ باشقىچە يوغىناپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا گۇس - گۇس دەسسەپ ماڭىدىغان بولدى.

تاڭسىقبايېف ئۆستۈرۈلگەن ۋە مۇكاپاتلانغان خادىملار قاتارىدا بولمىسىمۇ، ئۆزىچە خىزمەتداشلىرىنىڭ تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىگە قالماي قاتنىشىپ يۈردى. ھەر كۈنى كەچتە دېگۈدەك ئۇ خوتۇنى ئايكۇمۇشنى ئېلىپ، ئۆستۈرۈلگەن، مۇكاپاتلانغان ۋە يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىرگەنلەر نۆۋەت بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان «تەبرىكلەش زىياپىتى»گە قاتنىشاتتى. ئارقا - ئارقىدىن ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان بۇ زىياپەتلەر ئاجايىپ كۆڭۈللۈك ۋە ئۇنتۇلغۇسىز ئىدى. ئالمۇتىنىڭ سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك سوغۇقىدا تىترەپ كەتكەن مېھمانلار يېڭى ئۆيلەرنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ كىرگىنىدە، ساھىبخانىلارنىڭ قىزغىن، مېھماندوستلۇقىنى كۆرۈپ سوغۇقنىمۇ ئۇنتۇيتتى، ساھىبخانىلارنىڭ چىرايلىرىدىن، كۆزلىرىدىن ھاياجان، ئىپتىخارلىق چاقناپ تۇراتتى. بۇ بەختنىڭ تەمىنى باشقىدىن تېتىشقا باشلىغان يۇقىرى

تەبىقىدىكىلەرنىڭ بايرىمى ئىدى. ئۆتكەن ۋاقىتلاردىكى نامراتلىق، ئۇرۇش يىللىرىدا بولۇپ كەتكەن ئاچارچىلىق تېخى ئۇنتۇلۇپ كەتمىگەن مۇشۇنداق چاغدا، دۆلەتنىڭ چېگرا رايونىدىكى بەزى ئادەملەر خۇشاللىقتىن مانا مۇشۇنداق خۇدىنى يوقىتىپ قويۇۋاتاتتى. ئۇلار ئازادە، راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتاتتى. بۇ يەردە، باشقا رېسپۇبلىكىلاردا باھاسى قىممەت داڭلىق براندى، خرۇستال ئەينەكتە ياسالغان ئاسما چىراغلار، نەپىس ئەينەك قاچا - قۇچىلار ئەمدىلەتىن مودا بولۇۋاتاتتى. تورۇسلاردا ئۇرۇشتا غەنىيمەت ئالغان ئاسما چىراغلار كۆزنى چاقنىتىپ تۇراتتى؛ ئۇستەللەرگە ئاپئاق داستىخانلار سېلىناتتى، نېمىسلاردىن غەنىيمەت ئېلىنغان نەپىس ۋىلكا - قوشۇقلار كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى. بۇ نەرسىلەر كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى، ئادەمنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايتتى، خۇددى بۇ نەرسىلەر تۇرمۇشنىڭ ئەڭ يۇكسەك مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك، دۇنيادا بۇلاردىن باشقا ئېتىبار قىلغۇدەك نەرسە قالمىغاندەك بىلىنەتتى.

ئاشخانىدىن مەززىلىك پۇراقلار مېھمانخانىغا كىرىشكە باشلايتتى. ئاشخانىدا ھەر خىل سەيلەردىن باشقا، يەنە كەم بولسا بولمايدىغان قۇلۇن گۆشى تەييارلىناتتى. بۇ كۆچمەن خەلقلەرنىڭ ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان ئېسىل تائامى ئىدى، بۇ يېڭى ئۆيلەرگە يايلاقنىڭ ئۆزگىچە پۇرىقىنى ئېلىپ كەلگەنىدى. مېھمانلار تاماقنىڭ تەييار بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئورۇنلىرىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. بىراق، زىياپەتنىڭ ئەھمىيىتى خۇشال - خۇرام ئولتۇرۇش

ۋە يەپ ـ ئىچىشتىلا ئەمەس، زىياپەتتە سۆزلىنىدىغان تەبرىك سۆزلىرىدە ئىدى. ئادەم يەيدىغىنىنى يەپ، ئىچىدىغىنىنى ئىچىپ بولغاندا، ئالدىدا يەنە يېمەكلىكلەر دۆۋىلىنىپ تۇرسا، ئۈنىڭغا قاراپ كۆڭلى ئېلىشىدۇ. تەبرىك سۆزلىرى بىر خىل تاتلىق ھېسسىياتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، بۇ تاتلىق ھېسسىيات يۈرەكتە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بارلىق نەرسىلەرنى سىرتقا چىقارماي، ئىچىگە سىڭدۈرۈپ تۇراتتى. ھەتتا، مۇشۇ قىسقىغىنا ۋاقىتتا، ھەسەت ئۆز مەنىسىنى يوقىتىپ تەكەللۇپقا، كۆرەلمەسلىك دوستلۇققا، ساختىلىق سەمىمىيلىككە ئايلىناتتى. ھەربىر مېھمان ئادەم ھەيران قالغۇدەك ئۇستىلىق بىلەن قارشى تەرەپكە مايىللىقنى ئىپادىلەيتتى، ئىمكان بار ئۆزلىرىنى ئەقىللىق كۆرسىتىشكە، بولۇپمۇ، تەبرىك سۆزلىرىنى تەسىرلىك سۆزلەشكە تىرىشاتتى، يەنە ئاستىرتىن باشقىلار بىلەن رىقابەتلىشەتتى. بۈگۈنكى سورۇنمۇ مانا مۇشۇنداق ئاجايىپ ئۆزگىچىلىككە ئىگە سورۇن ئىدى. قەدەھ سۆزلىرى شۇنداق قاملاشقان، سورۇنغا باشقىچە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى، تەبرىك سۆزلىرىچۇ تېخى! بۇلاقتىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۇدەك ئۈزۈلمەي، مېھمانلارنىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ كۆتۈرەتتى.

تاڭسىقباييېف بىلەن خوتۇنىنى ھەممىدىن بەك ھاياجانغا سالغىنى، يېڭىدىن ئۆستۈرۈلگەن بىر قازاق پودپولكوۋنىكنىڭ قەدەھ سۆزى بولدى. ئۇنىڭ سالاپەت بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، گەپنى شۇنداق قىزغىن ھەم يوغانچىلىق بىلەن باشلىغان ھالىتىنى كۆرگەن كىشى، ئۇنى چوقۇم پادىشاھنىڭ تەختكە ئولتۇرۇش رولىنى

ئىلىۋاتقان ئارتىسمىكىن دەپ قالاتتى.

— قەدىرلىك دوستلار! ① — دەپ سۆزىنى باشلىدى پودپولكوۋنىك. ئاندىن كۆپچىلىكنىڭ زېھنىنى يىغىپ، ئەستايىدىل ئاڭلىشى زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغاندەك، ھارغىنلىق ۋە يوغانچىلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئەتراپتا ئولتۇرغانلارغا بىر قۇر قاراپ چىقتى، — ھەممىڭلارغا مەلۇم، بۇگۈن مىنىڭ قەلبىم بەخت دېڭىزىغا چۆمۈلدى. بۇنى سىلەرمۇ ھېس قىلالايسىلەر. شۇڭا، بىرنەچچە ئېغىز لا گەپ قىلماقچىمەن. ماڭا مۇشۇنداق بىر پۇرسەت كىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بىرنەچچە ئېغىز لا گەپ قىلماقچىمەن. مەن كومسومۇللار ئارىسىدا ئۆسۈپ يېتىلدىم، ئەزەلدىن ئىلاھقا ئېتىقاد قىلىپ باققان ئادەم ئەمەسمەن. مەن تەۋرەنمەس بولشىۋىك، بۇ سىلەرگە مەلۇم. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ پەخىرلىنىمەن. ئىلاھ دېگەن مەن ئۈچۈن بەرىبىر. ئىلاھ مەۋجۇت ئەمەس، بۇنى ھەممە ئادەم، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەربىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىمۇ بىلىدۇ. لېكىن مىنىڭ دېمەكچى بولغىنىم پۈتۈنلەي باشقىچە بىر ئىش. مەن دۇنيادا ئىلاھ بار دېمەكچىمەن! توختاڭلار، ئالدىراپ كەتمەڭلار، مىنى زاڭلىق قىلماڭلار، قەدىرلىك دوستلىرىم. قاراڭلار سىلەرنى! تايىنلىق، مىنى گەپتىن تۇتۇلۇپ قالدى دەپ ئويلاۋاتقانسىلەر؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! مىنىڭ دەۋاتقىنىم ئىنقىلابتىن بۇرۇن ئەمگەكچى خەلقنى

① بۇ سۆزنى ئۇ قازاق تىلىدا ئېيتتى.

ئەزگۈچىلەر تېۋىنغان ئىلاھ ئەمەس. بىزنىڭ ئىلاھىمىز هازىرقى ئالىي ھوقۇقدارىمىزدۇر. خۇددى گېزىتتە يېزىلغىنىدەك، ئۇنىڭ ئىرادىسى يەر شارىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، بىزنى غەلىبىدىن غەلىبىگە يېتەكلەپ، كوممۇنىزمدىن ئىبارەت دۇنياۋى چوڭ بىرلىككە باشلاپ بارىدۇ. ئۇ، بىز دەۋرنىڭ تىزگىنىنى قولىغا تۇتقۇزغان دانا داھىيىمىزدۇر، بۇ سىلەرگە مەلۇم. ئۇ كارۋاننىڭ يېتەكچىسى. ئۇ باشقا بىرى ئەمەس، دەل بىزنىڭ ئىئوسىف ۋىسسارىئونوۋىچ! ئۇ كارۋاننى باشلاپ ماڭىدۇ، بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭىمىز، ئۇنىڭ ئىزىدىن بېسىپ ماڭىمىز. كىمدەكىم بىز بىلەن بىر مەسلەكتە ياكى بىر ئىدىيىدە بولمايدىكەن، ئۇ، دژېرژىنسكىي بىزگە تاپشۇرۇپ كەتكەن پولاتتەك چىڭ قىلىچىنىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلىمەن، دەپ خام خىيال ئەيلىمىسۇن. بۇ سىلەرگە مەلۇم. بىز دۈشمەنلىرىمىزگە كۆرەشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارىدىغانلىقىمىزنى جاكارلايمىز. پرولېتارىيات ئىشلىرىنىڭ نامى بىلەن ئېيتىمەنكى، ئۇلارنىڭ جەددى - جەمەتى، پۈتۈن ئائىلىسى ۋە ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان بارلىق ئۇنسۇرلار چوقۇم يوقىلىدۇ. بۇ سىلەرگە مەلۇم. ئۇلارنى خۇددى كۈزدە يەرگە چۈشكەن يوپۇرماقلارنى بىر يەرگە يىغىپ كۆيدۈرۈپ تۈگەتمۇۋەتكەندەك پاك - پاكىز تۈگىتىمىز. چۈنكى، ئىدېئولوگىيە پەقەت بىر خىللا بولىدۇ، بۇ سىلەرگە مەلۇم. باشقىچە ھەرقانداق ئىدېئولوگىيىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. سىلەر بىلەن بىز يەر شارىدىكى ئىدېئولوگىيىنىڭ بۇرژۇئا مىللەتچى ئۇنسۇرلار ۋە باشقا

ئۈنسۈرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق دۈشمەنلەرنى پاك - پاكىز تازىلىشىمىز كېرەك. بىز [illegible] دۈشمەن مەيلى قەيەرگە يوشۇرۇنۇۋالسۇن، مەيلى قانداق نىقابقا كىرىۋالسۇن، ئۇلارغا قىلچە رەھىم - شەپقەت قىلىشقا بولمايدۇ، سىنىپىي دۈشمەنلەرنى [illegible] يەردە پاش قىلىش، دۈشمەننىڭ قول - چوماقچىلىرىنى پاش قىلىش كېرەك، بۇ سىلەرگە مەلۇم. خۇددى يولداش ستالىن بىزگە تەلىم بەرگەندەك، دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىش، خەلق ئاممىسىنىڭ روھىي ھالىتىنى كۈچەيتىش بىزنىڭ دەستۇرىمىز. بۈگۈن مەن مۇكاپاتلىنىپ، مۇددەتتىن بۇرۇن ئۆستۈرۈلگەنلىكىم توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى ئاڭلىغىنىمدا، بۇنىڭدىن كېيىن ستالىن كۆرسەتكەن يولدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىشقا قەسەم قىلدىم، بۇ سىلەرگە مەلۇم، دۈشمەنلەرنى تېپىپ، ئۇلارنىڭ رەزىل سۇيىقەستىنى پاش قىلىپ، ئۇلارنى تېگىشلىك جازاغا تارتىشقا بەل باغلىدىم. بىلەمسىلەر، بىز ئاساسلىق مىللەتچى ئۇنسۇرلارنى ئارىمىزدىن تازىلىغان بولساقمۇ، تەتقىقات ئورنى ۋە تەھرىر بۆلۈملىرىدە ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان ئۇنسۇرلار ھېلىمۇ يوشۇرۇنۇپ ياتماقتا. بىراق ئۇلارمۇ بىزنىڭ قولىمىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ئۇلارغىمۇ قىلچە كەڭچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ. بىر كۈنى مەن بىر مىللەتچى ئۇنسۇرنى سوراق قىلىۋاتسام، ماڭا مۇنداق دەيدۇ، بۇ سىلەرگە مەلۇم، سىلەرنىڭ تارىخىڭلارمۇ ئوخشاشلا خالتا كوچىغا كىرىپ قالىدۇ، سىلەر ئاخىر بىر كۈنى ئالۋاستىغا ئوخشاش قارغىشقا ئۇچرايسىلەر. ئۇ شۇنداق دېدى، چۈشىنىۋاتامسىلەر؟!

— شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلايدىغان نېمىكەن كاساپەتنى، ئامال يوق! — تاگىسقابايېڧ ئۆزىنى بېسىۋالالماي، غەزەپتىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكىلى تاس قالدى.

— توغرا ئېيتتىڭىز، مايور، مەنمۇ شۇنداق قىلىشنى ئويلىغان، — پودپولكوۋنىك ئۇنىڭ گېپىنى قوللىدى، — بىراق ئۇنى داۋاملىق تەكشۈرۈپ بېقىشقا قالدۇرۇپ قويدۇم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا، بۇ سىلەرگە مەلۇم، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدىم: بىز خالتا كوچىغا كىرىپ قالغاندا بارغۇ، مۇناپىق، سەن ئاللىبۇرۇن جېنىڭدىن ئايرىلىپ بولغان بولىسەن! ئىت ھۇۋلاۋېرىدۇ، ستالىننىڭ كارۋىنى يۈرۈۋېرىدۇ...

ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى، ئاشۇ ئەرزىمەس مىللەتچى ئۇنسۇرغا قاملاشتۇرۇپ بەرگەن جاۋابقا ئالقىش ياغدۇرۇپ چاۋاك چالدى، ئاندىن قوللىرىغا رومكىلارنى ئېلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ـ دە: «ستالىن ئۈچۈن!» دەپ تەڭلا ۋارقىرىشىپ، رومكىلاردىكى هاراقنى بىر تىنىقتىلا ئىچىۋەتتى، خۇددى باياتىن سۆزلىگەن تەبرىك سۆزىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئېتىقادىنى ئىپادىلىمەكچى بولغاندەك، ھەممىسى قۇرۇقدالغان رومكىلارنى بىر ـ بىرىگە كۆرسىتىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۆز كۆز قاراشلىرى ئۈستىدە كەڭ ـ كۇشادە پاراڭلىشىشقا باشلىدى. ئۇلار ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى، يۈرەك سۆزلىرىنى قايتا ـ قايتا تەكرارلايتتى، ئۆي ئىچىنى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالغانىدى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە بىر خىل غەزەپ ۋە ئەسەبىيلىك يوشۇرۇنغانىدى، ئۇلار شۇ تاپتا، ئۇۋۇسى بۇزۇلغان بىر توپ ھەرىگە ئوخشايتتى. سانى كۆپ ۋە زەھەرى بولغاچقا، بارغانسېرى غالجىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

تاڭسىقبايېفمۇ ئۆزىنى باسالمايلا قالغانىدى، يۈرىكىدە بىر ھاياجان مەۋج ئۇرۇپ، ئۇنىڭغا تىنچلىق بەرمەيتتى، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتەتتى. بۇ ھەرگىزمۇ بايىقى كۆز قاراشلار ئۇنىڭغا يېڭى بىلىنىپ كەتكەنلىكىدىن ئەمەس، ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى باشقا خىزمەتداشلىرىنىڭكىگە ئوخشاش، جەمئىيەتتە دائىم چېلىقىپ تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا ئوخشاش ھەر كۈنى مۇشۇنداق جىددىي كەيپىيات ئىچىدە، مانا مۇشۇنداق توسقىلى بولمايدىغان ئاتالمىش سىنىپىنىڭ، سىنىپىنىڭ بولغانلىقى ئۇچۇنلا ھەرقايسى تەرەپلەردە مۇتلەق توغرا بولغان كۆرەشنىڭ ئىچىدە ئۆتكەن. بۇ يەردە ئاشكارىلاش ئەپسىز بولغان يەنە بىر مەسىلىمۇ بار. بۇ كۆرەشنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، يېڭى بولغاندىمۇ ئەڭ يېڭى نىشان ۋە ئەڭ يېڭى پاش قىلىش ئۇسۇلىنى تېپىشقا توغرا كېلەتتى، بۇ جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلىنىپ بولغان، جۈملىدىن پۈتۈن مىللەتنى بىراقلا ھالاك قىلىش خاراكتېرىدىكى سىبىرىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا سۈرگۈن قىلىشتەك ئۇسۇللار قوللىنىلىپ بولغان ئەھۋالدا، مىللىي چېگرا رايونلاردا تارىلىپ كېلىۋاتقان ئىپادىلەش شەكلى — فېئودال بۇرژۇئا مىللەتچىلىكىنى ئەيىبلەش، ئاشۇ ئېتىمىزدىن يەنە «ئومۇمىيۈزلۈك» ھوسۇل

ئېلىشنى كۆزلەش تېخىمۇ تەسكە توختايدىغان بولۇپ قالغانىدى. كىشىلەر ئازابلىق تەجرىبىلەردىن ساۋاق قوبۇل قىلدى، بۇرۇنقىدەك بىرەرنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بىرەر گۇمانلىق مەسىلە توغرىسىدىكى كىچىككىنە پاش قىلىشىغا ئاساسلىنىپلا، بىرەر ئادەمنى ۋە ئۇنىڭغا زىچ مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى باستۇرۇۋەتكىلى بولمايدۇ. ھازىر كىشىلەر ئۇنداق جانغا بېرىپ تاقىلىدىغان خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈشتىن قاتتىق ساقلىنىدىغان، مىللەتچىلىكنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق سۆز - ھەرىكەتتىن ئۆزىنى تارتىدىغان بولۇپ قالدى. نۇرغۇن كىشىلەر شۇنداق ئېھتىياتچان، شۇنداق يۈرەكئالدى بولۇپ كەتتىكى، ھەرقانداق مىللىي بايلىقنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئىنكار قىلىدىغان، جۈملىدىن ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىنىمۇ ئىنكار قىلىدىغان دەرىجىگە يەتتى. ئەگەر بىر ئادەم ھەرقانداق يەردە، ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق سۆز - ھەرىكەتتە لېنىن تەرەپدارى بولسا، سەن ئۇنى قولغا ئېلىپ باق قېنى...

ئىشلار بىر قۇر بېسىققان، يېڭى يوشۇرۇن دۈشمەنلەرنى پاش قىلىش كۈرىشىنى كۈچەيتىشكە تولىمۇ پايدىسىز بولۇۋاتقان بىر ۋاقىتتا، مايور تاڭسىقبايېفقا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بىر ئامەت كېلىپ قالدى. بورانلى - بوراننى يۆتكەلمە يولدىكى بىكەتتىن ئابۇتالىپ قۇتتىبايېفنى پاش قىلىپ ئەۋەتكەن ئادەتتىكىچە، ئەرزىمەس بىر ماتېرىيال تاڭسىقبايېفنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. تاڭسىقبايېف بۇ ماتېرىيالنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ئولتۇرماي، بىر قۇر كۆرۈپ قويسىلا بولاتتى،

لېكىن تاشكەنتسقىبايېف بۇ پاش قىلىش ماتېرىيالىغا ئېتىبارسىز قارىمىدى. ھەممىگە قادىر سېزىمى ئۇنى ئالدىمىغانىدى. ئۇ ھېرىش - چارچاشتىن قورقماي، ئۆزى بىۋاستە بېرىپ بەزى ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى، ئادەتتىكىچە بىلىنگەن بۇ ئەنزىنى ئېپىدە بىر تەرەپ قىلسا، زور ھوسۇلغا ئېرىشىدىغانلىقىغا بارا - بارا ئىشەندى. ئەگەر ھەممە ئىش جايىدا بولۇپ، پىلانى ئۇڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشىدىغانلا بولسا، يۇقىرىنىڭ مۇكاپاتى ئۇنىڭ ئالدىدا دېگەن گەپ، بۇنىڭدا گەپ يوق. ئەجەبا، ئۇ ئاشۇنداق چاغلاردا ۋە شۇ شەرەپ ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغان كاتتا زىياپەتلەردە كۆڭۈللۈك كۈلكە - چاقچاقلارنى، مەمنۇنىيەت قاپلىغان چىرايلارنى كۆرمىگەنمۇ؟ ئاشۇ زىياپەت ئۇستەللىرىدىكى ئېسىل نازۇنېمەت، ھاراق - شاراپلارنىڭ قانداق كەلگەنلىكىنى ئۇ بىلمەمدۇ؟ ئاشۇ تونۇش ئادەملەر ئىچىدە، ئېتىقاد ۋە ھەقىقەتنى دەپ ھوقۇق — ئىلاھقا چەكسىز سادىق بولۇپ كەلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇگۈن ئۇستەل ئۇستىدىكى ئېسىل نازۇنېمەت، تورۇستىكى زامانغا لايىق رەڭگارەڭ چىراغلاردىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئاشۇ قەدىناسلىرىنىڭ ئىچىدە، ئۇ شۇنچىلىك يارىماس، شۇنچىلىك تەتۈر پېشانىمۇ؟ ھوقۇق — ئىلاھقا يېقىنلىشىشنىڭ پەقەت بىرلا يولى بار. ئۇ بولسىمۇ ھەرقانداق جاپادىن باش تارتماي، ھارماي - تالماي ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئىقابلانغان دۈشمەنلەرنى بايقاش ۋە پاش قىلىش.

دۈشمەنلەر ئىچىدە، بولۇپمۇ ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى ئالاھىدە سەگەكلىك بىلەن نازارەت قىلىش

كىرەك. ئۇلارنىڭ جىنايىتى بار، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چېكىنىشكە قارىتىپ بىر پاي ئوق ئاتالمىغان، ئۇلار تەسلىم بولۇشنىڭ ئورنىغا بىر پاي ئوق بىلەنلا ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق — ئىلاھقا مۇتلەق سادىق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن بولسا توغرا قىلغان بولاتتى. ھوقۇق — ئىلاھنىڭ تەلەپلىرىگە شەرتسىز بويسۇنۇش كېرەك، ئۇنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى ئۆلسىمۇ تەسلىم بولماسلىق. كىم تەسلىم بولىدىكەن، شۇ جىنايەتچى. تەسلىمچىلەرنىڭ ئەدىپىنى ئاشۇنداق بېرىش ئارقىلىق پۈتۈن ئادەمنى، پۈتۈن دەۋرنى، پۈتۈن ئەۋلادنى تەربىيىلەش كېرەك. داھىيمىز بولغان ھوقۇق — ئىلاھنىڭ مەيدانى شۇ. تاڭسىقبايېۋ قولغا ئېلىپ سوراق قىلىۋاتقان قۇتتىبايېۋ دەل ئاشۇ ئۇرۇش ئەسىرلىرى قاتارىغا كىرىدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ ئەنزىدە ناھايىتى قىممەتلىك بىر نەرسە، تولىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بىر تەپسىلات بار. ئەگەر مۇشۇ تەرەپتىنلا قۇتتىبايېۋنى ئىقرار قىلدۇرغىلى، ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ئاززاق بولسىمۇ پاكىتقا ئېرىشكىلى بولسا، ئۇ چاغدا مەسىلىنىڭ نۇقتىسىنى تۇتقىلى، ناھايىتى چوڭ بىر ئەنزىنى پاش قىلغىلى يەنى تىتو — رانكوۋىچ رېۋىزىئونىزم گۇرۇھىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى، ئۇلارنىڭ ستالىننىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمايلا، يۇگوسلاۋىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئۆزگىچە بىر يولىنى تېپىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى ئېچىپ تاشلىغىلى بولىدۇ. قاراڭ، ئۇلار نېمە قىلماقچى؟ ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا، ئۇلار ھەدەپ بۆلگۈنچىلىك قىلغىلى تۇردى. بۇ مۇمكىن ئەمەس! ستالىن مۇنداق

خىيالدا يۈرگەنلەرنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇيدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا، ھازىر قولغا چىققۇدەكلا پاكىت بولسا، خائىنلارنىڭ رىۋىزىئونىزم ئىدىيىسىنىڭ ئۇرۇش يىللىرىدىلا يۇگوسلاۋىيە پارتىزانلار ئەترەتلىرىنىڭ قوماندانلىرى ئارىسىدا پەيدا بولغانلىقىنى، يەنە كېلىپ پۈتۈن ئىشلارنىڭ ئەنگلىيە ئىشپىيونلۇق ئورگىنىنىڭ بىۋاستە يول كۆرسىتىشى بىلەن بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققىلى بولاتتى. ئابۇتالىپ قۇتتىبايىفنىڭ خاتىرىسىگە يۇگوسلاۋىيە پارتىزانلىرىنىڭ ئەنگلىيىلىكلەر بىلەن قانداق كۆرۈشكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. دېمەك ئۇنى ئىقرار قىلدۇرغىلى بولسىلا، ئېھتىياجلىق ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، شۇڭا بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ھەرقانچە كۈچ كەتسىمۇ، سارى ئۆزەكنىڭ بۇ پەسكەش يازغۇچىسىنى ھەممىگە ئىقرار قىلدۇرۇش كېرەك. بىلىش كېرەككى، قارىماققا ئەرزىمەس كۆرۈنىدىغان ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنىڭمۇ سىياسىي جەھەتتە لازىمى بولۇپ قالىدۇ. ھەرقانداق ئۇششاق نەرسىمۇ كېرەك بولۇپ قېلىشى، ۋاقتى كەلگەندە دۈشمەنگە ئاتىدىغان بىر تاشقا ئايلىنىشى مۇمكىن، دۈشمەنلەر بىلەن ئىدىيە جەھەتتە تۇتۇشۇپ قالغاندا، بىز ئەنە شۇ تاش بىلەن دۈشمەننى ھالاك قىلىمىز. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن شۇنداق بىر تاشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، تاش كىچىك بولسىمۇ بولىدۇ، ئىشقىلىپ بىز ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدىغان ئاشۇ كىچىك تاشنى چىن دىلىمىز بىلەن ھوقۇق — ئىلاھنىڭ قولىغا ئۆز قولىمىز بىلەن تۇتقۇزساقلا، ئۇ ئۆز قولى بىلەن ئاتمىغان تەقدىردىمۇ،

www.uyghurkitap.com

باشقىلار ئارقىلىق ئۇنى نىشانغا ئاتىدۇ، گېزىتلەردە يازغان يىرگىنىشلىق رېۋىزىئونىزمچى ئۇنسۇر تىتو ۋە ئۇنىڭ غالچىسى رانكوۋىچنىڭ قولچوماقچىلىرىغا ئاتىدۇ. پەۋقۇلئاددە هالدا دەل جايىغا تەگكۈزۈلمىگەن تەقدىردىمۇ، كىشىلەر ئۇنى ئەيىپلىمەيدۇ، ئۇنىڭ سادىقلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ... قاراپ تۇرۇڭلار، مۇشۇ تۇرقىدا ئۇستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ئۆيىگىمۇ قەدەم تەشرىپ قىلىدۇ، بۇ ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، خۇددى بۈگۈنكىدەك ئۇنىڭ هۇزۇرىدا مېهمان بولىدۇ. بىلىش كېرەككى، تۇرمۇشنىڭ ئەهمىيىتى بەختتە، مۇۋەپپەقىيەت بولسا بەختنىڭ باشلىنىشى.

كۆزلىرى قۇرغۇيىنىڭكىدەك ئۆتكۈر تاڭسىقبايېۋ بۇ زىياپەتتە يېنىدىكىلەر بىلەن ئانچە - مۇنچە پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندەك قىلغىنى بىلەن، كاللىسى يۇقىرىقى خىياللاردىن بىردەممۇ ئارام تاپمىدى. ئۇ گويا جىددىي دولقۇن ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرگەن سۇ ئۈزۈش ماهىرى ئىدى، شۇ تاپتا ئۇ ئاچ كۆزلۈك ۋە ئەسەبىيلىكنىڭ دەهشەتلىك دولقۇنىدا ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئۇنى ھەممىدىن بەك چۈشىنىدىغان خوتۇنى ئايكۈمۈش ئۇنىڭدا قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ قانداق ئارزۇلار ئوتىدا كۆيۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. تاڭسىقبايېۋ كېچىسى ئوزۇق ئىزدەپ چىققان، ھەم بىرەر جانلىقنىڭ پۇرىقىنى ئالغان يىرتقۇچ مەخلۇقنىڭ ئۆزى ئىدى، خوتۇنى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بۇنى سېزىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاددەمگە قارىسا مىت قىلمايدىغان ئۆتكۈر كۆزلىرى تۇرۇپ سوغۇق

تۇس ئالسا، تۇرۇپ قانداقتۇر هاياجان ۋە تىنچسىزلىقتىن خىرەلىشەتتى.

— مېهمان تارقىغاندا بىزمۇ كېتەيلى، — دېدى بىر چاغدا خوتۇنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.

تاڭسىقبايېف زورىغا باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۇردى، ئۇ قايتقۇسى بولمىسىمۇ، باشقىلار ئالدىدا خوتۇنى بىلەن گەپ تالىشىپ ئولتۇرۇشنى خالىمىدى. يېڭى ھەم ناھايىتى زور بىر ھەرىكەت پىلانى شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىدا پىشىپ يېتىلمەكتە ئىدى. ئېنىقكى، قۇتتىبايېف بىلەن بىللە يۇگوسلاۋىيە پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتناشقان نۇرغۇن ئۇرۇش ئەسىرلىرى ھېلىمۇ بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرىدۇ، ئۇلارمۇ ئاز - تولا بىر نېمە بىلىشى، بەزى نەرسىلەرنى ئەسكە ئالالىشى مۇمكىن، قۇتتىبايېفقا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ ئاكتىپلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ئىقرار قىلدۇرۇش ئانچە تەس ئەمەس. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى كۆرۈپ، ئەتىلا ئۇنىڭ سورىقىنى قىلىش كېرەك، بولمىسا، ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي، چېگرا رايون مەركىزىگە ئۆزى دىككىدە بىر بېرىپ كەلسىمۇ بولىدۇ. ئىشنىڭ بىر بېشىنى چىقىرىۋالسىلا، ئېنىق تەكشۈرۈپ قۇتتىبايېفنى ھەممىگە ئىقرار قىلغۇزغىلى بولىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئىقرارى ئاساسىدا، يۇگوسلاۋىيىدە ئۇرۇشقا قاتناشقان ئۇرۇش ئەسىرلىرى ئۈستىدىن ئەيىپلەش ئېلىپ بارسا، ئەھۋالنى بىلىپ تۇرۇپ مەلۇم قىلمىغانلىقى، ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى قايتۇرۇش كومىتېتى ئۇلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرغاندا، يۇگوسلاۋىيە رېۋىزىئونىزمچىلىرىنىڭ

سوٚيقەستلىك پىلاننى يوشۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى باشقىدىن سۈرۈشتۈرسە بولىدۇ. ئۇنداق ئادەملەرنى قەدەمدە بىر ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۇلارنى قاتتىق سوراق قىلىش كېرەك، ئەڭ ياخشىسى، ئىشنى داۋراڭ قىلماي ئاستىرتىن جايلىغان تۈزۈك، ئىشنى ئوبدان توغرىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرلىرىغا يولغا سالساقلا ئىش تامام . . .

ھەر خىل نازۇنېمەت ۋە رومكىلار بىلەن توشقان ئۈستەلدە ئولتۇرغان تاڭسىقبايېفنىڭ كاللىسىغا شۇ خىيال كېلىشى بىلەن، ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي قالدى. ئۇنىڭ يەنە ھاراق ئىچكۈسى، نازۇنېمەتلەردىن يەنە يېگۈسى، ناخشا ئېيتقۇسى، يىپىندىكىلەر بىلەن پاراڭلاشقۇسى، قاقاقلاپ كۈلگۈسى كېلەتتى. تۇرمۇشىدىكى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇرغان بولغۇسى يېڭى ئۆزگىرىشتىن ئۇنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەنىدى. ئۇ قانداقتۇر سىرلىق نۇر چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئەتراپتا ئولتۇرغانلارغا مىننەتدارلىق نەزىرىدە قاراپ قويدى. مۇشۇ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قەدىناس دوستلىرى، ئۇنىڭ ئۈچۈن قان - قېرىنداشتىن ئەزىز. ئۇلار شۇ تاپتا ئۇنىڭ خۇشاللىقىغا شېرىك، ئۇنىڭ كاللىسىغا ئەڭ ياخشى پىلانلار كەلگەن سورۇنلاردا ئۇلارمۇ بار. مانا بۇلار ئۇنىڭ قېنىنى تېخىمۇ قىزىتىپ، ئەسلىدىنلا كۆكرەك قەپىسىگە پاتماي تېپىچەكلەۋاتقان يۈرىكىنى تېخىمۇ زىلزىلىگە سالاتتى.

تاڭسىقبايېفنىڭ كاللىسىغا كەلگەن بۇ يېڭى ئوينىڭ ئۇنىڭ ئۇنۋانىنىڭ ئۆسۈشىگىمۇ پايدىسى بولىدىغانلىقى

ئېنىق ئىدى. ئىشنىڭ نەتىجىسى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ، ئەقىلگىمۇ مۇۋاپىق: يوشۇرۇن دۈشمەنلەرنى قانچە كۆپ يوقاتسا، ئۇنىڭ ئېرىشىدىغان پايدىسى شۇنچە كۆپ بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق بىر گۈزەل ئىستىقبال ئۇنىڭ ئىلھامىغا ئىلھام قوشماقتا ئىدى. ئۇ مەغرۇر ئويلىناتتى: «ئەقىللىق ئادەم ئۆزىنىڭ ئىشىنى مانا مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ھەرقانچە بەدەل تۆلىسەممۇ، بۇ ئىشنى ھەرگىزمۇ يېرىم يولدا توختىتىپ قويمايمەن!» ئۇنىڭ ھازىرلا ھەرىكەتنى باشلىۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا ماشىنىسىنى چاقىرتسا، ئابۇتالىپ قۇتتىبايېف ياتقان ئاشۇ كامېرغا چاقماق تېزلىكىدە يېتىپ بارسا، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماي شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا سوراقنى باشلىۋەتسە، قۇتتىبايېفنى ئانىسىدىن تۇغۇلغىنىغا مىڭبىر پۇشايمان قىلدۇرۇۋەتسە!

ئۇ چاغدا، بۇ ئەنزىنىڭ خۇلاسىسى باشقا بولمايدۇ: قۇتتىبايېف گۇناھىنى بويىنىغا ئالىدۇ، ئەنگلىيە - يۇگوسلاۋىيە ئىشپىيونلۇق ئورگىنىدىكى ۋەزىپىسىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، پارتىزانلار ئەترىتىدە ئۆزى بىلەن بىللە تۇرغان بارلىق ئادەملەرنىڭ ئىسىملىكىنى ئىقرار قىلىدۇ.

ئۇ چاغدا ئۇلار 58 - ماددىنىڭ 1 - تارماق ماددىسى بويىچە، 25 يىللىق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىغا ئەۋەتىلىدۇ. ياق، توختا، ۋەتەنگە خائىنلىق قىلغان جىنايىتى، چەت ئەل ئىشپىيونلۇق ئورگىنى بىلەن ھەمكارلىشىپ، جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىق جىنايىتى ۋە شۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئارىسىدا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن

شۇغۇللانغانلىق جىنايىتــــى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاســـغا بۇيرۇلىدۇ. توختا، ئۇ يەنە ياخشىراق ئويلىنىپ باقسۇن!

تاۋسىقبايېۋ بولغۇسى ئىشلارنىڭ پۈتۈن جەريانــى ئۈستىدە باش قاتۇراتتى: سوراق قىلىغاندا گەپنى قانداق قىلىش كېرەك؟ قۇتتىبايېفنىڭ جاھىلـلـــق بىـــلەن قارشىلىششى تۇرغان گەپ، شۇنداق ئەھۋالدا ئۇنى قانداق يول بىلەن بويسۇندۇرۇش كېرەك؟ ئەگەر ئۇ جىنىنــى ساقلاپ قېلىشنى ئويلىسا، ئۇنىڭغا ھەممىنى ياۋاشلىـق بىلەن ئىقرار قىلىشتىن باشقا يول يوق. ئەلۋەتتە، ئۇ جاھىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىـــــنــى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. مېنىڭ قىلچە خاتالىقىـم يوق، يۇگوسلاۋىيە پارتىزانلىرى بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلىپ، ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانلىق گۇناھىمنى يۇدۇم، ئۇرۇشتا يارىلاندىم، قان ئاققۇزدۇم، ئۇرۇش ئـاخىـــرلاشقـاندا، ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى قايتۇرۇش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتۈم، ئۇرۇشتىن كېيىن ياۋاشلىـــق بىلەن ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن. . . دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۆزىنى ئاقلايدۇ. ھەممىسى قۇرۇق گەپ، قۇتتىبـايېف ئۆزىنىڭ باشقا بىر تەرەپتىن كېرەك بولۇپ قالغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن! تاۋسىقبايېۋ ئۇنى دۆلەت ئىچىدىكى بارلىق يوشۇرۇن دۈشمەنلەرنى تازىلاش ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى قىلماقچى. دېمەك ئۇ پۈتۈن بىر زەنجىرنىڭ بېشىدىكى ھالقا بولىدۇ. دۆلەت مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان يەنە نېمە بولۇشى مۇمكىن؟ بەزى ئادەملەر، ئادەم ھاياتــى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دېيىشى مۇمكىن، جۆيلۈپتۇ، شۇنداق دېگەنلەر! دۆلەت دېگەن بىر ئوچاق، ئادەمدىن

ئىبارەت مۇشۇ ئوتۇنلا كۆيىدىغان ئوچاق. ئۇ ئوتۇن
يالقۇنجاپ كۆيۈپ تۇرمىسا، ئۇ بارا ـ بارا خىرەلىشىپ،
ئاخىر ئۆچىدۇ، ئۇ چاغدا ئوتۇننىڭمۇ كېرىكى قالمايدۇ،
ئاغزىغا كەلگەننى ۋالاقلاپ يۈرگەن ئاشۇ كىشىلەرمۇ
ئوخشاشلا دۆلەت بولمىسا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.
ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە ئاخىر كۆيۈپ تۈگەش پۈتۈلگەن، بۇنى
ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى تىلەپ تاپقان. ئوتنىڭ ئۆچۈپ
قالماسلىقى ئۈچۈن ئوچاققا ئوتۇن سېلىپ تۇرۇش كېرەك.
بۇ ئوت قالىغۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتى.
تاڭسىقبايېف ھەرقانداق ئىشنى يىپىدىن ـ
يىڭنىسىگىچە بىلىپ تۇرىدىغان خوتۇننىڭ يېنىدا
ئولتۇرۇپ، پارتىيە مەكتەپتە ئوقۇغان چاغلىرىدا
ئاڭلىۋالغان بەزى كلاسسىك پەلسەپىۋى تەلىماتلار بويىچە
يۇقىرىقىلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەكتە ئىدى، ئۇ يەنە
يېنىدىكى ئاغزى بېسىقماي سۆزلەۋاتقانلارغا ئۇلارنىڭ
گېپىنى تەستىقلاۋاتقاندەك پات ـ پات باش لىڭشىتىپ
قوياتتى، ئىچىدە بولسا، ياسالمىلىق قىلىشتا ئادەمنىڭ
ئالدىغا ئۆتىدىغان ھېچ نەرسە يوق ئىكەنلىغۇ، دېگەنلەرنى
ئويلايتتى. ئالايلى، ئۇ ھەمراھلىرى ئارىسىدا، بۈگۈنكى
زىياپەتكە تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلار ئارىسىدا، خۇددى
پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ سورۇنغا پۈتۈنلەي
ئەسىر بولۇپ كەتكەندەك قىياپەتتە ئولتۇردى، ئەمەلىيەتتە
بولسا، تامامەن باشقا ئىشلارنى ئويلايتتى. ئۇنىڭ
نىملەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى، كاللىسىدا قانداق پىلانلارنىڭ
پىشىپ يېتىلىپ بولغانلىقىنى كىممۇ تەسەۋۋۇر
قىلالىسۇن؟! ئۇ ئۇستەل يېنىدا جىممىدە ئولتۇرغىنى

بىلەن، ۋۇجۇدىدا ھەممىنى ۋەيران قىلىدىغان، توسۇۋالغىلى بولمايدىغان، پەقەت ئۇنىڭ ئىرادىسى بويىچىلا ھەرىكەتلىنىدىغان بىر نەرسە مەۋجۇت، ئۇنىڭ بەزى ئويلىرىنى ھازىرچە باشقىلارغا ئاشكارىلىغىلى بولمايدۇ، لېكىن بۇ ئويلىرى ھامان بىر كۈنى تەۋرەنمەس رېئاللىققا ئايلىنىدۇ، ئەنە شۇ چاغدا كىشىلەر ئۇنىڭ ئالدىدا، ھەم ئۇنىڭ كۈچى بىلەن ھوقۇق — ئىلاھنىڭ ئالدىدا باش ئېگىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھوقۇق — ئىلاھنىڭ ئادەم ئەيمەنگۈدەك مۇئەللەقتە تۇرغان نۇرغۇن - نۇرغۇن، ئەمما ۋاقتى كەلگەندە بارماق بىلەنلا سانىۋالغىلى بولىدىغان پەلەمپەيلىرى ئىچىدىكى بىرىگە يېقىنلىشالايدۇ. . . ئۇ مۇشۇلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە، خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن ئادەم ئېسىل نازۇنېمەتلەرنى كۆرگەن چاغدىكىدەك، يېڭى توي بولغان يىگىت توي ئاخشىمى ھۇجرىسىغا ئالدىرىغاندەك بىر خىل تەقەززالىقنىڭ ۋۇجۇدىدا غەليان كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ھەربىر رومكا ھاراقنى ئىچكەندە، ئۇنىڭدىكى بۇ تەقەززالىق تېخىمۇ كۈچىيەتتى، تومۇرلىرىدىكى قانلارغا قوشۇلۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تارىلاتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى مىڭ تەستە بېسىپ تۇراتتى. ئەتىلا ئۆزۈمنىڭ بۇ مۇقەددەس ئىشىمنى باشلىۋېتىمەن، ھېچقانداق ئىش مەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، دېگەنلەر بىلەن ئۆز ھاياجىنىنى بېسىپ تۇراتتى.

تاڭسىقبايېف ئەنزىنىڭ ھەربىر ھالقىلىرىغىچە پىششىق ئويلاپ چىقىپ، قىلماقچى بولغان ئىشىنىڭ تولۇق ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىدىن، ئويلىرىنىڭ ئەقىلغا مۇۋاپىق

www.uyghurkitap.com

ئىكەنلىكىدىن تولۇق قانائەت ھېس قىلدى. لېكىن، يەنە نېمىدۇر كەمدەك، بەزى ھالقىلارنى يەنىمۇ ئەتراپلىقراق ئويلىمىسا بولمايدىغاندەك، بەزى جىنايى پاكىتلارنىڭ تازا رولى بولمايدىغاندەك، بەزى ئىشلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىقلىۋېلىشقا توغرا كېلىدىغاندەك قىلاتتى.

ئالايلى، قۇتتىبايېفنىڭ خاتىرىسىدە قانداقتۇر ماڭقۇرت① دېگەن نەرسە ئاندا - مۇندا تىلغا ئېلىنغان. ماڭقۇرت! ئۆزىنىڭ ئانىسىنى ئۆلتۈرگەن، بېشى پاكىز

---

① ماڭقۇرت توغرىسىدىكى رىۋايەت ئايتماتوفنىڭ «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» رومانىدا تەپسىلىي تەسۋىرلەنگەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، جورجانلار سارى ئۆزەك يايلىقىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئەسىرلەرنى ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيانە ئۇسۇللار بىلەن قىيىنىغان، ئۇلار ئاۋۋال ياش ئەسىرلەرنىڭ چېچىنى قىرىپ چۈشۈرۈپ، يېڭى سويۇلغان تۆگىنىڭ تازا قېلىن بويۇن تېرىسىنى ئۇلارنىڭ بېشىغا كەپلەپ كىيدۈرۈپ، پۇت - قولىنى باغلاپ، ئادەم بارمايدىغان يەرلەرگە ئاپىرىپ تاشلايدىكەن، تېرە ئىسسىقتا باشنى ئامبۇردا قىسقاندەك قورۇپ، مېڭىنى سىقىپ چىقىرىۋېتىدىغاندەك ئازابلايدىكەن. بۇنىڭ بىلەن ئەسىرلەر خاتىرىسىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، خوجايىنىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدىغان قۇلغا ئايلىنىدىكەن. مانا مۇنداق ئادەملەر «ماڭقۇرت» دەپ ئاتىلىدىكەن. مۇشۇنداق ماڭقۇرت قىلىۋېتىلگەن بىر يىگىتنىڭ ئانىسى مىڭبىر جاپادا ئوغلىنى ئىزدەپ تاپسا، ئوغلى ئۆز ئانىسىنى تونۇماپتۇ، ئەكسىچە، خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، تۆگىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، ئۆز ئانىسىنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

قىرىپ چۈشۈرۈۋېتىلگەن ماكقۇرت! ئەلۋەتتە، بۇ بىر قەدىمكى رىۋايەت، لېكىن، بۇ رىۋايەتنى خاتىرىلىگەن قۇتتىباييېف چوقۇم بىرەر نەرسىگە دىققەت قىلغان. ئۇ بۇ رىۋايەتنى قانداقتۇر تاسادىپىي ياكى مەقسەتسىز لا خاتىرىلەپ قويغان ئەمەس. شۇنداق، ماكقۇرت، ماكقۇرت... بۇنىڭدا زادى نېمە سىر باردۇ؟ ئەگەر ئۇنىڭدا باشقىچە مەنە بولسا، ئۇ نېمە بولۇشى مۇمكىن؟ قۇتتىباييېف ماكقۇرت رىۋايىتىدىن پايدىلىنىپ باشقىلارنى كۆشكۈرتمەكچى بولغانمۇ؟ ئۇ بۇنىڭدا قانداق شەكىل، قانداق ئۇسۇل قوللانغان؟ ئەڭ مۇھىمى، مانا مۇشۇنى ئېنىقلاش كېرەك. تاكسىقباييېف بىر خىل گاكگىراش ئىچىدە پىكىر يۈرگۈزمەكتە ئىدى، ماكقۇرت رىۋايىتىدە ئىدىيولوگىيە ساھەسىگە نىسبەتەن مەلۇم گۇمانلىق تەرەپلەر بار، لېكىن بۇنىڭغا ھازىرچە كېسىپ بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ، ئۇنى ئۈزۈل - كېسىل پاش قىلىشقا تېخى ئاساس يوق. ئەگەر مۇشۇنداق ئەھۋالدا دائىم قوللىنىدىغان ئۇسۇلنى قوللانسا، بۇ خەلققە قارشى رىۋايەت، دەپ، قۇتتىباييېفنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرسە قانداق بولار؟ تاكسىقباييېفنىڭ ھازىرقى نوپۇزى بىلەن باشقىلارنى قايىل قىلىش مۇمكىن ئەمەس، بۇ ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ مەلۇم. بۇنىڭدا، مۇشۇ تەرەپتە بىلىمى بار بىرەر ئالىمنى ئىزدەپ بېقىش كېرەك. بۇرژۇئا مىللەتچى ئۇنسۇرلارنى پاش قىلغانلىقى ئۈچۈن سورۇن تۈزۈپ ئىچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرغان بۇ ئادەملەرنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ھەممە ئىش مۇنۇ تەرىقىدە بولغانلىقى ئېنىق: ئاۋۋال بىر كىچىك گورۇھنى پاش قىلىپ چىقىدۇ، ئاندىن بىر قىسىم

مۇتەخەسسىس - ئالىملار بەزى مۇتەخەسسىس - ئالىملارنىڭ مىللەتچىلىك قىلغانلىقىنى، ئۆتكەننى پەردازلاپ كۆرسىتىپ، ستالىننىڭ سوتسىيالىستىك دەۋرىگە ھاقارەت قىلغانلىقىنى پاش قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ جىنايەتچىلەر سۈرگۈن قىلىنىدۇ، مۇشۇ تەرزدە ئىشلار ئۆزلۈكىدىن يۈرۈشۈپ كېتىدۇ. قۇتتىبايېف تەپسىلىي خاتىرىلىۋالغان ماڭقۇرت رىۋايىتىدە چوقۇم بىر نەرسە بار. ئۇنى يەنە بىر قېتىم سۆزمۇسۆز تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىش كېرەك. ئەگەر خاتىرىدىن ئازراق بولسىمۇ بىر نەرسىگە ئېرىشكىلى بولسا، ئۇ چاغدا بۇ رىۋايەتتىن پايدىلانغىلى، دەرھال دېلو تۇرغۇزۇپ، قۇتتىبايېفنىڭ جىنايىتىنى بېكىتكىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، قۇتتىبايېفنىڭ قول يازمىلىرى ئىچىدىن «سارى ئۆزەكتىكى جازا» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان يەنە بىر رىۋايەتمۇ چىقىپ قالدى. ئۇنىڭ ماتېرىيالى چىڭگىزخان دەۋرىدىن ئېلىنغان. تاڭسىقبايېف ئۆز ۋاقتىدا بۇ قەدىمكى رىۋايەتكە ئانچە دىققەت قىلمىغانىكەن، ئەمدىلىكتە بۇ رىۋايەت ئۈستىدىمۇ ئويلىنىپ قالدى. ئوبدانراق كاللا قاتۇرۇپ باقسا، ئۇنىڭ ئىچىدىنمۇ بەزى سىياسىي مەنىلەرنى تاپقىلى بولىدىغاندەك قىلاتتى...

* * *

چىڭگىزخان زور قوشۇننى باشلاپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدىن ئۆتۈپ، ياۋروپاغا يۈرۈش قىلدى. سارى

ئۆزەك يايلىقىغا كەلگەندە ئۇ، بىر يۈز بېشى① بىلەن لەشكەر قوشۇنىنىڭ چوڭ تۇغىغا ئوت پۈركۈۋاتقان ئالتۇن ئەجدىھانىڭ سۈرىتىنى كەشتىلەيدىغان كەشتىچى قىزنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ، ئېسىپ ئۆلتۈردى. . .

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرى چىڭگىزخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى. ئۇ بۇ رايونلارنى بىرقانچە ئۇلۇسقا بۆلۈپ، ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى ۋە سەركەردىلىرىگە بۆلۈپ بەردى. ئەمدى نۆۋەت ئېدىل (ۋولگا) دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدىكى بىپايان رايونلار ۋە ياۋروپانىڭ تەقدىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا كەلگەنىدى.

سارى ئۆزەك يايلىقىنىڭ كەچ كۈز مەزگىلى. بىرنەچچە قېتىم ياغقان قاتتىق يامغۇر يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقىدا قۇرۇپ كەتكەن دەريا - كۆللەرنى سۇغا توشقۇزۇپ، قوشۇننىڭ سۇ قىيىنچىلىقىنى تۈگەتتى. قوشۇن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ سەپەر قىلماقتا ئىدى، سارى ئۆزەك يايلىقى بۇ سەپەردىكى ئەڭ قىيىن ئۆتكەل ئىدى.

بىپايان كەڭلىكتە يېيىلىپ كېتىۋاتقان ئاساسلىق قوشۇن ئوڭ، سول، ئوتتۇرا دەپ ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن

---

① چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇللاردىن تەركىب تاپقان زور قوشۇنىنىڭ ئەڭ كىچىك ئايرىمىسى يۈز كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ سەردارى يۈز بېشى دەپ ئاتىلاتتى. يۈز كىشىلىك قوشۇندىن ئونى مىڭ كىشىلىك قوشۇن، مىڭ كىشىلىك قوشۇندىن ئونى تۈمەن كىشىلىك قوشۇن قىلىپ بەلگىلەنگەن.

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، ھەربىر بۆلەكتە بىر تۈمەن لەشكەر بار ئىدى. ئاتلارنىڭ تۇياق ئاستىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاڭ - توزانلار خۇددى زور ئوت ئاپىتىدىن كېيىنكى قويۇق ئىس - تۈتەكتەك ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، خېلىغىچە تاراپ كەتمەيتتى. مۇشۇنىڭ ئۆزىدىنلا بىر تۈمەن كىشىلىك قوشۇننىڭ ھەيۋىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. قالغان ئىككى تۈمەنلىك قوشۇن زاپاس ئات، يۈك - تاق ۋە ھەر كۈنى سويۇپ يەيدىغان قوي - كالىلارنى ئېلىپ ئارقا تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى. ئارقىغا قارىسىلا، ئوخشاشلا كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاڭ - توزاندىن ئۇلارنىڭ ساق - سالامەت كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى، قالغان ئۇرۇشچى قوشۇنلار يىراقتا قالغاچقا، ئۇلارنىڭ قارىسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇلار ئوڭ قانات ۋە سول قانات قوشۇن بولۇپ، ھەر قوشۇننىڭ ئۆزىدىلا ئۈچ تۈمەن لەشكەر بار ئىدى، ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن، ئات بىلەن بىرنەچچە كۈن يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇلار ئۆز ئالدىغا ئېدىل دەرياسىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. قاتتىق سوغۇق چۈشۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى، ئون بىر تۈمەن لەشكەر ئېدىل دەرياسىنىڭ بويىدا ئۇچراشماقچى بولغان. سەركەردىلەر شۇ يەردە خاقان بارگاھىغا يىغىلىپ، كېيىنكى ھەرىكەت پىلانى ئۈستىدە باش قوشۇۋالماقچى، ئاندىن ئېدىل دەرياسىنى كېچىپ ئۆتۈپ، ئاشۇ باي، گۈزەل تۇپراققا، چىڭگىزخان، ئۇنىڭ سەركەردىلىرى ۋە ھەربىر لەشكەر ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋېلىشنى ئويلاپ يۈرگەن تۇپراققا قەدەم قويماقچى ئىدى ...

يىراققا يۈرۈش قىلغان زور قوشۇن غەربكە مانا

مۇشۇنداق تۇسالغۇسىز توختىماي ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. زور قوشۇندىن يىراقتا قالماي كېلىۋاتقانلار ئىچىدە ئاياللار ۋە بالىلار بار ئىدى، پۈتۈن بالا - قازا ئەنە شۇلاردىن كېلەتتى.

چىڭگىزخان گېشگىر مىللىتىدىن بولغان بەش يۈز نەپەر قورۇقچى ۋە زاساۋۇر مىللىتىدىن بولغان زور بىر تۈركۈم نۆۋكەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا قوشۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتاتتى. ئۇلار گويا گۈزەل بىر ئارالغا ئوخشايتتى. ئۇ ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى، پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان بۇ بۈيۈك باھادىر ئۆزىنى قورۇقچىلارنىڭ ئارىغا ئېلىپ مېڭىشنى ياخشى كۆرمەيتتى، بولۇپمۇ قوشۇن تارتىپ ماڭغاندا تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇ يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ، خىيال سۈرۈپ مېڭىشنى ياخشى كۆرەتتى.

چىڭگىزخاننىڭ ئاستىدا ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان خوب ئىسىملىك يورغا ئات بار ئىدى. ئات شۇنداق كۆچتۆڭگۈر، كۆكرەك ۋە بوينى شۇنداق تولغان، تۇكلىرى ئاپئاق، قۇيرۇقى قارا ئىدى. ئۇ خاقان بىلەن دۇنيانىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئايلىنىپ چىقتى. زاپاس ئىككى ئاتمۇ ئوخشاشلا ئۇرۇشقا كۆنۈك ئارغىماقلاردىن ئىدى. ئۇلارغا ئۆزەڭگىلىرى ئالتۇندىن قىلىنغان ئېسىل ئېگەر توقۇلغان، ئۇلارنى ئات باقارلار ئالدىرىماي يېتىلەپ ماڭدۇ. سەپەر ئۈستىدە چىڭگىزخان ئۆزى مىنىۋالغان ئاتتىن ئازراقلا تەر چىقسا، دەرھال باشقا ئاتنى يەڭگۈشلەپ مىنىدۇ.

كىشىنى ھەممىدىن ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرغىنى

ھەرگىزمۇ چىڭگىزخاننىڭ ئەتراپىدىكى قاپ يۈرەك قورۇقچى ۋە نۆكەرلەر ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھاياتى ئۆزىدىن كۆرە چىڭگىزخانغا مەنسۇپ. ئۇلار يۈزنىڭ ئىچىدىن بىرى تاللىۋېلىنغان، ئۇلار چىڭگىزخان ئۈچۈن قىلىچنىڭ ئورنىدىكىلا ئادەملەر؛ يەنە ئۇلارنىڭ ئاستىدىكى كەم ئۇچرايدىغان ئالتۇندەك تۇلپارلارمۇ ئەمەس. ياق، بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرغىنى پۈتۈنلەي باشقا نەرسە. يول بويى چىڭگىزخاننىڭ بېشىدا بىر پارچە ئاق بۇلۇت ئەگىپ يۈرۈپ، ئۇنى كۈچلۈك ئاپتاپنىڭ چېقىشىدىن ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. چېدىر چوڭلۇقىدا كېلىدىغان بۇ بۇلۇت خۇددى جانلىق نەرسىدەك، چىڭگىزخان نەگە بارسا شۇ يەرگە باراتتى. ئاسماندا بۇلۇت دېگەن كۆپ بولغاچقا، ئۇ بۇلۇتنىڭ بىر خىل سىمۋول ئىكەنلىكىنى، تەڭرىنىڭ دۇنيا ھۆكۈمرانىغا بولغان بەخت تىلىكى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. لېكىن، چىڭگىزخاننىڭ ئۆزى بۇنى چۈشىنەتتى. ئۇ بۇ بۇلۇتقا قارىغانسېرى، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن تەڭرىنىڭ نىيەت - ئىقبالىنىڭ نىشانىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە باشلىدى.

بىر كۈنى، چىڭگىزخاننىڭ يېنىغا تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بىر دەرۋىش كەلدى. ئاق بۇلۇتنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا شۇ دەرۋىش بېشارەت بەرگەنىدى. ياقا يۇرتلۇق بۇ دەرۋىش يا چىڭگىزخانغا تەزىم قىلمىدى، يا ئۇنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلمىدى، تۇرقىدىنمۇ ھېچبىر تەڭرىنىڭ بېشارىتىنى يەتكۈزىدىغان ئادەمدەك قىلمايتتى. ئۇ تەختتە ھەيۋەت بىلەن ئولتۇرغان

يايلاق ھۆكۈمرانىنىڭ سۈرلۈك چىرايىغا بېشىنى تىككىدە تۇتۇپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان، كىيىملىرىنىڭ جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن، گەدىنىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان ئۇزۇن چاچلىرى سالۋاراپ، خۇددى چېچى چۇۋۇلۇپ كەتكەن ئايالغىلا ئوخشاپ قالغانىدى، ئۇنىڭ چىرايى قارامتۇل، ساقال-بۇرۇتىنى بولۇشىچە قويۇۋەتكەن، كۆزلىرى سۈرلۈك، ئەپتىدىن بىر خىل سوغۇقلۇق ۋە ھاكاۋۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى.

— خاقان، مەن ساڭا مۇنداق بىر نەرسىنى يەتكۈزگىلى كەلگەن، — دېدى ئۇ ئۇيغۇر تىلماچ ئارقىلىق، — تەڭرى ئالاھىدە بەلگە بىلەن ئاسماندىن ساڭا ئۆزىنىڭ تىلىكىنى يەتكۈزىدۇ.

چىڭگىزخان ئويلىمىغان بۇ ئىشتىن دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. ياقا يۇرتلۇق بۇ دەرۋىش ئېلىشىپ قالغانمىدۇ ياكى بۇ سۆزىنىڭ ئۆزىگە قانداق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلمەمدىغاندۇ؟

— قانداق بەلگە؟ سەن بۇ ئىشنى نەدىن بىلدىڭ؟ — چەكسىز ھوقۇققا ئىگە خاقان غەزىپىنى سەل بېسىۋېلىپ، قوشۇمىسىنى تۇرۇپ سورىدى.

— نەدىن بىلگەنلىكىمنى سورىما، بەلگىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى دېسەڭ، مەن دەپ بېرەي، سېنىڭ بېشىڭ ئۈستىدە بىر پارچە ئاق بۇلۇت پەيدا بولىدۇ ھەم ساڭا ئەگىشىپ يۈرىدۇ.

— ئاق بۇلۇت؟ — چىڭگىزخان ھەيرانلىقىنى قىلچە يوشۇرماي، ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ سورىدى. خاقانىنىڭ

www.uyghurkitap.com

غەزىپىنىڭ بىراقلا پارتلىشىدىن ئەنسىرەپ ئولتۇرغان ئەتراپتىكىلەر بىردىنلا جىددىيلىشىپ قالدى. قورقىنىدىن تىلماچىنىڭ لەۋلىرىمۇ ئاقىرىپ كەتتى، ۋاقتى كەلسە، ئۇمۇ جازادىن قۇتۇلالماسلىقى مۇمكىن ئىدى.

— شۇنداق، ئاق بۇلۇت، — دېدى پەيغەمبەر سۇپەت دەرۋىش، — ئۇ سېنى بۇ زېمىندا تەڭدىشى يوق ئورۇنغا ئىگە قىلغان تەڭرىنىڭ كۆرسەتمىسى. لېكىن سەن بۇ بۇلۇتنى چوقۇم ياخشى ئاسرىشىڭ كېرەك، چۈنكى، ئۇ بۇلۇتتىن ئايرىلغان كۈنى ئۆزۈڭنىڭ زور كۈچىدىن ئايرىلىسەن...

ئالتۇن چېدىر① گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆمدى. شۇ تاپتا چىڭگىزخاننىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن ھەرقانداق ئىش يۈز بېرىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى غەزەپ ئوتلىرى خۇددى كۆيۈپ بولغان مەشئەلدەك بىردىنلا ئۆچتى. ئۇ دەرۋىشنى تازا بىر ئەدەبلەپ قويۇشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالغانىدى، دەرۋىشنى يالغان - ياۋىداق سۆزلەرنى قىلىپ، بىئەدەپلىك قىلدى دېگىلى بولماس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنى جازالىسا، خاقاننىڭ نام - شۆھرىتىگىمۇ تەسىر يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، چىڭگىزخان زەھەرلىك كۈلكىسىنى سۈس قوڭۇر رەڭلىك شالاڭ بۇرۇتىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ مۇنداق دېدى:

---

① چىڭگىزخاننىڭ چېدىرى سېرىق شايىدىن ياسالغان، چېدىرنىڭ چوققىسى ئالتۇندىن قۇيۇلغان بولۇپ، ئەسلى ئالتۇن چېدىر ياكى ئالتۇن چوققىلىق چېدىر دەپ ئاتىلاتتى.

— ماقۇل، ئەگەر سىنى بۇ گەپلەرنى ماڭا يەتكۈزۈشكە ئەۋەتكەنمۇ بولسۇن، سىنىڭ دېگەنلىرىڭگە ئىشەنگەنمۇ بولاي، لېكىن، قېنى ئېيتىپ باققىنا، دانىشمەن ياقا يۇرتلۇق، مەن قانداق قىلسام ئاسماندا ئەركىن لەيلەپ يۈرىدىغان ئاشۇ بۇلۇتنى ساقلاپ قالالايمەن؟ ئەجەبا، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالماسلىقىم ئۈچۈن، ئۇچقۇر ئاتلار بىلەن ئاسمانغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى باقتۇرۇشۇم كېرەكمۇ؟ ئاشۇ بۇلۇتقا خۇددى كۆندۈرمىگەن ئاتقا ئوخشاش يۈگەن سالدۇرۇپ قويىمەنمۇ؟ مەن زادى قانداق قىلسام ئاسماندىكى شامال ئۇچۇرۇپ يۈرگەن ئۇ بۇلۇتنى ساقلاپ قالالايمەن؟

— مانا بۇ سىنىڭ كاللا قاتۇرىدىغان ئىشىڭ، — دېدى دەرۋىش ئاددىيلا قىلىپ.

ھەممە ئادەم داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى، چېدىر ئىچىنى يەنە گۆرىستان جىمجىتلىقى قاپلىدى، تىلماچىنىڭ لەۋلىرىمۇ باشقىدىن ئاقىرىپ كەتتى. ئەجىلى توشقان بۇ بەختسىز دەرۋىشكە ھېچكىممۇ قاپقىنى كۆتۈرۈپ قاراشقا پېتىنالمايتتى. ئۇ كاللىسى ئىشلىمەيدىغان نېمىمىدۇ ياكى قانداقتۇر بىر سەۋەبتىن ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىۋاتقانمىدۇ؟

— تارتۇق بېرىپ يولغا سېلىڭلار، — دېدى چىڭگىزخان پەرۋاسىزلىق بىلەن. خۇددى قاغجىراپ كەتكەن يەرگە ياغقان يامغۇردەك، ئۇنىڭ بۇ سۆزى ئەتراپتىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئارامغا چۈشۈردى.

بۇ غەلىتە ئىشنى ھەممەيلەن تېزلا ئۇنتۇپ كېتىشتى. دۇنيادا ھەر خىل غەلىتە ئادەملەر بولىدىغۇ. ئۇ ئادەم

ئۆزىنى تېخى دانىشمەن كۆرسەتمەكچى بولغان! ئەگەر ئۇ ياقا يۇرتلۇق دەرۋىش چاقچاق قىلغاندەكلا ئۆزىنىڭ كاللىسى بىلەن ئويناشقان بولسا، بۇمۇ قاملاشمىغان يېرى؛ ئېنىقكى، ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىگە كەلگەنلىكىنى، نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ. ئەگەر ئۇ سەللا كەتكۈزۈپ قويسا، خاقانىنىڭ قورۇقچىلىرى ئۇنى شۇ يەردىلا تارتىپ باغلاپ، خاقانىنىڭ ئالدىدا بىھۆرمەتلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، شاش ئايغىرنىڭ قۇيرۇقىغا چېتىپ سۆرىتىپ ئۆلتۈرىدۇ. بۇ ئۇلار ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەس. لېكىن بۇ ياقا يۇرتلۇق دەرۋىشنىڭ كاللىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ كېلىپ، باياۋان قۇملۇقتىكى ۋەھشىي شىردەك ئادەمنىڭ ئېنىنى شۈركۈندۈرىدىغان تاش يۈرەك، رەھىمسىز ھۆكۈمرانىنىڭ ئالدىدا مۇنداق قاپ يۈرەكلىك بىلەن بىمالال تۇرالىشىدا چوقۇم بىر گەپ بار. بۇ ئۇنىڭ ساراڭلىقىمىدۇ ياكى ئۇ راستتىنلا تەڭرى ئەۋەتكەن ئادەممىدۇ؟

ئۈچقۇر يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەممە ئىشلار بىر - بىرلەپ ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، چىڭگىزخان بىردىنلا ھېلىقى نەس باسقۇر دەرۋىشنى ئەسلەپ قالدى. بۇ ئارىلىقتا ئىككى يىل ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

بۇ ئىككى يىل ئاساسەن غەربكە يۈرۈش قىلىشنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقى بىلەن ئۆتتى، پۈتۈن ھوقۇقنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىش، ئىمپېرىيىنىڭ دائىرىسىنى توسالغۇسىز ھالدا كېڭەيتىش يولىدا، بۇ ئىككى يىلنىڭ ھەقىقەتەن ئاجايىپ جۇشقۇن يىللار بولغانلىقىنى چىڭگىزخان كېيىن تونۇپ يەتتى. دۇنياۋى ھۆججۇمنى

باشلاشقا، ئۆزۈندىن بۆيان تەلمۈرۈپ كېلىۋاتقان مۇراد ـ مەقسەتكە يېتىشكە، باشقىلارنىڭ قولىدا تۇرغان ئاشۇ زېمىنلارنى بويسۇندۇرۇشقا كۈچ ـ ماغدۇر توپلىغان، شەرت ـ شارائىت پىشىپ يېتىلگەنىدى. ئەنە شۇ زېمىنلارنى بويسۇندۇرۇۋالسىلا، چىڭگىزخان ئۆزىنى پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەقىقىي ھۆكۈمرانى دېسە بولىدۇ. يايلاق ھۆكۈمرانىنىڭ ۋەھشىي تەبىئىتى ۋە تارىخىي ۋەزىيىتى ئاخىر بىرىپ مۇشۇنداق بىر خىل ئەسەبىي خىيالغا، تەڭداشسىز ھوقۇققا ئېرىشىش، چەكسىز زورىيىش ئىستىكىگە ئايلاندى. شۇڭا ئۇنىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ پۈتۈن تەقدىرى — ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەڭ زېمىنىدىكى ئۇنىڭغا تەۋە ئۇلۇسلارنىڭ تەقدىرى، دۇنيادا تەڭداشسىز شەخسنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا باش ئەگكەن ھەر خىل ئىرقلارنىڭ تەقدىرى، شەھەر ـ قىشلاقلاردىكى باي ۋە نامراتلارنىڭ تەقدىرى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھەربىر ئادەمنىڭ تەقدىرى، مەيلى ئۇ كىم ياكى قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولسۇن، ھەممىسى خانلىقلارنى توختاۋسىز بويسۇندۇرىدىغان، مىللەتلەرنى توختاۋسىز باش ئەگدۈرىدىغان مۇشۇنداق مەڭگۈ قانائەت تاپمايدىغان قورقۇنچلۇق نەپسىنىڭ قولىدا بولىدۇ. شۇڭا، ھەممە ئادەم بىر خىل ئىش بىلەن ئالدىراش، ھەممە ئادەم بىر خىيالنىڭ قولى: چىڭگىزخاننىڭ لەشكەر كۈچىنى تولۇقلاش، ئاشۇرۇش، كامالەتكە يەتكۈزۈش. يەر ـ زېمىندىكى بارلىق نەرسە، ئۆرۈشتا پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىكى نەرسە، ئىشقىلىپ، جانلىق ـ جانسىز نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى چىڭگىزخاننىڭ ياۋروپاغا ھۇجۇم

قىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئالدىدا. ئۇلار ياۋروپانىڭ رىۋايەتلەردىكىدەك ئاشۇ باي - ئاۋات شەھەرلىرىگە دەھشەتلىك ھۇجۇم باشلىماقچى، ئۇ يەردە نۇرغۇن ئولجا ھەربىر ئەسكەرنى ساقلاپ تۇرماقتا؛ ئۇلار ياۋروپانىڭ بۇك - باراقسان ئورمانلىرىغا، ئوت - چۆپلىرى بولۇق ئۆسكەن يايلاقلىرىغا كىرىدۇ، ئۇ يەردە قىمىز دېگەن دەريا بولۇپ ئېقىپ تۇرىدۇ؛ چىڭگىزخاننىڭ ئوت پۈركۈۋاتقان ئەجدىھانىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تۇغى ئاستىدىكى ھەربىر ئەسكەر دۇنيانىڭ شاد - خۇراملىقىدىن بەھرىمەن بولۇشقا تامامەن ھەقلىق، ھەممىسى ئاشۇ خۇشاللىقتىن، ئادەم ئېسىنى يوقاتقۇدەك چەكسىز غەلىبە شادلىقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. خاقان غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش، پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرۇشقا يارلىق چۈشۈردى.

چىڭگىزخان ئۇرۇش تاكتىكىسىغا ماھىر، قابىل، يىراقنى كۆرەر، زېرەك ئىدى. ياۋروپاغا ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇ ھەممە ئىش ئۇستىدە يىپىدىن - يىڭنىسىگىچە پۇختا ئويلاندى. سادىق، ئىشەنچلىك تىڭتىڭچى، چېگرىدىن قانۇنسىز ئۆتكەنلەر، سودىگەر، تاۋاپ قىلغۇچى، جاھان كېزىپ يۈرگەن مۇسۇلمان دەرۋىشلەر، ئىشچان جۇڭگولۇقلار، ئۇيغۇرلار، ئەرەبلەر ۋە پارسلاردىن زور قوشۇن يۈرۈش قىلغاندا پايدىلىنىدىغان پۈتۈن نەرسىنى، قولايلىق يول ۋە كېچىكلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، ئىشقىلىپ، ئۆزىنىڭ زور قوشۇنى بېسىپ ئۆتىدىغان يەرلەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، ئېتىقادى، تىرىكچىلىك يوللىرىدىن تارتىپ ھەممىنى كاللىسىغا قۇيۇۋالدى. چىڭگىزخان ساۋاتسىز ئىدى، شۇڭا ھەممىنى

كاللىسىغا ئۇرنىتىۋېلىشقا مەجبۇر ئىدى. بولغۇسى يۇرۇشتە ئۇچراش ئېھتىمالى بولغان ھەر خىل قولايلىق، قولايسىز شارائىتلار ئۇستىدە قايتا ـ قايتا ئويلىناتتى. مۇشۇنداق قىلغاندىلا يۇرۇشتە قەدەمنى بىرلىككە كەلتۈرگىلى، ئەڭ مۇھىمى، پولاتتەك ئىنتىزامغا مۇتلەق بويسۇنۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى، تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ. چىڭگىزخان ھەرقانداق ۋاقىتتا ئازراقمۇ بوشىشىشقا يول قويمايتتى، ھەرقانداق ئادەم، ھەرقانداق ئىش ئۇنىڭ ئاساسلىق نىشانى — ياۋروپانى بويسۇندۇرۇشقا توسالغۇ بولماسلىقى كېرەك ئىدى.

چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ بولغۇسى يۇرۇشى توغرىسىدا چوڭقۇر ئويلىنىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تارىختا بولۇپ باقمىغان بىر ئىشنى قىلدى، يەنى قوشۇن ئىچىدە پەرزەنت كۆرۈشنى مەنئى قىلدى. چۈنكى، لەشكەرلەر خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئۇرۇشلاردىمۇ بىللە ئېلىپ ماڭىدىغان بولغاچقا، لەشكەرلەر پەرزەنت كۆرسە تۇرمۇشتا تولىمۇ قولايسىز بولاتتى. بۇنىڭغا بۇرۇن ھاياتنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلى ئامالسىز يول قويۇلۇپ كەلگەن، چۈنكى ئايغى ئۈزۈلمەيدىغان قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى يېغىلىقلاردا، دۈشمەنلىشىپ قالغانلار قارانچۇقسىز قالغان خوتۇن ـ بالىلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن قىرىپ، ئۆزئارا ئۆچ ئالاتتى، يەنە كېلىپ، قارشى تەرەپنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىككىقات ئاياللارنى ئۆلتۈرەتتى. لېكىن بۇ ئەھۋالدا كېيىنچە ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىش بولدى، بۇرۇن دائىم دۈشمەنلىشىپ تۇرىدىغان

قەبىلىلەر چىڭگىزخان دەۋرىگە كەلگەندە بارا ــ بارا ئەپلىشىپ، بۈيۈك ئىمپېرىيىنىڭ ئەتراپىغا تۈپلاشتى.

ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە چىڭگىزخاننىڭ ئىسمى تېمۈرچىن ئىدى. ئۇ شۇ چاغلاردىلا ناھايىتى باتۇر، قورقۇمسىز بولۇپ، دائىم قوشنا قەبىلىلەر بىلەن ئۇرۇشاتتى. ئۇ جاپانىمۇ ئوبدانلا تارتقان، ئۇنىڭ ئامراق خوتۇنى بورتايىنى بىر قېتىمقى يېغىلىقتا مېركىتلار تۇتۇپ كېتىپ، مەجبۇرىي كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىۋالغانىدى. ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئۇ ئالدى بىلەن قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قالايمىقانچىلىقلارنى تۈگەتتى، قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئارازلىقنى تۈگەتمىسە، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا توسالغۇ بولاتتى، خانلىقمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايتتى.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، قوشۇن بىلەن بىللە خوتۇن ــ باللارنى ئېلىپ مېڭىشنىڭ ئانچە زۆرۈرىيىتى قالمىدى. ئەڭ مۇھىمى، خوتۇن ــ باللار قوشۇن ئۇچۇن بىر يۈك بولۇپ قالغانىدى، كەڭ كۆلەملىك يۈرۈشلەردە، بولۇپمۇ ھۇجۇم قىلغان ۋە تاغ ــ دەريالاردىن جىددىي ئۆتۈش توغرا كەلگەنلەردە، ئۇلار قوشۇننىڭ ئىلگىرىلىشىگە چوڭ توسالغۇ بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن يايلاق ھۆكۈمرانى يارلىق چىقىرىپ، غەربكە يۈرۈش قىلىش تولۇق غەلىبىگە ئېرىشمەي تۇرۇپ قوشۇن ئىچىدە پەرزەنت كۆرۈشنى قەتئىي مەنئى قىلدى. بۇ يارلىق غەربكە يۈرۈش قىلىشنى باشلاشتىن بىر يېرىم يىل ئىلگىرى چۈشۈرۈلگەنىدى. شۇ چاغدا چىڭگىزخان مۇنداق دېگەن: «بىز غەربتىكى دۆلەتلەرنى تولۇق بويسۇندۇرۇپ، ئۇرۇش تۇلپارلىرىمىز-

نىڭ تىزگىنىنى تارتقاندىن كېيىن، قوشۇندىكى خوتۇنلار قانچىلىك تۇغۇشنى خالىسا، شۇنچىلىك تۇغسا بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدىن بۇرۇن مېنىڭ قۇلىقىم قوشۇن ئىچىدە بوۋاقنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىمىسۇن...»

غەلىبىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، چىڭگىزخان ھەتتا ھاياتقا ۋە تەڭرىگە بىھۆرمەتلىك قىلىشتىنمۇ يانمىدى، تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويدى. ئۇ تەڭرىنىمۇ ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرماقچى بولغان، چۈنكى پەرزەنت دېگەن تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئاپىرىدە بولىدۇ ـ دە.

مەيلى ئاۋام، مەيلى لەشكەر بولسۇن، بۇ يارلىققا زەررىچە قارشىلىق بىلدۈرمىدى، ئۇلار ھەتتا قارشىلىق بىلدۈرۈشنى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. چىڭگىزخاننىڭ ھوقۇقى مىسلىسىز كۈچەيگەن ھەم مەركەزلەشكەن، شۇڭا پەرزەنت كۆرۈشنى چەكلەشتەك ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان مۇنداق ئىشقا ھەممە ئادەم باش ئېگىپ قوشۇلدى، چۈنكى قوشۇلمىسىلا، ئۆلۈمگە مەھكۇم ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان ئىدى.

چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلىشنى باشلىغان كۈندىن تارتىپ، ئۆزىدە ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان ئاجايىپ بىر خىل روھىي ھالەتنى سەزمەكتە ئىدى. مانا بۈگۈن يۈرۈشنى باشلىغاننىڭ ئون يەتتىنچى كۈنى. خاقان ئادەتتىكىگە ئوخشاش، ئۇلۇغ شەخسكە خاس سالاپەت ۋە سۈرلۈك قىياپەتتە كېتىپ باراتتى، ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ئارام ئېلىۋاتقان شۇڭقارنى ئەسلىتەتتى، لېكىن شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلب دېڭىزى مەۋج ئۇرماقتا ئىدى. ئۇ غىڭشىپ شېئىر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئوقۇشقا باشلىدى.

. . . ئىس ـ تۈتەككە قاپلانغان كېچە
قارا پەردە تارتىلغان گويا،
قورۇقچىلار① ساقلار چېدىرنى،
مەن ياتىمەن شېرىن ئۇيقۇدا.
كېتىۋېتىپ بۇگۈن سەپەردە،
ئېيتقۇم كەلدى كۆپلەپ تەشەككۇر،
قورۇقچىلىرىمغا، مېنى خان قىلغان،
جەڭدە پىشقان، ماڭا جان پىدا!
ئايازدىكى شىۋىرغانلاردا،
كەچ كۈزدىكى سوغۇق يامغۇردا،
باھاردىكى ئاق يېغىنلاردا،
قوغداپ كەلگەچ قورۇقچىلىرىم،
ئۆتتى كۈنۈم غەمسىز ناۋادا،
ئاسايىشلىق چاقناپ دىلىمدا!
كېتىۋېتىپ بۇگۈن سەپەردە،
ئېيتقۇم كەلدى كۆپلەپ تەشەككۇر،
قورۇقچىلىرىمغا، مېنى خان قىلغان،
ساداقەتمەن، ماڭا جان پىدا! . . .
قېيىن قوۋزىقىدا ياسالغان ئوقيا

---

① چىڭگىزخان ئەڭ قاۋۇل ياشلاردىن ئون مىڭنى تاللاپ ئۆزىگە قورۇقچى قىلىۋالغانىدى. بۇ ناھايىتى خىللانغان قوشۇن بولۇپ، ئادەتتە تۆتكە بۆلۈنۈپ نۆۋەت بىلەن خاقاننى قوغدايتتى، ئۇرۇش ۋاقتىدا ئارقىدىراق ماڭاتتى.

ياۋ قولىدا تارتىلغان ھامان،
قېنى قىزىپ قورۇقچىلىرىم
ئات سالىدۇ جەڭلەرگە شۇئان،
باتۇر، سەزگۈر قورۇقچىلىرىم،
سۆيۈنىدۇ سىلەردىن دىلىم.
ئاي نۇرىدا بىر توپ بۆرىلەر
سەركىسىنى ئارىغا ئېلىپ،
ئوۋلىغىلى بارماقتا شۇئان.
ئەگەشسىكەن نۆكەرلىرىمۇ
دەيمەن ئاشۇ بۆرىلەرسىمان،
سادىق بولۇپ ماڭا، غەرب تامان.
ئالتۇن تەختىم ھىڭگاك چىشلىرى①
ھەمراھ بولۇپ كەلمەكتە ماڭا. . .
كېتىمۇېتىپ بوگۇن سەپەردە،
كۆي ئوقۇغۇم كەلدى ئۇلارغا. . .

ئۇ بۇ شېئىرىنى ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ئوقۇغان بولسا تازا قاملاشمىغان ئىش بولاتتى، ئۇ كۆڭلىدىكىنى ئۇنداق ئاسان ئاشكارىلىۋېتىدىغان ئادەم ئەمەسقۇ! لېكىن ئۇ

① چىڭگىزخاننىڭ تەختى ئالتۇندىن ياسالغان. ئۇ بۇ تەختنى جىن دۆلىتىنىڭ پايتەختىدىن ئولجا ئالغان، تەختنىڭ يۆلەنچۈكىگە مەرۋايىت تالىشۋاتقان ئەجدىھالارنىڭ، ئىككى تۇتقۇچىغا چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ تۇرغان ئىككى يىرتقۇچ يولۋاسنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. بۇ يەردە چىڭگىزخان ئاپئاق ھىڭگاك چىشلارنى ئۆزىنى خانلىق تەختىگە چىقارغان نۆكەرلىرىگە تەمسىل قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

مۇشۇنداق يۇرۇشلەردە ئەتىدىن كەچكىچە ئاتنىڭ ئۇستىدە يۇرىدىغان بولغاچقا، بەزىدە ئەنە شۇنداق مەۋسىلەردىمۇ بولۇپ قالاتتى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن خۇشال، چۇنكى غەربكە يۇرۇشنى باشلىغان ئون يەتتە كۇندىن بىرى، ئەتىگەندىن كەچكىچە بىر پارچە ئاق بۇلۇت ئۇنىڭ بىشىدا ئەگىپ يۇرىدۇ، نەگە بارسا ئاق بۇلۇتمۇ شۇ يەرگە بارىدۇ. ئەۋلىيادەك دەرۋىشنىڭ ئېيتقانلىرى بەرھەق ئىكەن. مۇنداق كارامەتنىڭ بولۇشىنى كىممۇ ئويلىغان! شۇ چاغدا ئۇ دەرۋىشنى ئادەم ئويلاشقىمۇ جۇرئەت قىلالمايدىغان دەرىجىدە بىھۆرمەتلىك قىلغانلىقى ئۇچۇن شۇ يەردىلا كاللىسىدىن جۇدا قىلىش، ئۇنىڭ ئۇچۇن ھىچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى، لىكىن ئۇ دەرۋىشنىڭ بىر تال موييغىمۇ تەگمىدى، دىمەك، بۇمۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى ئوخشايدۇ.

يۇرۇش باشلانغان بىرىنچى كۇنى. زور كۆلەملىك قوشۇن، ئوزۇق - تۇلۇك بىسىلغان ھارۋا، توپ - توپ قوي - كاللار خۇددى ئەتىيازدا تاشقىنلاپ تۇرغان دەريا سۇيىدەك بىپايان چۆللۇكنى بىر ئىلىپ كىتىۋاتاتتى. چۇش مەزگىلى، چىڭگىزخان ئاستىدىكى سەل ھاردۇق يىتىپ قالغان ئىتىنى ئالماشتۇرۇۋىتىپ، تاسادىپىي ئاسمانغا قاراپ قالدى. لەيلەپ يۇرگەن بىرەر پارچە بۇلۇت دەل ئۇ قارىغان چاغدا بىشىنىڭ ئۇستىگە توغرا كىلىپ قالغانمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇ بىر پارچە ئاق بۇلۇتنىڭ دەل ئۆزىنىڭ بىشى ئۇستىدە لەيلەپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ بۇنىڭغا ئانچە پىسەنت قىلىپ كەتمىدى، ئاسماندا بۇلۇت دىگەن كۆپ نەرسىغۇ!

ئۇ ئۆزىدىن سەل ئارقىدا كېلىۋاتقان قورۇقچى ۋە نۆكەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا كېتىۋاتاتتى، ئۇنى خىيال باسقان، كۆزلىرىدە بىر خىل ئەنسىزلىك، ئات ئۈستىدە پۈتۈن ئەتراپقا، دۇنيانى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلانغان شۇنچە رايىش، شۇنچە جان پىدا نەچچە يۈز مىڭ لەشكىرىگە نەزەر تاشلاپ كېتىپ باراتتى. ئۇلار ئۇنىڭ ئىرادىسىگە شۇنداق كۆنۈك، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوت دېڭىزىغا كىرىشكىمۇ تەييار، ئۇلار گويا ئادەم ئەمەس، ئۇنىڭ قولىدىكى خالىغانچە ھەرىكەتلەندۈرەلەيدىغان بارماق، ئۇلارنىڭ ھەرقاندىقى ئۇنىڭغا ئوخشاش غالىب شەخس بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ئۇ يەنە كۆككە قارىدى، ھېلىقى بىر پارچە ئاق بۇلۇت ئۇنىڭ بېشىدا يەنىلا سايە تاشلاپ تۇراتتى، ئۇ بۇنىڭغا يەنە ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى. راست، پەقەت ئېرەن قىلمىدى، پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرۇش خىيالىدىلا قالغان چىڭگىزخاننىڭ ئاسماندىكى بىر پارچە بۇلۇتنىڭ يەردىكى بىر چەۋەندازنىڭ بېشىدا ئەگىپ يۈرگەنلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە نەدە چولىسى، بۇلۇت بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا نىمە ئالاقە بولسۇن؟

بۇ بىر پارچە ئاق بۇلۇتقا باشقىلارمۇ دىققەت قىلمىدى، ئۇلارمۇ ئۆز يۈرۈشى بىلەن. كۈپكۈندۈزدە قانداقتۇر بىر مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشىگە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. ئادەم ئالدىغا قاراشقا توغرا كەلگەندە، بىپايان ئاسمانغا قاراپ يۈرۈشنىڭ نىمە ھاجىتى. قوشۇن ئۆز يولىدا ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە، سەپ شۇنچىلىك ئۇزۇنغا سوزۇلغان، ئېگىز ـ پەس، ئوي ـ دوڭغۇل چىغىر يوللارنى بېسىپ كېتىۋاتىدۇ، ئات، ھارۋىلارنىڭ ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن

چاڭ ـ توزان ئاسماننى بىر ئالغان، نۇرغۇن يەرلەر ئارقىدا قالدى، ئەمدى بەلكىم ئۇ يەرلەرنى مەڭگۈ كۆرەلمەس. ھەممە ئىش خاقاننىڭ ئارزۇسى ۋە ئىرادىسى بويىچە كېتىپ باردۇ. ئۆزىنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى، ھوقۇق دائىرىسىنى، زېمىنىنى ئاشۇرۇش كويىدا قالغان چىڭگىزخاننىڭ ھەيدەكچىلىكى ۋە تۈرتكۈسى ئاستىدا يۈز مىڭلىغان لەشكەر روھلۇق ھالدا ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

گۈگۈم چۈشتى، ئۇلار يەنىلا توختىماي كېتىپ باردۇ. قەيەرگە بارغاندا يولنى كۆرەلمىگۈدەك قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتسە، شۇ يەردە تۈنەپ، ئەتىسى سەھەر يولنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

پارچە ـ پۇرات ئىشلارغا مەسئۇل قىرىپلەر خاقان ۋە ئۇنىڭ نۆكەرلىرىگە قونالغۇدا ئالدىنئالا چېدىر تىكىپ قويغانىدى. چېدىرنىڭ ئاپئاق چوققىسى خېلى ـ خېلى يەرلەردىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئالتۇن رەڭ يىپتا ئوت پۈركۈۋاتقان ئەجدىھانىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەن، چۆرىسىگە قىزىلدىن جىيەك تۇتۇلغان قارا رەڭلىك تۇغ چېدىرنىڭ يېنىدا لەپىلدەپ تۇراتتى. گېشگىر مىللىتىدىن بولغان چەبدەس پالۋانلار خاقاننى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن چوڭ يولدىن كۆزلىرىنى ئۈزمەي قارىشىپ تۇراتتى. چىڭگىزخان بۇ يەردە سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن بىللە غىزالىنىدۇ، نويونلىرىنى① يىغىپ، بۈگۈن بىر كۈنلۈك يۈرۈشنى

① نويون — موڭغۇللارنىڭ ئەمەل نامى، ئەڭ يۇقىرى ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىدۇ. چىڭگىزخاننىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن بولمىغانلىرى مۇنداق نامدا ئاتاشقا بولمايدۇ.

خۇلاسىلەيدۇ، كېيىنكى پىلان ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىدۇ.

ئۇلۇغ يۈرۈشنىڭ دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيىتىدىن چىڭگىزخان ناھايىتى خۇشال، ئۇ كەچتە بەزمە ئۇيۇشتۇرۇشقا ماقۇل بولدى، شۇ پۇرسەتتە باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باقماقچى ھەم ئۆزىنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى يەتكۈزمەكچى.

پۈتۈن ئادەم ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قۇلىقىغا بىرمۇبىر قۇيۇۋالىدۇ، ئۇزۇنغا قالماي ئۇ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە يارلىق چۈشۈرىدۇ، جاھاننىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە ئۇنىڭغا پەرمانبەردار بولىدۇ. ئۇ دەل مۇشۇ مەقسەتتە لەشكەر تارتىپ يۈرۈش قىلغان، يەنە كېلىپ، ئەمر - پەرمانىنىڭ ئۆزى مەڭگۈلۈك كۈچ دېمەكتۇر.

لېكىن، چىڭگىزخان بەزمە ئۇيۇشتۇرۇشتىن بىردىنلا يالتىيىپ قالدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى پاراكەندە، يالغۇزلۇقنى خالايتتى. چۈنكى. . .

قونالغۇغا يېقىنلىشىپ قالغاندا، چىڭگىزخان بېشىغا سايە تاشلاپ تۇرغان ھېلىقى ئاق بۇلۇتقا يەنە دىققەت قىلىپ قالدى، بۇ ئۈچىنچى قېتىملىقى ئىدى، مانا مۇشۇ قېتىمدىلا ئۇنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. ھېلىقى دەرۋىشنىڭ ئادەم ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان سۆزىنى ئەسلىگەندە، تېنى شۈركۈنۈپ، كۆز ئالدىدىكى زېمىن پىرقىراۋاتقاندەك تۇيۇلدى، ئۇ دەرھال ئاتنىڭ يالىنى چىڭ قاماللاپ تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭدا ئەزەلدىن مۇنداق ئەھۋال كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. چۈنكى، تەڭرى ئۇنىڭغا ئالتۇندەك زېمىن غونان دەرياسى① بويىغا ئولتۇراقلىشىش ۋە

---

① 1206 - يىلى ھەرقايسى موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ سەردارلىرى غونان (ھازىرقى ئونان) دەرياسى بويىدا تېمۇرچىننى خاقان قىلىپ كۆتۈرۈپ، ئۇنى چىڭگىزخان دەپ ئاتىغان، شۇنىڭ بىلەن بىرلىككە كەلگەن موڭغۇل ئىمپېرىيىسى شەكىللەنگەن.

ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى نىسىپ قىلغان، بۇ يەردە ئۇنى مۇنداق چۆچۈتىدىغان، مۇنداق ۋەھىمىگە سالىدىغان نەرسە بولماسلىقى كېرەك. ئۇ نۇرغۇن ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، دۇنيادا ئۇنىڭ رەھىمسىز كاللىسىغا تەسىر قىلغۇدەك، قان ـ ياشلار ئارىسىدا قېتىپ كەتكەن يۈرىكىنى ئىترەتكۈدەك نەرسە بولماسلىقى كېرەك ئىدىغۇ! ئۇ ئەزەلدىن خاقانلىق سالاھىيىتىنى يوقاتمىغان، خۇددى قىز بالىلاردەك ئالاقزادە بولۇپ، ئاتنىڭ يالىسىغا ئېسىلىپ باقمىغانىغۇ! خېلى ئىلگىرى، بەلكىم ئۇنىڭ ئۆسمۈر چاغلىرى بولسا كېرەك، بىر كۈنى ئۇ ئاتا بىر ئانا بۆلەك ئىنىسى بېكتىر بىلەن بىر تال بېلىق توغرۇلۇق گەپ تالىشىپ قېلىپ، ئۇنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئەمەلىيەتتە، ئۇ خېلى بۇرۇندىنلا بىخ ئۇرۇشقا باشلىغان ۋەھشىيلىكى بىلەن ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىنىڭ بۇ دۇنيادا سىغىشالمايدىغانلىقىنى سېزىپ شۇنداق قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ توغرا يول بىلەن تۇرمۇشنى ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ بەرپا قىلىشقا، زورلۇق كۈچ ئارقىلىق باشقىلارنى ئايىغى ئاستىدا دەسسەپ تۇرۇپ قۇرۇشقا بەل باغلىدى. ئۇ شۇنىڭغا ئىشەندى، زورلۇق كۈچ ئالدىدا باش ئەگمەيدىغان نەرسە بولمايدۇ ھەم بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. كائىناتتىكى پۈتۈن نەرسە ئۇنىڭ ئالدىدا باش ئەگكىنى ئەگكەن، گۆش بىلەن قاندىن تۆرەلگەن ئىنسان تېخىمۇ شۇنداق. شۇنداق ئىكەن، مۇنداق ئىش يۈز بەرمەسلىكى كېرەك ئىدى. بىر خىل كۈچ يەنە بىر خىل كۈچ ئۈستىدىن غالىب كەلگەندە، ئاجايىپ نەرسىلەر ئەرزىمەس

نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ. دېمەك، يوقىتىلغان نەرسىلەر كەتتى، پۈتۈنلەي ئەھمىيەتسىز نەرسىگە ئايلىنىدۇ، باش ئېگىپ ئىتائەت قىلغانلار شەپقەتسىز خانىنىڭ ئاتالمىش كەڭ قورساقلىقى بىلەن كەڭچىلىككە ئېرىشىدۇ. دۇنيا مانا مۇشۇنىڭ بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. . .

لېكىن، ھىمالايا تېغىدىن كەلگەن ھەج قىلغۇچىلار ۋە جاھان كەزگۈچى دانىشمەنلەر ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان، مەڭگۈلۈك ۋە چەكسىزلىكنىڭ نامايەندىسى بولغان تەڭرىگە كەلگەندە، بۇ پۈتۈنلەي باشقا ئىش. شۇنداق، پەقەت بىر تەڭرىلا ئۇنىڭ چەكلىمىسىگە ۋە كونتروللۇقىغا ئۇچرىمايدۇ، ئۇ تەڭرىنىڭ ئالدىدا ئاجىز، تەڭرىنىڭ ئالدىدا شۇنداق ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشقا، ئۇنى قورقۇتۇشقا، ئۇنىڭغا قارشى يۈرۈش قىلىشقا ئۇ ئامالسىز؛ ئۇ پەقەت يەر شارىنىڭ تەقدىرىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان، خۇددى ھىمالايا تېغىدىن كەلگەن ھەج قىلغۇچىلار ئېيتقاندەك، پەلەكنىڭ چاقىنى چۆگىلىتىۋاتقان تەڭرىگىلا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدۇ، تېۋىنىپ باش ئۇرىدۇ، تەڭرىنىڭ ھەممە بەندىلىرىگە ئوخشاش، ئۇمۇ تەڭرىدىن ئۆزىگە بەخت ئاتا قىلىشنى، ئۆزىنى پاناھىدا ساقلاشنى، بۇ پانىي دۇنياغا مۇستەھكەم ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا مەدەت بېرىشنى تىلەپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدۇ. ئەگەر ئاشۇ جاھان كېزەر دانىشمەنلەرنىڭ ئېيتقانلىرى راست بولۇپ، بۇ ئالەم شۇنداق كەڭرى بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا تەڭرى يەر شارىدىكى پۈتۈن زېمىننى ئۇنىڭغا بەخش ئەتسە، پۈتۈنلەي ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئۇنىڭ جەمەتى

ئىگىدارچىلىق قىلىشقا نىسبىپ قىلسا، بۇ تەڭرى ئۇچۇن ھېچقانچە ئىش ئەمەس. چۈنكى، دۇنيادا ئۇنىڭدىن كۈچلۈك يەنە بىر ئادەم يوق، دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئۇ ھەممىدىن مۇناسىپ، جاھانغا ھۆكۈمدار بولۇشتا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ھېچكىم يوق. مۇشۇ تەرەپلەرنى ئويلاپ، ئۇ تەڭرىدىن ھەرقانداق مىللەتكە ئۇزۇل - كېسىل ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقى ئاتا قىلىشنى ئىلتىماس قىلىشقا ئۆزىنىڭ ھەممىدىن بەك ھەقلىق ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ يەتتى، مۇنداق قىلىشقا ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايدۇ. قانداقلا بولسۇن، بۇ ئالەمگە مەلۇم ئادەم ھۆكۈمرانلىق قىلىشى كېرەككۇ، شۇنداق ئىكەن، كىم قورال كۈچى بىلەن پۈتۈن مىللەتنى بويسۇندۇرالىسا، بۇ ئالەمگە شۇ ھۆكۈمرانلىق قىلسۇن. مېھرى - شەپقەتلىك تەڭرى ئۇنىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە ۋە ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى كۈچەيتىشىگە توسقۇنلۇق قىلمىدى، ئۇ تەڭرىنىڭ ئۆزىگە باشقىچە كۆز بىلەن قاراۋاتقانلىقىغا، تەڭرىنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ ئۆزى تەرەپتە تۇرۇۋاتقانلىقىغا بارا - بارا ئىشىنىشكە باشلىدى. ئۇ نېمە قىلسىمۇ تەڭرىنىڭ جازاسىغا ئۇچرىمايدۇ. قىلىچ ۋە ئوت بىلەن ئۇ ھەممە يەرنى سۈپۈرۈپ چىقتى، ھەممە ئادەم ئۇنى ئەڭ يامان سۆزلەر بىلەن قارغىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ قارغاشلىرى قارغاش پېتى قېلىۋەردى، بۇ قارغاشلار ئۇنىڭ كۆنسېرى ئۆرلەۋاتقان، كىشىنى ۋەھىمىگە سالىدىغان ئۇلۇغ شان - شۆھرىتىگە قىلچە تەسىر قىلالمىدى، ئەكسىچە، قارغىشقا قانچە ئۇچرىغانسېرى، ئۇ تەڭرىگە نالە - زار قىلغانلارنى شۇنچە نەزەرگە

ئىلمايدىغان بولدى. لېكىن، بەزىدە ئۇنىڭدا چىدىغۇسىز بىر خىل ئەندىشە پەيدا بولۇپ قالاتتى، تەڭرىنىڭ قەھرىگە ئۇچراپ كەتمىسەم، ئۇنىڭ جازاسىغا قالمىسام بولاتتىغۇ، دەپ ئەنسىرەيتتى. مۇنداق چاغلاردا خاقان بىرئاز ۋاقىت جىمىپ كېتىپ، سەركەردە ۋە نۆكەرلىرىگە بىردەم ئارام ئېلىۋېلىشنى ئېيتاتتى، ھەتتا، تەڭرىدىن گۇناھىنى تىلىمەكچىمۇ بولاتتى. لېكىن، تەڭرى ئۇنىڭغا قەھر قىلمايتتى، نارازىلىقىنىمۇ بىلدۈرمەيتتى، ئۇنىڭغا يەنىلا چەكسىز ئامراقلىق قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن خۇددى قىمار ئويناۋاتقاندەك، خەتەرگە تېخىمۇ ئۆزىنى ئۇراتتى، تەڭرى يولىدا ئادىللىق دەپ قارالغان بارلىق نەرسىلەر بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشىپ، تەڭرىنىڭ سەۋرچانلىقىنى سىناپ باقاتتى، لېكىن تەڭرى ئۇنىڭغا كەلگەندە چەكسىز سەۋرچان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، مېنىڭ ھەرقانداق ئىشىمنى تەڭرى قوللاۋاتىدۇ، دېگەن يەرگە كەلدى، ئۆزىنىڭ تەڭرىنىڭ ئارزۇلۇق بەندىسى ئىكەنلىكىگە بارا ـ بارا قاتتىق ئىشەندى.

شۇڭا ئۇ پەقەت چۆچەكلەردىلا ئىشىنىشكە بولىدىغان ئاشۇ نەرسىلەرگە، غەلىبىگە تەنتەنە قىلىنىۋاتقان ھەشەمەتلىك بەزمىلەردە ئاتقا مىنىۋېلىپ، سورۇننى ئايلىنىپ يورۇپ ئۇنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختايدىغان، ئۇنداق تەڭرىقۇتىمىز، مۇنداق باش پاناھىمىز، دەپ مەدھىيە ئوقۇيدىغانلارغا ۋە قوللىرىنى كۆككە سوزۇپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىرىشىپ، سەكرىشىپ ئۇنىڭغا ئالقىش ياڭرىتىدىغان كىشىلەرگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيتتى، بۇنى كىشىلەرنىڭ بىر خىل چاكىنا

خۇشامەتچىلىكى دەپ بىلەتتى. ئۇ ئۆز بېشىدىن ئۆتكەنلىرىگە ئاساسەن شۇنداق خۇلاسىگە كەلدى: مەن تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىۋاتقان بولغاچقا، تەڭرى ھەممە ئىشتا مېنى ئۆز پاناھىدا ساقلاۋاتىدۇ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەن تەڭرىنىڭ ئىرادىسىنى يەر يۈزىگە يەتكۈزگۈچى بولغاچقا، مېنىڭ ئىشلىرىم ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتىدۇ. تەڭرىمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاش قۇدرەتلىك كۈچنى، قۇدرەت ئىگىلىرىنى ئۆزىگە ئەڭ يېقىن كۆرىدۇ . . . ئۇ ئۆزىنى ئەنە شۇنداق ئادەم دەپ قارايتتى.

ئۇنداق بولمىسا، بەزىدە ھەتتا ئۇ ئۆزىمۇ ھەيران قالىدىغان ئىشلارنى: ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن كۈنلىرىنى ئاران ئېلىپ كېتىۋاتقان كۆچمەنلەر قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان بىر يېتىم بالىنىڭ① خۇددى پولات قانات شۇڭقاردەك، يۈكسەك شەرەپ چوققىسىغا چاقماق تېزلىكىدە چىقىپ، بىردىنلا دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى قانداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن؟ ئەلمىساقتىن ھېچكىم ئېرىشەلمىگەن مۇنداق شان ـ شۆھرەت، مۇنداق تەڭداشسىز ھوقۇققا ئۇ قانداق ئېرىشتى؟ تۇرمۇش ئۈمىدسىزلىككە پاتقان بىر يېتىم بالىغا كۆپ بولغاندىمۇ ئوغرىلىق قىلىشتىن باشقىچىرەك تەقدىر ئاتا قىلمايدۇ،

① چىڭگىزخان بۆرە تېكىن ئۇرۇقىدىن بولغان، ئۇنىڭ دادىسى ياسغە ئەسلى شۇ ئۇرۇقنىڭ ئاتامانى ئىدى. تېمۇرچىن ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن يىلى تاتارلار ئۇنىڭ دادىسىنى زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

www.uyghurkitap.com

چىڭگىزخانمۇ ئەسلىدە بىر ئات ئوغرىسى ئىدىغۇ؟ پال دېگەننىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، تەڭرى ئۆزى ئىرادە قىلمىغان بولسا، پەقەت بىرلا ئېتى بار تېمۇرچىننى ئوت پۈركۈۋاتقان ئالتۇن ئەجدىھانىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەن چوڭ تۇغ ساقلاپ قالالمىغان، ئۇ مەڭگۈ چىڭگىزخان بولالمىغان، ئالتۇن چېدىرنىڭ ئاستىدا ئولتۇرالمىغان بولاتتى. . .

قارىڭ، بۇ ھەممە نەرسىنىڭ شۇنداق بولۇۋاتقانلىقىنىڭ، تەڭرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خاقانىغا چەكسىز ئىلتىپات كۆرسىتىۋاتقانلىقىنىڭ روشەن ئىسپاتى ئەمەسمۇ؟ قارىڭ، ھېلىقى كاللىسىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالغان دەرۋىش تىلغا ئالغان خاسىيەتلىك ئاق بۇلۇت ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە تۇرمامدۇ! راست، دەل ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولدى! ئاق بۇلۇت خۇدانىڭ ئارزۇلۇق بەندىسىگە قىلغان ۋەھىيسى، ئۇنى قوللاپ، بەخت تىلەۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى، كەلگۈسى ئۇلۇغ غەلىبىنىڭ بېشارىتى.

سانسىزلىغان لەشكەرلەر ئىچىدە، ھېچكىم مۇنداق مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن، ھېچكىم ئۇ ئاق بۇلۇتقا دىققەت قىلمىغان، ھېچكىم ئۇ ئاق بۇلۇتنىڭ قەيەردىن پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى، نېمە سەۋەبتىن پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلىمىغان. ئاسماندا ئەركىن ـ ئازادە لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتقا كىممۇ دىققەت قىلىپ يۈرىدۇ دەيسىز؟. . . پەقەت خاقان، يايلاق زور قوشۇنىنىڭ باش سەركەردىسى، زور قوشۇننى باشلاپ، دۇنيانى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلانغان چىڭگىزخانلا بۇ ئاق بۇلۇتنىڭ مۇقەددەس سىرىنى چۈشىنىدۇ. لېكىن، بەزىدە

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بۇ خىل پەرەزلىرىدىن چۆچۈپمۇ قالاتتى، ئەلمىساقتىن بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغان مۇنداق مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشىگە تۇرۇپ ئىشەنگۈسى كەلسە، تۇرۇپ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. مۇشۇنداق شۈبھىلىك خىيال ئۇنى توختىماي قىيناپتتى. ئۆزىنىڭ كۆرگىنىنى ۋە ئويلىغانلىرىنى باشقىلارغا ئېيتىپ باقسا بولارمۇ؟ ئەگەر بۇ سىرنى ئاشكارىلاپ قويۇش بىلەنلا، ئۇ ئاق بۆلۈت ئۇنىڭ بېشىدىن يۆتكىلىپ كەتسە ياكى يوقاپ كەتسچۇ؟ ياق، ئۇ خالىغانچە لەيلەپ يۈرىدىغان ئادەتتىكى بۆلۈت ئەمەس، ھەرگىزمۇ تۇيۇقسىز يوقاپ كەتمەيدۇ، ئۇ تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىنىڭ بېشارىتى. ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاپ باشقىدىن خۇشاللىققا چۆمدى، روھى كۆتۈرۈلدى، ئۆز كۆزىتىشىنىڭ توغرىلىقىغا، غەربكە يۈرۈش قىلغىنىنىڭ توغرا بولغانلىقىغا ئىشەندى، قىلىچ ۋە ئوت بىلەن دۇنياۋى ئىمپېرىيە قۇرۇش ئىرادىسى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. ئۇ ئۆزىمۇ دەل مۇشۇ نىيەت بىلەن غەربكە يۈرۈش قىلغان. بۇ، قەدىمدىن ئۇدۇم بولۇپ كېلىۋاتقان ھۆكۈمرانلار ئاچ كۆزلۈكىدۇر، ئۇلارنىڭ ھوقۇق تەسىرى چوڭايغانسېرى نەپسىمۇ چوڭىيىپ بارىدۇ...

كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلاپ ئۆتمەكتە.

كۆكتىكى ئاق بۆلۈت ئۇيان - بۇيان ئېغىپ كەتمەي، دەل يورغا تۇلپارنى مىنگەن چىڭگىزخاننىڭ بېشى ئۈستىدە لەيلەپ كېتىۋاتاتتى. خۇب يالى كۈمۈش رەڭ، قۇيرۇقى قارا، تۇغۇلۇشتىنلا ئاجايىپ خاسىيەتلىك تۇلپار ئىدى. سىنچىلار بۇ تۇلپارنى كۆرۈپ، مۇنداق ئېسىل ئات ئالاھىدە يۇلتۇز ئاستىدا پەقەت مىڭ يىلدىلا بىرى تۇغۇلۇپ قالىدۇ،

دەپ كىبسىپ ئىيتتى. شۇنداق، ئۇ ئادەتتىكى ئات ئەمەس، دۇنيادا تەڭدىشى يوق هارماس تۇلپار ئىدى، يورغىسى شۇنداق سىلىق، خۇددى شامالدەك تېز ماڭاتتى، ئايىغى ئاستىدىن ئايئاق تۇمان كۆتۈرۈلەتتى. ئەگەر قىزىپ كەتكەندە تىزگىنىنى تارتمىسا، ماغدۇرىدىن ئۈزۈلۈپ يىقىلىپ قالغۇچە يۈگۈرۈيتتى. قەدىمكى بىر نەزمىچى مۇنداق قوشاق قاتقان: مىنسە ئەگەر تۇلپار ئۈستىگە، كۆرۈنمەيدۇ هېچكىم كۆزىگە.

چىڭگىزخان خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتمايتتى، كۈچ ـ قۇدرىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىدە پۈتمەس ـ تۈگىمەس بىر كۈچنى هېس قىلاتتى. ئۇنىڭ هازىرلا ئاتلانغۇسى، كۆزلىگەن نىشانغا ئات سالغۇسى كېلەتتى، ئۆزىنى خۇددى ئاشۇ هارماس يورغا تۇلپارغا ئوخشاش قويۇندەك ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدى خۇددى دېڭىزغا قويۇلغان دەريادەك، ئاشۇ تۇلپارنىڭ تومۇرلىرىدا ئوقچۇپ تۇرغان قانغا قوشۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك هېس قىلاتتى.

شۇنداق، چەۋەنداز بىلەن تۇلپار ئايرىلالمايدۇ، ئۇلار كۈچتە هەمنەپەس. شۇ تاپتا چىڭگىزخان تۇلپارنىڭ ئۈستىدە ئۇزەڭگىگە مەزمۇت دەسسەپ، خۇددى بۈركۈتتەك ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بويى پاكارراق، ئۆزى تەمبەل، چىرايى قارامتۇل ئىدى. پۈتۈن تۇرقىدىن بىر خىل مەنمەنلىك ۋە ئىشەنچ ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ ئات ئۈستىدىمۇ خۇددى تەختتە ئولتۇرغاندەك بېلىنى رۇس تۇتۇپ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئولتۇراتتى، كۆزلىرىدىن بولسا بىر خىل سوغۇق قانلىق ۋە خاتىرجەملىك چىقىپ تۇراتتى. يۈز مىڭلىغان

لەشكەرنى باشلاپ شان ـ شۆھرەت ۋە غالىبىيەت چوققىسىغا ئۆرلەۋاتقان سەركەردىنىڭ ھەيۋىسى ۋە ئىرادىسى ئۇنىڭدا تولۇق نامايان بولۇپ تۇراتتى.

چىڭگىزخان بېشىدا ئەگىپ يۇرگەن ئاق بۇلۇتنى ئۇلۇغ بىر بۇرچىنىڭ سىمۋولى ۋە تاجى دەپ بىلگەچكە، باشقىچە غەيرەتلىنىپ كېتىۋاتاتتى. مۇشۇ تەرەپتىن ئېيتقاندىمۇ ھەممە نەرسە — ئاق بۇلۇت . . . تەڭرى . . . تۇغچىنىڭ قولىدىكى چىڭگىزخانغا باشتىن ـ ئاخىر ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان ئاشۇ چوڭ تۇغ . . . بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق ئىدى. چوڭ تۇغنى ئۈچ ئادەم كۆتۈرەتتى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇنداق شەرەپكە ئېرىشكەنلىكىدىن چەكسىز پەخىرلىنەتتى. ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسى ئوخشاش قارا ئاتقا مىنگەنىدى، ئوتتۇرىسىدىكى تۇغنىڭ خادىسىنى تۇتاتتى، ئىككى تەرەپتىكىسى نەيزىلىرىنى تۇغ تەرەپكە سەل سىڭايان قىلىپ ماڭاتتى. قارا رەڭلىك تۇغ شامالدا لەپىلدىگەندە، ئۇنىڭغا كەشتىلەنگەن ئوت پۈركۈۋاتقان ئەجدىھا خۇددى تىرىك مەخلۇقتەك تەۋرىنىپ، خاقانغا يول ئېچىپ مېڭىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئالتۇن ئەجدىھا ھەيۋەت بىلەن تولغىنىپ ماڭاتتى، خۇددى تۆگىنىڭكىدەك تېشىغا تېپىپ چىققان مەشئەلدەك كۆزلىرى ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ئوتتا، تۇغنىڭ لەپىلدىشى بىلەن، خۇددى جېنى باردەك كۆرۈنەتتى.

تاڭ سەھەر، ھېرىش ـ چارچاشنى بىلمەيدىغان خاقان ئات ئۈستىدە تۇرۇپ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلماقتا ئىدى. نويونلار ھەرقايسى تەرەپلەردىن ئۈچقاندەك كېلىپ ئىشلىرىدىن مەلۇمات بېرەتتى ـ دە، خاقاننىڭ يېڭى

بۇيرۇقنى ئېلىپ، يەنە ئۇچقاندەك ئۆز قوشۇنىغا كېتەتتى. ئۇلار ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، كەچ كۈزدىكى يامغۇر پەسلىدىن ۋە يوللار پاتقاق بولۇپ كېتىشتىن ئىلگىرى، بۇ قېتىمقى يۈرۈشتىكى ئاساسلىق توسالغۇ ئېدىل دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ بېرىۋېلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ يەردە قاتتىق سوغۇق چۈشۈپ، دەريا سۈيى توڭلىغۇچە ساقلاپ، ئاندىن كۆزلىگەن نىشان — غەربنى بويسۇندۇرۇشقا يۈرۈش قىلىسا بولاتتى.

يۈرۈش يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى. گۈگۈم ئالدىدىكى يايلاق كەچكى قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرىدا تولىمۇ بىپايان كۆرۈنەتتى، دۇنيانىڭ شۇنچىلىك بىپايان ئىكەنلىكىنى ئادەم ئەنە شۇ چاغدا ھېس قىلغاندەك بولاتتى. ئوتقاشتەك قىزارغان قۇياشنىڭ يېرىمى ئۇپۇق سىزىقى ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان، كەچكى شەپەق نۇرىغا چۆمۈلگەن بىپايان چۆللۈكتە ھەرقايسى قوشۇنلار شەپەق ئىچىدە ئۆز يولى بىلەن غەربكە كېتىپ باراتتى. يىراقتىن قارىغاندا، ئۇلار خۇددى تۇمان ئىچىدە قالغان قىيانلىق دەريادەك كۆرۈنەتتى.

ئېگەر ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئاستىدا بەللىرى تېلىپ كەتكەن ئاتلار پەقەت قوشۇن قونالغۇغا يېتىپ بارغاندىلا ئارام ئالاتتى.

بىراق، تاڭ سۈزۈلە ـ سۈزۈلمەيلا قونالغۇدا دۇمباق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، قوشۇننى يەنە يولغا چىقىشقا ئۈندەيتتى. تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان نەچچە يۈز مىڭ لەشكەرنى ئويغىتىش ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس، شۇڭا دۇمباقچىلار دۇمباقنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇراتتى، دۇمباق ئاۋازى پۈتۈن

www.uyghurkitap.com

قونالغۇنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋېتەتتى.

خاقان ئاساسەن بىرىنچى بولۇپ ئورنىدىن تۇراتتى. روھى شۇنداق كۆتۈرەڭگۈ، ئاي نۇرىغا چۆمۈلگەن چېدىر ئەتراپىدا خىيال سۈرگەچ ئاستا ئايلىنىپ يۈرەتتى، كېچىدە ئۈيلىغانلىرىنى بىر يەرگە يىغىنچاقلايتتى، قوشۇننى يولغا چىقىشقا ئۈندەپ چېلىنىدىغان دۇمباق ئاۋازىغا قۇلاق سالاتتى. يېڭى بىر كۈن باشلاندى، گەپ قىلغان ئاۋازلار، ئاياغ تىۋىشلىرى بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى، تۈنۈگۈن ئاخشام ئۈزۈلۈپ قالغان يۈرۈش يەنە باشلاندى.

دۇمباق توختىماي چېلىنماقتا. سەھەردىكى دۇمباق ئاۋازى يالغۇز يولغا چىقىشنىڭلا بەلگىسى ئەمەس، باشقىمۇ مەنىگە ئىگە ئىدى. چىڭگىزخان ئۆزى بىلەن بىللە بۇ يۈرۈشكە قاتناشقان ھەربىر ئادەمگە مۇشۇنداق ھەيدەكچىلىك قىلاتتى. بۇ ئاۋازى يېڭى بىر نىشان ئۇچۇن ئىگىلمەي ـ سۇنماي ئىلگىرىلەۋاتقان خاقانىنىڭ باشقىلارغا بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشى ئىدى. ئۇ دۇمباق ئاۋازى ئارقىلىق خاراموشلۇق ئىچىدە ئۇخلاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا بۆسۈپ كىرىپ، ئۇلاردا قانداقتۇر خىياللار پەيدا بولغۇچە، ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئىگىلەيتتى، ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى ئۇلارغا زورلاپ تاڭاتتى، چۈنكى، ئۇخلاۋاتقاندا كىشىلەرنىڭ كاللىسى پۈتۈنلەي قۇرۇق ھالەتتە بولىدۇ. ئۇيقۇ بىر خىل ئەخمىقانە، بىمەنە ۋە خەتەرلىك ئەركىنلىك. شۇڭا، ئۇيقۇدىن ئويغىنىش ئالدىدا بۇ ئەركىنلىككە خاتىمە بېرىش كېرەك، خاتىمە بەرگەندىمۇ ئۇنى بىراقلا كاللىدىن يوقىتىپ، ئويغانغان ئادەمنى ھەرقانداق بۇيرۇققا مۇتلەق بويسۇندىغان، جان پىدا

قىلىدىغان، يۇرۇشكە تەييار تۇرىدىغان قىلىش كېرەك.

چىڭگىزخان بۇقىنىڭ ھۆركىرىشىدەك ئاڭلىنىدىغان دۇمباق ئاۋازىنى ھەر قېتىم ئاڭلىغاندا، ئىختىيارسىز شۇركۇنۇپ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ كېتەتتى: ئۆسمۈر چاغلىرى، بىر كۈنى ئىككى بۇقا قېنى قىزىپ كەتكەنمۇ قانداق، ئۇنىڭغا يېقىنلا يەردە ئالەمنى بىر ئېلىپ ھۆركىرەشكىنىچە ئۇسۇشۇپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىن توپا ۋە تاش پارچىلىرى ھاۋاغا ئۇچاتتى، بۇقىلارنىڭ ئۇسۇشىگە قاراپ كالىلىسى قىزىپ كەتكەنمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇ ئوقيانى ئېلىپ، بىر چەتتە تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئاتا بىر، ئانا بۆلەك ئىنىسى بېكتېرگە قانداق ئاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى. ئۇلار ئەسلى دەريادىن تۇتۇۋالغان بىر تال بېلىقنى تالىشىپ سوقۇشۇپ قالغانىدى. بېكتېر چىررىدە چىرقىرىغىنىچە ئورنىدىن سەكرەپ تۇردىيۇ، ئارقىدىنلا پىرقىراپ بېرىپ يەرگە گۈپپىدە يىقىلدى، ئۇنىڭ كىيىملىرى قىپقىزىل قانغا بويالغانىدى، لېكىن ئۇ (ئۇ چاغدا ئۇ ئادەتتىكى تېمۇرچىن ئىدى)، ياسىغە باتۇرنىڭ يېتىم قالغان ئوغلى قورققىنىدىن كېگىز ئۆينىڭ يېنىدا تۇرغان يوغان دۇمباقنى مۇرىسىگە ئېلىپ، تاغقا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى ۋە تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ دۇمباقنى بىر خىل ئاۋازدا توختىماي چېلىۋەردى. ئۇنىڭ ئانىسى قورۇلۇن تاغ باغرىدا ئالەمنى بېشىغا كىيىپ زار - زار يىغلاپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ، ئۆزىنىڭ قىرىندىشىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى ھەدەپ قارغىماقتا ئىدى. كېيىن ئۇ يەرگە ئادەملەر يىغىلىپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇنىڭغا نېمىلەرنىدۇ دەپ

ۋارقىراشقا باشلىدى، لېكىن ئۇ ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، دۇمباقنى جان - جەھلى بىلەن چېلىۋەردى، نېمىشقىدۇر، ھېچكىم ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ دۇمباقنى شۇ تەرىقىدە چېلىپ، تاڭ يورۇغۇچە تاغدىن چۈشمىدى...

يۈزلىگەن دۇمباقنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋازى ھازىر ئۇنىڭ ئۇرۇش سىگنالى، ئۇنىڭ غەزەپلىك ھۆركىرىشى، ئۇنىڭ جاسارىتى ۋە زوراۋانلىقىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى. ئۇ ھەربىر سەركەردە، ھەربىر نۆكەرگە بېرىلگەن سىگنال: دىققەت، ئورنىڭدىن تۇر! يولغا چىق! نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلە! دۇنيانى بويسۇندۇر! شۇ بۇيرۇق بىلەن ھەممىسى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ جاھاننىڭ ئۇ چېتىگىچە بارىدۇ. قانداقلا بولسۇن، بۇ جاھاننىڭ بىر چېتى بارغۇ. دۇنيادىكى ھەممە نەرسە، ئاڭلاش سېزىمى بارلىكى جان - جانىۋارلارنىڭ ھەممىسى دۇمباق ئاۋازىنى ئاڭلىسا ئىچىگە تىترەك ئولىشىدۇ. ھەتتا، يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ بېشىدا ئەگىپ، ئۇنىڭ بارلىق ئىچكى سىرىنىڭ شاھىدى بولۇپ كېلىۋاتقان ئاق بۇلۇتمۇ سەھەردىكى دۇمباق ئاۋازى ئىچىدە ھېچ ياققا ئىغىپ كەتمەي، ئۇنىڭ بېشىدا ئەگىپ يۈرمەمدۇ! ئوت پۈركۈۋاتقان ئەجدىھانىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەن ئىمپېرىيە تۇغى قاتتىق شامالدا يەلپۈنۈپ قاس - قۇس ئاۋاز چىقارماقتا، قاراڭ، تۇغدىكى ئەجدىھا ھەدەپ سەكرىمەكتە، ئاغزىدىن دەھشەتلىك ئوت پۈركۈمەكتە...

بۇ بىرنەچچە كۈندە ئەتىگىنى ھاۋا ناھايىتى ياخشى بولدى.

چىڭگىزخان ھەر كۈنى ئاخشىمى ئۇخلاش ئالدىدا سىرتقا چىقىپ ئەتراپنى بىر قۇر كۆزىتىپ چىقاتتى. چۆللۈكنىڭ ھەممە يېرىگە گۈلخانلار يېقىلغان، يېقىندىكىلىرى مەشئەلدەك، يىراقتىكىلىرى جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلاردەك كۆرۈنەتتى، قوشۇن قونالغۇغا چۈشكەن يەرلەرنى ئاپئاق ئىس قاپلىغانىدى. شۇ تاپتا ھەممەيلەن باش - كۆزىدىن قويۇلۇۋاتقان تەرگە قارىماي، ھەدەپ ئۇماچ ئىچمەكتە، ھەدەپ گۆش يېمەكتە ئىدى. قازاندىكى گۆشنىڭ مەززىلىك ھىدى يايلاقتىكى جان - جانىۋارلارنىڭ بۇرنىغا پۇراپ، بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشەتتى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە جۇپ - جۇپ تەشۋىشلىك كۆزلەر ھېلى ئۇياقتىن، ھېلى بۇياقتىن كۆرۈنۈپ قالاتتى، ئېچىرقاپ كەتكەن ھايۋانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھۇۋلاشلىرى ھېلىدىن - ھېلىغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

قوشۇن قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. پەقەت قونالغۇدا چارلاپ يۈرگەنلەرنىڭ تۇرۇپ - تۇرۇپ ۋارقىراپ قويۇشلىرىلا كېچىلىك تۇرمۇشنىڭمۇ قاتتىق تەرتىپ - تۈزۈم ئاستىدا ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. ئەلۋەتتە، شۇنداق بولۇشى، ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز ئالدىغا ۋەزىپىسى بولۇشى كېرەك، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاخىر بېرىپ ئەڭ يۈكسەك نىشان — چىڭگىزخاننىڭ پۈتۈن دۇنيانى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن قىلچە ئىككىلەنمەي جېنىنى پىدا قىلىدۇ. مۇشۇلارنى ئويلىسا، چىڭگىزخاننىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بەختتىن مەست بولاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەبىئىتىنى، ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان تەبىئىتىنى، ھوقۇق ئۈچۈن سەۋدايىلارچە تىنىمسىز ئىنتىلىدىغان

www.uyghurkitap.com

تەبىئىتىنى چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ قولىدىكى ھوقۇق چوڭقايغانسېرى، پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرۇش ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچىيىپ باراتتى. بۇنىڭدىن تەۋرەنمەس شۇنداق بىر يەكۈن چىقىپ تۇردۇ: ھاكىمىيەت دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە كېرەكلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسىدىن پايدىلىنىش، ئۇنىڭغا قارشى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى قىرقىش.

مۇشۇ تۈپەيلى، سارى ئۆزەكتە بىر قېتىملىق جازا ئېلىپ بېرىلغانىدى. بۇ جازاغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتنى نۇرغۇن ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىن، بەختسىز ئابۇتالىپ قۇتتىبايېف خاتىرىلەپ قويغانىدى.

بىر كۈنى كەچ، ئاتلىق چارلاش ئەترىتى ئوڭ قانات قوشۇن چۈشكەن قونالغۇ ئەتراپىنى چارلاپ يۈرەتتى، قوشۇننىڭ سىرتقى تەرىپىگە ئۆزۈق - تۈلۈك ئېلىپ ماڭغان ھارۋىلار ۋە سويۇپ يەيدىغان قوي - كالىلارنى ھەيدەپ ماڭغانلار ئورۇنلاشقانىدى، چارلىغۇچىلار ئۇ يەرلەرنىمۇ ئارىلاپ چىقتى، ھەممە نورمال. ئۆزۈن يولنى بېسىپ كېلىپ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئەسكەرلەر ئۆزلىرىنى ئۆدۈل كەلگەن يەرگە تاشلاپ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن. ئاز ساندىكىلىرى چېدىر ئىچىگە ئورۇنلاشقان، قالغانلىرى پىلىلداپ تۇرغان گۈلخانلار ئەتراپىدا يېتىشقانىدى. پۈتۈن ئەتراپنى جىمجىتلىق قاپلىغان، سانسىز چېدىرلار قارىيىپ تۇراتتى. چارلاش ئەترىتى چارلاش ۋەزىپىسىنى تۈگەتكەنىدى. ئۈچ چارلىغۇچى ئاتلىرىنى توختىتىشىپ نېمىلەرنىدۇ دېيىشتى. ئۇلارنى باشلاپ يۈرگەن ئېگىز بوي، گەۋدىلىك يۈز بېشى پەس

ئاۋازدا:

— بولدى، سىلەر قايتىپ بېرىپ بىردەم كۆزۈڭلارنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىڭلار، مەن ئاۋۇ تەرەپلەرنى بىر قۇر ئايلىنىپ كېلەي،— دېدى.

ئۇ ئىككىسى كەتكەندىن كېيىن، يۈز بېشى ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراپ، شەپە بار ـ يوقلۇقىغا قۇلاق سالغاندىن كېيىن ئاتتىن چۈشتى، ئاتنى يېتىلەپ قاتمۇقات چېدىرلاردىن ئۆتۈپ، ئەڭ چەتكە تىكىلگەن يالغۇز بىر چېدىرغا قاراپ ماڭدى. ئۇ خىيالغا پاتقىنىچە يەرگە قاراپ كېتىۋاتاتتى، ئەتراپتىكى ھەر خىل ئاۋازلارغا قۇلاق سالاتتى. سۈتتەك ئاي نۇرى ئۇنىڭ يۈزىنى خىرە يورۇتۇپ تۇراتتى، ئارقىسىدىن رايىشلىق بىلەن كېلىۋاتقان ئاتنىڭ كۆزلىرىمۇ پارقىراپ كۆرۈنەتتى.

يۈز بېشى ئېرىدىنى چېدىرغا يېقىنلاشتى. بېشىغا ياغلىق ئورىۋالغان بىر ئايال چېدىر ئىشىكىدە ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى.

— تىنچلىقمۇ؟① — دېدى ئېرىدىنى پەس ئاۋازدا ۋە بىر خىل ئەندىشە ئىچىدە سورىدى،— ئەھۋال قانداقراق؟

— ھەممە ئىش جايىدا، خۇداغا شۈكۈر، ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى. ئەمدى ئەنسىرەپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ،— دېدى ئايال پەس ئاۋازدا،— ئۇ سېنىڭ يولۇڭغا بەك قاراپ كەتتى، ئۇقۇۋاتامسەن، بەك تەلمۈرۈپ كەتتى.

— مەنمۇ بەك تىت ـ تىت بولدۇم! — دېدى يۈز

① بۇ سۆزنى موڭغۇلچە ئېيتقان.

بېشى ئېردىنى،— قانداق قىلىمەن، نوييونلار خۇددى مەن بىلەن قەستەن قېرىشىۋاتقاندەك، ئاتلارنى يەنە بىر قېتىم ساناقتىن ئۆتكۈزۈپ چىقىڭلار دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ كۈن ئاتلارنىڭ ئارىسىدا يۈردۈم، بىردەممۇ نېرى بولالمىدىم.

— بولدى، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئېردىنى، بۇ ئىشتا سەن يېنىدا بولغان بولساڭمۇ نېمە قىلىپ بېرەلەيتتىڭ، بۇ يەرگە كېلىپ خەقنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالساڭ تېخىمۇ چاتاق بولاتتى،— ئايال ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى،— ئەڭ مۇھىمى، ئۇ ھېچبىر قىينالمايلا ساق-سالامەت بوشىنىۋالدى، ئۆزىمۇ شۇنداق چىداملىق ئىكەن، بىرەر قېتىم ئىڭراپمۇ قويمىدى. تاڭ يورۇشىغىلا ئۇنى ئۇستى يېپىق ھارۋىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم، ئىشقىلىپ ئىشلار ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى، سىنىڭ ئۇ پاقلىنىڭغا ئادەمنىڭ قارىسا قارىغۇسى كېلىدۇ. ۋاي بېشىم، مەن نېمىلەرنى دەپ كەتتىم،— ئايال بىردىنلا ئېسىگە كەلدى،— قولۇڭغا بىر شوڭقار قوندى، ئىلاھىم، ئۇ ساڭا مەڭگۈ ھەمراھ بولسۇن! ئوغلۇڭغا ئوبدانراق بىر ئىسىم ئويلىنىپ قوي!

— خۇدا تىلىكىڭنى بەرسۇن، ئاتۇك! دوغلان ئىككىمىز سەندىن بىر ئۆمۈر رازىمىز،— دېدى يۈز بېشى مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ،— ئوبدانراق ئىسىم تاللايمىز، بۇنىڭدا گەپ يوق.

ئۇ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى ئايالغا بەردى.

— ئەنسىرىمەي خاتىرجەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرىۋەرگىن، سىرتقا مەن كۆز-قۇلاق بولۇپ

تۇرىمەن،— دېدى ئاتۇك ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ، — كىرگىن، تېزرەك كىرگىن، يولۇڭغا قاراپ دوغلاننىڭ كۆزى تېشىلگۇدەك بولدى.

يۇز بېشى ئۆزىنى توختىتىۋېلىش ئۈچۈن بىردەم تۇرۇۋالدى ـ دە، ئاندىن چېدىرنىڭ ئېغىر كىگىز ئىشىكىنى ئېچىپ، ئېڭىشىپ ئىچكىرىگە كىردى. چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوچاقتا ئوت يېقىلغان، ئوتنىڭ خىرە يورۇقىدا يۇز بېشى ئۇنى، ئۆزىنىڭ دوغلاننى كۆردى. دوغلان چېدىرنىڭ ئىچكىرىسىدە سۆسەر جۇۋىغا يۆگىنىپ ئولتۇرۇپ، ئوڭ قولىدا يونقان يېپىلغان بۆشۈكنى ئاستا تەۋرىتىۋاتاتتى.

— ئېردىنى، مەن بۇ يەردە،— دېدى دوغلان يۇز بېشىنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ ۋە كۈلۈمسىرەپ، خىجىل بولغان هالدا گېپىنى دەرهال تۈزەتتى،— بىز بۇ يەردە!

يۇز بېشى شۇنداق تېزلىكتە بىلىدىكى ئوقيا ۋە ئۆتۈكىنىڭ قونچىدىكى پىچاقنى ئېلىپ ئىشىك تۈۋىگە قويدى ـ دە، قوللىرىنى كەڭ يېيىپ ئايالىنىڭ يېنىغا ماڭدى. ئايالىنىڭ يېنىغا بېرىپ تىزلاندى، ئىككىسى يۈزلىرىنى بىر ـ بىرىگە يېقىشتى، ئارقىدىن مەهكەم قۇچاقلاشتى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە خېلىغىچە جىممىدە تۇرۇشتى، شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ نەزەرىدە پۈتۈن دۇنيا مۇشۇ چېدىرنىڭ ئىچىگە مۇجەسسەملەنگەن، چېدىرنىڭ سىرتىدىكى هەرقانداق نەرسە ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقانىدى، شۇنداق، ئۇلار هازىر بىللە، مۇهەببەت ئۇلارنى يۇغۇرۇپ بىر تەن قىلىۋەتكەن، يەنە ئۈچ كۈن بۇرۇن دۇنياغا كۆز ئاچقان بۆشۈكتىكى تايچاق بار. مانا

بۇ ھەقىقىي رېئاللىق.

ئېردىنى ئاۋۋال ئېغىز ئاچتى.

— ھە، قانداقراق، ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالى ياخشىدۇ؟ — سورىدى ئۇ ھاياجىنىنى تەستە بېسىپ، — مەن بەك ئەنسىرىگەنىدىم.

— ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتتى، — دېدى ئايال كۆلۈمسىرەپ، — ئەمدى ئۇنى ئويلىمايلى، بىزنىڭ تايچاقنى سوراپ قويمايسەنغۇ، ئۇنىڭ پاقلانلىقىنى دېمەمسەن، مېنى شۇنداق قاتتىق ئېمىدۇ. ساڭا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ، ئاتۇڭمۇ شۇنداق دەيدۇ.

— قېنى مەن بىر كۆرۈپ باقاي، دوغلان، مەن بىر كۆرۈۋالايچۇ!

دوغلان بىر چەتكە سەل سىلجىپ، بۆشۈككە يېپىلغان يوتقاننى ئېچىشتىن بۇرۇن، سىرتتا شەپە بار - يوقلۇقىغا قۇلاق سالدى، ئەتراپ جىمجىت ئىدى.

يۈز بېشى بالىغا ئۆزۈنچە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ تاتلىق ئۇخلاۋاتقان نارەسىدىنىڭ قوشۇقتەك يۈزىدىن ئۆزىنىڭ ئىزناسىنى تاپماقچى بولاتتى، تىنىقىنىمۇ چىقارماي بالىغا سىنچىلاپ قارايتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئەۋلاد قالدۇرۇش پۈتكۈل ئالەمنى بەرپا قىلغان تەڭرىنىڭ ئۇلۇغ نىيىتى ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم چۈشەنگەندەك قىلاتتى. شۇڭا ئۇ ناھايىتى تەمكىن تۇرۇپ:

— دوغلان، ئەمدى بىز مەڭگۈ بىللە بولىدىغان، ھەتتا مەن بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچرىسامۇ، مەڭگۈ ئايرىلمايدىغان بولدۇق، چۈنكى ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر بالا بار، — دېدى.

— سەن. . . مەن بىلەن بىللە بولىسەن؟ ئىلاھىم شۇنداق بولسۇن! — دېدى ئايال غەمكىن كۈلۈمسىرەپ، — سەن، خۇددى بۇدساتۋامۇ ئادەم سۈرىتىدە دۇنياغا كەلگىنىدەك، بۇ تايچاقنىمۇ مېنىڭ سۈرىتىمدە دۇنياغا كەلگەن، دېمەكچىمۇ؟ بالىنى ئېمىتىۋېتىپ، مەنمۇ مۇشۇ ئىشنى ئويلاپ كېتىمەن، تېخى تۆت كۈنلۈكمۇ بولمىغان بۇ نارەسىدىنى باغرىمغا بېسىپ، بۇ ئۇنىڭ سۈرىتى، دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە پىچىرلايمەن. سەنمۇ شۇنداق ئويلامسەن؟

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىدىم، لېكىن ئوخشىمايدىغان يېرى، مەن ئۆزۈمنى بۇدساتۋاغا تەڭلەشتۈرەلمەيمەن.

— ئۇنىڭغا ئۆزۈڭنى تەڭلەشتۈرمىسەڭمۇ بولىدۇ، سەن بۇدساتۋا ئەمەس، سەن مېنىڭ ئەجدىھايىم. مەن سېنى ئەجدىھاغا ئوخشىتىمەن، — دېدى دوغلان مېھرى بىلەن پەس ئاۋازدا، — مەن چوڭ تۇغقا نۇرغۇن ئەجدىھالارنى كەشتىلىدىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سەن ئىكەنلىكىڭنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. مەن كەشتىلىگەن ئەجدىھالارنىڭ ھەممىسى سەن. بەزىدە چۈشلىرىمدىمۇ ئۇنى كۆرىمەن، چۈشۈمدە بىر ئەجدىھا كەشتىلەيمەن، ئۇ شۇنداق كۆچكە تولغان، مېنى زاڭلىق قىلما، مەن چۈشلىرىمدە ئۇنى قۇچاقلايمەن، ئۇنىڭ بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ كېتىمەن، بىز كۆككە ئۆرلەيمىز، ئىككىمىز بىللە ئۇچىمىز. ئەڭ لەززەتلىك مىنۇتلاردا ئۇنىڭ سەن ئىكەنلىكىڭنى بايقايمەن، چۈشۈمدە سەن ماڭا بىردەم ئادەم سىياقىدا، بىردەم ئەجدىھا سىياقىدا كۆرۈنىسەن. ئويغانغاندىن كېيىن قايسىسىغا ئىشىنىشىمنى بىلەلمەي

ئاۋارە بولىمەن. لېكىن مەن ساڭا بۇرۇنلا ئېيتقان، ئېردىنى، سەن مېنىڭ ئوت پۇركۈۋاتقان ئەجدىھايىم. مەن ساڭا چاقچاق قىلىۋاتقىنىم يوق، راستىنلا شۇنداق. مەن سېنى ئەجدىھا سۈپىتىدە چوڭ تۇغقا كەشتىلىگەن، مانا شۇنىڭ شاراپىتى بىلەن بىر ئەجدىھا تۇغدۇم.

— تىلىڭىڭ ئەجابەت بوپتۇ، بىراق، گېپىمگە قۇلاق سال، دوغلان، دېمەكچى بولغىنىم، — يۈز بېشى بىردەم تۇرۇۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەمدى بالىنىغۇ تېپىپ قويدۇق، ئۇنى قانداق قىلىدىغانلىقىمىزنى ئويلىشىۋالمىساق بولمايدۇ. ئەمدى شۇ توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىۋالايلى، مەن بىر ئىشنى ساڭا ئېيتىشنى بۇرۇنلا ئويلىغان، ئۇنى ئېيتمىساممۇ بىلىسەن، لېكىن شۇنداقتىمۇ ئېيتاي: مەن كىچە - كۈندۈز سېنى ئويلايمەن، ئۇرۇش مەيدانىدا كاللامدىن ئايرىلسام، بۇ مەن ئۈچۈن قورقۇنچلۇق ئەمەس، مەن ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇقى، ساڭا بولغان مۇھەببىتىمدىن ئايرىلىپ قېلىش، مەن مانا مۇشۇنىڭدىن قورقىمەن. مەن قوشۇنغا ئەگىشىپ نەمۇنەلەردە يۈرىمەن، لېكىن كاللامدا بىرلا خىيال: ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم ئۆزۈم بىلەن بىللە ھالاك بولۇپ كەتمىسۇن، ئۇنى قانداق قىلسام ئۆزۈمدىن ئايرىپ، ئۇنىڭغا مەڭگۈ ھەمراھ بولىدىغان قىلالارمەن؟ لېكىن، ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇنىڭ ئامالىنى تاپالمايمەن، مەن ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنى بىر قۇشقا، ياكى بەلكىم بىرەر جانىۋارغا، ياكى بولمىسا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر جانىۋارغا ئايلاندۇرۇپ، سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇرماقچى ۋە : «قېنى، قوبۇل قىلغىن، بۇ مېنىڭ مۇھەببىتىم، ئۇ ساڭا

مەڭگۈ ھەمراھ بولسۇن» دېمەكچىدىم. ئۇ چاغدا مەن ئۆلۈمدىن ھەرگىز قورقمايتتىم. ھازىر چۈشەندىم، يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان ئوغلۇم مېنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتىم، ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنىڭ جەۋھىرى ئىكەن، ئۇ ئەمدى ساڭا مەڭگۈ ھەمراھ بولىدۇ.

— لېكىن بىز تېخى ئۇنىڭغا ئىسىم قويمىدۇققۇ، سەن بىرەر ئىسىم ئويلاپ قويدۇڭمۇ؟ — سورىدى ئايال.

— ئويلاپ قويدۇم، — دېدى يۈز بېشى، — ئەگەر قوشۇلساڭ، ئۇنىڭ ئىسمىنى «غۇنۇن» دەپ قويايلى، بۇ بەك ياخشى ئىسىم.

— غۇنۇن!

— شۇنداق!

— ۋاھ، بەك ياخشى ئىسىم ئىكەن بۇ! غۇنۇن، ئارغىماق دېگەن گەپقۇ!

— شۇنداق، ئۈچ ياشلىق ئارغىماق① ئاتنىڭ تازا ۋايىغا يەتكەن ۋاقتى، تۈكلىرى يالتىراپ تۇرغان، يۈگۈرسە قۇيۇننىڭ ئۆزى!

دوغلان بوۋاق تەرەپكە ئېڭىشتى:

— ئاڭلاپ تۇر، ھازىر دادالڭ ئىسمىڭنى قويىدۇ!

— سېنىڭ ئىسمىڭ غۇنۇن بولىدۇ، ئاڭلىدىڭمۇ، ئوغلۇم؟ سېنىڭ ئىسمىڭ غۇنۇن، شۇنداق، غۇنۇن بولىدۇ.

چېدىر ئىچىنى سۈكۈت باستى. ئۇلار بۇ ئەھمىيەتلىك دەقىقىلەردە بەختتىن مەست بولغانىدى. كېچە جىمجىت،

---

① موڭغۇللار ئۈچ ياشلىق ئاتنى «غۇنۇن» دەيدۇ.

پەقەت قوشنا چېدىردىكى ئىتنىڭ ئۆزىچىلا ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ قاۋاپ قويۇشلىرى ۋە يىراقتىكى ئاتلارنىڭ سوزۇپ ـ سوزۇپ كىشنىگەن ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ قالاتتى. بەلكىم ئات قاتمۇقات تاغلار ئارىسىدىكى يۇرتىنى، تاشقىنلاپ تۇرىدىغان دەريالارنى، بولۇق ئوت ـ چۆپلەرنى، ئىللىق قۇياش نۇرىنى ئەسلەپ قالغاندۇ. . . ئىسمى قويۇلۇپ بولغان بوۋاق تاتلىق ئۇخلىماقتا، ئۇنىڭ يۆگەك ئىچىدىكى تەقدىرى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ۋاقىتلىق قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن، لېكىن ئۇ ئۇزۇنغا قالماي ئويغىنىدۇ.

— مېنىڭ ئويلىغىنىم پەقەت بالىمىزنىڭ ئىسمىلا ئەمەس، — ئېردىنى بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ جىمجىتلىقنى بۇزدى ۋە قاۋۇل بارماقلىرى بىلەن بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن باشقا ئىشلار ئۈستىدىمۇ ئويلىنىپ چىقتىم، دوغلان. سەن بالا بىلەن بۇ يەردە تۇرساڭ بولمايدۇ، بۇ يەردىن تېز كېتىشىڭ كېرەك.

— نېمە؟

— شۇنداق، دوغلان، بۇ يەردىن قانچە تېز كەتسەڭ، شۇنچە ياخشى.

— مەنمۇ بۇ تەرىپىنى ئويلىغان، لېكىن نەگە بارىمەن، بۇ يەردىن قانداق كېتىمەن؟ سەنچۇ؟

— گېپىمنى ئاڭلا، بىز بىللە كېتىمىز.

— بىللە كېتىمىز؟ ياق، ئېردىنى، بۇ مۇمكىن ئەمەس!

— بىللە كەتمەكتىن باشقا نېمە ئامال بار بىزدە!

— لېكىن، سەن ئۆزۈڭنىڭ نېمە ئىش قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىڭنى ئويلاپ باق، سەن دېگەن ئوڭ قانات

قوشۇنىڭ يۈز بېشى تۇرساق!

— مەن ئويلانمىدىم ئەمەس، قايتا ـ قايتا ئويلاندىم.

— لېكىن، خاقانىڭ قولىدىن قانداق قېچىپ قۇتۇلىسەن؟ قېچىپ كېتەلىگەن تەقدىردىمۇ، بۇ پايانى يوق چۆل ـ جەزىرىدە نەگە بارىمىز؟ ئېردىنى، ئۆزۈڭنى بېسىۋېلىپ ئوبدانراق ئويلىنىپ باق!

— مەن ھەممىنى ئويلىدىم، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىپ گېپىمنى ئاڭلا. شەھەردىكى ۋاقتىمىزدا ئۆزىمىزنى دالدىغا ئالغان بولساقمۇ، شۇنچە ئادەمنىڭ ئىچىدە باشقا مۇساپىرلارغا ئوخشاش سىڭىپ كەتكەن بولار ئىدۇق، لېكىن ئۇ چاغدا ئۇنداق قىلمىدۇق. دوغلان، مەن شۇ چاغدىمۇ كېيىننى ئويلاپ ساڭا شۇ مەسلىھەتنى قىلغانىدىم، يات ئەلنىڭ ئادەملىرى سىياقىغا كىرىۋېلىپ، مۇساپىرلار قاتارىغا قوشۇلۇپ كەتكەن بولساق، كۆنىمىزنى بىر ئامال قىلىپ ئېلىپ كېتەر ئىدۇق.

— نەلەردە سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرەتتۇق، ئېردىنى؟ — دېدى كەشتىچى ئايال ئازابلانغان ھالدا،— بىزگە خاتىرجەم ياشىغۇدەك نەدە يەر بولسۇن؟ خاقانىڭ قولىدىن قۇتۇلۇش تەگرىدىن قۇتۇلۇشتىنمۇ تەس، شۇنىڭغا بىز قېچىشقا پېتىنالمىغانىدۇق، بۇنى سەنمۇ بىلىسەن. قايسىبىر ئەسكەر مۇنداق قىلىشقا پېتىنالايدۇ؟ بىز ئوتتۇرىمىزدىكى سىرنى يوشۇرۇپ، ئەندىشە ۋە مۇھەببەت ئىچىدە ياشىدۇق. سەن قوشۇندىن ئايرىلغان بولساڭ، كاللاڭدىن ئايرىلاتتىڭ، مەن سەندىن ئايرىلسام، بەختىمدىن ئايرىلاتتىم. ھازىر بىز يالغۇز ئەمەس، بالىمىز بىزگە مەڭگۈ ھەمراھ بولىدۇ.

ئۇلار ئازاب ۋە ئەندىشە ئىچىدە جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى، بىر چاغدا يۇز بېشى ئېغىز ئاچتى:

— كىشىلەر ئادەتتە نومۇسلۇق ئىشلارنى قىلىپ قويغانلىقى، نام ـ ئابرۇيىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ياكى خائىنلىق قىلىپ قويۇپ، جازاغا تارتىلىشتىن قورققانلىقى سەۋەبىدىن قاچىدۇ، ئۇلار پەقەت ئۆزىنىڭ جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قاچىدۇ. بىز بولساق ئامالسىزلىقتىن قاچماقچى بولۇۋاتىمىز. چۈنكى، تەقدىر بىزگە بىر بالا ئاتا قىلدى، بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە رازى. خاقانىنىڭ كەچۈرۈمىگە ئېرىشىش يوق گەپ، ئۇ گەپنى بىرلا قىلىدىغان ئادەم. بۇ يەردىن تېز يوقىلايلى، دوغلان، ھازىر قاچساقمۇ كېچىكمەيمىز، بىزگە باشقا ئامال يوق، ماقۇل دېگىن، بىردىنبىر يول پەقەت مۇشۇ. بەخت بىلەن بەختسىزلىك يىلتىزداش، بەختلىك بولۇش ئۈچۈن بەختسىز بولۇپ قېلىشتىن قورقماسلىق كېرەك. بىز بۇ يەردىن كېتەيلى.

— سىنىڭ كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن، ئېردىنى، — دېدى ئايال پەس ئاۋازدا، — دېگەنلىرىڭ توغرا، ئەينى ۋاقىتتا ئۆلۈم ۋە ياشاشنىڭ قايسىسىنى تاللىۋېلىشنى بىلەلمەي قالغانىدىم، لېكىن مەن ئۆزۈمنى ئۇيلىمىدىم، مەن سەن بىلەن بىللە بولغاچقىلا شۇنداق بەختلىك ئىدىم، ۋاقتى كەلسە سەن ئۈچۈن ئۆلۈشكە رازى ئىدىم. لېكىن سېنىڭ مۇھەببىتىڭنىڭ جەۋھىرى بولغان تۆرەلمىنى قورسىقىمدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشنى خالىمىدىم. مەيلى مېنى ئەقىللىق ياكى دۆت دېگىن، ئىشقىلىپ، ئۇنداق قىلىشقا يۈرىكىم چىدىمىدى...

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، بېشىمىزغا مەيلى قانداق كۈن كەلسۇن، ئۆزۈڭنى مۇنداق ئازابلىما. راست، بىز تېخى دۇنياغا كۆز ئاچمىغان نارەسىدىنى نابۇت قىلىشنى خالىمىدۇق، ھازىر ئۇ دۇنياغا كۆز ئاچتى، ئەمدى تېخىمۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن ياشىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۇچۇن بۇ يەردىن قاچمىساق بولمايدۇ. ھەر ئىككىمىزگە بالا كېرەك.

— مەنمۇ ئۆزۈمنى ئويلىمايمەن، لېكىن بىر ئىشنى بىلگۈم بار، ئەگەر ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، بالام ئىككىڭلارنى ئامان قويارمۇ؟

— ئۇنداق دېمىگىن، مېنى ئۇنداق پەس كۆرمىگىن، دوغلان. مۇنداق گەپنىمۇ قىلامسەن؟ ئۇ گەپنى قويۇپ، ئېيتىپ باققىنا، ھازىر يولغا چىقساق بەرداشلىق بېرەلەرسەنمۇ؟ ئاتۇك ساڭا ھەمراھ بولۇپ ماڭىدۇ، ئۇ ھازىرلا مېڭىشقا تەييار، ئىككىڭلار ئۇستى يېپىق ھارۋىدا ماڭىسىلەر، مەن ئاتلىق يېنىڭلاردا ماڭىمەن، ئالىمادىس بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىساقمۇ، سىلەرنى قوغداشقا مەن بار...

— سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن،— دېدى كەشتىچى ئايال ئاددىيلا قىلىپ،— سەن بىلەن بىللە بولسامىلا، سەندىن مەڭگۈ ئايرىلمىسامىلا بولىدۇ...

ئۇلار بۆشۈك يېنىدا باشلىرىنى ساڭگىلاتتى، ئارىنى يەنە جىمجىتلىق باستى.

— ئاڭلىسام قوشۇن يايىق① دەرياسىغا يېتىپ بېرىشقا

① ھازىرقى ئۇرال دەرياسى.

ئاز قاپتۇ، بۇ راستمۇ؟ — دېدى دوغلان پەس ئاۋازدا، — ئاتۇڭ شۇنداق دەيدۇ.

— يەنە ئىككى كۈندەك ماڭسىمىزغۇ دېمەن، ئىشقىلىپ، يېتىپ كېلىپ قالدۇق. ئەتىلا بىز تاشقىن رايونىغا يېقىنلىشىپ قالىمىز، ئاۋۋال ساياز رايونىغا كىرىمىز، ئۇ يەر چاتقاللىق ۋە قېلىن ئورمانلىق. ئۇ يەردىن ئۆتسەكلا يايىق دەرياسىغا يېتىپ بارىمىز.

— ئۇ دەريا بەك چوڭمۇ؟ سۈيى چوڭقۇرمۇ؟

— ئىدىل دەرياسىغا بېرىش يولىدىكى ئەڭ چوڭ دەريا.

— بەك چوڭقۇرمۇ؟

— سۈيى ئىتتىك ئاقىدىغان يەرلەردىن مۇنداقراق ئاتلار ئۈزۈپ ئۆتەلمەيدۇ. ئارماق ئېقىملىرىنىڭ سۈيى سەل تېيىزرەك.

— چوڭقۇر بولسا سۈيى تىنچ ئاقامدىغاندۇ؟

— تىنچلىقىغۇ تىنچ، لېكىن بەزى يەرلىرىنىڭ سۈيى يەنىلا تېز. سەنمۇ بىلىسەن، مېنىڭ بالىلىق چاغلىرىم يايىق يايلىقىنىڭ بويىدا ئۆتكەن، ئۇ بىزنىڭ تۇغۇلغان يۇرتىمىز. بىزنىڭ ناخشىلىرىمىزمۇ يايىق دەرياسىدىن تۇغۇلغان، ئايدىڭ كېچىلىرى بىز شۇ ناخشىلارنى ئېيتاتتۇق.

— ھەممىسى ئېسىمدە، — دېدى كەشتىچى ئايال خىيالچان ھالدا، — بىر كۈنى سەن ماڭا بىر ناخشا ئېيتىپ بەرگەن، ئۇ ھازىرغىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭدا بىر قىزنىڭ سۆيگىنىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئۆزىنى يايىق دەرياسىغا تاشلاپ ئۆلۈۋالغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

— ئۇ بىر قەدىمكى ناخشا.

— مېنىڭ مۇنداق بىر خىيالىم بار، ئېردىنى، ئاق شايىغا بىر كۆرۈنۈش كەشتىلەيمىكىن دەيمەن: دەريانىڭ ئىككى قىرغىقى تۇتاشتۇرۇلغان، دەريادا مەيىن دولقۇن جىمىرلاپ تۇرغان، ئەتراپ بوككىدە دەرەخلىق، قۇشلار، كېپىنەكلەر ئۇچۇشۇپ يۈرگەن، لېكىن قىزنى دەريا يۇتۇپ كەتكەن، ئۇ يۈرەك ئازابىغا چىدىمىغان. كىشىلەر بۇ كۆرۈنۈشنى كۆرگەندە، يىقىمسىز دەريا يۇزىدىن قايغۇلۇق بىر ناخشا كېلىۋاتقاندەك ھېس قىلسۇن.

— يەنە بىر كۈندىن كېيىن بۇ دەريانى كۆرسەڭ، گېپىمگە قۇلاق سال، دوغلان، ئەتە كەچكىچە پۇتۇن تەييارلىقنى پۇتتۇرۇپ قوي. مەيلى قانداقلا ۋاقىت بولسۇن، مەن ئاتنى يېتىلەپ چىقساملا، سەن دەرھال بۆشۈك بىلەن بالىنى ئېلىپ چىققىن، ئەمدى كېچىكسەك پۇتۇنلەي تۈگىشىمىز. مېنىڭغۇ بوگۈنلا سېنى ئېلىپ نەگە بولسىمۇ كەتكۈم بار ئىدى. لېكىن، ئەتراپ پايانسىز كەتكەن يايلاق، يوشۇرۇنغۇدەك بىر توپ دەرەخ يوق، ئۇنىڭ ئۇستىگە، سۇتتەك ئايدىڭ بولغاچقا، سىرتقا چىقساقلا مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ قالىمىز، ھارۋا بىلەن قېچىپ بولغۇچە ئۇلارنىڭ قولىغا چۇشۇپ بولىمىز دېگەن گەپ، يەنە ئالدىغا ئارراق ماڭساق، يايىق دەرياسىغا يېقىنلىشىمىز، ئۇ يەرگە بارغاندا چاتقاللىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتسەك قېچىپ قۇتۇلالايمىز...

ئۇلار ئۇزۇن پاراڭلاشتى، تۇرۇپلا جىممىدە ئولتۇرۇشۇپ كېتەتتى، تۇرۇپلا ئۆزلىرىگە قاراڭغۇ بولغان كەلگۈسى تەقدىرى ئۇستىدە كاللا قاتۇرۇپ مەسلىھەتلىشەتت-

تى. ھازىر ئۇلارغا يەنە بىر جان قوشۇلدى. ئۇلار ئۈچ ئادەمنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇراتتى. لېكىن بۇ تايچاق ئۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز، ئۇ بىر چاغدا تېپىچەكلەپ يىغىنى سالدى. دوغلان بالىنى دەرھال قۇچىقىغا ئالدى، ئۇ ئۆزىنىڭ كالامپاي ھەرىكەتلىرىدىن خىجىل بولۇپ، بىر چەتكە سەل ئۆرۈلۈپ بالىغا ئەمچەك سالدى. ئۇنىڭ ئالمىدەك قوش كۆكسى يۈز بىشىغا شۇنداق تونۇش، ئۇ دوغلاننىڭ ئاشۇ يۇمران، ئاپئاق كۆكسىنى چەكسىز مۇھەببەت بىلەن سانسىز قېتىم سۆيگەن، ئۇ ئۇنىڭ كۆكسىنى جىمىدە تۇرغان ئۆردەك بالىسىنىڭ يۇمىلاق دۈمبىسىگە ئوخشىتاتتى. مانا ھازىر بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل ئانىلىق خۇسۇسىيەت بىلەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولماقتا. يۈز بىشى ھەيرانلىق ھەم قايىللىق بىلەن كۆلۈمسىرەپ قويدى. ئۇ خىيالغا پاتقان ھالدا بىشىنى چايقايتتى، يىقىندىن بىرى ئۇ نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى دېگەن مانا مۇشۇ ئىكەن: ئۇ ئاتا بولدى، دوغلان ئانا بولدى. ئۇلار بىر بالىلىق بولۇپ قالدى، ئانا ئۆز سۈتى بىلەن بالىنى باقىدۇ... قەدىمدىن تارتىپ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، ئۆسۈملۈك ئۇرۇقىدىن ئۆسۈملۈك ئۈنىدۇ، بۇ تەبىئەتنىڭ ھىممىتى، ھايۋاندىن ھايۋان تۆرىلىدۇ، بۇمۇ تەبىئەتنىڭ ھىممىتى. پەقەت ئادەملا ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە تەبىئەتنىڭ بۇ قانۇنىيىتىنى بۇزماقچى بولىدۇ...

تايچاق ئەمچەكنى ھەدەپ شورىماقتا، ئۇنىڭ قورسىقى تويدى، ئۆردەك بالىسىنىڭ يۇمىلاق دۈمبىسى ئۇنى رازى قىلدى.

— ۋاي، كۆكسۈمنىڭ ئۈچىنى بەك قىچىشتۇرۇۋەتتى، — دېدى دوغلان خۇشال كۈلۈپ، — قارا، ئۇنىڭ يامانلىقىنى، ئەمچەكنى چىڭگىدە شوراپ ھېچبىر قويۇۋەتكۈسى يوق، قارا، غۇنۇن ساڭا خۇددى تېرەڭنى سويۇپ چاپلاپ قويغاندەك ئوخشاپتۇ. بىزنىڭ ئەجدىھايىمىز، چوڭ ئەجدىھانىڭ بالىسى! قارا، قارا، ئۇ كۆزىنى ئاچتى! قارىغىنا، ئېردىنى، كۆز، بۇرۇن دېگەنمۇ سېنىڭلىغۇ، ئاغزىچۇ تېخى...

— ئوخشايدىكەن، راستىنلا بەك ئوخشايدىكەن، — دېدى يۈز بېشى خۇشاللىق بىلەن، — مەن ئۇنىڭ سىماسىدىن بىر ئادەمنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈۋاتىمەن، ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋاتىمەن.

— كىمنىڭ سۈرىتىنى دەيسەن؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى دوغلان.

— مېنىڭ! ئەلۋەتتە مېنىڭ بولىدۇ ـ دە.

— مە، بىردەم قولۇڭغا ئېلىپ تۇتۇۋال، شۇنداقلا قارىساڭ بىر پارچە گۆش، پاختىدەك يېنىك، قولۇڭدا بىر توشقاننى تۇتۇپ تۇرغاندەك بولۇپ قالىسەن.

يۈز بېشى نازۇك بىر جىسىمنى ئالغاندەك بالىنى ئاۋايلاپ قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ قاۋۇل بىلەكلىرىگە بالىنىڭ ئېغىرلىقى زادىلا بىلىنمىدى. ئۇ بالىنى قانداق تۇتۇشنى بىلمەيتتى، بالىنىڭ بىر يەرلىرىنى ئاغرىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ ئېھتىيات بىلەن بالىنى باغرىغا، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا يۈرىكىگە ياقتى. ئۇ ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان ئاجايىپ يېقىملىق تۇيغۇغا ماس ھالدا بىر نەرسىنى ئويلاپ قالدى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ ئويىدىن

www.uyghurkitap.com

بەختكە چۆمۈپ كۆلۈمسىرەپ قويدى. ئۇ چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن دېدى:

— ساڭا ئىبىتسام، دوغلان، ئۇ توشقان ئەمەس، بىر پارچە يۈرەك.

بالا يەنە ئۇيقۇغا كەتتى. يۈز بېشىنىڭمۇ قايتىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. كېچە بىر يەرگە بېرىپ قالغان، يۈز بېشى سۆيگىنىنىڭ چېدىرىدىن چىقتى ۋە سارى ئۆزەك ئاسمىنىدا كۆمۈشتەك نۇر چېچىپ تۇرغان ئايغا قارىدى، ئۇنىڭ قەلبىنى بىر خىل غېرىبلىق تۇيغۇسى ئىگىلىدى. ئۇنىڭ بۇ يەردىن كەتكۈسى كەلمەيتتى، دوغلانىنىڭ يېنىغا، ئوغلىنىڭ يېنىغا قايتىپ كىرىپ كەتكۈسى كېلەتتى. زۇلمەت قوينىدا ياتقان پايانسىز يايلاقتىن كېلىۋاتقان ھەر خىل ئاۋازلار ئۇنى سېھىرلەپ قويۇۋاتقاندەك ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى تۇيۇپ تۇراتتى. تەقدىر ئۇلارنى خاقانىنىڭ غەربىي بويسۇندۇرۇش ئىشىغا سۆرەپ كىردى، مانا ئەمدى خاقان ئۇچۇن جان پىدا قىلىدىغان پەيت كەلگەندە، ئۇلار بۇ ئىشقا دۈچ كەلدى، بالا تۇغۇلدى، بۇ گۇناھى ئۇچۇن ئۇلار خاقانىنىڭ جازاسىدىن قاچانلا بولسۇن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، خاقان ئۇلارنى ھەرگىز بوش قويمايدۇ. ئۇلارنىڭ تەقدىرى جاھان ھۆكۈمرانى بىلەن مەھكەم باغلانغان، لېكىن بۇ يەردە تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە خىلاپ، ئۇلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى بىلەن قىلچە سىغىشالمايدىغان بىر نەرسە مەۋجۇت، شۇنىڭ ئۇچۇن بىردىنبىر يول — قېچىش، ئەركىنلىككە چىقىپ، بالىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش...

ئۇ يېقىنلا يەردىن چاكار ئايال ئاتۇڭنى تاپتى. ئاتۇڭ

ئۇنىڭ ئىتىغا يەم بېرىۋاتاتتى.

— ھە، قانداق، ئوغلۇڭنى كۆردۈڭمۇ؟ — سورىدى ئاتۇڭ ئالدىراپ.

— كۆردۈم، رەھمەت ساڭا، ئاتۇڭ.

— ئۇنىڭ ئىسمىنى قويغانسىلەر؟

— ھە، غۇنۇن دەپ قويدۇق.

— ياخشى ئىسىم قويۇپسىلەر.

— شۇنداق، خۇدا ئۇنىڭ ئۆمرىنى بەرسۇن، لېكىن ئاتۇڭ، بىر ئىشنى ساڭا ھازىرلا ئېيتىپ قويمىسام بولمايدۇ، سەن مېنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىمدەك بولۇپ قالدىڭ، دوغلان ۋە بالا ئۇچۇن سەن تەقدىر ئەۋەتكەن بىر مېھرىبان ئانىسەن. ئەگەر سەن بولمىغان بولساڭ، دوغلان ئىككىمىز مۇنداق بىللە بولالمىغان، سېغىنىش ئوتىدا ئۆرتىنىپلا يۈرگەن بولاتتۇق. كىم بىلىدۇ، دوغلان ئىككىمىز ئەمدى كۆرۈشەلەيمىزمۇ؟ چۈنكى بىز باشقىلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقىلى كېتىۋاتىمىز... ئىشقىلىپ مەن سەندىن بىر ئۆمۈر مىننەتدار...

— مەن چۈشىنىمەن، — دېدى ئاتۇڭ، — بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمەن، ئېرىدىنى، سېنىڭ قىلىۋاتقىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن چوڭ ئىش! — ئۇ بېشىنى چايقاپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — خۇدا ئامانچىلىقنى بەرسە، ھەممە ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق بولار. مەن بىلىمەن، بۇ ئۇلۇغ ئۇرۇشتا، سەن بۇگۇن يۈز بېشى بولساڭ، ئەتە مىڭ بېشى نويۇن بولۇپ قالىسەن، ئۆمرۈڭ بەخت - سائادەت ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئۇ چاغقا بارغاندا، سەن بىلەن بىز ھازىرقى ئىشلارنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز. سەن

يۈز بېشى، مەن بولسام بىر چاكار. بۇ ھەممىگە ئېنىق، لېكىن سەن يۈرىكىڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن باشقا بىر يولنى تاللىۋالدىڭ. مەن سېنىڭ ئېتىڭغا بىردەم قاراپ تۇردۇم. مېنىڭ ساڭا قىلغان ياردىمىم پەقەت شۇلا. مەن ئەسلى دوغلاننى كۆتۈشكە، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە ئەۋەتىلگەن، بۇنى سەنمۇ بىلىسەن، لېكىن مەن ئۇنى شۇنداق ياقتۇرۇپ قالدىم، چۈنكى ئۇ ئاسماندىن چۈشكەن بىر پەرىزات. شۇنداق! ئۇنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق، لېكىن مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم بۇ ئەمەس، باشقا بىر ئىش. دوغلاننىڭ قولىدا ئاجايىپ بىر خاسىيەت بار. يىپ بىلەن شايىنى ھەرقانداق ئادەم تاپالايدۇ، لېكىن، دوغلان كەشتىلىگەن نەرسىلەرنى ھېچكىم كەشتىلىيەلمەيدۇ. بۇنى مەن ئوبدان بىلىمەن، ئۇ چوڭ تۇغقا كەشتىلىگەن ئەجدىھا خۇددى جېنى باردەك يۈلقۇنۇپ تۇرىدۇ، ئۇ كەشتىلىگەن يۇلتۇزلار شايى ئۈستىدە نۇر چېچىپ تۇرىدۇ، خۇددى ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ ئۆزى. شۇڭا مەن ئۇنى ئاسماندىن چۈشكەن كەشتىچى قىز دەيمەن، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشنى خالايمەن، ئەگەر سىلەر قېچىپ كېتىشنى ئويلىغان بولساڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە كېتىمەن، دوغلان يېڭى تۇغۇتلۇق، يولدا ئۆزى يالغۇز قىينىلىپ قالىدۇ.

— مېنىڭ ساڭا دېمەكچى بولغىنىممۇ دەل مۇشۇ ئىش ئىدى، ئاتۇك، ئەتە يېرىم كېچىدىن بۇرۇن تەق بولۇپ تۇرۇڭلار، دوغلان، بالا ئۇچۇڭلار ئۈستى يېپىق ھارۋىدا ماڭىسىلەر، مەن يېنىڭلاردا ئاتلىق ماڭىمەن، يەنە بىر زاپاس ئاتمۇ ئېلىۋالىمەن. بىز يايىق دەرياسىنىڭ كەڭرەك

يېرىگە قاراپ ماڭىمىز، ئەڭ مۇھىمى، تاڭ يورۇغۇچە
يىراقراق بىر يەرگە بېرىپ يوشۇرۇنۇۋالمىساق، ئەتىگەندە
ئۇلار بىزنى تېپىۋالىدۇ. . .

ئۇلار بىرپەس جىم تۇرۇپ قېلىشتى. يۈز بېشى ئاتقا
مىنىشتىن بۇرۇن ئاتۇڭنىڭ ۋىجىك قولىغا سۆيۈپ قويدى
ۋە ئىچىدە: بۇ ئايالنى تەڭرى دوغلان ئىككىمىزگە ھەمراھ
بولۇشقا ئەۋەتكەن، دەپ ئويلىدى. نۇرغۇن يىل ئىلگىرى
بۇ ئايال جۇڭگونىڭ چېگرا رايونىدىن قولغا چۈشۈپ،
شۇنىڭدىن بېرى چىڭگىزخاننىڭ قوشۇنى ئىچىدە
تۇرۇۋاتاتتى. مۇنداق ئويلىغاندا، ئۇ ئېردىنىنىڭ نېمىسى
ئىدى؟ پەقەت چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قوشۇنى
ئىچىدىكى تەقدىرداشلار شۇ. لېكىن بۇ بىر جۈپ
ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە، ئۇ ئۇلارنىڭ
ئەڭ ئىشەنچلىك يۆلەنچۈكى بولۇپ قالدى. يۈز بېشى پەقەت
ئاتۇڭغىلا ئىشىنەتتى، دۇنيادا ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمدىن
ئۈمىد كۈتمەيتتى، بۇ يۈرۈشكە قاتناشقان سانسىز ئادەملەر
ئىچىدە پەقەت مۇشۇ ئاياللا، ياشىنىپ قالغان مۇشۇ ئايال
چاكارلا ئۇنىڭ تەرىپىدە تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقىسى
بىكار. كېيىن ئىش دەل ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولۇپ
چىقتى.

يۈز بېشى ئۆزىنىڭ ئاق قاشقا ئېتىغا مىنىپ سانسىز
چېدىرلارنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ خىيالى
بېشىغا كېلىش ئېھتىمالى بولغان چوڭ بالا ـ قازادا ئىدى.
ئۇ تەڭرىدىن يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان بىگۇناھ
نارەسىدىنى بالا ـ قازادىن ساقلاپ قېلىشنى تىلەيتتى.
چۈنكى، دۇنياغا كۆز ئاچقان ھەربىر جان ئىگىسى

تەڭرىنىڭ ئىرادىسىنىڭ نامايانىدىسى ئىدى. تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن مەلۇم ۋاقىتتا بۇ ئالەمگە تۆرىلىدۇ، خۇددى ئىلاھقا ئوخشاش ئادەم سۈپىتىدە تۆرىلىدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ ئادەمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، ئىلاھ بولسا ئادەم تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان تەڭرىنىڭ ئۆزى. كىمنىڭ پېشانىسىگە قانداق تەقدىر پېزىلغان، كىم بۇ دۇنياغا يارىلىشى، كىم ئۆلۈشى كېرەكلىكىنى بىر تەڭرىنىڭ ئۆزى بىلىدۇ.

يۈز بېشى ئىبردىنى ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ يۇلتۇزلار ئالەمگە قارايتتى، تەڭرىدىن ئامانلىق تىلەپ تىلاۋەت قىلاتتى، تەقدىر ئىلاھىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ بېقىشقا تىرىشاتتى. لېكىن، تەڭرى سۈكۈتتە، پەقەت كۆكتىكى ئاي پۈتۈن زېمىنغا شاھىت بولۇپ تۇرماقتا، كېچىنىڭ سىرلىق جىمجىتلىقىغا چۆمگەن سارى ئۆزەك يايلىقىغا ئۆزىنىڭ پاك نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن سەپمەكتە ئىدى. . .

ئەتىسى سەھەر، كىشىلەرنى ئورنىدىن تۇرۇپ، قورال ـ ياراغ، ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنى ئېلىپ يولغا چىقىشقا ئۈندەپ يەنە دۇمباق ئاۋازى ياڭرىدى، شۇنىڭ بىلەن چىڭگىزخانىنىڭ زور قوشۇنى ئۇنىڭ توسالغۇسىز ھوقۇقىنىڭ تۈرتكىسى ۋە ھەيدەكچىلىكى ئاستىدا غەربكە بولغان يۈرۈشنى يەنە داۋاملاشتۇردى.

بۇ سەپەرنىڭ ئون يەتتىنچى كۈنى ئىدى. سارى ئۆزەك يايلىقىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن، يۈرۈش ئەڭ قىيىن بولغان قىسمى ئارقىدا قالغان، يەنە بىر كۈن ماڭسا يايىق دەرياسىنىڭ تاشقىن رايونىغا يېقىنلىشاتتى، ئۇنىڭدىن

كېيىنكى يول ئېدىل دەرياسىغا قاراپ سوزۇلاتتى. ئېدىل دەرياسى يەر شارىنى شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككىگە بۆلۈپ تۇراتتى.

ھەممە ئىش بۇرۇنقىدەك، قارا ئاتقا مىنگەن ئۈچ تۇغچى يەنىلا چوڭ تۇغنى كۆتۈرۈپ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى، چىڭگىزخان قورۇقچى ۋە نۆكەرلەرنىڭ ھىمايىسىدە تۇغنىڭ ئارقىسىدا كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاستى يەنە ھېلىقى قارا قۇيرۇق بوز يورغا، ئۇنى يېنىك تەۋرىتىپ يورغىلاپ كېتىۋاتاتتى، بېشى ئۈستىدە ھېلىقى ئاق بۇلۇت، ئۇنىڭدىن بىردەممۇ ئايرىلمايدۇ، ئۇ نەگە بارسا شۇ يەرگە بارىدۇ. ئۇنىڭغا قارىغانسېرى خاقان ھۇزۇرلىنىدۇ، ئۇنىڭدىكى مەنمەنچىلىكمۇ بارغانسېرى كۈچىيىپ بارىدۇ. يەر يۈزىدە سانسىز ئادەم قارىيىپ كېتىپ بارىدۇ. مانا بۇ چىڭگىزخاننىڭ زور قوشۇنى، ئەتراپنى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بىر ئالغان. بۇ داۋالغۇپ تۇرغان دەريانىڭ شاۋقۇنىنى ئەسلىتىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى، كەلگۈندەك جاھاننى بىر ئېلىپ كېتىۋاتقان ئاتلىقلار، قورال ـ ياراغ، ئۇزۇق ـ تۈلۈكلەر... ھەممىسى چىڭگىزخاننىڭ شان ـ شۆھرىتىنىڭ، ھوقۇقىنىڭ نامايەندىسى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن يارالغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىنىڭ تۈگىمەس بۇلىقى. شۇ تاپتا ئۇ ئات ئۈستىدە ئويلاپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى ئادەتتىكى ئادەملەر ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ، ئۇ پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمران بولماقچى، ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولىدىغان، بىرلىككە كەلگەن دۇنياۋى ئىمپېرىيە قۇرماقچى. بۇ مەقسەتكە قانداق يەتكىلى بولىدۇ؟

بۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرلا ئۆزىنىڭ پەرمانىنى تاشقا ئويدۇرۇپ تىكلەپ قويۇش كېرەك. ئۇنىڭ دۇنياغا قانداق ھۆكۈمرانلىق قىلىش توغرىسىدىكى پەرمانى ئويۇلغان ئابىدە مەڭگۈ تۇرسىلا، ئۇنىڭ ئىرادىسى بۇ دۇنيادىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. ئۇ يول بويى مانا مۇشۇلارنى ئويلاپ ماڭدى. بۇ خىيال ئۇنى بارغانسېرى قىزىقتۇرۇپ بىردەممۇ ئارامىغا قويمىدى. ئۇ بۇ يىل قىش ئېدىل دەرياسى بويىدا بۇ ئىشنى پۈتتۈرۈۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. دەرياغا مۇز قېتىشنى ساقلىغۇچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇ پۈتۈن ئالىم - ئۆلىمالارنى يىغىپ، ئۆزىنىڭ مەڭگۈ يىمىرىلمەس ئىمپېرىيە قۇرۇش خىيالىنى ئۇلارغا ئېيتىدۇ، ئاندىن پەرمان تەييارلاپ ئۇنى تاشقا ئويدۇرىدۇ. ھېكمەتلىك بۇ پەرمان كەلگۈسىدە دۇنيانى تۈپتىن ئۆزگەرتىدۇ، پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىغا باش قويىدۇ. ئۇ ئۆزىمۇ دەل مۇشۇ مەقسەتتە غەربكە يۈرۈش قىلغان. دۇنيادىكى ھەممە نەرسە مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، ئۇنىڭغا قارشى نەرسىلەرنى، بۇ يۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە پايدىسىز بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تازىلاش، ئۇلارنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىش كېرەك.

چىڭگىزخان يەنە ناخشا غىڭشىشقا باشلىدى:

ئاسماندىكى ئۆز تولۇن ئايىنى،
قاداپ قويدۇم چېدىر ئۈستىگە! . . .
تۈپىقىدىن بىز مىنگەن ئاتنىڭ
قاچالمايدۇ ھەتتا چۈمۈلە! . . .

نەۋرىلىرىم هامان بىر كۈنى،
يېنىك قىلىپ ئېغىر يۈكۈمنى
سۆيۈندۈرەر مېنىڭ قەلبىمنى،
هەم چۈشىنىپ يېتىدۇ شۇ چاغ
غالىبلىقنىڭ زور قىممىتىنى! . . .

ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن بىر ئادەم كېلىپ چىڭگىزخانغا، بىر ئايالنىڭ ئۇنىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلىپ بالا تۇغقانلىقىنى، بالىنىڭ ئوغۇل ئىكەنلىكىنى، ئەمما بالىنىڭ دادىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەسلىكىنى يەتكۈزدى. بۇ ئىشنى يەتكۈزۈپ كەلگەن ئادەم مىرزا ئارىشاڭ ئىدى. ئىككى مەڭزى قىپقىزىل، كۆزلىرى هەمىشە ئويناپ تۇرىدىغان مىرزىنىڭ ئالدىدىن هېچنېمە قېچىپ قۇتۇلالمايتتى، بۇ قېتىممۇ ئۇ بۇ خەۋەرنى بىرىنچى بولۇپ يەتكۈزدى.

— پېقىر هەممە ئەهۋالنى ئۇلۇغ خاقانغا يەتكۈزۈشنى بۇرچۇم دەپ بىلىمەن، چۈنكى خاقان بالا تېپىشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا ئالىيبۇرۇن پەرمان چۈشۈرگەن، — سەمرىپ تىقىلىپ كەتكەن مىرزا هاسىراپ - هۆمۈدەپ يۈرۈپ گېپىنى ئاخىرلاشتۇردى ۋە شامالدا خاقانىنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالماي قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ بىلەن يانمۇيان ماڭدى.

چىڭگىزخان ئۇنىڭ گېپىنى دەماللىققا ئاڭقىرالمىدى، شۇڭا دەرهال جاۋاب قايتۇرمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى نامىنى مەڭگۈ ساقلاپ قالىدىغان ئابىدە تاشتا بولغاچقا،

تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ كۆڭۈلسىز ئىشتا ئالدىراپ خىيالىنى بۆلمىدى. ئۆزى ئويلاپ باقمىغان مۇنداق ئىشنىڭ چىقىشىغا، بۇ خەۋەرنىڭ ئۆزىگە مۇنداق قاتتىق تەسىر قىلىشىغا ئۇنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئۇ قاتتىق خورلۇق ھېس قىلغاندەك جىمىپلا كەتتى، ئاچچىق بىلەن ئاتنى دېۋىتتى. ئۇنىڭ سۆسەر جۇۋىسىنىڭ ئىككى پېشى شامالدا خۇددى قۇش قانىتىدەك لەپەڭشىيتتى، ئەمدى مىرزا ئارشاڭ بولسا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قىيىن ئەھۋالدا قالدى. ئۇ تۇرۇپ خاقان ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىدا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خاپا بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ سەل ئارقىدا قالسا، تۇرۇپ خاقاننىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىيالماي قېلىشتىن ئەنسىرەپ، يەنە ئۇنىڭ بىلەن قاتارلىشىپ ماڭاتتى. ئۇ بۇ ھۆكۈمراننىڭ شۇنچە ئۇزۇن سۈكۈت قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەيتتى ۋە چۈشىنىشكىمۇ قادىر ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئېغىزىدىن : «ئۆلتۈرۈلسۇن» دېگەن سۆز چىقىپ كەتتىمۇ، بولدى، خاقاننىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلىشقا پېتىنغان ھېلىقى ئايال بىلەن ئۇنىڭ ھارامدىن بولغان بالىسى شۇ زامان جېنىدىن ئايرىلىدۇ. باشقىلارغا ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن، ئۇ بۇزۇق خوتۇننى كىگىزگە يۆگەپ تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىش تۈگەيدۇ.

خاقاننىڭ تۇيۇقسىز بۇرۇلۇپ گەپ قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، مىرزا قورقىنىدىن ئات ئۈستىدە تىككىدە تۇرۇپ كەتتى.

— ئۇنداقتا، ئۇ قانجۇق يېرىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنىڭ ئېغىر ئاياغ ئىكەنلىكىنى ھېچكىم سەزمەپتىمۇ؟

ياكى بىلىپ تۇرۇپ خەۋەر قىلمىغان گەپمۇ؟
مىرزا ئارشاك بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى، لېكىن گەپلىرىنىڭ باش - ئاخىرى قولاشماي، خاقاننىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويدى.
— ئاغزىڭنى يۇم! — خاقان زەردە بىلەن ۋارقىرىدى.
بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، خاقان يەنە ئاچچىق بىلەن سورىدى:
— ماقۇل، ئۇنىڭ كىمنىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكىنى ھېچكىممۇ بىلمىگەن بولسۇن، بىراق ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەرسىلەر؟ ئۇ ئاشپەزمۇ، ئوت قالايدىغان خوتۇنمۇ ياكى مالغا قارايدىغان چاكارمۇ؟
ئۇ بالا تۇغقان ئايالنىڭ چوڭ تۇغقا ئەجدىھانىڭ سۈرىتىنى كەشتىلىگەن كەشتىچى ئايال ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغىنىدا، ھەيرانلىقتىن داڭقېتىپ قالدى. چۈنكى ئۇ مۇنداق ئىشلارنىمۇ قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى، ئۆزىنىڭ چوڭ - چوڭ تۇغىنىمۇ مەلۇم ئادەمنىڭ تىكىپ كەشتىلىگەنلىكىنى ئەزەلدىن خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. راست، ئۇ ئۆتۈك كىيىپ يۈرگەن بىلەن، ئۇنى كىم تىككەنلىكىنى، قەيەرگە بارسىلا تەييار چېدىر، ئۇنىڭ ئىچىدە راھەتلىنىپ ئولتۇرغىنى بىلەن، ئۇ چېدىرلارنى كىملەرنىڭ تىككەنلىكىنى ئويلىمايتتى، مۇنداق ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى ئويلاشقا چولىسىمۇ تەگمەيتتى. ئەمدى بۇ قانداق گەپ؟ چوڭ تۇغ ئەسلىدىنلا مەۋجۇت ئەمەسمىدى؟ ئۆزىنىڭ يېنىدا، قوشۇنىنىڭ ھەممە يېرىدە ئۇنى دائىم كۆرۈپ تۇراتتىغۇ؟ خۇددى ئالدىن يېقىپ

قويۇلغان گۈلخاندەك، ئۇ بارغانلىكى يەردە، قونالغۇدىكى بارگاھلاردا، يۇرۇش قىلىنىۋاتقان ئەسكەرلەر ئىچىدە، كەسكىن ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ۋە ھەشەمەتلىك بەزمىلەردە ئاشۇ تۇغنىڭ لەپىلدەپ تۇرغانلىقىنى كۆرەتتىغۇ؟ قاراڭ، ھازىرمۇ تۇغچىلار ئاشۇ تۇغنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۇچۇن يول ئېچىپ كېتىۋاتامدۇ! ئۇ يات ئەلنىڭ تۇغلىرىنى يۇلۇۋېلىپ ئايىغى ئاستىغا تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ئاشۇ تۇغىنى ئۇنىڭ ئورنىغا قاداش ئۇچۇن غەربكە يۇرۇش قىلىنىۋاتىدۇ، ئۇ بۇنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. . . ھەرقانداق نەرسە ئۇنى بۇ يولدىن توسۇيالمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن دۇنيانى بويسۇندۇرۇشقا يۇرۇش قىلىنىۋاتقانلار ئىچىدىن ئۇنىڭ پەرمانىغا بويسۇنمايدىغان بىرەرى چىقمىدىكەن، ئۇنىڭغا ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق. ئادەملەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ئۇچۇن جازالاپ تۇرۇش كېرەك، مانا بۇ بىر ئادەم نۇرغۇن ئادەمنى باشقۇرۇشتىكى ئۇنۇملۇك قورال.

لېكىن، كەشتىچى ئايالنىڭ ئىشىدا، گۇناھكار ئادەم يالغۇز ئۇلا ئەمەس، يەنە بىر ئادەممۇ بار، ئېنىقكى ئۇ ئادەم يا ئوزۇق — تۈلۈككە مەسئۇل ئادەملەر ئارىسىدا، يا لەشكەرلەرنىڭ ئارىسىدا . . . لېكىن ئۇ زادى كىمدۇ؟ . . .

شۇ كۈندىن باشلاپ چىڭگىزخان غەمكىن بولۇپ قالدى. بۇ ئۇنىڭ ھەيكەلنىڭكىدەك قېتىپ قالغان چىرايىدىن، قورغۇيىنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىگە سايە تاشلاپ تۇرغان غەمكىنلىكتىن ۋە ئات ئۇستىدە دۈگدىيىپ ئولتۇرۇشلىرىدىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ كەشتىچى ئايال ۋە ئۇنىڭ ئىسمى تېخى نامەلۇم بولغان ئاشنىسىنىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىدىن ئەمەس،

بەلكى بۇ ئىشنىڭ پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان باشقا بىر ئىشنى ئىسىگە سالغانلىقىدىن غەمكىن بولۇپ قالغانىدى، بۇنى ھەتتا جىددىي ئىش بىلەن خاقاننىڭ ئالدىغا كىلىپ ـ كىتىپ يۈرگەنلەرمۇ بىلمەيتتى. ھازىر ئۆتمۈش بولۇپ قالغان بۇ ئىش ئۇنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقايماس ئەلەملىك جاراھەت ئىزى قالدۇرغانىدى.

باللىق دەۋرىدە بولۇپ ئۆتكەن ئاشۇ ئىشنى ھەر قېتىم ئىسىگە ئالسىلا، ئۇنىڭ يۈرىكىدىن خۇددى زىخ تىققاندەك قان قويۇلاتتى. ئۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئىسمى بويىچە تېمۇرچىن، دەپ ئاتىلاتتى. ئاتىسىدىن كىچىكلا يېتىم قالغان ئاشۇ تېمۇرچىننىڭ كېيىنكى كۈنلۈكتە جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان ھۆكۈمران بولۇپ قېلىشىنى ھېچكىممۇ ئويلىمىغان، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ مۇنداق بولۇشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن. ئاشۇ ۋاقىتتا، يىراقتا قالغان ياشلىق دەۋرىدە ئۇ تولىمۇ ئېغىر خورلۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. ئۇ كىچىكىدىنلا چاي ئىچۈرۈپ قويغان خوتۇنى بورتاي بىلەن شېرىن ئايلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان كۈنلەردە، مېركىتلار تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ بورتاينى تۇتۇپ كەتتى. ئۇ دۈشمەنلىرىگە قارشى ئاتلىنىپ، بورتاينى قۇتۇلدۇرۇپ كەلگەن ئارىلىقتا نۇرغۇن كۈنلەر، نۇرغۇن كېچىلەر ئۆتۈپ كەتتى، زادى قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى ھېسابلاپ كۆرۈشكە ئۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. زور قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ غەربكە يۈرۈش قىلىۋاتقان، ئۆزىنىڭ نامىنى دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش بابىدا مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان، ئورنىغا ھېچكىم دەسسىيەلمەيدىغان قىلماقچى، ھەممىنى ئۇنتۇپ،

پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرماقچى بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈنلۈكتىمۇ، ئۇ ئاشۇ كۈنلەرنى ھېسابلاپ بېقىشقا يەنىلا جۈرئەت قىلالمايدۇ.

شۇ چاغدا ئۇلار ئىنسان قېلىپىدىن چىققان پەسكەش مېركىتلار بىلەن ئۈچ كېچە - كۈندۈز قانلىق ئۇرۇش قىلدى. مېركىتلار رەھىمسىزلىك بىلەن قىلىنغان دەھشەتلىك ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي مال - ۋاران، ئوزۇق - تۈلۈكلىرىنى تاشلاپ بەدەر قېچىشتى. ئۇلار ئۆچ ئېلىشتىن قورقۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بىچارە جېنىنى ساقلاپ قېلىش كويىدىلا قالغانىدى. ئاشۇ كېچە ئۇنىڭ ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن قىلغان قەسىمى ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى. ئۇ شۇنداق قەسەم قىلغانىدى:

... كۆكتە يەلپۈنۈپ تۇرغان قەدىم تۇغ ئۆزرە،
قەسەم قىلىپ چاچتىم ئىسسىق قېنىمنى.
بوم ئاۋازلىق، ئاشۇ يوغان دۇمباقنى،
چالدىم راسا چاڭ كەلتۈرۈپ ئاسماننى.
مىنىپ ئۇچقۇر قۇندۇز رەڭلىك تۇلپارغا،
كىيىپ ساۋۇت، دۇبۇلغىنى ئۇستۇمگە.
تۆمۈر كېسەر شەمشەر ئېلىپ قولۇمغا،
ئاتلاندىم مەن مېركىتلارنى قىرماققا...
يانمايمەن ھېچ ياۋنى قىرىپ پۈتمىسەم،
يۇرتىن چۆلگە ئايلاندۇرۇپ ئەتمىسەم...

ئاشۇ قورقۇنچلۇق قەسەم ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراش ۋە يىغا ئاۋازى ئىچىدە ئەمەلگە ئاشقان ئاشۇ كېچىسى،

تىرىپىرەن بولۇپ قىپچىشىۋاتقان ۋە قوغلىشىۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدا ئۈستى يىپپىق بىر هارۋا ئۈچقاندەك قىچىپ كېتىۋاتاتتى. «بورىتاي! بورىتاي، سەن قەيەردە، بورىتاي!» تېمۇرچىن ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ ئۇيان ــ بۇيان يۈگۈرۈيتتى، لېكىن هەرقانچە قىلىپمۇ خوتۇننى تاپالمايتتى. ئۇ ئاخىرىدا هېلىقى هارۋىنى قوغلاپ يەتكەندە، ئۇنىڭ ئادەملىرى هارۋىكەشنى ئۆلتۈرۈپ هارۋىنى توختاتقانىدى. «مەن ماۋۇ يەردە! مەن بورىتاي!» بورىتاي ۋارقىرىغىنىچە هارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى، ئاڭغىچە تېمۇرچىنمۇ ئاتتىن ئىرغىپ چۈشتى، ئۇلار قاراڭغۇلۇق ئىچىدە مەهكەم قۇچاقلاشتى. ئۆلۈم ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ قالغان خوتۇنى ئۇنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان ئاشۇ بىر پەيتتە، خوتۇنىنىڭ يېقىملىق بوينىدىن ئۇنىڭ دىمىغىغا غەلىتە بىر پۇراق ئۇرۇلدى، ئۇنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى، ئىبىنقكى بۇ بىر بەڭگىنىڭ ئاغزىدىن قالغان تاماكا هىدى، ئوتتۇرىدا قورقۇنچلۇق بىر ئىش يۈز بەرگەن! تېمۇرچىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى، لەۋلىرىنى چىشلەپ قانتىۋەتكەنلىكىنىمۇ سەزمىدى. ئەتراپتا يەنىلا قانلىق ئۇرۇش داۋاملاشماقتا ئىدى...

تېمۇرچىن شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇرۇشقا قاتناشمىدى. ئۇ دۈشمەن قولىدىن ساق ــ سالامەت قۇتۇلۇپ قالغان خوتۇننى هارۋىغا چىقىرىپ قويۇپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا كەتتى. ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا، يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىلىۋاتقان ئاشۇ ئىشنى هازىرچە تىلغا ئالماسلىققا تىرىشاتتى. ئۇ ئاخىرى بىر ئۆمۈر مۇشۇ ئىشنىڭ كۆڭۈل

www.uyghurkitap.com

ئاغرىقىنى تارتىپ ئۆتۈپ كەتتى. راست، خوتۇنى ئۇلارنىڭ قولىغا ئامالسىز چۈشۈپ قالغان، لېكىن ئۇ قانداق قىلىپ ئېغىر ئازابلاشلاردىن قۇتۇلۇپ قالدى؟ ئېنىقكى، ئۇلار بورتاينى ئۇرۇپ ئازابلىمىغان، ئۇنىڭ تۇرقىدىنمۇ ھېچبىر ئازابلانغانلىقى چىقىپ تۇرمايدۇ. لېكىن، تېمۇرچىن بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى، شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىككىسى بۇ ئىشنى تىلغا ئېلىشمىدى.

مەغلۇپ بولغان مېركىتلارنىڭ باشقا ئەللەرگە چىقىپ كېتىشكە ۋە ئادەمزات يوق چەت - ياقىلارغا قېچىپ كېتىشكە ئۇلگۈرەلىگەنلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى، ئەمدى ئۇلاردىن ھېچقانداق خەۋپ كەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ مالچى، چاكار ياكى قول قاتارىدا يۈرۈۋەرگەنلىرىدىن، ھازىر چىڭگىزخان دەپ ئاتىلىۋاتقان تېمۇرچىنىنىڭ رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆچ ئالغانلىقىنىڭ سىرىنى يەنىلا ھېچكىم بىلەلمىدى. ئاخىرقى ھېسابتا چىڭگىزخان ئۇلارنىڭمۇ بېرىنى قويماي قىرىۋەتتى. ئەمدى بورتاي ئەسىرگە ئېلىنغان چاغدا، مېركىتلار بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا زادى قانداق ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى بىلىدىغان ئادەم قالمىغانىدى.

كېيىنكى ۋاقىتتا چىڭگىزخان يەنە ئۈچ خوتۇن ئالدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى رەھىمسىز تەقدىر ئۇنىڭ يۈرىكىدە قالدۇرۇپ كەتكەن جاراھەتنى ساقايتالمىدى. خاقان مانا مۇشۇنداق ئېغىر ئازاب ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى، پۈتۈن ئادەمگە سىر بولغان بۇ ئىش ئۇنىڭ يۈرىكىنى توختىماي يەيتتى. بورتاي تۇنجى ئوغلى جوجىنى تۇغقاندا، چىڭگىزخان ۋاقتىنى شۇنچە ئىنچىكىلىك بىلەن

ھېسابلاپمۇ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ياكى ئەمەسلىكىنى ئېنىقلىيالمىغانىدى. ئىسمى نامەلۇم بولغان بىر ئىپلاس ئۇنىڭ نامىنى بۇلغىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەڭگۈ ئارامىنى يوقاتقانىدى.

ئىسمى نامەلۇم بولغان يەنە بىر ئادەم، ھېلىقى كەشتىچى ئايالنىڭ ئاشنىسىنىڭ قىلغان ئىشى خاقان بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا غەزەپ ئوتىدا ئۆرتەنمەكتە ئىدى.

بەزىدە كىچىككىنە ئىشلار تۇپەيلىدىنلا، ئادەمگە بايىلا ناھايىتى كۆڭۈللۈك بىلىنگەن دۇنيا بىردىنلا بۇزۇلۇپ كەتكەندەك، ئۆزگىرىپ پۇتۇنلەي باشقىچە تۇسكە كىرىپ قالغاندەك بىلىنىدۇ... خاقان شۇ تاپتا دەل شۇنداق ھېسسىياتقا كېلىپ قالغانىدى. ئەتراپتىكى ھەممىلا نەرسە بۇ كۆڭۈلسىز خەۋەرنى ئاڭلاشتىن ئىلگىرىكىگە ئوخشاش تۇرۇپتۇ. ئەنە، قارا ئات مىنىپ ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان تۇغچىلار ئەجدىھا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن چوڭ تۇغنى ھەيۋەت بىلەن كۆتۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ؛ ئۇنىڭ ئاستىدا يەنە شۇ بوز يورغا خوب؛ نۆكەرلەر ئۇنىڭ ئوڭ ـ سولىدا ھۆرمەت بىلەن كەلمەكتە؛ گېشگىر مىللىتىدىن بولغان بەش يۈز قورۇقچى ئۇنى سادىقلىق بىلەن قوغداپ كەلمەكتە؛ ئۇنىڭ تەگداشسىز زور قوشۇنى بىپايان كەڭلىكتە يېيىلىپ كېتىۋاتىدۇ؛ ئۇنىڭ بېشىدا ۋە سانسىز كىشىلەر ئېقىمىنىڭ ئۈستىدە يەنە شۇ سادىق، ئىشەنچلىك ئاق بۇلۇت، يۈرۈش باشلانغان كۈنلا تەڭرىنىڭ ئۆزىگە ھەمراھ بولۇۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىغان ئاشۇ ئاق بۇلۇت ئەگىپ يۈرمەكتە.

ھەممە نەرسە بۇرۇنقىغا ئوخشاشتەك قىلاتتى. لېكىن، يەنە قانداقتۇر بىر نەرسە بۇ دۇنيادا مىدىرلاۋاتقاندەك، ئۆزگىرىۋاتقاندەك بىلىنەتتى، چىڭگىزخاندا بېشىغا چوڭ بىر بالا ـ قازا كېلىدىغاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى. بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمايۋاتقانلىقى شۇنىڭدىن بولسا كېرەك. شۇڭا ئۇلار ئۆزىنىڭ شەخسىي ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىنى ئۇنىڭ ئۇلۇغ غايىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇشقا پېتىنىۋاتىدۇ، شۇڭا بەزىلەر ئۇنىڭ مۇقەددەس پەرمانىنى خالىغانچە ئاياغ ئاستى قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئىچىدە خاقان ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلىشنى، ئۇنىڭ پەرمانلىرىغا شەرتسىز بويسۇنۇشنى ئەمەس، خوتۇنلار بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ يۈرۈشنى ئويلايدىغانلارمۇ بار ئىكەن تېخى! مۇشۇنداق ئەرزىمەس بىر خوتۇننى، مۇشۇنداق پەسكەش بىر كەشتىچى خوتۇننى ئۆلتۈرۈۋەتسە، كەشتە تىكىدىغان باشقا ئادەم چىقماي قالارمۇ؟ قوشۇندىكى شۇنچە ئاياللار ئۇنىڭ ئىجازەتىسىز بالا تۇغۇشقا پېتىنالماي، ئۆزلىرىنى شۇنداق چىڭ تۇتۇپ يۈرسە، ئاشۇ بىر كەشتىچى خوتۇننىڭ ئۇنىڭ پەرمانىنى كۆزگە ئىلماي، بالا تۇغۇشقا جۈرئەت قىلغىنىنى قارا! . . .

بۇ خىياللار گويا ياۋا گىياھتەك ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئۈن ـ تىنسىز بىخلىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتى يېلىنجايتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭ تىلىغا ئالغۇچىلىكى يوق بىر ئىش ئىكەنلىكى، ئۇنى قانداقتۇر ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قاراش ھاجەتسىزلىكى ئۇنىڭغا ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن غايىبتىن كەلگەن بىر

ئاۋاز، ئۇنىڭدىن پەرمانىغا خىلاپلىق قىلغان ھەرقانداق ئادەمنى قاتتىق جازالاشنى، پۈتۈن ئادەمنىڭ ئالدىدا جېنىدىن جۇدا قىلىشنى رەھىمسىزلىك بىلەن قاتتىق تەلەپ قىلماقتا ئىدى، بۇ ئاۋاز شۇ تاپتا ئۇنىڭ ھەرقانداق خىيالىنى بىسىپ چۈشۈۋاتاتتى.

خاقان كۈن بويى ئاتتىن چۈشمىدى، ئۇنىڭ ئاستىدىكى ھېرىشنى بىلمەيدىغان بوز يورغا خوبمۇ ئۆزىنىڭ يۈكىنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك ئىدى، ئۇ بىر خىل يورغىسى بىلەن قۇيۇندەك ماڭغاچقا، قارا تەرگە چۆمۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭدا مۇنداق ئەھۋال ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى.

چىڭگىزخان چىرايى تولىمۇ سۇرلۇك، جىممىدە كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ زور قوشۇنىنىڭ غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىشىگە، پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرۇش ئۇلۇغ نىشانىسىگە توسالغۇ بولۇۋاتقان ھېچقانداق نەرسە يوقتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، قانداقلا بولسۇن بىر ئىش چىققانىدى: كۆزگە كۆرۈنمەس كىچىككىنە بىر تاش ئۇنىڭ مۇستەھكەم غايە تېغىدىن دومىلاپ چۈشتى. بۇ ئۇنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزدى، يول بويى بۇ ئىش كاللىسىدىن چىقمىدى، يۈرىكىگە نەشتەر سانجىلىۋاتقاندەك بىئارام بولدى. ئويلىغانسېرى، ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ يۈرگەن ئادەملىرىگە شۇنچە غەزىپى كەلدى. ئۇلار نېمىشقا بۇ ئىشنى ھازىرغىچە سۆرەپ كېلىپ، ئۇ خوتۇن تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن خەۋەر قىلدى؟ ئۇلار بۇرۇن نېمە ئىش قىلىپتىكەن، نەلەرگە قاراپ يۈرۈپتىكەن؟ ئەجەبا، بىر خوتۇننىڭ ئېغىر ئاياغ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالماق شۇنچە تەسمۇ؟ ئەگەر ئۇ

www.uyghurkitap.com

بۇزۇق قانجۇقنى تۇغۇشتىن بۇرۇن ھەيدىۋەتكەن بولسا، ئىش پۇتۇنلەي باشقىچە بولغان بولاتتى، لېكىن ئەمدى ھازىر قانداق قىلىش كېرەك؟ خاقان بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇرۇش لازىمەتلىكلىرىگە مەسئۇل قوشۇننىڭ مىڭ بېشىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئىش قانداقسىگە بۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتى؟ ئۇ كەشتىچى خوتۇن تېخى تۇغماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ بالىسىنىڭ يىغا ئاۋازى تېخى ئاڭلانماي تۇرۇپ، نېمىشقا ئۇ ئىشنى سېزىۋالالمىدىڭلار؟ دەپ بىرمۇنچە ۋارقىرىدى. نويۇن چۇشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى دەپ بىرمۇنچە ئەزمىلىدى: دوغلان دېگەن بىر كەشتىچى قىز ئۆزى ئايرىم بىر چېدىردا تۇرىدىكەن. ئۇ ئىشىم ئالدىراش دېگەننى باھانە قىلىپ ھېچكىم بىلەن كۆرۇشمەي، ئۆزى يالغۇز تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يەنە ئۇستى يېپىق بىر ھارۋىسى، بىر چاكىرى بار ئىكەن. بىرەر ئىش بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ قالغانلار، ئۇنى تۇغ تىكىدىغان شايى رەختكە يۆگىنىپ ئولتۇرغان ھالەتتە كۆرىدىكەن، ئۇ بەك ياسانچۇق بولغاچقا، باشقىلار ئۇنى چىرايلىق كۆرۇنۇش ئۇچۇن شۇنداق قىلىۋالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئېغىر ئاياغ ئىكەنلىكىنى سېزەلمەپتۇ. تۇغۇلغان بالىنىڭ دادىسى كىم ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. كەشتىچى قىز ھازىرچە تېخى سوراق قىلىنماپتۇ. ئۇنىڭ چاكىرى، ئۇنى ئۆزۈڭلار ئىزدەپ تېپىڭلار، مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن، دەپلا تۇرغۇدەك ...

چىڭگىزخان غەزەپ بىلەن ئويلايتتى. ئەسلىدە مۇنداق ئىشلارغا ئۇنىڭ كاللا قاتۇرۇپ ئولتۇرۇشى ھاجەتسىز

ئىدى. ئەمدى بالا تۇغۇشنى چەكلەش پەرمانىنى ئۆزى چىقارغان، باشقىلار كاللىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئۇنىڭغا كېلىپ مەلۇم قىلىۋاتقانىكەن، دېمەك، خاقان ئۆزى ئەڭ ئالىي پەرمانىنىڭ تۇتقۇنى بولۇپ قالدى دېگەن گەپ. ئۇ ئەمدى ئۆز پەرمانىنى ئىجرا قىلمىسا بولمايدۇ، شۇنداق ئىكەن پەرمانغا خىلاپلىق قىلغان ھەرقانداق ئادەمنى چوقۇم جازالاش كېرەك...

تۈن يېرىملىشىپ قالغان مەزگىل. يۈز بېشى ئېردىنى، مىلىڭ بېشىغا خەۋەر قىلىدىغان جىددىي ئىش بار ئىدى، دەپ چىقىپ كەتتى، ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۆزىنىڭ سۆيگىنى بىلەن قېچىش ئۈچۈن تاپقان بىر باھانىسى ئىدى. ئۇ بۇ ئىشتىن خاقانىنىڭ خەۋەر تېپىپ بولغانلىقىنى، دوغلان بىلەن بالىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىشىنىڭ يوقفا چىققانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

يۈز بېشى ئېردىنى زاپاس ئاتنى خۇددى ئوۋ ئىتىنى يېتىلىگەندەك يېتىلەپ، ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇراسىدىن ئوغۇشلۇق ئايلىنىپ ئۆتتى ۋە ئۇرۇش لازىمەتلىكلىرى ئەترىتىگە يېقىنلاشتى. دوغلانىنىڭ چېدىرى ئادەتتە مۇشۇ ئەتراپتا بولاتتى. ئۇ تەگرىدىن نويۇنلارنىڭ چارلاش ئەترىتىگە يولۇقتۇرۇپ قويماسلىقنى تىلەيتتى. نويۇنلارنىڭ چارلاش ئەترىتى قوسۇر تېپىشقا ئامراق، تولىمۇ رەھىمسىز ئىدى. ئەگەر ئەسكەرلەرنىڭ ئىچىدە بىرەرىنىڭ قىمىز ياكى ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالغىنىنى ئۇچرىتىپ قالىدىغان بولسا، ھەرگىز بولدى قىلمايتتى، ئۇنى ئات ئورنىدا ھارۋىغا قوشاتتى، ھارۋىكەش

رەھىمسىزلىك بىلەن قامچىلاپ ماڭاتتى.

ئۆزىنىڭ يۈز كىشىلىك قوشۇنىنى تاشلاپ قاچقان ئېردىنى، ئەگەر تۇتۇلۇپ قالسا ئەڭ قاتتىق جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، يا كىگىزگە يۆگەپ تۇنجۇقتۇرۇپ، ياكى ئېسىپ ئۆلتۈرۈلەتتى. ئەگەر قېچىپ كېتەلىسە، يىراقلارغا، باشقا ئەللەرگە قېچىپ كېتەلىسە، ئۇ چاغدا ئامان قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

ئاي تىكلەنگەن، ئەتراپنى سۈتتەك يورۇتۇپ تۇراتتى. ھەممە يەردە چېدىر ۋە قوي ـ كالىلار توپى، يېلىنجاپ تۇرغان گۇلخانلار ئەتراپىدا ئەسكەرلەر تاتلىق ئۇخلىماقتا ئىدى. مۇنداق كۆپ ئادەم، مال ۋە ھارۋىلارنىڭ ئارىسىدا بىرەر ئادەم نېرى ـ بېرى ماڭسىمۇ ھېچكىم دىققەت قىلىپ كەتمەيتتى. يۈز بېشى ئېردىنى مۇشۇ تەرىپىنى ئويلاپ قېچىپ قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتكەنىدى. ئۇ خوتۇن ـ بالىسىنى ئېلىپ ئوڭۇشلۇق قېچىپ كېتەلىشى مۇمكىن، ئەگەر تەقدىر . . .

ئۇ ھۇنەرۋەن ـ كاسىپلار لاگېرىغا يېقىنلاشقاندا، ئىشتىن چاتاق چىققانلىقىنى سەزدى ۋە ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ جىممىدە تۇرۇۋالدى. شۇنداق، ئۇنىڭ بېشىغا چوڭ بالا ـ قازا كەلگەنىدى! بىر چەتكە جايلاشقان چېدىرنىڭ يېنىدا گۇلخان يالقۇنجاپ يېنىپ تۇراتتى، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئەنسىزچىلىككە سالىدىغان دەھشەتلىك ئوت يالقۇنى ئەتراپنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى. زاساۋۇر مىللىتىدىن بولغان ئون ئاتلىق لەشكەر ئۈنلۈك سۆزلەشكىنىچە گۇلخانىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى.



www.uyghurkitap.com

ئۇچ لەشكەر ئاتتىن چۈشۈپ، ئۇستى يىپىق هارۋىنى ئاتقا قوشتى، بۇ دەل بۇگۇن قاچقاندا دوغلان ئولتۇرماقچى بولغان هارۋا ئىدى. ئاندىن ئۇلار چىدىر ئىچىدىن بالا كۆتۈرگەن دوغلاننى ئاچىقتى. سۆسەر جۇۋا كىيگەن دوغلان گۇلخان يورۇقىدا ناهايىتى ئىنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ بالىنى باغرىغا مەهكەم باسقان، چىرايىدا قان دىدارى يوق، قورقۇپ هالىدىن كەتكەندەك قىلاتتى. لەشكەرلەر ئۇنىڭدىن نىمىلەرنىدۇ سورايتتى. بىر چاغدا: «ئىيتە، بۇزۇق! ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن، جالاپ! گىپىمگە جاۋاب بەر!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز، ئارقىدىنلا يەنە ئاتۇكىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. توغرا، بۇ شەك - شۈبهىسىز شۇنىڭ ئاۋازى: «مەن نەدىن بىلەي؟! سىلەر مىنى نىمىشقا ئۇرىسىلەر؟ ئۇنىڭ كىمدىن بولغان بالا ئىكەنلىكىنى مەن قانداق بىلەتتىم؟ بۇ هازىر مۇشۇ يايلاقتا بولغان ئىش ئەمەسقۇ! ئۇ تىخى يىڭى بوشاندى، بۇنى ئۆزۈڭلارمۇ كۆردۈڭلار، ئەمدى ماڭا يەنە نىمە دەيسىلەر؟ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىشنىڭ توققۇز ئاي ئىلگىرى بولغانلىقىنى هەممىڭلار چۈشىنىدىغانسىلەر؟ ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاچان شۇنداق ئىش ئۆتۈلگەنلىكىنى مەن نەدىن بىلەتتىم؟ سىلەر مىنى نىمىدەپ ئۇرىسىلەر؟ ئۇنى قورقۇتۇپ ئۆلتۈرەمسىلەر؟ ئۇنىڭ قولىدىكى بالىغا بولسىمۇ ئىچىڭلار ئاغرىسۇن! ئۇ سىلەرگە ئاز كۈچ چىقاردىمۇ؟ ئۇ سىلەرنىڭ تۇغۇڭلارنى كەشتىلىگەن، سىلەر هازىر ئۇنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش قىلىۋاتىسىلەر، ئۇنى نىمىشقا ئۇرىسىلەر؟ زادى نىمىشقا؟» ئاتۇك هەدەپ ۋارقىرايتتى.

ئاتۇكىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ خۇددى بىر

تال يوپۇرماقتەك ئاجىز تۇرسا نېمىمۇ قىلالايتتى. ئېردىنىمۇ مەيدىسىنى كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدىغۇ؟ تولۇق قورالانغان ئون زاساۋۇرغا ئۇ ئۆزى يالغۇز قانداقمۇ تەڭ كېلەلىسۇن؟ بىرگە بىر ياكى بىرگە ئىككى بولغان بولسىمۇ بىر گەپ. لېكىن ئۇنىڭدىمۇ قانداق قىلغىلى بولىدۇ؟ زاساۋۇرلار چىلبۆرىدەك توپ - توپ بولۇشۇۋېلىپ، باشقىلارنى بوزەك ئېتىپ ئۆگىنىپ قالغان، ئۇلار ئازراق پۇرسەت تاپسىلا، ئولىشىپ كېلىپ ساڭا زىيانكەشلىك قىلىدۇ، سېنى قىينايدۇ!

زاساۋۇرلار ئاۋۋال بالا كۆتۈرگەن دوغلاننى، ئاندىن ئاتۇڭنى ھارۋىغا ئىتتىرىپ چىقاردى - ەە، ھارۋىنى ھەيدەپ يۈرۈپ كەتتى.

ھەممە تىنچلاندى، ئەتراپنى يەنە جىمجىتلىق باستى. يېقىن ئارىدا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. يىراقتىكى ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ۋە بەزى يەرلەردىن ئادەملەرنىڭ گۇدۇڭ - گۇدۇڭ ئاۋازلىرى يەنە ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

كەشتىچى قىز دوغلاننىڭ چېدىرى يېنىدىكى گۈلخانمۇ ئاستا - ئاستا ئۆچۈشكە باشلىدى. ئاسماندىكى سانسىز يۇلتۇزلار خۇددى بۇ ئىشلار ئەسلى شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك، بوشاپ قالغان يايلاقتا، پانىي ئالەمدىكى كۆڭۈلسىز ئىشلارغا ۋە ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئازابلىق ئۇرۇشلارغا سوغۇق نەزەرى بىلەن ئۈن - تىنسىز قاراپ تۇراتتى. . .

ئېردىنى خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك خاراموش ھالەتتە كېتىپ باراتتى. ئۇ مۇزلاپ ئۈيۈشۈپ كەتكەن قولى



www.uyghurkitap.com

بىلەن زاپاس ئاتنىڭ يۈگىنىنى ئېلىپ يەرگە تاشلىدى، يۈگەننىڭ ئېغىزدۇرۇقى نېمىگىدۇ تېگىپ جاراڭلاپ كەتتى. ئېردىنى نەپسىنىڭ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ بار كۈچىنى يىغىپ زاپاس ئاتنىڭ ساغرىسىغا بىر شاپىلاق ئۇردى. ئەمدى بۇ ئاتنىڭ ئۇنىڭغا كېرىكى قالمىدى. ئاتقا ئەمدى ئۇنىڭ ئېھتىياجى چۈشمەيدۇ! ئات يېقىن ئەتراپتىكى ئاتلار توپىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ئېردىنى مەقسەتسىز ھالدا يايلاقنى بويلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ نەگە بارىدىغانلىقىنى، نېمە قىلىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇنىڭدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمايدىغان سادىق ئاق قاشقا ئېتى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتاتتى. ئېردىنى ئۇنى مىنىپ سانسىز قېتىم ئۇرۇشلارغا قاتناشقان، لېكىن ھازىر ئۇنى مىنىپ تۇرۇپمۇ سۆيگىنىنى، يېڭى تۇغۇلغان بالىسىنى بەختسىز تەقدىرنىڭ قىسمىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىدى.

ئېردىنى خۇددى ئەما ئادەمدەك مۇدۇرۇپ - چوقۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولغان، ئۇنچىدەك ياش تامچىلىرى ھۆل بولۇپ كەتكەن بۇرۇتىنى بويلاپ ئاقماقتا ئىدى. ئاي ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان، مۇكچەيگەن گەۋدىسىگە ئۆز نۇرىنى چېچىپ تۇراتتى... ئۇ خۇددى توپىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان مالدەك قەدەملىرىنى ناھايىتى تەستە يۆتكەپ كېتىۋاتاتتى. بۇ دۇنيادا ھاياتنىڭ يولى شۇنداق: ياشىغۇدەك قۇدرەت بولسا ياشاش، بولمىسا ئۆلۈش كېرەك! ئۇنىڭدىن باشقا يول يوق... ھازىر ئۇ قانداق قىلىشى كېرەك؟ ئۇنىڭغا زادى قەيەردىن ئورۇن بار؟ ئۆلۈۋېلىش كېرەك! پىچاقنى يۈرىكىگە، ئۇنى

ئۆلگۈدەك ئازابلاۋاتقان ئاشۇ يۈرىكىگە تىقىش كېرەك، باشقا ئامال يوق، شۇندىلا بۇ ئېغىر ئازابلاردىن بىراقلا قۇتۇلىدۇ. ئۇمۇ بولمىسا، بۇ يەردىن يوقىلىش، ئىز-دېرەكسىز يوقىلىش، كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن مەڭگۈ كۆتۈرۈلۈپ كېتىش كېرەك...

يۈز بېشى يەرگە ئۆزىنى تاشلاپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ يەر بېغىرلاپ ئالدىغا ئۆمىلەيتتى، تاشلار ئۇنىڭ قوللىرىنى قىيىۋەتتى. تىرناقلىرى ئارىسىدىن قان ئاقتى، لېكىن زېمىن بۇ ئازابلار ئالدىدىمۇ يېرىلىپ كەتمىدى. كېيىن ئۇ تىكلىنىپ ئولتۇرۇپ، بېلىگە ئېسىۋالغان پىچاقنى ئالدى...

يايلاقنى بىر خىل جىمجىتلىق، سۈرۈنلۈك قاپلىغان، كۆكتە سانسىز يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇراتتى. ئاي نۇرى ئاستىدا پەقەت ئۇنىڭ سادىق ھەمراھى ئاق قاشقا ئاتلا خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ بىر چەتتە سەۋرچانلىق بىلەن تۇراتتى...

شۇ كۈنى سەھەردە قوشۇن يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى تاغ ئۈستىگە چىقىپ تەييارلىنىپ تۇرغان دۇمباقچىلار قوشۇننى يىغىلىشقا چاقىرىپ دۇمباق چېلىشقا باشلىدى. توختىماي چېلىنىۋاتقان دۇمباق ئاۋازى ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئەنسىزچىلىككە سالاتتى. ئۇ سەركەردە ـ لەشكەرلەرنى يول ئۈستىدە تۇغۇپ قويغان بۇزۇق كەشتىچى خوتۇننى جازالىغاننى كۆرۈشكە چاقىرماقتا ئىدى. جازالانغۇچىنىڭ ئىسمىنىڭ دوغلان ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى.

شامان دىنىنىڭ «يامانلىقنى يوقىتىش» دۇمباق

ئاۋازى ئاستىدا، تولۇق قوراللانغان ئاتلىق لەشكەرلەر خۇددى پاراتتىن ئۆتىدىغاندەك، تاغنىڭ ئەتراپىغا يىرىم شار شەكلىدە رەتلىك تىزىلىشتى. قاتار - قاتار تۇرغان يۈز كىشىلىك ئەترەتلەر قوشۇننىڭ ھەيۋىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئوزۇق - تۈلۈك، ئۇرۇش لازىمەتلىكلىرىگە مەسئۇل ئادەملەر ئورۇنلاشتۇ- رۇلغان، ئىشقىلىپ، ھەر قايسى ساھەدىكى ھەممە ئەر - ئاياللار يىغىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياش، تازا تولۇپ ۋايىغا يەتكەنلەر ئىدى. مانا ئاشۇلارنى چۆچۈتۈپ قويۇش ۋە ئۇلارغا ساۋاق بولسۇن ئۈچۈن، بۈگۈنكى جازانى ئوچۇق - ئاشكارا ئېلىپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. خاقاننىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلىدىكەن، مەيلى ئۇ قانداق ئادەم بولسۇن، ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق!

تاغ ئۈستىدىكى دۇمباق توختىماي گۈمبۈرلىمەكتە، ئۇنىڭ ئاۋازى كىشىلەرنىڭ تومۇرلىرىدىكى ئىسسىق قانلارنى سوۋۇتۇپ، ئەس - ھوشىنى ئالاتتى، كىشىلەرنى چىڭگىزخاننىڭ ئىرادىسى بويىچە بولۇۋاتقان بۇ ئىشقا قوشۇلۇشقا، ھەتتا ئۇنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەشكە مەجبۇر قىلاتتى.

توختىماي چېلىنىۋاتقان دۇمباق ئاۋازى ئىچىدە، بىرنەچچە كىشى ئالتۇن رەڭ بىر تەختىراۋاننى تاغ ئۈستىگە كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى. تەختىراۋان ئىچىدە خاقان ئولتۇراتتى، ئۇ قورسىقىدىكى بالىنىڭ كىمدىن بولغانلىقىنى ھەرقانچە قىلسىمۇ ئېيتمايۋاتقان ھېلىقى خەتەرلىك خوتۇنغا ئۆلۈم جازاسى بۇيرۇغانىدى. ئۇلار تەختىراۋاننى تاغ ئۈستىگە ئاچىقىپ يەرگە قويدى، پۈتۈن

www.uyghurkitap.com

ئەتراپ تاڭ قۇياشىغا چۆمۈلگەن، تەختىراۋاننىڭ ئەتراپىدا ئۇستىگە ئوت پۈركۈۋاتقان ئەجدىھانىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تۇغلار شامالدا توختىماي يەلپۈنۈپ تۇراتتى. يۇلقۇنۇپ تۇرغان ئاشۇ ئەجدىھا خاقاننىڭ سىمۋولى، لېكىن خاقان قولى گۈل كەشتىچى قىز پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاشۇ ئەجدىھالارنى كەشتىلەۋاتقاندا، ئۆزىنى ئەمەس، باشقا بىرىنى، خۇددى ئەجدىھادەك قورقۇمسىز سۆيگەن يىگىتىنى ئويلىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. ئاشۇ قىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە شۇ سەۋەبلىك ھاياتىدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ھېچكىم پەرەز قىلالمايتتى.

دەھشەتلىك مىنۇتلار يېقىنلاشماقتا. دۇمباق ئاۋازى ئاستا - ئاستا ئاجىزلىماقتا. جازا ئىجرا قىلىنىشتىن ئىلگىرى دۇمباق ئاۋازى پۈتۈنلەي توختىتىلاتتى. قورقۇنچلۇق جىمجىتلىق باسقان شۇ دەقىقە ئىچىدە، كىشىلەر قاتتىق جىددىيلىشىدۇ، ۋاقىت شۇنداق ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك، ھەتتا توختاپ قالغاندەك بىلىنىدۇ. ئارقىدىنلا قولاقنى يارغۇدەك دۇمباق ئاۋازى يەنە ياڭرايدۇ. بىر ھاياتلىق يىلتىزىنى قىرقىش داۋامىدا ئاشۇ ئەسەبىيلەرچە چېلىنىۋاتقان دۇمباق ئاۋازى نەڭكەش قىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان ھەربىر ئادەمدە بىر خىل خاراموشلۇق پەيدا بولىدۇ، جازالانغۇچىغا قارىتا ئۆچمەنلىك قوزغىلىدۇ، ئۇنىڭ بەختسىزلىكىدىن خۇشال بولىدۇ، جازالانغان ئادەمنىڭ ئۆزلىرى ئەمەس، باشقا بىرى ئىكەنلىكىدىن ئىچ - ئىچىدىن خۇشاللىنىدۇ.

دەھشەتلىك دۇمباق ئاۋازى ئاستا - ئاستا پەسىيىشكە

باشلىدى، توپلانغان كىشىلەر ئىختىيارسىز جىددىيلىشىشكە باشلىدى، ھەتتا چەۋەندازلارنىڭ ئاستىدىكى ئاتلارمۇ جىمىمىدە تۇراتتى. چىڭگىزخاننىڭ ھەيكەلنىڭكىدەك قېتىپ قالغان چىرايىدىمۇ ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل جىددىيلىك، چىڭ يىمىرىلگەن لەۋلىرى ۋە قاپىقى سېلىنغان كۆزلىرىدىن بىر خىل رەھىمسىزلىك چىقىپ تۇرىدۇ.

كەشتىچى قىز دوغلان جازا مەيدانىنىڭ يېنىدىكى بىر چېدىردىن ئاچىقىلغاندا، دۇمباق ئاۋازى پۈتۈنلەي توختىدى. ئۆكۆزدەك كۈچلۈك زاساۋۇرلار دوغلاننىڭ بىلىكىدىن قامالالاپ تۇتۇپ، ئۇنى ئىككى ئات قوشۇلغان ھارۋىغا ئىتتىرىپ چىقاردى. چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان بىر زاساۋۇر يىگىت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قامالالاپ تۇتۇپ تۇراتتى.

سەپتە تۇرغان ئادەملەر، بولۇپمۇ ئاياللار ھەدەپ غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى: قارا، ئاشۇ ئىكەن، ھېلىقى كەشتىچى قىز! قارا، ئۇ ئىگىسىز بوزۇق قانجۇقنىڭ ھالىنى، قارىسا ئۆزى ياش، چىراي دېگەنمۇ بار، شۇ تۇرقى بىلەن بىرەر نويونغا ئىككىنچى، ئەڭ بولمىغاندا ئۈچىنچى خوتۇن بولۇشقا لايىق! ئەگەر قېرىراق نويونغا تېگىشۋالغان بولسىغۇ جېنىغا تېخىمۇ راھەت بولار ئىدى. لېكىن، ئۆتۈپ بېرىپ نەدىكى بىر نېمىنى تېپىپتۇ دەڭلار. تېخى بۇ يۈزسىز خوتۇننىڭ ھارامدىن تاپقان بالىسىنى قارىمامسىلەر! بۇ خاقاننىڭ يۈزىگە تۈكۈرگەن بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ! مانا ئەمدى جازاسىنى تارتىدىغان بولدى، بوزۇق! ئۇنى تۆگىنىڭ ئۆركىشىگە ئېسىپ

ئۆلتۈرسىكەن، ئىلاھىم! ئويناپ پاقالىق قانغاندۇ، ساھىبجامال! زەھەرخەندىلىك بىلەن قىلىنىۋاتقان بۇ تىل ـ ھاقارەتلەر قورقۇنچلۇق دۇمباق ئاۋازىنىڭ داۋامى ئىدى. دۇمباق يەنە ياڭرىماقتا، كىشىلەرنىڭ ئەس ـ ھوشىنى ئېلىپ، ئۇلارنى خاقان نەپرەتلىنىدىغان ئادەمگە نەپرەتلىنىدىغان قىلىش ئۈچۈن، يەنە شۇنداق دەھشەت بىلەن چېلىنماقتا.

— ھوي، قاراقچىلار، ئاۋۇ بالا كۆتۈرۈۋالغان چاكارغا، — ئاياللار ئىچى قارىلىق بىلەن يەنە ۋارقىرىدى. دەرۋەقە، ئۇ ئاتۇك ئىدى. ئۇنى ئەپتىدىن ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرىدىغان زاساۋۇر يىگىت يالاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قولىدا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق، ئۆزى شۇمشىيىپلا قالغان، ئەتراپىقا ئالاقزادىلىك بىلەن قارايتتى، ئۇ خۇددى قولىدىكى بوۋاق ئارقىلىق ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇلغان كەشتىچى ئايالنىڭ جىنايىتىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك ئىدى.

ئۆلتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى ئۇلار مانا مۇشۇنداق پۈتۈن ئادەمنىڭ ئالدىدا سازايە قىلىندى. دوغلان ئەمدى باشقا يولنىڭ قالمىغانلىقىنى، كەچۈرۈم قىلىنىشىنىڭ، بۇ جازادىن خالاس بولۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتتى.

چېدىردىن ئاچىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن، ئۇ بالىسىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئېمىتىۋالدى. ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز بەختسىز نارەسىدە ئانىسىنىڭ كۆكسىنى بار كۈچى بىلەن شورىماقتا ئىدى. ئاستا ـ ئاستا پەسىيىپ كېتىۋاتقان دۇمباق ئاۋازى ئۇنىمۇ بىر خىل خاراموش ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇۋاتاتتى. چاكار ئاتۇك بىر چەتتە

ئېسەدەپ يىغلاپ تۇراتتى، ئۇ ئاۋازىنىڭ چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، قولى بىلەن ئاغزىنى چىڭ ئېتىۋالغانىدى.

— ئۇ ھازىر قەيەردىدۇ؟ — سورىدى دوغلان ئۆزى بىلمەيدىغان ئەھۋاللارنى ئاتۇڭنىڭمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ تۇرۇپ. ئۇ ئالدىراپ بالىنى بىر كۆكسىدىن يەنە بىر كۆكسىگە يۆتكىدى.

— بىلمەيمەن، — دېدى ئاتۇڭ يۇم - يۇم يىغلاپ تۇرۇپ، — مېنىڭچە ناھايىتى يىراقتا بولسا كېرەك.

— شۇنداق بولسۇن، ئىلاھىم، شۇنداق بولسۇن! — دەپ تىلىدى دوغلان.

ئاتۇڭ ئازاب بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى، يۈز بېشى ئېردىنى ئۆزىنى دالدىغا ئالسا بولاتتىغۇ، يىراقلارغا، ئادەم كۆرمەس يەرلەرگە كەتكەن بولسا بولاتتىغۇ، دېگەننىلا ئويلايتتى.

چېدىر سىرتىدىن ئاياغ تىۋىشى ۋە ئادەملەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ھوي، ئۇلارنى ئاچىقىڭلار، بۇياققا ئاچىقىڭلار!

كەشتىچى قىز ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بالىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ، بالىنىڭ بەدىنىدىن كېلىۋاتقان مەززىلىك ھىدنى قېنىپ - قېنىپ پۇرىدى، ئاندىن تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئۇنى ئاتۇڭغا ئۇزاتتى:

— ئۇ ھاياتلا قالسا، مېنىڭ ئورنۇمدا ئۇنىڭدىن ياخشى خەۋەر ئالغىن...

— خاتىرجەم بولغىن! — ياش ئۇنىڭ ئاۋازىنى بوغۇۋالدى، ئۇ ئاخىر ئۆزىنى بېسىۋالالماي، ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە ھۆكىرەك ئېتىپ يىغلىۋەتتى.

بۇ چاغدا زاساۋۇرلار كىرىپ، ئۇلارنى تارتىپ سۆرەپ سىرتقا ئاچىقتى.

يېڭىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئۇپۇق سىزىقى ئۈستىدە ئېسىلىپ تۇراتتى. كەشتىچى قىز ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن يولغا چىقمىشقا تەق بولۇپ تۇرغان زور قوشۇننىڭ ئارقىسىدا بىپايان سارى ئۆزەك يايلىقى سوزۇلۇپ ياتاتتى. خاقاننىڭ تەختىراۋانى بىر تاغنىڭ ئۈستىدە يالىلداپ كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. دوغلان چېدىردىن چىقىپ تەختىراۋانغا لەپپىدە قاراپ قويدى. ئۇنىڭ ئىچىدە خۇددى خۇدادەك يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان چىڭگىزخان ئولتۇراتتى. تەختىراۋاننىڭ ئەتراپىدا دوغلان ئۆز قولى بىلەن كەشتىلەپ تىكىپ چىققان، ئۈستىگە ئوت پۈركۈۋاتقان ئەجدىھانىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تۇغلار يايلاقنىڭ مەيىن شامىلىدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

كۈنلۈك ئاستىدا ئولتۇرغان چىڭگىزخان تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ ھەممىنى، بىپايان يايلاقنى، قاتار تۇرغان لەشكەرلەر ۋە ئات ـ ھارۋىلارنى كۆرۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە يەنىلا بۇرۇنقىغا ئوخشاش ھېلىقى سادىق ئاق بۈلۈت لەيلەپ تۇراتتى. كەشتىچى قىزنىڭ ئىشى ئۇلارنىڭ سەھەردىلا يولغا چىقىپ كېتىشىگە توسقۇنلۇق قىلدى، بىراق ئاخىرقى نىشانغا ئوخشۇشلۇق يېتىش ئۈچۈن ئىشلارنى پۇختا قىلىپ مېڭىش كېرەك. بۇ قېتىم ئۇ ئېلىپ بېرىۋاتقان جازا تۇنجى قېتىمقىسى ئەمەس، ھەم ئەڭ ئاخىرقى قېتىمقىسىمۇ ئەمەس. مەيلى قانداقلا بولسۇن، بۇيرۇققا بويسۇنمىغانلار مۇشۇنداق جازاغا تارتىلىدۇ. خاقان شۇنىڭغا قاتتىق ئىشىنىدۇ: پۈتۈن ئادەمنى ئەڭ ئالىي

شەخس بېكىتكەن ئەمىر-مەرۇپلارغا قەتئىي بويسۇنىدىغان قىلىش ئۈچۈن، جازانى پۈتۈن ئادەمنىڭ ئالدىدا ئوچۇق - ئاشكارا ئىجرا قىلىش كېرەك. بۇ ئارقىلىق مەيلى بۇ جازادىن قورقۇپ ئەس - ھوشىنى يوقاتقانلار بولسۇن، مەيلى باشقىلارنىڭ پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلۈشىدىن ھۇزۇرلىنىپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن، بۇ بالا - قازانىڭ ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا چۈشمىگەنلىكىدىن نومۇسسىزلارچە خۇشال بولغان كىشىلەر بولسۇن، ھەممىسى مۇشۇنداق جازالاپ تۇرۇشنى ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى دەپ قارايدىغان بولسۇن، شۇنداقلا ئۇلار بۇ ئىشنى توغرا دەپلا قاراپ قالماي، ھەتتا ئۇنى چىن دىلىدىن قوللايدىغان بولسۇن.

كەشتىچى قىز ھارۋا بىلەن پۈتۈن ئادەمنىڭ ئالدىغا ئەكىلىنگەندە، كىشىلەر خۇددى ئۇۋىسى بۇزۇلغان ھەرىدەك غوڭۇلدىشىپ، ئورنىدا تۇرالماي قېلىشتى. كۆنلۈك ئاستىدا ئولتۇرغان چىڭگىزخاننىڭ چىرايىمۇ تارتىشىپ قورقۇنچلۇق تۈسكە كىردى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇغلار مەيىن يەلپۈنۈپ، تۇغلار يېنىدا گېشكىر مىللىتىدىن بولغان قورۇقچىلار ھەيكەلدەك قېتىپ تۇراتتى. جازانى پۈتۈن ئادەمنىڭ ئالدىدا ئىجرا قىلىش مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بۇنىڭدىن كىشىلەر غەربكە يۈرۈش قىلىش ئۇلۇغ ئىشىغا ئازراقلا توسقۇنلۇق قىلىنىدىكەن، گەپ - سۆزسىز جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالىدۇ. خاقان ئىچىدە: بەلكىم ياش بىر ئايالنى، بىر ئانىنى مۇنداق رەھىمسىزلىك بىلەن جازالاش تازا توغرا بولمىغاندۇ، ئۇنى كەچۈرۈم قىلىۋەتسەممۇ بولار ئىدى

دەپمۇ ئويلايتتى، لېكىن يەنە بىر يەرلىرىدىن ئۇنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىشكە قوشۇلمايتتى. مۇنداق ئىشلارنى كەڭ قورساقلىق بىلەن كەچۈرۈم قىلىۋەرسە، ئىش يامىنىغا كېتىۋېرىدۇ، ھاكىمىيەت ئاجىزلىشىدۇ، كىشىلەر نومۇسنى بىلمەيدىغان بولۇۋالىدۇ. ياق خاقان بۇ ئىش ئۈچۈن ھەرگىز پۇشايمان قىلمايدۇ. كەشتىچى قىزنىڭ ئاشىنىسى كىم ئىكەنلىكى تېخى ئېنىقلانمايۋاتىدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىۋاتقىنى پەقەت مۇشۇ ئىش.

ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان دوغلان ئاستا كېلىۋاتقان ھارۋىنىڭ ئۈستىدە پۈتۈن ئادەمگە قاراپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ مەيدىسى يىرتىلغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان، ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان قويۇق قارا چاچلىرى ئۇنىڭ قان دىدارى قالمىغان يۈزىنى توسۇپ تۇراتتى. ئۇ بېشىنى تىككىدە تۇتۇپ، ھەسرەت ـ نادامەت يېغىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا قارايتتى. ھازىر ئۇنىڭ باشقىلاردىن يوشۇرغۇدەك ھېچنېمىسى قالمىدى. ئۆزىنىڭ سۆيگەن يىگىتىنى ھاياتىدىنمۇ ئەزىز كۆرگەن ئادەم شۇنداق بولىدۇ! مەنئى قىلىش بۇيرۇقىغا قارىماي تۇغقان بالا ئۇلارنىڭ مانا مۇشۇنداق چىن مۇھەببىتىنىڭ جەۋھىرى!

كىشىلەر ئۇنىڭ ئاشىنىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلگۈسى كېلىپ ھەدەپ ۋارقىرايتتى:

— ھوي بىيە، سېنىڭ ئايغىرىڭ قەيەردە؟ ئۇ كىم؟

كىشىلەر ئاگىسىز ھالدا بۇ گۇناھلىق ئىشقا نەپرەتلىنىپ ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي قېلىشقان ۋە شۇنچىلىك قەبىھلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار بۇ پەسكەش

گۇناھكارنى بىلدۇرراق كۆزدىن يوقاتماقچى بولۇپ، جان - جەھلى بىلەن ۋارقىرايتتى:

— ئۇ قانجۇقنى ئېسىپ ئۆلتۈرۈش كېرەك، ھازىرلا ئۆلتۈرۈش كېرەك، يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر!

جازانى ئورۇنلاشتۇرغۇچى، ئەسەبىيلەشكەن كىشىلەر كەشتىچى قىزنىڭ ئىرادىسىنى چوقۇم سۇندۇرىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. ئۆزى سالاپەتلىك، ئاۋازى ياڭراق بىر نويۇن خاقان ئۇچۇن بىر خىزمەت كۆرسىتىۋەتمەكچى بولۇپ، خاقانىنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ، ھاياتىدىن قىلچە ئۈمىد قالمىغان كەشتىچى قىز ۋە بالا كۆتۈرۈۋالغان چاكارنىڭ يېنىغا كەلدى. كەشتىچى قىز ھارۋىدا، چاكار ھارۋىنىڭ يېنىدا كېلىۋاتاتتى.

— ھوي، توختاڭلار! — نويۇن ھارۋىنى توختاتقۇزۇپ، قاتار سەپ بولۇپ تۇرۇشقان ئاتلىق لەشكەرلەرگە قاراپ ۋارقىرىدى، — ھەممىڭلار گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار! ھازىر بۇ يۈزسىز پەسكەش خوتۇن ھەممىنى ئىقرار قىلمىسا بولمايدۇ! قېنى ئېيتە، بۇ بالا كىمدىن بولغان؟ كىم بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ يۈردۈڭ؟ مۇشۇ تۇرغانلارنىڭ ئارىسىدا بالىنىڭ دادىسى بارمۇ؟

دوغلان «يوق» دەپ جاۋاب بەردى.

لەشكەرلەر ئىچىدە بىر خىل ئەنسىز كۇسۇرلاش باشلاندى.

ھارۋا يۈز كىشىلىك قوشۇنلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. يۈز بېشىلا ئارقا - ئارقىدىن ۋارقىرىماقتا ئىدى:

www.uyghurkitap.com

— ئۇ بىرنېمە مېنىڭ ئادەملىرىمنىڭ ئارىسىدا يوق، سېنىڭكىدە بولسا كېرەك.

ئاۋازى ياڭراق نويون كەشتىچى قىزنى بالىنىڭ دادىسى كىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىشقا ھەدەپ قىستايتتى. ھارۋا ئاتلىق لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا يەنە توختىدى.

— ھوي پاسكىنا، تېز ئېيتمامسەن، بالا زادى كىمدىن بولغان؟ — ۋارقىرىدى نويون.

يۈز بېشى ئېردىنى دەل مۇشۇ قوشۇننىڭ ئىچىدە ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاق قاشقا ئېتىغا مىنىپ، قوشۇننىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇراتتى. دوغلان بىلەن ئېردىنىنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى. ۋاراڭ - چۇرۇڭ ۋە قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ھېچكىممۇ ئۇ ئىككىسىنىڭ قىيالمىغان ھالدا كۆزلىرىنى باشقا ياققا يۆتكىگەنلىكىگە دىققەت قىلمىدى. دوغلاننىڭ تېنى جۇغىدە قىلىپ قالدى. ئۇ پېشانىسىگە چۇشۇۋالغان چاچلىرىنى ئارقىسىغا قايرىدى، ئۇنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ، قىزىللىق يەنە شۇ زاماتلا يوقالدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالغان شۇ قىسقىغىنا دەقىقە ئىچىدە دوغلاننىڭ قانچىلىك خۇشال بولغانلىقى ھەم قانچىلىك ئازابلانغانلىقىنى بىر ئېردىنىلا چۈشىنەتتى. نويوننىڭ سورىغان سوئالى دوغلاننى ئېسىگە كەلتۈردى. ئۇ يۈرىكىدىكى ھېسسىياتىنى تەستە بېسىپ، قەتئىيلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— ياق، بالامنىڭ دادىسى بۇ يەردە ئەمەس!

شۇ چاغدا يۈز بېشى ئېردىنىنىڭ روھسىز ھالدا بېشىنى يەرگە قىلغانلىقىغا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى، لېكىن ئۇ ئارقىدىنلا ئۆزىنى ھېچ ئىش بولمىغاندەك

كۆرستىشكە تىرىشىپ، بېشىنى زورىغا كۆتۈردى.
جالالاتلار تەييار بولۇپ كۈتۈشۈپ تۇراتتى. ئۈچىسىغا ئۇزۇن چاپان كىيىپ، ياقىسىنى كۆتۈرۈۋالغان بەستلىك ئۈچ جاللات جازا مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قوش ئۆركەشلىك بىر تۆگىنى يېتىلەپ كەلدى. تۆگە ناھايىتى ئېگىز بولۇپ، ئات مىنىۋالغان ئەسكەرلەرنىڭ بېشى ئاران ئۇنىڭ قورسىقىغا كېلەتتى. بىپايان يايلاقتا دەرەخ كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان بولغاچقا، كۆچمەن مىللەتلەر بىرەرىنى ئۆلتۈرمەكچى بولسا، تۆگىگە ئېسىپ ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىناتتى. بۇنىڭدا ئىككى جىنايەتچىنى بىر - بىرىگە چېتىپ باغلايتتى، ئەگەر جىنايەتچى بىر بولسا، تەڭپۇڭ قىلىش ئۈچۈن يەنە بىر تەرىپىگە قۇم قاچىلانغان تاغار باغلايتتى. كەشتىچى قىز دوغلانغا چېتىپ باغلايدىغان قۇم قاچىلانغان تاغارمۇ تەييارلاپ قويۇلغانىدى.
جالالاتلار توختىماي بوزلاۋاتقان تۆگىنى ۋارقىراپ، دۇمبالاپ ھەدەپ چۆكۈشكە زورلايتتى. تۆگە قاۋۇل پۇتلىرىنى يىغىپ ئاستا چۆكتى. دار تەييار بولدى.
دۇمباق ئاستا چېلىنىشقا باشلىدى، بۇ ۋاقىتتى كەلگەندە دۇمباقنى بىراقلا گۈمبۈرلىتىپ چېلىپ، كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى زىلزىلىگە سېلىشنىڭ تەييارلىقى ئىدى.
بۇ چاغدا ئاۋازى ياڭراق نويون كەشتىچى قىزدىن يەنە سوئال سوراشقا باشلىدى، ئۇ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلىۋاتقاندەك ئىدى.
— بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سوئال سورىشىم، ئەخمەق پەسكەش، ساڭا بەرىبىر ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق،

سىنىڭ ھارامدىن بولغان كۈچۈكۈڭمۇ ساق قالمايدۇ! ساڭا زادى قانداق چۈشەندۈرسەم بولىدۇ. ئەجەبا، ئۇ ھارامنى قورسىقىڭغا كىمنىڭ ئۇندۇرۇپ قويغانلىقىنىمۇ بىلمەمسىنا؟ قېنى، ئوبدانراق ئويلىنىپ باق، بەلكىم ئېسىڭگە كېلىپمۇ قالار؟

— ئېسىمگە ئالالمىدىم، بۇ ناھايىتى ئىلگىرى بۇ يەردىن يىراق بىر جايدا بولغان ئىش، — دېدى كەشتىچى قىز.

يايلاق ئاسمىنىدا ئەرلەرنىڭ قوپال مەسخىرىلىك كۈلكىلىرى ۋە ئاياللارنىڭ قىن - قىنىغا پاتماي ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى ياڭرىدى.

نويۇن بۇنىڭلىق بىلەن سوئالىنى توختاتمىدى:

— بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى، دېمەكچى، بۇ قايناق بازارلارنىڭ بىرىدە بولغان ئىش دېگىنە؟

— شۇنداق، بازاردا بولغان ئىش! — دوغلانمۇ بوش كەلمىدى.

— سودىگەرمۇ، سەرگەردانمۇ؟ ياكى بازاردىكى بىرەر ئوغرى - قاراقچىمۇ؟

— سودىگەرمۇ، سەرگەردانمۇ ياكى بازاردىكى بىرەر ئوغرى - قاراقچىمۇ، بۇنىمۇ تازا ئېنىق ئۇقمايمەن، — دوغلان ئۇنىڭ گېپىنى تەكرارلاپ جاۋاب بەردى.

قاقاقلاپ كۈلگەن ۋە ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىغان ئاۋازلار يەنە ياڭرىدى.

— سودىگەر، سەرگەردان، ئوغرى - قاراقچى بولامدۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ بولدى، بۇ

ئىشنىڭ بازاردا يۈز بەرگەنلىكى ئېنىق بولدىغۇ!

بۇ چاغدا ئاتلىق لەشكەرلەر ئىچىدە كىمنىڭدۇ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بالىنىڭ دادىسى مانا مەن! بىلگۈڭلار كېلىپ كەتكەن بولسا، بالىنىڭ دادىسى مەن بولىمەن! — بىر ئەر قەتئىيلىك بىلەن ۋارقىرىدى.

پۈتۈن ئەتراپ تىمتاسلىقتا چۆمدى، ھەممە ئادەم داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. بۇ كىمدۇ؟ كەشتىچى قىز بۇ سىرنى ئۆزى بىلەن مەڭگۈ بىللە ئېلىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقان مۇشۇنداق بىر پەيتتە، ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەكچى بولۇۋاتقان كىمدۇ؟

كىشىلەر ئېغىزلىرىنى ئېچىپلا قېلىشتى: ئاق قاشقا ئاتقا مىنگەن يۈز بېشى ئېردىنى سەپنى يېرىپ چىقىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ قەددىنى تىككىدە تۇتۇپ، ئۇزەڭگىنى چىڭ دەسسەپ تۇرۇپ، توپقا قاراپ ۋارقىرىدى:

— شۇنداق، بالىنىڭ دادىسى مەن! بۇ مېنىڭ بالام، ئۇنىڭ ئىسمى غۇنۇن! بالامنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى دوغلان! مەن يۈز بېشى ئېردىنى بولىمەن!

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ، ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە، ئاتنىڭ كۆكرىكىگە كۈچ بىلەن بىر شاپىلاق سالدى، ئات توپا توزىتىپ ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كەتتى. ئاندىن ئۇ جاللاتلار قاماللاپ تۇتۇپ تۇرغان كەشتىچى قىزغا قاراپ ماڭدى. ئۇ كېتىۋېتىپ ئۈستىدىكى قورال ـ ياراغ، ساۋۇت، دۇبۇلغىلىرىنى ئېلىپ بىر چەتكە تاشلىدى. ئۇ كېتىۋاتاتتى، ئەتراپنى گۆرستان جىمجىتلىقى باسقان، ھەممە ئادەم ئۆلۈم قوينىغا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن

كېتىۋاتقان بۇ ئادەمگە قاراپ پارقىراپلا قېلىشقانىدى. يۈز بېشى ئېردىنى ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان ئاشىقىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يەرگە تىزلاندى، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدى. دوغلان قوللىرىنى ئۇنىڭ بېشى ئۈستىگە قويدى. ئۇلار شۇ تاپتا ھەيكەلدەك قېتىپ قېلىشقان، ئۆلۈم مۇئەككىلى ئالدىدا يۇغۇرۇلۇپ بىر جان، بىر تەنگە ئايلانغانىدى.

دۇمباق ئاۋازى يەنە ياڭراشقا باشلىدى، دۇمباقلارنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى كۈچىيىپ، خۇددى غالجىرلاشقان بۇقىلارنىڭ ئاۋازىدەك ۋەھىمىلىك ئاڭلىناتتى. دۇمباق ئاۋازى كىشىلەرنى پەرمانغا بىردەك بويسۇنۇشقا، ئۆزلىرىنى روھلۇق تۇتۇشقا چاقىراتتى. كىشىلەر ئېسىنى يىغىپ، ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتىشتى. دۇمباق ئاۋازى كىشىلەرنى يولغا چىقىشقا تەييارلىنىشقا، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئۆزلىرىنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلىشقا چاقىردى. جاللاتلار جازانى ئىجرا قىلىشقا تۇتۇندى. ئۈچ زاساۋۇر دەرھال بېرىپ، جاللاتلارغا ياردەملەشتى. ئۇلار يۈز بېشى ئېردىنىنى يەرگە يىقىتىپ، قوللىرىنى ئارقىسىغا قىلىپ باغلىدى، كەشتىچى قىزنىمۇ شۇ تەرىقىدە باغلىدى. ئاندىن ئىككىسىنى چۆكۈپ تۇرغان تۆگىنىڭ يېنىغا سۆرەپ ئاپاردى، ئۇزۇن بىر پارچە يىپنىڭ بىر ئۇچىنى سىرتماق قىلىپ باغلاپ، ئېردىنىنىڭ بوينىغا ئۆتكۈزۈپ، يىپنى تۆگىنىڭ ئۆركىشىدىن ئاتلىدۇرۇپ، يەنە بىر ئۇچىنى كەشتىچى قىزنىڭ بوينىغا سىرتماق قىلىپ باغلىدى. دەھشەتلىك دۇمباق ئاۋازى ئىچىدە، جاللاتلار تۆگىنى ئورنىدىن تۇرغۇزماقچى بولدى، لېكىن تۆگە قارشىلىق قىلىپ، ئورنىدىن تۇرغىلى ئۇنىمىدى. ئۇ جان ـ جەھلى

بىلەن بوزلايتتى، ئىگرىغاندەك ئاۋاز چىقىراتتى، چىشلىرىنى غەزەپ بىلەن غۇچۇرلىتاتتى. لېكىن، تاياق زەربىسىدىن ئۇ ئاخىر يوغان گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى. تۆگە ئۆركىشىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۆلۈم ئالدىدىمۇ بىر - بىرىگە چىن سادىق بولغان بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇق جان تالىشىپ تېپىرلىماقتا ئىدى.

ئادەمنىڭ مېڭىسىنى قوچۇۋېتىدىغان دۇمباق ئاۋازى ئىچىدە، خاقان ئولتۇرغان تەختىراۋاننىڭ تاغ ئۈستىدىن چۈشۈپ بولغانلىقىغا نۇرغۇن ئادەم دىققەت قىلمىدى. خاقان كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتكەن، كۆڭلى تولۇق قانائەت تاپقانىدى. تېخى كەشتىچى قىزنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان، كارىۋات ئۈستىدىكى ھۇزۇر - ھالاۋەتنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرگەن ئىسمى نامەلۇم ئۇ ئەبلەخمۇ ئاشكارىلاندى. ئۇ ئادەتتىكى لەشكەر ئەمەس، يۈز بېشى ئىكەن، ئۇ خەلقئالەم ئالدىدا تارتىپ چىقىرىلدى ھەم تېگىشلىك جازاغا ئۇچرىدى. ئېھتىمال، بۇ بىر ئۈچ ئېلىش بولۇپ قالغاندۇ. ئۇ ھېسابتا ياش ۋاقتىدا ئۇنىڭ يۈرىكىدە ساقايماس جاراھەت پەيدا قىلغان، ھازىرغىچە ئىسمى نامەلۇم بولۇپ كېلىۋاتقان ھېلىقى ئەبلەختىن ئەنتىنى ئالغان بولدى. ئۇنىڭ ئامراق خوتۇنى بورىتاي شۇ چاغدا ئاشۇ ئەبلەخنىڭ قوينىدا ياتقان، تېخى ئۇنىڭدىن بىر بالىمۇ تۇغقان، خاقان ئۇ بالىغا ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ ئامراقلىق قىلىپ باقمىغان. . .

دۇمباقلار دەھشەتلىك گۈمبۈرلەپ، ئىككى جەسەتنى ئارتىپ قوشۇننىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان تۆگىنىڭ مېڭىشىغا تەڭكەش قىلىنماقتا ئىدى. بىر تال يىپقا چېتىپ باغلانغان

www.uyghurkitap.com

بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇق ئاللىبۇرۇن نەپەسىنى توختىتىغان، ئۇلار تۆگىنىڭ ئىككى تەرىپىدە پولاتلاپ كېتىۋاتاتتى. بۇ، دۇنيانىڭ كەلگۈسى ھۆكۈمرانىنىڭ ئىسسىق قانغا چىلىشىپ تۇرغان تەختىگە قىلىنغان نەزىر ئىدى.

دۇمباق توختىماي چېلىنماقتا، ئۇنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك دەھشەتلىك ئاۋازى كىشىلەرنى ئەس ـ ھوشىدىن ئايرىپ، يۈرىكىنى ئامبۇردا قىسقاندەك قىساتتى. شۇ كۈنى ئېلىپ بېرىلغان جازانى ھەممە ئادەم ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، ئۆزى كۆزلىگەن نىشانغا قەتئىي تەۋرەنمەي ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان خاقاننىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىشقا پېتىنغان ئادەمنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلدى. . .

جەسەتلەر ئالدىن كولاپ قويۇلغان ئورەكلەرگە كۆمۈلدى. زاساۋۇر مىللىتىدىن بولغان جاللاتلار ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەتچان جازا قورالى تۆگىنى يېتىلەپ، قوشۇننىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ئۇزاپ كەتتى. دۇمباق توختىماي چېلىنماقتا، دۇمباقچىلار قارا تەرگە چۆمگەنىدى.

قوشۇن يولغا چىقتى، چىڭگىزخاننىڭ زور قوشۇنى غەربكە يۈرۈشىنى يەنە داۋاملاشتۇردى. سانسىزلىغان ئاتلىق لەشكەر، قوي ـ كالا، قورال ـ ياراغ ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈك بېسىلغان ھارۋىلار، ئىشقىلىپ، بۇ قېتىمقى يۈرۈشكە قاتناشقان پۈتۈن ئادەم سارى ئۆزەك يايلىقىدىكى بۇ قارغىش تەگكۈر يەردىن ئالدىراپ ئايرىلىشتى، ھەممە ئادەم ئارقىسىغا ھېچ تارتىنشمايلا يۈرۈپ

كەتتى. تاشلاپ كېتىلگەن بۇ يەردە پەقەت ئازاب ئىچىدە بىر ئەرۋاھلا قالدى. ئۇ قۇچىقىدا بالا كۆتۈرۈۋالغان ئاتۇلۇق ئىدى. ئۇ نېمە قىلارىنى، نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالغانىدى. پۈتۈن ئادەم ئۇنى بىردىنلا ئېسىدىن چىقىرىشىپ كېتىپ قالدى. خۇددى ئۇنىڭ ھايات قېلىشى ئۇلار ئۈچۈن نومۇسلۇق ئىش بولغاندەك، خۇددى دەھشەتلىك ئوت ئاپىتىدىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئالغاندەك، پۈتۈن ئادەم ئۇنى كۆرمەسكە سالدى، ئۇنىڭغا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويماي كېتىپ قېلىشتى.

ئەتراپ ناھايىتى تېزلا تىمتاسلىقتا چۆمدى، قانداقتۇ دۇمباق ئاۋازى، ئاۋازىنىڭ بارچە ۋارقىراپ - جارقىراشلار جىمىدى، ھەيۋەتلىك تۇغلارمۇ كۆزدىن غايىب بولدى . . . پەقەت سارى ئۆزەك يايلىقىدا قېلىپ قالغان ئاتلارنىڭ تۇياق ئىزى ۋە قوي - كالىلارنىڭ قىغلىرىلا قوشۇن كەتكەن تەرەپنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە قېلىپ قالغانىدى. . .

غېرىبسىنىپ ئۆزى يالغۇز قالغان ئاتۇلۇق توختىماي ئۇيان - بۇيان ماڭاتتى. ئۇ يولدا يېيىش ئۈچۈن ئوچاقلارنىڭ يېنىدىكى كۆيۈپ كەتكەن ۋە ئاشقان - تاشقان يېمەكلىك، چالا غاجاپ تاشلىۋەتكەن سۆڭەكلەرنى يىغىپ خالتىسىغا سالدى. كىمدۇر تاشلاپ كەتكەن بىر پارچە قوي تېرىسىنىمۇ ئاخشىمى ئاستىمىزغا سېلىپ ياتارمىز دەپ ئېلىۋالدى. ئۇ ئويلىمىغان يەردىن بىر بالىغا ئانا بولۇپ قالغانىدى. . .

ئاتۇلۇق گاڭگىراپلا قالغانىدى، قانداق قىلىشىنى، نەگە بېرىشىنى، كېيىن قانداق قىلىشىنى، ئۆزىنى نەگە

سىغدۇرۇشنى، بالىنى قانداق بېقىشنى بىلمەيتتى. كۈن پاتقۇچە خاسىيەتلىك بىرەر مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى: بەخت ئۇنىڭغا بىردىنلا كۈلۈپ قارىسا، تۇيۇقسىز يايلاقتا بىرەر چارۋىچى تاشلاپ كەتكەن يالغۇز چېدىرغا يولۇقۇپ قالسا. . . ئۇ مۇشۇنداق ئۈمىدلىك خىياللار بىلەن ئۆزىنى ئالداپ كېتىۋاتاتتى. بىر چاكار ئۆيلىمىغان يەردىن ئەركىنلىككە ئېرىشىپ قالدى ھەم ئويلىمىغان يەردىن زېمىنىسگە تەقدىرنىڭ يۈكىنى ئارتىۋالدى. بۇ ئېغىر يۈكنى ئويلىسا ئۇنىڭ تېنى شۈركۈنەتتى. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق ئۇزۇن ئۆتمەيلا قورسىقى ئېچىپ، ئەمچەكنىڭ جېدىلىنى قىلىدۇ. بالا ئاچلىق ئازابىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ قۇچىقىدا جان ئۈزىدۇ. ئۇ مۇشۇنى ئويلىسىلا تېنى جۇغۇلدايتتى، لېكىن ئۇنىڭدا نېمە ئامال بولسۇن؟

ئاتۇكنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى يايلاقتا بىرەر ئادەمنى ئۇچرىتىپ قېلىش ئىدى، لېكىن بۇنىڭغىمۇ كۆزى يەتمەيتتى. ئەگەر بۇ بىپايان يايلاقتا ئادەملەر ئۇچراپ قالغان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بالا ئېمىتىۋاتقان بىرەر ئايال بولغان بولسا، ئۇ بالىنى شۇ ئايالغا بېرىپ، ئۆزى ئۇلارغا بىر ئۆمۈر قۇل بولۇپ ئۆتۈشكە رازى ئىدى.

ئاتۇك نېمە قىلىشنى بىلەلمەي مەقسەتسىز ھالدا كېتىپ باراتتى، بىردەم شەرققە قاراپ ماڭسا، بىردەم غەربكە قاراپ ماڭاتتى، يەنە تۇرۇپلا شەرققە قاراپ ماڭاتتى . . . ئۇ شۇ تەرىقىدە بالىنى كۆتۈرۈپ توختىماي ماڭدى. چۈش مەزگىلى بولۇپ قالغاندا، بالا يىغلاپ ئەمچەك جېدىلى قىلغىلى تۇردى . . . ئاتۇك بالىنى

باشقىدىن ياخشىلاپ يۆگەپ، ماڭغاچ ئۇنى پەپىلەپ ئۇخلاتماقچى بولدى، لېكىن بالىنىڭ يىغىسى تېخىمۇ ئەدەپ، بەزلەش مۇمكىن بولمىدى، ئۇ يىغلاۋېرىپ چىرايىمۇ كۆكىرىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئاتۇلۇك مېڭىشتىن توختاپ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ۋارقىرىدى:

— ماڭا ياردەم قىلىڭلار! ماڭا ياردەم قىلىڭلار! مەن قانداق قىلىمەن! ؟

پايانسىز يايلاقتا يا ئازراق ئىس، يا بىرەر پارچە ئوتنىڭ يورۇقى كۆرۈنمەيتتى. نەگىلا قارىسا پايانى يوق تۇزلەڭ، كۆزگە قارىيىپ بىرەر نەرسە كۆرۈنەي دېمەيدۇ. يەنە شۇ كۆز يەتكۈسىز يايلاق، كۆز يەتكۈسىز ئاسمان. پەقەت بىر پارچە ئاق بۇلۇتلا ئۇلارنىڭ بېشىدا ئەگىپ يۈرىدۇ. . .

بالا يىغلاۋېرىپ تارتىشىپ قالغىلى تۇردى. ئاتۇلۇك ئەمدى يالۋۇرۇپ ـ يېلىنىپ يىغلاشقا باشلىدى:

— ئاھ، مېنى نېمە قىل دەيدىغانسەن، بەختسىز بىچارە! تۇغۇلغىنىڭغا ئەمدىلا يەتتە كۈن بولدى، بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىپلا بالا ـ قازاغا يولۇقتىڭغۇ! . . . ئاھ، يېتىم بىچارە، قورسىقىڭغا نېمىمۇ بېرەرمەن؟ كۆرمەيۋاتامسەن، ئەتراپتا بىرمۇ ئادەم يوق، پۈتۈن دۇنيادا ئىككىمىزلا، بەختى قارا ئىككىمىزلا قالدۇق، توغرا، ئاسماندا يەنە بىر پارچە ئاق بۇلۇتمۇ بار، لېكىن بېشىمىزدىن بىرەر قۇشنىڭ ئۇچۇپ ئۆتكىنىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ، پەقەت بىر پارچە ئاق بۇلۇتلا ئۈستىمىزدە ئەگىپ يۈرىدۇ. . . ئەمدى ئىككىمىز نەگە بارىمىز، سېنىڭ قورسىقىڭغا نېمە بېرىمەن؟ بىز بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولماي تاشلاپ

www.uyghurkitap.com

كەتتى، داداڭ بىلەن ئاپاڭ ئېسىپ ئۆلتۈرۈلۈپ كۆمۈۋېتىلدى. كىشىلەر قەيەرگىمدۇر ئۇرۇش قىلغىلى كەتتى. ئۇلار نېمە ئۈچۈن تۇغلارنى كۆتۈرۈۋېلىپ، دۇمباقلارنى چېلىشىپ ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىدۇ؟ ئۇلار زادى نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ تېخى ئېيىغا توشمىغان بىر نارەسىدىنى مۇنچىلىك ئازابتا قويۇپ زادى نېمىگە ئېرىشمەكچى؟!

ئاتۇڭ توختىماي يىغلاۋاتقان بالىنى باغرىغا بېسىپ، يايلاقتا يەنە ھەدەپ ئۇيان - بۇيان يۈگۈرگىلى تۇردى، ئۇ بىكار قاراپ تۇرماسلىق، ئازابتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈنلا شۇنداق يۈگۈرۈۋاتاتتى. . . لېكىن نارەسىدە بالا بۇنى چۈشەنمەيتتى، ئۆزىنىڭ نەرسىسىنى، ئانىسىنىڭ ئىسسىق سۈتىنى تەلەپ قىلىپ يىغلاپ تېلىقىپ قېلىۋاتاتتى. ئامالسىز قالغان ئاتۇڭ ئاخىر بىر پارچە تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى - دە، يىغلاپ تۇرۇپ كۆڭلىكىنىڭ ئالدىنى ئېچىپ، ھازىرغىچە بىرەر بالىغا ئېمىتىپ باقمىغان ئەمچىكىنىڭ ئۇچىنى بالىنىڭ ئاغزىغا تىقتى:

— مانا، مانا ئەمگىن! ئەمدىغۇ ئىشەنگەنسەن! ئەمچىكىمدە سۈت بولسا ساڭا بەرمەي نېمە قىلاتتىم؟ ئاھ، بىچارە، مانا ئەمگىن، سۈت يوقلۇقىغا ئىشەنسەڭ، مېنى يەنە ئازابلاپ يۈرمەسسەن. مەن نېمىلەرنى دەپ كەتتىم؟ كىمگە گەپ قىلىۋاتىمەن؟ مېنىڭ قۇرۇق ئەمچىكىمنىڭ ساڭا نېمە پايدىسى؟ مەن بۇلارنى دەپ نېمە قىلىمەن؟! ئاھ، خۇدا! مېنى مۇنداقمۇ جازالامسەن!

بالا شۇ زاماتلا يىغىدىن توختىدى. ئۆزى تەلمۈرۈپ

كەتكەن ئەمچەكنى ئېغىزلىرىنى يىمىرىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن شوراشقا باشلىدى. ئۇ خۇشاللىقىدىن نۇرلىنىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ھېلى ئېچىپ، ھېلى ياپاتتى.

— قانداق؟ — ئاتۇڭ مېھرىبانلىق ھەم ھارغىن ھالدا بالىنى ئەيىبلەشكە باشلىدى، — ئەمدى ئىشەندىڭمۇ، قۇرۇق ئەمچەكنى شوراۋاتقانلىقىڭنى ئەمدى بىلگەنسەن؟ ئەمدى تېخىمۇ يىغلايدىغان بولدۇڭ ـ دە. بۇ قارغىش تەگكۈر يايلاقتىنا مەندىمۇ نېمە ئامال؟ خىيالىڭدا مېنى ئالدىدى دەۋاتقانسەن؟ ئەجەبا، مەن سېنى ئالدىدىممۇ؟ مەن ئېسىمنى بىلگەندىن بېرى باشقىلارغا چاكار بولۇپ كېلىۋاتىمەن، ھازىرغىچە بىرەرىنى ئالداپ باققىنىم يوق. ئاپامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بىزنىڭ ئۇ يەردە، بىزنىڭ قەبىلىدە، جۇڭگودا ھېچكىم ھېچكىمنى ئالدىمايدىكەن. ھە بوپتۇ، بىردەم خۇمارىڭنى چىقىرىۋال، ئازابىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھازىرغۇ چۈشەنگەنسەن. . .

ئاتۇڭ مانا مۇشۇنداق توختىماي سۆزلەيتتى، يەنە بىر تەرەپتىن بالىنىڭ ھازىرلا ئالەمنى مالەم قىلىپ يىغلاپ تەتۈر قىينايدىغانلىقىنى ئويلاپ ئەنسىرەيتتى. لېكىن، ئەجەبلىنەرلىكى، بالا قۇرۇق ئەمچەكنى ھازىرچە ئېغىزىدىن چىقىرىۋېتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە، قوشۇقتەك يۈزىدىن بىر خىل راھەتلىنىش، رازىمەنلىك چىقىپ تۇراتتى. . .

ئاتۇڭ بوۋاقنىڭ ئېغىزىدىن ئەمچىكىنى ئېھتىيات بىلەن تارتىپ چىقىرىپ، ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتتى، ئەمچىكىنىڭ ئۇچىدىن ئاپئاق سۈت ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى. ئۇ ھەيران بولۇپ، ئەمچىكىنى بالىنىڭ ئېغىزىغا يەنە

www.uyghurkitap.com

سىلىپ، بىردەمدىن كېيىن تارتىپ چىقاردى، سۈت يەنىلا توختىماي چىقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەمچىكىگە سۈت چۈشۈپتۇ! ئۇ بىردىنلا پۈتۈن بەدىنىدە قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق ھېس قىلدى.

— ئاھ خۇدا؟ — ئاتۇك خۇشاللىقىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ۋارقىرايتتى، — ماڭا سۈت چۈشۈپتۇ! سۈت چۈشۈپتۇ! گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسەن، قوزام! مەن سىنىڭ ئاناڭ بولۇپ قالدىم! ئەمدى سەن ھايات قالىدىغان بولدۇڭ! خۇدا بىزنىڭ ئاھىمىزنى ئاڭلاپتۇ. سەن مېنىڭ مىڭ مۇشەققەتتە ئېرىشكەن بالام! سىنىڭ ئىسمىڭ غۇنۇن، بۇ ئىسىمنى ساڭا ئاپاڭ بىلەن داداڭ قويغان، ئۇلار بىر - بىرىنى چىن دىلىدىن سۆيەتتى، سەن شۇلاردىن تۆرەلگەن، لېكىن ئۇلار سېنى تاپقانلىقى ئۈچۈن جېنىدىن ئايرىلدى. بالام، بىز ئۈچۈن مۆجىزە يارانقۇچىغا تېز رەھمەت ئېيتقىن! ئۇ سەن ئۈچۈن مېنىڭ كۆكسۈمدە سۈت پەيدا قىلدى. . .

تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ مۆجىزىدىن قاتتىق ھاياجانغا چۆمگەن ئاتۇك ئاستا ـ ئاستا تىنچلاندى، ئۇ ئۆزىنى ئىسسىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى، پېشانىسىدىن مونچاق ـ مونچاق تەر قۇيۇلاتتى. ئۇ پايانسىز يايلاققا نەزەر تاشلىدى، ئەتراپتا يەنىلا ھېچنېمە يوق، نە بىرەر ئادەم، نە بىرەر جانلىقنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيدۇ، پەقەت ئوتقاشتەك قۇياش ۋە تەنھا بىر پارچە ئاق بۇلۇتلا ئۇلارنىڭ بېشى ئۈستىدە تۇرىدۇ.

بالا قورسىقى تويۇپ، خاتىرجەم تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجىز ۋۇجۇدىنى ئاتۇكنىڭ

بىلىكىگە تاشلاپ، يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلىماقتا ئىدى. ئاتۇڭ بولسا نەچچە كۈندىن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇغانىدى، ئەتىگەندىن قۇلىقى تۇۋۇدىن كەتمەيۋاتقان دەھشەتلىك دۇمباق ئاۋازىمۇ شۇ تاپتا بېسىققان، يۈرىكىنى ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان، پەقەت يېڭى ئانا بولغان ئاياللاردىلا بولىدىغان بىر خىل خۇشاللىق ۋە بەخت تۇيغۇسى قاپلىغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ زېمىن، ئاسمان ۋە سۈت ئوتتۇرىسىدا مەلۇم گۈزەل باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى سەزدى...

شۇ تاپتا غەربكە يۈرۈشمۇ داۋاملاشماقتا ئىدى... دۇنيا ھۆكۈمرانىنىڭ زور قوشۇنى بەلگىلەنگەن يول بويىچە بارغانسېرى غەربكە ئىچكىرىلەپ كىرمەكتە ئىدى. قوشۇن، ھارۋىلار، قوي كالىلار...

چىڭگىزخان ئۆزىگە ئوخشاش نۇرغۇن قورقۇنچلۇق ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، سادىق، ھارماس قارا قۇيرۇق بوز تۇلپارنى مىنىپ، نۆكەر ۋە قورۇقچىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۈستىگە ئوت پۈركۈۋاتقان ئەجدىھانىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن چوڭ تۇغنى ئېگىز كۆتۈرگەن تۇغچىلار كېتىپ باراتتى.

زېمىن بوز يورغىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا ئىڭراپ ئارقىدا قالماقتا، لېكىن بۇ ئالەمنىڭ چېكى كۆرۈنىدىغاندەك ئەمەس، ئۇلار ماڭغانسېرى ئالدىدا يەنىلا پايانسىز بوشلۇق مەڭگۈ يەتكىلى بولمايدىغان ئۇپۇق سىزىقىغىچە سوزۇلۇپ ياتىدۇ. زېمىن پايانسىز، ئۇنىڭ چېكى يوق. بۇ پايانى يوق ھەيۋەتلىك زېمىنغا سېلىشتۇرغاندا، خاقان پەقەت ناھايىتى كىچىك بىر تال

قوۋم، لېكىن خاقان مۇشۇ بىپايان زېمىننى ئۆزىگە بويسۇندۇرماقچى، پۈتۈن دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى بولماقچى، ئۇ شۇ مەقسەتتە قوشۇن تارتىپ، غەربكە يۈرۈش قىلغان . . .

خاقانىنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالغان، گەپ ـ سۆزسىز جىممىدە كېتىۋاتاتتى. قارىماققا، بۇ خاقانىنىڭ سالاھىيىتىگە تولىمۇ ياراشقاندەك قىلاتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ھېچكىم پەرەز قىلالمايتتى. خاقان بىر چاغدا ئويلىمىغان يەردىن ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقىسىغا شۇنداق تېز بۇرىدىكى، ئارقىسىدىن كېلىۋاتقانلار سوقۇلۇپ كەتكىلى تاس قېلىپ، ئۆزلىرىنى چاقماق تېزلىكىدە چەتكە ئېلىشتى. خاقان قولىنى سايە قىلىپ، ئاسمانغا بىر خىل ئەندىشە ئىچىدە قارىدى. يول بويى توختاپ قالماي، ئۇنىڭ بېشىدا ئەگىپ كېلىۋاتقان ئاق بۈلۈت يوق! ئۇ يا ئالدى تەرەپتە، يا ئارقا تەرەپتە كۆرۈنمەيتتى . . .

ئۇنىڭغا باشتىن ـ ئاخىر ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان ئاق بۈلۈت مانا مۇشۇنداق تۇيۇقسىز غايىب بولدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن قايتا پەيدا بولمىدى. شۇ كۈنىمۇ ئۆتۈپ كەتتى، ئارىدىن يەنە ئىككى كۈن، ھەتتا ئون كۈنمۇ ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن يەنىلا پەيدا بولمىدى، بۈلۈت ئۇنى تاشلاپ كەتكەنىدى.

ئېدىل دەرياسىغا يېتىپ بارغاندا، چىڭگىزخان تەڭرىنىڭ ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇنىڭ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشتىن رايى قايتتى، شۇنىڭ بىلەن ياۋروپانى بويسۇندۇرۇشنى ئوغۇل ۋە نەۋرىلىرىگە

تاپشۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى تىنچ ئۆتكۈزۈش، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئادەم بىلمەيدىغان يەردە يېتىش ئۈچۈن، بىر قىسىم لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئوردۇس ئېگىزلىكىگە قايتتى . . .

* * *

بۇ يەردە پويىزلار شەرقتىن غەربكە ۋە يەنە غەربتىن شەرققە توختىماي ئۆتۈپ تۇرىدۇ. . .

1953 ـ يىلى فېۋرالنىڭ ئوتتۇرىلىرى، شەرقتىن غەربكە مېڭىش يولىدا سارى ئۆزەك يايلىقىدىن ئۆتىدىغان يولۇچىلار پويىزىنىڭ باش تەرىپىگە ئالاھىدە بىر ۋاگون قوشۇلغانىدى. يۈك ۋاگونىغا يېقىن قىلىپ چېتىپ قويۇلغان بۇ ئالاھىدە ۋاگوننىڭ رەت نومۇرى يوق، سىرتتىن قارىماققا باشقا ۋاگونلاردىن قىلچە پەرقلەنمەيدۇ، پەقەت سىرتتىن قارىغاندىلا شۇنداق. بۇ ئالاھىدە ۋاگوننىڭ يېرىمىغا پوچتا يوللانمىلىرى قاچىلانغان، قالغان يېرىمى ئالاھىدە ئايرىلىپ ياسالغان سوراقخانا ئىدى. ئۇ يەرگە دۆلەت خەۋپسىزلىك ئورگىنىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتقان جىنايەتچىلەر قامىلاتتى. بۇ قېتىم قامالغان جىنايەتچى ئابۇتالىپ قۇتتىبايېف ئىدى. ئۇ قازاقىستان دۆلەت خەۋپسىزلىك ھەرىكەت ئورنىدىكى پېشقەدەم تەھقىقلىگۈچى تاڭسىقبايېف بىكىتكەن ئەنزە بويىچە سوراق قىلىنىۋاتاتتى. تاڭسىقبايېف بىلەن ئىككى ساقچى ئۇنى باشقا شەھەردىكى ئادەملەر بىلەن يۈزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئەكېتىۋاتاتتى.

تاڭسىقبايېف مەقسىتىگە يەتمىگۈچە ھارماي ـ تالماي ئىشلەيدىغان ئادەم. ئۇ سوراقنى سەپەر ئۈستىدىمۇ توختاتمىدى. تاڭسىقبايېفنىڭ ۋەزىپىسى بىر قىسىم ئادەملەرنى تارتىپ چىقىرىپ، دۈشمەن ئىشپىيونلۇق ئورگىنى قۇرغان بۇزغۇنچىلىق تورىنى قەدەممۇقەدەم پاش قىلىپ چىقىش ئىدى. ئۇ ئادەملەر ئۆز ۋاقتىدا گېرمانىيە ئەسىرلەر لاگېرىدىن يۇگوسلاۋىيىگە قېچىپ كەلگەن ھەمدە ئۇ يەردە كەلگۈسىدىكى رېۋىزىئونىزمچى ئۇنسۇرلار بىلەنلا ئەمەس، يەنە ئەنگلىيە ئاخبارات ئورگىنى بىلەنمۇ بىۋاسىتە مۇناسىۋەت قىلغان، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى سىرلىق ھەم چۈشىنىكسىز. شۇڭا، توختىماي سوراق قىلىپ، ئىقرارنامىلەرنى قايتا ـ قايتا سېلىشتۇرۇپ، بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك جىنايى پاكىتلارنى ئېنىقلاپ، ئاساسلىقى سوراق قىلىشتىن ئىبارەت بۇ كوزىرىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك پايدىلىنىپ (جىنايەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى تولۇق ئىقرار قىلىدۇ ھەم جىنايىتىگە توۋا قىلىدۇ) ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھاكىمىيىتىنىڭ تەشكىللىك ھەم يوشۇرۇن دۈشمەنلىرىنى چوقۇم پاش قىلىپ چىقىش كېرەك.

ئىشلار مۇشۇ بويىچە يۈرۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. سوراق جەريانىدا ئابۇتالىپ قۇتتىبايېف يۇگوسلاۋىيىدە ئۇرۇشقا قاتناشقان ئەسلىدىكى ئۇرۇش ئەسىرلىرىدىن ئونغا يېقىن ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئىقرار قىلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ ھايات ئىكەنلىكى، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ساق ـ سالامەت ياشاۋاتقانلىقى ئېنىقلاندى. ئۇ ئادەملەرمۇ قولغا

ئېلىنىپ، سوراق جەريانىدا نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئىسمىلىكىنى ئىقرار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن يۇگوسلاۋىيىدە ئۇرۇشقا قاتناشقان خائىنلارنىڭ تىزىملىكى خېلىلا تولۇقلىنىپ قالدى. قىسقىسى، بۇ دېلوغا نۇرغۇن جانلىق مەزمۇنلار قوشۇلدى، شەرت ـ شارائىتىمۇ ئاساسەن پىشىپ يېتىلدى، چۈنكى ئۇ ئەڭ ئالىي رەھبەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى. تاگىسقىبايېۋ دۈشمەن ئۇنسۇرلارنى پاش قىلىشتا، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ قويۇشنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا زىيان قىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ستالىن يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسىنىڭ خەلقئارادىكى ئۆتكۈر توقۇنۇشىدىن پايدىلىنىپ، تىتونى ئىدېئولوگىيە ساھەسىنىڭ دەرۋازىسىدىن قوغلاپ چىقاردى. بۇ غەلىبە بۇ دېلوغا تېخىمۇ كەڭ يول ئېچىپ بەردى، بۇ دېلوغا مەسئۇل بولغان تاگىسقىبايېفقىلا ئەمەس، ئۇنىڭ باشقا شەھەرلەردىكى كەسىپداشلىرىغىمۇ ئامەت يۈزلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇلار ھەر خىل سەۋەبلەردىن بۇ ئەنزىگە ئالاھىدە قىزىقىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ بىر ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ يۇقىرى ئۆرلەشنىڭ كويىدا ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ھەرىكەتتە بىرلىك شەكىللەندى. ئابۇتالىپ قۇتتىبايېفنى يۈزلەشتۈرۈش ۋە ھەر خىل يوللار بىلەن سوراق قىلىش ئۈچۈن مەيلى قەيەرگىلا ئېلىپ بارمىسۇن، ئۇ يەرلەردە، مەسىلەن، چىكالوۋ (بۇرۇنقى ئورېنبۇرگ)، كۇيبىشېۋ، ساراتوۋ دېگەندەك يەرلەردە تاگىسقىبايېفنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كىشىلەر تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى.

تاگىسقىبايېۋ ئەزەلدىن ۋاقىتنى ئىسراپ قىلمايتتى،

ئۇ ئىشتا كەسكىن، خىزمەتتە بىسىم بولۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزىدىن ھېچنېمە قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. سەپەر ئۈستىدىمۇ قاتتىق نازارەت ئاستىدا تۇرغان جىنايەتچى قانداق تەسىراتتا بولىدۇ، تۆمۈر رېشاتكىلىق دېرىزە ئالدىدا تۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز ئارقىدا قېلىۋاتقان بېكەت، يېزا - قىشلاقلارنى كۆرگەندە قانچىلىك ئازابلىنىدۇ، قانچىلىك ئىزتىراپ چېكىدۇ، بۇلار ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان. ئۇ ھەتتا قۇتتىبايېفنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنىمۇ چۈشىنىپ تۇراتتى ھەمدە ئۆزىنىڭ، بىر تەھقىقلىگۈچىنىڭ باشقا بىرىنى بەختسىزلىككە ئۇچرىتىشنى ھەرگىز خالىمايدىغانلىقىغا قۇتتىبايېفنى ئىشەندۈرۈشكە جېنىنىڭ بارىچە تىرىشاتتى. چۈنكى، دەسلەپ ئىگىلىگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، قۇتتىبايېفنىڭ جىنايىتى ئانچە ئېغىرمۇ ئەمەس ئىدى. ھازىرچە ئېنىقلىنىشىچە، ئابۇتالىپ قۇتتىبايېف جاسۇسلارنىڭ كاتتىۋىشى ئەمەس، ئىشپىيونلۇق ئورگىنىنىڭ مەملىكەت ئىچىدە ۋەزىيەت جىددىيلەشكەندە ئىشقا سالىدىغان زاپاس جاسۇسلار تورىنىڭ باشلامچىسىمۇ ئەمەس ئىدى. ئەگەر قۇتتىبايېف تەھقىقلىگۈچىلەرنىڭ جاسۇسلار كاتتىۋىشىنى پاش قىلىشىغا ھەمكارلاشسا، مۇھىمى، يۈزلەشتۈرگەندە پولاتتەك پاكىت بىلەن بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازا يېنىكلىتىلەتتى، ھەتتا ناھايىتى نۇرغۇن يېنىكلىتىلەتتى، بەش - ئالتە يىلغا قالماي ئۆيىگە قايتقان، خوتۇن - بالىلىرى بىلەن جەم بولغان بولاتتى. ھەرقانداق ئەھۋالدا، ئۇ سوراقنىڭ ئادىللىق بىلەن ئېلىپ بېرىلىشىغا ياردەملا قىلىدىغان بولسا، ئېغىر جازادىن،

ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان بولاتتى. ئەكسىچە، ئۇ جاھىللىق قىلىپ، قانۇن ئورگانلىرىدىن ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرسا، ئەنزە تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ، ئۇنى تېخىمۇ پالاكەت باساتتى، پۈتۈن ئائىلىسى سورۇقچىلىققا ئۇچرايتتى، تېخى ئىچكى سوتتا ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنىشىمۇ مۇمكىن ئىدى...

تاڭسىقبايېۋ ئاجايىپ ئۇستىلىق ئىشلىتىپ، قۇتتىبايېفقا يەنە شۇنىڭدىنمۇ بېشارەت بېرەتتى: ئەگەر ئۇ تاڭسىقبايېۋ بىلەن ھەمكارلاشسا، ئۇنىڭ سارى ئۆزەك رىۋايىتى توغرىسىدىكى خاتىرىسى، بولۇپمۇ، «ماڭقۇرتلار توغرىسىدا رىۋايەت» بىلەن «سارى ئۆزەكتىكى جازا» دېلو قىلىپ تۇرغۇزۇلمايدۇ، ئەكسىچە، ئابۇتالىپ ئۇنداق قىلمايدىكەن، تاڭسىقبايېۋ سوتقا، ئابۇتالىپ خاتىرىلىۋالغان مەزمۇنلارنى، قەدىمكىدىن پايدىلىنىپ، بۈگۈنكىنى مەسخىرە قىلىدىغان مىللەتچىلىك خاھىشىنىڭ يوشۇرۇن ئىپادىسى سۈپىتىدە بىر تەرەپ قىلىش تەكلىپىنى بېرىدۇ. «ماڭقۇرتلار توغرىسىدا رىۋايەت»تە، ئەجدادلار-نىڭ ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن ئورۇنسىز سۆزلىرىنى قايتا تىرىلدۈرۈش يامان نىيەت بىلەن چاقىرىق قىلىنىپ، كىشىلەرنى مىللىي ئاسسىمىلياتسىيىگە قارشى تۇرۇشقا قۇترانقان، «سارى ئۆزەكتىكى جازا» دا بولسا، ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئەيىبلىنىپ، دۆلەت مەنپەئەتىنى شەخسىي مەنپەئەتتىن ئەلا كۆرۈش باش ئىدىيىسى تەرغىپ قىلىنغان، چىرىك بۇرژۇئا شەخسىيەتچىلىكى كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، كوللېكتىپلاشتۇرۇش باش ئىدىيىسىگە، يەنى كوللېكتىپ ئورتاق نىشانغا بويسۇنۇشى كېرەك، دېگەن

ئىدىيىگە قارشى تۇرۇلغان، بۇنىڭ بىلەن، سوتسىيالىزمنى ئىنكار قىلىش دەرىجىسىگە يېقىنلىشىپ قالغان. ھەممىگە مەلۇم، سوتسىيالىزم پرىنسىپى ۋە مەنپەئەتىگە خىلاپ ھەرقانداق نەرسە چوقۇم جازاغا ئۇچرايدۇ. . . شۇڭا، كىمدەكىم كوللېكتىپنىڭ ئېتىزىدىن بىرەر تال باشاقنى رۇخسەتسىز ئالىدىكەن، ئۇ گەپ - سۆزسىز ئون يىللىق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىغا ئەۋەتىلىدۇ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە «باشاق» تېرىغانلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق! مۇنداق ئەيىبلەشلەرگە دۇچ كەلگەندە، سوت قوشۇمچە ماددىلارغا ئاساسەن تولۇقلىما ئەرزلەرنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. باشقىلارنى تېخىمۇ قايىل قىلىش ئۈچۈن، تاڭسىقبايېۋ ھەر قېتىمقىغا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ سارى ئۆزەك رىۋايىتى توغرىسىدىكى ئېنىق كۆزقاراشلىرىنى بىر نەچچە قېتىم ئۈنلۈك ئوقۇۋېتىدۇ. بۇ خاتىرىلەرنىڭ قۇتتىبايېفنىڭ قولغا ئېلىنىشى ۋە ئۇنىڭغا ئەنزە تۇرغۇزۇلۇپ، سوراق قىلىنىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قېلىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس. . .

پويىزنىڭ توختىماي مېڭىۋاتقىنىغا بىر كۈندىن ئېشىپ قالدى. تۆمۈر بىلەن رېشاتكىلانغان دېرىزىدىن بارا - بارا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بىپايان يايلاققا قاراپ تۇرغان ئابۇتالىپ سارى ئۆزەككە يېقىنلاشقانسېرى شۇنچە ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى. كىشىنى قىيىن ئەھۋالغا قويىدىغان پەند - نەسىھەتلەر ۋە تەھدىت سېلىپ قورقۇتۇشلار توختاپ، سوراق ئاخىرلاشقاندا، ئۇ تۆمۈر بىلەن قاپلانغان گۇندىخانىنىڭ ئىچىدە ئۆزى يالغۇز بىردەم ئارامخۇدا تۇرۇۋالاتتى. ئالمۇتىدىكى يەر ئاستى ئۆيىگە

ئوخشاش، بۇ يەرمۇ ئوخشاشلا بىر تۇرمە ئىدى. ئۇ يەردىكىگە ئوخشاشلا تۆمۈر بىلەن رېشاتكىلانغان دېرىزىسى بار، پۈختىلىقىمۇ ئۇ يەردىن قېلىشمايدۇ، گۇندىپايلار ئوخشاشلا شۇملۇق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن كىچىك تۆشۈكتىن ئۇنى نازارەت قىلىپ تۇرىدۇ. لېكىن، قانداقلا بولسۇن، ئۇلار سەپەر ئۈستىدە بولغاچقا، ئورۇندا ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرىدۇ. ياخشى يېرى، ئۇ بۇ يەردە كېچە ـ كۈندۈز كۆزىگە نەشتەردەك سانجىلىپ تۇرىدىغان كۈچلۈك چىراغ نۇرىدىن قۇتۇلدى. تېخىمۇ مۇھىمى، بورانلىق ـ بورانسىز بېكىتتىن ئۆتكۈچە، خوتۇن ـ بالىلىرىنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈۋالسام، دېگەن بىر ئارزۇ بىردەم كۈچىيىپ، بىردەم پەسىيىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىگە مىنۇت ئارام بەرمەيۋاتاتتى. قولغا ئېلىنغاندىن بېرى، ئۇ ئائىلىسىگە نە بىرەر پارچە خەت يازالمىدى، نە بىرەردىن خەۋەر بېرەلمىدى، ئائىلىسىدىنمۇ ھېچقانداق خەت ـ خەۋەر ئالالمىدى.

ئابۇتالىپ ئۈستى يېپىق مەھبۇس ماشىنىسى بىلەن ئالمۇتا شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى بىر باش ئىستانسىغا ئاپىرىلىپ، گۇندىپايلار قاتتىق نازارەت قىلىپ تۇرغان ئالاھىدە ۋاگوننىڭ سولاقخانىسىغا سولانغاندىن تارتىپ، بۇ ئارزۇ قورقۇش ۋە ئەندىشە بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېگىلىۋالغانىدى. ئۇ يول ئۈستىدە پويىزنىڭ سارى ئۆزەك تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلگىنىدە، يۈرىكىدە يېڭى بىر كۈچ داۋالغۇپ، ئۇنى تېخىمۇ ئازابلاشقا باشلىدى. ئۇ بالىلىرى بىلەن زەرىپەنى غىل ـ پال بولسىمۇ بىر قېتىم كۆرۈۋالسا، ئېنىق كۆرەلمىسىمۇ، قارىسىنى

بولسمۇ بىر قېتىم كۆرۈۋالغان بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار نېمە بولۇپ كەتسە مەيلى ئىدى.

شۇنداق، ئۇ خوتۇن ـ باللىرىنى شۇنداق سېغىندى، ھازىر ئۇنىڭ خىيالىغا باشقا ھېچقانداق ئىش كىرىپ چىقمايدۇ. خۇدادىن تىلەيدىغىنى پەقەت بىرلا نەرسە: پويىز بورانلىق ـ بوراننى بېكىتىدىن كۈندۈزى ئۆتسۇن، ھەرگىز كېچىسى، زۇلمەت باسقان كېچىسى ئۆتۈپ كەتمىسۇن، زەرىپە بىلەن باللار ئۆيدە تۇرغاندا ئەمەس، كۆزگە ئېنىق تاشلىنىپ تۇرىدىغان يەردە تۇرغاندا ئۆتسۇن.

ئۇنىڭ خۇدادىن كۈتىدىغان بارلىق ئارزۇسى شۇ ئىدى، بۇ ئارزۇ ھەم ئاز ھەم كۆپ ئىدى. لېكىن، چوڭقۇرراق ئويلىغاندا، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن ئارتۇق ئارزۇ ـ ئارمانلاردا بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. زەرىپە بىلەن باللىرى پويىز ئۆتكەندە ھويلىدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىنغۇ. ئىلاھىم، باللار ئۆز ئۆيۈنىنى ئوينىۋاتقان بولسۇن، زەرىپە ھويلىدا كىر يۇيۇۋاتقان بولسا، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پويىزغا شۇنداقلا قاراپ قويسا، باللارمۇ بىردىنلا ئورۇنلىرىدا توختىشىپ، چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پويىز دېرىزىلىرىگە تېكىلىپ قاراپ تۇرۇپ كەتسە. يەنە تۇيۇقسىز شۇنداقمۇ بىر ئەھۋال بولۇپ قالسا، مۇنداق ئەھۋالغۇ كۆپ كۆرۈنمەيدۇ، لېكىن يوقمۇ ئەمەس. مەسىلەن پويىز يۆتكەلمە يولدا تۇيۇقسىز بىر نەچچە مىنۇت توختاپ قالسا! مۇشۇلارنى ئويلىغاندا، ئابۇتالىپنىڭ يۈرىكى پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى: مۇشۇنداق بەخت تۇيۇقسىز كېلىپ قالسا ـ ھە! ياق، ئەڭ ياخشىسى، ئۇنداق بولمىسۇن! ھەرگىز ئۇنداق بولمىسۇن! ئۇ بۇ

قورقۇنچلۇق سىناقتا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، يۈرىكى يېرىلىپ كېتىدۇ. باللارغىمۇ ئۇۋال، ئۇلار دادىسىنىڭ تۆمۈر بىلەن رېشاتكىلانغان دېرىزە ئىچىدە تۇرغانلىقىنى كۆرسە نېمە بولۇپ كېتەر؟ ئۇلار ئۇن سېلىپ يىغلاپ كېتەرمۇ . . . ياق، ياق، ئەڭ ياخشىسى ئۇلار ئۇنى كۆرمەي قالسۇن . . .

ئۆزىنى چىڭراق تۇتۇش، ئەقىدىر ئىلاھىنى رەھىم ـ شەپقەت قىلىپ، ئۆزىنى ئاشۇ كىچىككىنە ئارزۇسىغا يەتكۈزۈشكە كۆندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ يول بويىدىكى بەلگە ۋە بېكەتلەرگە ئاساسەن پويىز كېتىپ بارغان نىشاننى بەلگىلەپ ماڭدى، يوللارنى ئۈزلۈكسىز ھېسابلاپ تۇردى. مۇھىمى، سارى ئۆزەكتىكى يۆتكەلمە يولدىكى بېكەت بىلەن بورانلى ـ بورانىغا پويىز قايسى ۋاقىتتا يېتىپ بارىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىۋېلىش كېرەك ئىدى. ئۇ قايتا ـ قايتا ھېسابلاپ، ئۇ يەرگە كۈندۈزى يېتىپ بارىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا خاتىرجەم بولالمايتتى. پويىز يول ئۈستىدە كېچىكىپ قېلىشى، بېكەتلەردىن ۋاقتىدا قوزغىلالماي قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بولۇپمۇ قىشتا قار قېلىن چۈشۈپ كەتكەندە، مۇنداق ئىشلار دائىم كۆرۈلۈپ تۇراتتى. ئەگەر پويىز ئۇ يەردىن كېچىسى ئۆتۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ ئەلەم بولاتتى، ئۇ چاغدا زەرىپە بىلەن باللىرى ئۇخلاۋاتقان بولىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئون نەچچە مېتىر نېرىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. بۇ ئېھتىماللىقنىمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى. دېمەك، ئابۇتالىپ ئۆزى تەنھا، ئۇنىڭغا ياردەم قىلغۇدەك ئادەم يوق، ئۇنىڭ

قولىدىن كېلىدىغىنى پەقەت پۈرسەت كۈتۈش. مۇشۇلارنى ئويلىغانسېرى ئۇ تېخىمۇ ئازابلىناتتى.

كۆزلىرى قۇرغۇيىنىڭكىدەك ئۆتكۈر تاڭسىقبايېۋ پويىز دەل بورانلى - بوراننى بېكىتىدىن ئۆتۈۋاتقاندا ئۇنى سوراق قىلىپ تۇرۇۋالمىسا بولاتتىغۇ! ئابۇتالىپنىڭ يەنە بىر ئەنسىرەيدىغىنى مۇشۇ ئىدى، خۇدادىن مۇنداق كېلىشمەسلىككە يولۇقتۇرماسلىقنى تىلەيتتى.

سانسىزلىغان تۇسۇق ۋە خەتەرلەر زەھەرخەندىلىك بىلەن ئۇنىڭ ساپ ئارزۇسىنىڭ ئالدىدا توغرا تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى پەقەت بىر قېتىملا كۆرۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. مۇشۇ ئارزۇسىغا يەتسىلا، ئەركىنلىكتىن ئايرىلىپ قالغىنىمۇ مەيلى. ئۇنىڭ بىرلا ئۈمىدى بار ھەم ئۇ مۇشۇ ئۈمىدى بىلەن خۇشال: ئۇنىڭ تەلىيى چوقۇم ئوڭدىن كېلىدۇ، چۈنكى، سولاقخانىنىڭ دېرىزىسى پويىز كېتىپ بارغان تەرەپنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، دەل بورانلى - بوراننى بېكىتىدىكى ئۇنىڭ ئۆيى بار تەرەپكە توغرا كېلىدۇ.

مۇشۇنداق ئايىغى چىقمايدىغان خىياللار، قورقۇش ۋە ئەندىشىلەر ئابۇتالىپنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىگىلىگەنىدى. ئۇ پەقەت بىرلا نەرسىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى، ئۆزىنىڭ مەسىلىسىنى، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ماھىيىتىنى، كىشىنى چۆچۈتىدىغان ئەيىبلەشلەرنىڭ ئۆزىگە تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقارغانىدى. ئۇنى ئىقرار قىلىشقا توختىماي قىستاۋاتقان جىنايەتلەرنى تاڭسىقبايېۋ ئۇنىڭغا زورلاپ تاڭغان. پەسكەش، نومۇسسىز

تاڭسىقبايېۋ ئۆزىنىڭ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن تەلۋىلەرچە ھەرىكەت قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئابۇتالىپ بىر قوللۇق تەشكىللەپ چىققان، ئۇرۇش يىللىرىدىلا بار بولغان، زاپاس كۈچ سۈپىتىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان دۈشمەن جاسۇسلۇق تورىنى پاش قىلماقچى ئىدى. دۆلەتنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇنى تازىلىماي بولمايتتى.

يا خۇدا، يا شەيتاننىڭ نازارەت قىلىشىغا ئۇچرىمايدىغان تاڭسىقبايېۋ خۇددى خۇدا ۋە شەيتانغا ئوخشاش، ھەرىكەت قىلىش كېرەكلىكىنى ئاللىبۇرۇنلا تونۇپ يەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ پويىز بىلەن ماڭغان، ئەڭ ئاخىرىدا ئويلىغىنىدەك نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئابۇتالىپ قۇتتىبايېفنى باشقىلار بىلەن يۇزلەشتۇرگىلى ئالاھىدە ۋاگون بىلەن ئېلىپ ماڭغانىدى.

ئابۇتالىپنىڭ خۇدادىن كۈتىدىغىنى پەقەت بىرلا نەرسە: ئۇنىڭ ئىككى بالىسى ئېرمەك بىلەن داۋۇلنى ۋە زەرىپەنى غىل - پال بولسىمۇ بىر قېتىم كۆرۈۋېلىشىغا بىرەر نەرسە توسالغۇ بولۇپ قالمىسىلا بولاتتى. ئۇلارنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم، مەڭگۈلۈك بولۇپ قالىدىغان بىرلا قېتىم كۆرۈۋالسا بولدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ ھاياتتىن كۈتىدىغان ھېچنېمىسى يوق. مۇشۇنداق كۈنلەرگە قېلىش ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن! نېمە ئۈچۈن بۇ بەخت شۇنچە قىسقا ھەم ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بولۇپ قالىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن ئۆيىگە قايتالمايدۇ؟ چۈنكى، تاڭسىقبايېۋ ئۇنىڭ ئۇستىدىن ئەيىبلەش ئېلىپ باردى، تاڭسىقبايېفنىڭ ئالدىدا ئۇ پۈتۈنلەي يار - يۆلەكسىز،

پۈتۈن ھوقۇقتىن مەھرۇم، شۇڭا، چەكسىز ھوقۇققا ئىگە دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى ئالدىدا، ئۇ ئوخشاشلا يەر يۆلەكسىز ھەم پۈتۈن ھوقۇقىدىن مەھرۇم. بۇ ئەيىبلەش ئۆلۈمدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىدىن بېشارەت بەرمەيدۇ. يا بالدۇر، يا كېيىن، بەربىر جىنىدىن ئايرىلىدىغىنى ئېنىق، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىغا ئەۋەتىلىشمۇ، ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق. ئابۇتالىپقا شۇ نەرسە ئېنىق: تاڭسىقبايېفنىڭ قولىدا ئۇ ئاخىر قۇربانلىققا ئايلىنىدۇ. تاڭسىقبايېف بىمەنە، ئەمما جازا سىستېمىسىدىكى بارغانسېرى ئۇپرايدىغان بىر ۋىنتا، بۇ سىستېما مەخسۇس سوتسىيالىزمنىڭ دۇنياۋى ھەرىكىتىگە، كوممۇنىزمنىڭ پۈتۈن دۇنيادا غەلىبە قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنغان دۈشمەنلەر بىلەن ھارماي - تالماي كۆرەش قىلىدۇ.

مۇشۇنداق بىر ئاجايىپ ئەيىبلەش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مەيلى كىمنىڭ بېشىغا چۈشسۇن، ئۇنىڭ ئۇچۇن ھېچقانداق چېكىنىش يولى قالمايدۇ. ئۇ پەقەت يا ئۇنداق، يا مۇنداق جازا بىلەن ئاخىرلىشىدۇ: يا ئېتىپ تاشلىنىدۇ، يا ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىنىپ يىگىرمە بەش يىل، ئون بەش يىل ياكى ئون يىل قاماققا تاشلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يول يوق، ھەرقانداق ئادەم مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋال ئاستىدا باشقىچە چىقىش يولىدىن ئۈمىد كۈتمىسە بولىدۇ. مەيلى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ياكى جازالىغۇچى بولسۇن، شۇنى چۈشىنىشى كېرەككى، مۇنداق بىر ئاجايىپ ئەيىبلەش قانۇنى كۈچكە ئىگە بولغان ۋاقىتتا، ئۇ جازالىغۇچىنىڭ توغرا قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپلا

قالماستىن، يەنە ئۇنىڭغا ھەر خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ دۈشمەننى تازىلاش ۋەزىپىسىنى يۈكلەيدۇ، ئۇنىڭدىن سىرت يەنە باستۇرۇلغۇچىنى، بىدئەتلىك قىلغان دېگەن نام بىلەن زوراۋانلىق ۋە ئېچىنىشلىق قىرغىنغا ئۇچرىغانلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈشىنى توغرا بولغان، مۇقەررەرلىك دەپ قارايدىغان قىلىدۇ.

ئۇنىڭ نەتىجىسى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. پويىز سارى ئۆزەك يايلىقىدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. تاڭسىقبايېف بىلەن ئۇنىڭ جاۋابكارى بىر ۋاگوندا كېتىپ باراتتى. ئۇلار بىرلىكتە، يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئوخشاش بولمىغان يول بىلەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىر ئىشنى قىلماقچى، يەنى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى يوشۇرۇن دۈشمەنلەرنى ۋاقتىدا پاش قىلىپ چىقماقچى. ئۇنداق قىلمايدىكەن سوتسىيالىزمدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ، سوتسىيالىزم ئۆزلۈكىدىن پارچىلىنىپ كېتىدۇ، ئاممىنىڭ ئېڭى بارغانسېرى خۇنۈكلىشىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ئادەملەر بىلەن بىر مىنۇتمۇ توختاپ قالماي كۈرەش قىلىش، ئۇلارنى پاش قىلىش، تەلتۆكۈس يوقىتىش كېرەك...

پويىز ئىلگىرىلىمەكتە، ئابۇتالىپ ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئامالسىز قالغاندىن كېيىن، باشقا كەلگەندە ئۇنى تارتماي ئامال بولمىغىنىدەك، ئۆزىنىڭ ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىگە تەن بېرىشكە مەجبۇر بولدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ بولۇۋاتقان ئىشلارغا سوغۇق قانلىق ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە سۈكۈت قىلىدىغان بولدى. بۇ ئۇنىڭ دەسلەپكى چاغلاردا ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بۇ

پاكىتتا قارشىلىق بىلدۈرگىنىگە ئوخشاپ كېتەتتى، ئۇ ئەگەر بۇ دۇنياغا قايتا تۆرەلگەن تەقدىردىمۇ تاڭسىقبايېفنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىشۋاتقان. ھەممە يەردە ئوخشاش بولغان ئىنسانىيەتسىز كۈچتىن يەنىلا قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا بارغانسېرى ئىشەندى. بۇ كۈچ ئۇرۇشتىمۇ قورقۇنچلۇق، ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىشتىنمۇ بەكرەك كىشىنى ۋەھىمىگە سالاتتى. چۈنكى ئۇ تۈگمەس بىر ئاپەت. بەلكىم ئالەم بىنا بولغاندىن تارتىپ شۇنداق بولۇپ كېلىۋاتقاندۇ. تىلغا ئېلىپ كەتكۈچىلىكى يوق ئادەتتىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئابۇتالىپ قۇتتىبايېف بەلكىم ئىنسانلار ئارىسىدىكى شۇنداق بىر خىل ئادەمدۇر، ئۇلارنىڭ جازالىنىشىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ ئىشىغا شەيتان ئارىلاشقان، بىپايان كائىناتتا قىلىدىغان ئىش تاپالماي ئۇزۇن زامان زېرىكىشلىك ئىچىدە ياتقان شەيتان، يەر شارىدا ئادەم پەيدا بولغاندىن كېيىن، كائىناتتىكى پۈتۈن جانلىقلار ئىچىدە پەقەت ئادەمنىڭلا ئۆزى بىلەن دوست بولالايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. شەيتان بىلەن ئارىلاشقان ئادەملەر كۈندىن ـ كۈنگە، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا يامانلىقنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئۇنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرگەن. شۇنداق، ئادەملەرنىڭ ئىچى پۈتۈنلەي يامانلىق بىلەن تولغان بولىدۇ، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئابۇتالىپقا نىسبەتەن، تاڭسىقبايېف ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھەر خىل يامانلىقلارنى پەيدا قىلغۇچىنىڭ نامايەندىسى. شۇڭا ئۇلار بىر پويىزغا چىقىپ، ئالاھىدە ۋاگوندا بىللە ئولتۇرۇپ، پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىر ئەنزىنى بىللە ئىشلىمەكتە.

تاڭسىقبايېۋ ھەرقايسى بېكەتلەردە كۈتۈۋالغىنى چىققان كەسىپداشلىرى دوستلۇق ياكى خۇشامەت يۈزىسىدىن تۇتقان ھەر خىل يېمەكلىك ۋە ئېسىل ھاراقلار بىلەن بولۇپ كەتكەندە، ئابۇتالىپ بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشال بولۇپ كېتەتتى. چۈنكى، مۇنداق ۋاقىتلاردا، تاڭسىقبايېفنىڭ ئۇنى سوراق قىلىپ ئازابلاشقا چولىسى تەگمەيتتى. ئۇ ئۆزى مەززە قىلىپ مېڭىۋەرسۇن. قىزىل ئوردا① بېكىتىگە كەلگەندە، كەسىپداشلىرى ئۇنى ئالاھىدە قىزغىن كۈتۈۋالدى. دوستلىرى تاڭسىقبايېفنىڭ ۋاگونىغا ئۈستىگە ئاپئاق لۆڭگىلەر يېپىلغان، ھور چىقىپ تۇرغان ئىسسىق تائاملارنى ئاچىقىشتى. ئۇبدان كۈتۈۋېلىنغان گۈندىپايلار ئىشىك سىرتىدىكى كارىدوردا يەنە ئۇيان - بۇيان مېڭىشقا باشلىدى.

— كازىي، ئىپار گۆشىنى تازا تويغۇچە يەۋالدۇق - تە، — دېدى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى رازىمەنلىك بىلەن پەس ئاۋازدا.

— تەمى نېمىدېگەن ياخشى، ئۇنداق نەرسىلەرنى شەھەردىن تاپقىلى بولمايدۇ، يايلاق دېگەن يەنە باشقا گەپ - تە!

رېشاتكىلانغان دېرىزىنىڭ بىر چېتىدىن ئابۇتالىپ پەستە باشقىلار بىلەن خوشلىشىۋاتقان تاڭسىقبايېفنى كۆرۈپ تۇراتتى، ئۇ ئۇچىسىغا جۇۋا كىيىۋالغانىدى. ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىۋاتقانلار دۈگىلەك دائىرە بولۇپ

① قازاقىستان قىزىل ئوردا ئوبلاستىنىڭ مەركىزى، سىر دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان.

تۇرىشاتتى. بىكار تەلەپلىكىدىن ھەممىسى تولۇمدەك سەمرىپ كەتكەنىدى، قارىماققا بىر ـ بىرى بىلەن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى، ھەممىسى قارا كۆل ئەلتىبىرنىسىدىن تىكىلگەن قۇلاقچا كىيگەن، چىرايىدا خۇشاللىق، قان تېپىپ تۇرغان يۈزلىرى پارقىراپ تۇرىدۇ. ئۇلار قوللىرىنى ھەدەپ پۇلاڭشىتىپ، قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى، بەلكىم قانداقتۇر بىر قىزىقارلىق ئىش ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتقان بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ئاپئاق ھورلار سوغۇق ھاۋاغا قوشۇلۇپ كېتەتتى، ئاياغلىرى ئاستىدىن قارنىڭ «غىچىر ـ غىچىر» قىلغان ئاۋازى چىقىپ تۇراتتى. سەزگۈر ساقچىلار پويىزنىڭ باش تەرىپىدىكى ئالاھىدە ۋاگونغا ھېچكىمنى يېقىن كەلتۈرمەيتتى، ئۇ يەردە تاڭسىقباييېفنىڭ ئادەملىرى تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئارزۇسىغا يەتكەن، خۇشاللىقتىن كۆرەڭلەپ تېرىسىگە پاتماي قالغانىدى. ئۇلارنىڭ يېنىدىكى ۋاگوندا ئېغىر ئازابلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن بىر جىنايەتچىنىڭ سولاقلىق تۇرغانلىقىنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. ئۇ يا ئوغرى ئەمەس، يا ئىسيانچى ياكى قاتىل ئەمەس، ئەكسىچە قويىنىڭ قوزىسىدەك ياۋاش، ئەدەبلىك ئادەم. ئۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان. ئۇنىڭدا ھازىر خوتۇن ـ بالىلىرىغا بولغان سېغىنىشتىن باشقا ھېچقانداق ئىتىقاد يوق. ئۇ ئائىلىسىگە بولغان مۇھەببەتتىن ئۆز ھاياتىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى كۆرگەن، لېكىن مۇشۇنداق بىر ئادەم، ئەزەلدىن قانداقتۇر بىرەر سىياسىي پارتىيىگە قاتناشمىغان، شۇڭا



www.uyghurkitap.com

يا بىرەر قېتىممۇ قەسەم، يا بىرەر قېتىم پۇشايمان قىلىپ باقمىغان مۇشۇنداق بىر ئادەم ئەمگەكچى خەلقنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن، تۇرمىگە تاشلىنىشى كېرەك، دەپ قارالماقتا ئىدى . . .

پويىز قىزىل ئوردىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا، ئۇنىڭغا تونۇش بولغان يۇرتىغا قەدەم باساتتى. قاش قارايغان چاغ، پويىز قار بىلەن قاپلانغان سايدىكى يىلان باغرى يول بىلەن ئۈچقاندەك كېتىۋاتاتتى. سىر دەرياسى خۇددى ئۇستىگە يۇلتۇزلار كۆچۈپ چۈشكەندەك جىمىرلاپ كۆرۈنەتتى، ئۇزۇن ئۆتمەي، كەچكى قۇياشنىڭ قالدۇق نۇرلىرى ئارىسىدا يايلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارال دېڭىزى ① كۆرۈنۈشكە باشلىدى. باشتا قومۇش بىلەن قاپلانغان دېڭىز قولتۇقى، كېيىن جىمىرلاپ تۇرغان سۇ، ئارقىدىنلا نۇرغۇن ئۇششاق ئاراللار كۆرۈنۈپ، كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. تۇيۇقسىز، ئابۇتالىپ تۆمۈر يولنىڭ بويىدا دېگۇدەكلا قىرغاقتا ئۇرۇلۇۋاتقان قاتمۇقات دولقۇنلارنى كۆردى، ئاپئاق قار، قۇم، قىرغاقتىكى قىيا تاشلار، زۇمرەتتەك تاۋلىنىپ تۇرغان سۇ، ئاراللاردا توپ ـ توپى بىلەن يۈرگەن تۆگىلەر. . . كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا كۆرۈنگەن بۇ نەرسىلەر كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. يەنە كېلىپ بۇ نەرسىلەر ئاسمان گۈمبىزىنىڭ ئاستىدا ۋە قاتمۇقات بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدا يۈرەتتى.

ئابۇتالىپ ئارال دېڭىزىنىڭ بويىدا تۇغۇلغان

---

① سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاسىيا قىسمىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىدىكى ئىچكى تۇزلۇق كۆل.

يېدىگەينى① ۋە قازانقاپنى② ئېسىگە ئالدى، بىلىقچى دوستلىرى قازانقاپقا ئارال دېڭىزىنىڭ ئۇ ياخشى كۆرىدىغان قۇرۇتۇلغان بىلىقلىرىنى خالتا قىلىپ، يۈك پويىزىنىڭ شوپۇرلىرى ئارقىلىق ئەۋەتىپ تۇراتتى. مۇشۇلارنى ئويلىغاندا ئابۇتالىپنىڭ يۈرىكىگە پىچاق سانجىلغاندەك بولۇپ، ئىچ - ئىچىدىن ئازابلىنىپ كېتەتتى. بورانلى - بورانلى بېكىتىگە يېتىپ بېرىشقا ئانچە ئۇزۇن يول قالمىدى. بۈگۈن بىر كېچە ماڭسا، ئەتە سائەت ئونلار بىلەن ياكى ئونىڭدىن سەل ۋاقچىرەك كىرىپ بارىدۇ. باش تەرىپىگە ئالاھىدە ۋاگون چېتىلغان يولۇچىلار پويىزى بورانلىقتىكى ئوچۇقچىلىقتا ھاڭقىيىپ تۇرغان كونا ئۆيلەرنى، لاپاس ۋە چاتقاللار بىلەن توسۇپ قويۇلغان تۆگە قوروللىرىنى، بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن يوللارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە غايىب بولىدۇ. بۇ يەردىن پويىزلار شەرقتىن غەربكە ۋە يەنە غەربتىن شەرققە توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ. ئابۇتالىپنىڭ شەرقتىن غەربكە كېتىۋاتقان پويىزنىڭ ئالاھىدە ۋاگونىدا چۈشتىن بۇرۇن ئۆينىڭ يېنىدىن ئۆتىدىغانلىقىنى زەرىپەنىڭ يۈرىكى تۇيارمۇ؟ بەلكىم دەل شۇ چاغدا، باللىرىنىڭ يۈرىكىمۇ قانداقتۇر چۈشىنىكسىز بىر خىل

① «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» رومانىدىكى باش قەھرىمان، بورانلى - بورانلى بېكىتىدىكى تۆمۈر يول ئىشچىسى.

② «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» رومانىدىكى باش قەھرىمان. بورانلى - بورانلى بېكىتىدىكى يول ئاسراش ئىشچىسى، ئاچال باشقۇرغۇچى.

ئەنسىزچىلىكتىن تىپچەكلەپ، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پويىزغا بىرەر قېتىم قاراپ قويار؟ ئاھ خۇدا، ئادەم ھاياتىدا نەقەدەر ئېغىر ئازابلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ ـ ھە!

فېۋرال قۇياشى تاغ كەينىگە يوشۇرۇنغان، قۇياشنىڭ ئۇپۇقتىكى ئاداققي نۇرلىرى غايىب بولۇپ، زېمىننى گۈگۈم پەردىسى قاپلاشقا باشلىغانىدى. مانا، قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىسى باشلاندى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ پەيدا بولۇپ قالىدىغان خىيالىي نەرسىلەرمۇ گۈگۈم چۈشۈشكە ئەگىشىپ خىرەلەشمەكتە ئىدى. بېكەتلەرنىڭ چىراغلىرى يېقىلدى. پويىز بىپايان يايلاقتا يىلان باغرى يول بىلەن گۈگۈم پەردىسىنى يېرىپ كېتىۋاتاتتى.

ئابۇتالىپ قۇتتىبايېف ئازابتىن تولغىناتتى، كۆزىگە ئۇيقۇ بارمايتتى. تۆمۈر بىلەن قاپلانغان سولاقخانا ئىچىدە يا ئولتۇرۇشنى، يا يېتىشنى بىلمەي، بىر خىل ئەنسىزچىلىك ئىچىدە پىر ـ پىر پىرقىراپ يۈرەتتى. ئۇ ئازابلىق ئۇھ تارتاتتى، تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ھاجەتخانىغا چىقىمەن دەپ، گۇندىپايلارنىڭ ئۇغىسىنى قايىنىتاتتى. گۇندىپاي بىرنەچچە قېتىم ئىشىكنى قىيا ئېچىپ ئۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇش بەردى:

— ھوي بۇزۇق، ئورنۇڭدا نېمە جىم ئولتۇرالمايسەن؟ ياۋاشراق بول جۇمۇ، مۇنداق قىلىشىڭغا يول قويۇلمايدۇ!

لېكىن، ئابۇتالىپ ئۆزىنى تىنچلاندۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى. ئۇ گۇندىپايغا توختىماي يالۋۇراتتى:

— ماڭا قاراڭ، نۆۋەتچى، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا ئۇخلاتقۇدەك ئازراق بىر نەرسە بېرىڭ، بولمىسا مەن

ئۆلۈپ كېتىمەن. مەن ئۆلۈپ كەتسەم سىلەرگە نېمە پايدىسى! باشلىقىڭىزغا ئېيتىڭ. مەن ئۆلسەم سىلەرگە نېمە پايدىسى! گېپىم راست، مەن زادىلا ئۇخلىيالمايۋاتىمەن!

قىزىق يېرى، گۇندىپاي ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە تاڭسىقباپىقىنىڭ يېنىدىن ئىككى تال تىنچلاندۇرۇش دورىسى ئاچىقىپ بەردى (ئابۇتالىپ تەلىپىنىڭ مۇنداق تېز قاندۇرۇلۇشىنىڭ سەۋەبىنى ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇنلا ئۇقتى). ئابۇتالىپ تىنچلاندۇرۇش دورىسىنى ئىچىپ، يېرىم كېچە بولغاندا كۆزى ئىلىنغاندەك بولدى، لېكىن ئۇ ھەقىقىي ئۇخلىمىغانىدى. پويىز چاقىنىڭ تاراقلىشى ۋە بورانىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئىچىدە، ئۇ خۇددى ئۆزىنى پويىزنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. ئەنە، ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ، پويىزنىڭ ئاستىدا قېلىشتىن قورقۇپ، جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈۋاتىدۇ، ۋارقىراۋاتىدۇ، پويىز ئۇنىڭ ئارقىسىدا پۈتۈن سۈرئىتى بىلەن قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ قورقۇنچلۇق كېچىدە پويىزنىڭ ئالدىدا جان - جەھلى بىلەن يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ. ياق، بۇ قورقۇنچلۇق ئىش ئۇنىڭ چۈشىدە ئەمەس، ئوڭىدا بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ تاماقلىرى قۇرۇپ كەتتى، شۇ تاپتا ئازراق سۇ بولغان بولسا! پاراۋۇز ئالدى چىرىغىنى ياندۇرۇپ، ئۇنى دەھشەت بىلەن قوغلاپ كەلمەكتە، چىراغ ئۇنىڭ يولىنىمۇ يورۇتۇپ كەلمەكتە. ئۇ رېلىس ئىچىدە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ، ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئەتراپقا قارىماقتا، ئازاب بىلەن ۋارقىرىماقتا: «زەرىپە، داۋۇل، ئېرمەك! سىلەر قەيەردە؟ مېنىڭ يېنىمغا



www.uyghurkitap.com

كېلىڭلار! بۇ مەن، سىلەرنىڭ داداڭلار! سىلەر قەيەردە گەپ قىلساڭلارچۇ! » ھېچقانداق سادا يوق. ئالدى تەرەپتە، قاپقارا ئىس تۈرۈلۈپ كەلمەكتە. ئارقا تەرەپتە، پويىز جاقىلداپ ئۇنى قوغلاپ كەلمەكتە. مانا، ئۇنىڭغا يېتىشىۋالايلا دەپ قالدى، پويىز ئۇنى دەسسىۋەتمەكچى، مىجىپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى. ئۇنىڭ ئەمدى قاچقۇدەك ماغدۇرى قالمىدى، ئارقىسىدىن قوغلاپ، بارا - بارا يېقىنلاپ قېلىۋاتقان ئاپەتتىن قېچىپ قۇتۇلۇشقا ئۇنىڭدا مادار يوق. . . تېخىمۇ يامان يېرى، قورقۇش، ئۈمىدسىزلىك ئۇنىڭ پۇتىنى چۇشەپ قويۇۋاتىدۇ، ئىككى پۇتى ئۇنىڭ ئەركىگە بوي سۇنمايۋاتىدۇ، مانا، ئۇنىڭ نەپىسى ئاجىزلاپ كېتىۋاتىدۇ. . .

تاڭغا يېقىن مەزگىل. ئابۇتالىپ يوتقانغا يۆگىنىپ دېرىزە تۈۋىدە يايلاققا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى تاتارغان، ئىككى مەڭزى ئىششىپ قالغانىدى. سىرتتا جاراڭلاپ سوغۇق بولماقتا ئىدى، ئەتراپ يەنىلا قاراڭغۇ، لېكىن زېمىننىڭ چىرايى ئاستا - ئاستا سۈزۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. تاڭ ئالدىدىكى سۇبھى ئاخىر زۇلمەت ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ.

ئاسماننىڭ ئەپتىدىن قارىغاندا، بۈگۈن ھاۋا تۇتۇق بولىدىغاندەك قىلاتتى، قار يېغىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. . .

شۇنداق، سارى ئۆزەكنىڭ قىلىن قارغا كۆمۈلۈپ ياتىدىغان مەزگىللىرى كېلىپ قالدى. لېكىن، ئازراقلا دىققەت قىلىپ قارىغان ئادەم سارى ئۆزەكنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ ئۇنىڭدىكى كىچىك دۆڭلەرنى،

يارلارنى، ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان يەرلەرنى، بۇرۇن پويىزدا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقاندا كۆرگەن ئۆگزىلەرنى ۋە مورىلاردىن چىقىۋاتقان تۇنجى تۈتۈنلەرنى پەرق ئېتىۋالالايدۇ. بۇ تۈتۈنلەر باشقا يەرلەردىكى ئۆيلەرنىڭ مورىلىرىدىن چىقىۋاتقان بولسىمۇ، كىشىگە خۇددى ئۆز مەھەللىسىدىكى ئۆيلەرنىڭ تۈرخۇنلىرىدىن چىقىۋاتقاندەك يېقىملىق تۇيۇلىدۇ. ئالدى تەرەپتىكى قومبەل بېكىتىگە ئانچە ئۇزۇن يول قالمىدى، ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، يەنە ئۈچ سائەت ماڭسىلا بورانلى ـ بوراننى بېكىتىگە يېتىپ بارىدۇ. دېمەك ئۇ يەرگە يېقىنلا كېلىپ قالدى دېگەن گەپ. يېدىگەي بىلەن قازانقاپ ئۆز ۋاقتىدا تۆگە بىلەن بۇ يەرلەرگە كېلىپ، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىملارغا قاتناشقان... قاراڭ، تازا سوغۇق چۈشمەيلا بەزىلەر شۇنداق يوغان قولاقچىلارنى كىيىۋاپتۇ، ئۇلار تۆگىلەرگە مىنىپ كېتىشىپ بارىدۇ. ئابۇتالىپ ئۇلارنى كۆرۈپ، دەرھال يۈزىنى تۆمۈر رېشاتكىلىق دېرىزىگە ياقتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ بىرەر تونۇشى بولۇپ قالسىچۇ؟ ... ئەگەر يېدىگەي قانداقتۇر سەۋەبلەردىن ئۆزىنىڭ تۆگىسى قارانارغا مىنىپ، ئويلىمىغان يەردىن بۇ يەرگە كېلىپ قالغان بولسىچۇ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ قاۋۇل، ئېگىز تۆگىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالىدىغان بولسا، بىرەر يۈز كىلومېتىر يول دېگەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس. ئۇ تۆگە يۈگۈرىدىغان بولسا، ئافرىقىنىڭ قايسى بىر يېرىدە ياشايدىغان زىراپىدىن قېلىشمايدۇ.

ئابۇتالىپ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا، خۇددى ئالدىدىكى بېكەتتە پويىزدىن چۈشۈپ قالىدىغاندەك، تەييارلىققا

چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئايغىنى ئىككى قېتىم ئالماشتۇردى، پايتىمىسىنىمۇ باشقىدىن ئورىدى، نەرسە - كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈپلا ماڭغۇدەك قىلىپ تەقلەپ قويدى. ئۇ بىر دەم كۈتۈپ باقتى، لېكىن زادىلا ئولتۇرالمىدى. گۈندىپاينىڭ رۇخستى بىلەن ھاجەتخانىغا چىقىپ يۈز - كۆزىنى بىر قۇر يۇيۇۋالدى، لېكىن قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، يەنىلا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تېپىرلاپ يۈردى.

پويىز سارى ئۆزەك يايلىقىنى بويلاپ كېتىۋاتاتتى. . . ئابۇتالىپ ئۆزىنى بىر ئاز بېسىۋېلىپ، قوللىرىنى ئىككى تىزىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ ئولتۇردى. ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ قوياتتى.

پويىز قۇمبەل بېكىتىدە يەتتە مىنۇت توختىدى. ئۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا تونۇش. ھەتتا، بۇ چوڭ بېكەتتە توختاپ ھەرقايسى تەرەپلەرگە كېتىدىغان، ھازىر دەل ئۇ ئولتۇرغان پويىزغا قاراپ كېلىۋاتقان ھەر خىل يولۇچىلار پويىزى ۋە يۈك پويىزلىرىمۇ شۇ تاپتا ئابۇتالىپقا خۇددى كۆرۈشۈشكە تەشنا بولۇپ كەتكەن كونا قەدىناسلىرىدەك بىلىنمەكتە. ئۇ پويىزلار بورانلىق - بورانلىق بېكىتىدىن ئۆتكەن، ئۇ يەردە ئۇنىڭ سۆيۈملۈك خوتۇن - باللىرى ئولتۇرىدۇ. ئەلۋەتتە، جانسىز نەرسىلەرنى ئەسلەش ئۇچۇن مۇشۇنچىلىك نەرسە بولسىلا كۇپايە.

ئۇ ئولتۇرغان پويىز يەنە ئورنىدىن قوزغالدى. پويىز بېكەتتىن چىقىپ كەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا، ئابۇتالىپ بېكەتتە تۇرغان شۇ يەرلىك ئادەملەرنىڭ چىرايىغا بىر

www.uyghurkitap.com

قوردىن قاراپ چىقىشقا ئۈلگۈردى. ئۇلار ئۇنىڭغا شۇنچە تونۇش بىلىندى. شۇنداق، ئابۇتالىپ ئۇلارنى تونۇيدۇ، ئۆزى بىرنەچچە قېتىم كۆرگەن بۇ قۇمبەللىكلەرنى تونۇيدۇ، ئۇلارمۇ بەلكىم بورانلىقنىڭ يەرلىك ئادەملىرى قازانقاپ، يېدىگەي ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى تونۇشى مۇمكىن. قازانقاپنىڭ ئوغلى سابىتجان تېخى ئوتتۇرا مەكتەپنى مۇشۇ يەردە ئوقۇغان. ئۇ ھازىر ئالىي مەكتەپكە چىقتى. . .

بىكەتنىڭ تال ـ تال يوللىرى ئارقىدا قالدى. پويىز سۈرئىتىنى بارغانسېرى تېزلىتىشكە باشلىدى. ئابۇتالىپنىڭ ئېسىگە كەلدى، ئۇ بىر چاغلاردا باللىرىنى ئەكېلىپ بۇ يەردىن تاۋۇز ئەكەتكەن، ياغاچ ئېلىش ۋە ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن بۇ يەرگە ئۆزى يالغۇزمۇ بىرنەچچە قېتىم كەلگەن.

ئابۇتالىپنىڭ گېلىدىن بىر نەرسە ئۆتمىدى. ئەكىرىپ بەرگەن ئەتىگەنلىك تامىقىمۇ شۇ پېتى تۇراتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى ئالدىدىكى ئىشلاردىلا قالغانىدى. بورانلى ـ بورانىنى بېكىتىگە يېتىپ بېرىشقا ئاز قالدى. يەنە ئىككى سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت ماڭسا يېتىپ بارىدۇ. ئابۇتالىپ قار يېغىپ كېتىشتىن ياكى شۇۋىرغان چىقىپ كېتىشتىن ئەنسىرەيتتى. ئەگەر شۇنداق بولسا، زەرىپە بىلەن باللىرى سىرتقا چىقماي ئۆيدە ئولتۇرىدۇ، ئۇ يىراقتىن ئۇلارنى كۆرەلمەيدۇ. . .

«ئاھ، قادىر خۇدا! — ئابۇتالىپ ئىچىدە خۇداغا ئىلتىجا قىلاتتى، — ھەرگىز قار ياغدۇرمىغايسەن، بىردەم تەخىر قىلىپ تۇرغىن، كېيىن قانچىلىك ياغدۇرۇۋالساڭمۇ

ۋاقىت بار. مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي!» ئابۇتالىپ تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ، تىزلىرى ئارىسىدىكى قوللىرىنى تېخىمۇ چىڭ قىستى. ئۇ ئالدىن ئويلاپ قويغان خىياللىرىنىڭ چېچىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، زېھنىنى يىغىپ، ئۆزىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇشقا تىرىشاتتى. ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن كۈتەتتى، تەقدىر ئىلاھىدىن يالۋۇرۇپ كۈتكەن خوتۇن - بالىلىرىنى دېرىزىدىن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر كۆرۈۋېلىش ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى كۈتەتتى، ئەگەر خوتۇن - بالىلىرى ئۇنى كۆرۈپ قالسىچۇ؟ . . . ئەتىگەندە ئۇ گۇندىپاينىڭ نازارىتى ئاستىدا ھاجەتخانىدا يۈزىنى يۇيۇۋېتىپ، پاسكىنىلىشىپ كەتكەن يۇندا كۆلچىكىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى كۆكۈچ ئەينەكتىن ئۆزىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايى ناھايىتى ئوسال، سارغىيىپ خۇددى ئۆلۈكنىڭ چىرايىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان چاغدىمۇ، ئۇ چىرايىدىن مۇنداق كېتىپ قالمىغانىدى. چاچلىرىمۇ چارلىشىپ كېتىپتۇ، كۆزلىرىمۇ بۇرۇنقىدەك ئەمەس، ئازاب ۋە قىيناشلاردىن شۇنداق خۇنۈكلىشىپ كېتىپتۇ، پېشانىسىدە سانسىز قورۇق. . . ئۇ تېخى مۇنچىلىك ھالغا چۈشۈپ قالغۇدەك ياشتا ئەمەسقۇ. . . ئەگەر ئىككى ئوغلى بىلەن خوتۇنى ئۇنى مۇشۇ ھالەتتە كۆرسە، بەلكىم تونۇماي قېلىشىمۇ مۇمكىن، ئۇنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتەمدۇ تېخى، بۇنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن، كېيىن ئۇلار خۇشال بولۇشىدۇ، ئۇ ئۆيگە سالامەت قايتالىسىلا، خوتۇن - بالىلىرى بىلەن خاتىرجەم كۈن ئالسىلا،

ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتىپ كېلەلەيدۇ.

ئابۇتالىپ مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەچ، دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇراتتى. مانا، بۇ جايلارمۇ ئۇنىڭغا تونۇش، ئەنە، قاتمۇقات ئېدىرلار، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسى ساي، ئۇ بالىلىرىنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ ئويناتماقچى بولغان، خۇددى ئۇ دولقۇندىن بۇ دولقۇنغا سەكرىگەندەك، ئۇ ئېدىردىن بۇ ئېدىرغا يۈگۈرۈپ، ۋارقىراپ، سەكرەپ ئوينىماقچى بولغان.

بۇ چاغدا توپ ئاچقۇچىنىڭ شاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئارقىدىنلا ئىشىك ئېچىلدى، ئىشىكتە ئىككى گۇندىپاي پەيدا بولدى.

— سوراققا چىق! — دېدى ئۇلارنىڭ بىرى بۇيرۇق قىلىپ.

— نېمىشقا سوراققا چىقىمەن؟ نېمە ئۈچۈن؟ — ئابۇتالىپ ئىختىيارسىز ھالدا شۇنداق دەپ سالدى.

گۇندىپاي ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا بىر قەدەم يېقىنلاشتى. ئۇ، ئۇنىڭ نېرۋىسى بۇزۇلغانمۇ قانداق، دەپ ئويلاپ قالغاندى:

— نېمە ئۈچۈن؟ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ نېمە دەۋاتقانلىقىمنى چۈشەنمەيۋاتامسىنا؟ سوراققا چىق دەۋاتىمەن!

ئابۇتالىپ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بېشىنى ساڭگىلاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ دېرىزىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كەتكۈسى، خۇددى تاشقا ئوخشاش ئەينەك – پەينەكنى چېقىپ چىقىپ كەتكۈسى كەلدى، بىراق دېرىزە تۆمۈر بىلەن رېشاتكىلانغان... پېشانىسىگە يېزىلغىنى شۇ

www.uyghurkitap.com

ئىكەن. ئۇنىڭغا سۆيۈملۈك كىشىلىرىنى دېرىزىدىن بولسىمۇ بىرەر قېتىم كۆرۈۋېلىش نېسىپ بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ئابۇتالىپ خۇددى يەلكىسىدىن ئېغىر بىر يۈك بېسىپ تۇرغاندەك، ئورنىدىن تولىمۇ ئاستا تۇردى، ئاندىن گۇندىپايلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا خۇددى جازا مەيدانىغا ماڭغاندەك، تاڭسىقبايېفنىڭ خاس بۆلۈمىگە قاراپ ماڭدى، لېكىن ئەڭ ئاخىرقى كىچىككىنە ئۈمىد ئۇنىڭ كاللىسىدىن يالت قىلىپ ئۆتتى، بورانلى ـ بورانىنىغا يەنە بىر يېرىم سائەتلىك يول بار، بەلكىم شۇڭغىچە سوراقمۇ تۈگەپ قالار. ئۇنىڭ ئەمدى بىردىنبىر ئۈمىدى مۇشۇنىڭدا قالغانىدى. تاڭسىقبايېفنىڭ خاس بۆلۈمىگە تۆتلا قەدەم ماڭسا يېتىپ باراتتى، لېكىن، بۇ تۆتلا قەدەم ئارىلىقنى ئابۇتالىپ شۇنداق ئۇزۇن ماڭدى. تاڭسىقبايېف ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

— كەلگىن، قۇتتىبايېف، ئىككىمىز بىردەم پاراڭلىشۋالايلى، بىردەم ئىشلەيلى، — تاڭسىقبايېفنىڭ چىرايى جىددىي تۇس ئالغان، تەلەپپۇزىمۇ جىددىي ئىدى، ئۇ پاكىز قىرىلغان، ئۆتكۈر ئەتىر ھىدى كېلىپ تۇرغان ئېڭىكىنى رازىمەنلىك بىلەن سىلاپ قويدى. ئۇ ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ئابۇتالىپتىن ئۈزمەي گەپ قىلاتتى، — قېنى، ئولتۇر، مەن سېنىڭ ئولتۇرۇشۇڭغا رۇخسەت قىلدىم، ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقىنىمىز ياخشىراق.

گۇندىپايلار ئىشىك سىرتىدا تۇراتتى، ئۇلار ئىچكىرىدە ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلانسىلا ئېتىلىپ كىرىشكە تەييار ئىدى. كۆزلىرى قۇرغۇيىنىڭكىدەك ئۆتكۈر ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈشمۇ ئاسان ئەمەس ئىدى. ئەتراپنى قولغا

چىققۇدەك بىرەر نەرسىمۇ يوق، تاڭسىقبايېۋ ئېيىپ كېلىپ قالسىلا بىرەر ـ ئىككى رومكا قېقىۋالىدىغان ئادەم بولسىمۇ، بۆلۈمى ئىچىدە نە بىرەر بوتۇلكا، نە بىرەر ئىستاكان كۆرۈنمەيتتى. لېكىن، ۋودكا ۋە قورۇلمىلارنىڭ مەززىلىك ھىدى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

پويىز داۋاملىق ئىلگىرىلىمەكتە، پويىز چاقلىرى تاراقلاپ سارى ئۆزەك يايلىقىنى كېسىپ كېتىپ بارماقتا. ئۇلار بورانلى ـ بوراننى بېكىتتىكە بارغانسېرى يېقىنلاپ قېلىشۋاتىدۇ، لېكىن تاڭسىقبايېۋ ھېچنېمىگە ئالدىرىمايدۇ، ئۇ ھېلىقى خاتىرىنى قايتىدىن ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى ھەربىر سۆز، ھەربىر جۈملە ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزمەكتە. لېكىن، ئابۇتالىپنىڭ تاقىتى ـ تاق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ھېچ چىدىغۇچىلىكى قالمىدى، بۇ بىرنەچچە مىنۇتتا ئۇ گۆر ئازابىنى تارتتى، مۇشۇنداق ۋاقىتتا چاقىرىپ ئەكېلىپ سوراق قىلىش ئۇنىڭغا تولىمۇ ئەلەم قىلغانىدى، ئۇ ئاخىر تاقەت قىلالماي تاڭسىقبايېۋقا ئېغىز ئاچتى:

— مەن كۈتۈپ تۇرىمەن، باشلىق گىراژدان.

تاڭسىقبايېۋ ھەيران بولۇپ بېشىنى كۆتۈردى:

— كۈتۈپ تۇرامسەن؟ نېمىنى كۈتۈپ تۇرىسەن؟

— سىزنىڭ سوراق قىلىشىڭىزنى، سوئال سورىشىڭىزنى. . .

— ھە، مۇنداق دېگىن! — تاڭسىقبايېۋ بۇ سۆزنى تولىمۇ سوزۇپ قىلدى، ئاندىن چىرايىدا بىردىنلا پەيدا بولغان كۆرەڭلىكنى بېسىپ دېدى، — ياخشى، بۇ گېپىڭ بولىدۇ، قۇتتىبايېۋ، جاۋابكار ئادەتتە قىلمىشلىرىغا تولۇق

قىلىپ، ئۆز رازىلىقى بىلەن مەسىلىلەرنى تاپشۇرماقچى بولغاندا، سوراق قىلىنىشنى مۇشۇنداق كۈتىدۇ. ساڭا ئېيتسام، بۇ قالتىس ئىش ئەمەسمۇ. . . دېمەك، ئۇنىڭ دەيدىغان گېپى بار، تەكشۈرۈش ئورگىنىغا مەلۇم قىلىدىغان مۇھىم گېپى بار دېگەن گەپ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — تاڭسىقبايېۋ بۈگۈن سوراقنى مۇشۇنداق ئېلىپ بېرىش، تەھدىتنىڭ ئورنىغا يالغان دوستلۇقنى ئىشقا سېلىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بەلكىم، جىنايىتىڭنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى تونۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھاكىمىيىتىنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان تەكشۈرۈش ئورگىنىغا ئاز ـ تولا ياردەم قىلىش نىيىتىگە كەلگەنسەن. گەرچە ئۆزۈڭمۇ بۇ ھاكىمىيەتنىڭ دۈشمىنى بولساڭمۇ. بۇ ئىشنىڭ بولىدۇ. سەن بىلەن بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھاكىمىيىتى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئاتا ـ ئانىمىزدىنمۇ قەدىرلىك. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىمۇ ھەممە ئادەم ئوخشاش بولۇپ كەتمەيدۇ، — ئۇ ئۆز گەپلىرىدىن قانائەت تاپقاندەك، بىردەم جىم تۇرۇپ كېتىپ، ئاخىرىغا قوشۇپ قويدى، — مەن باشتىن ـ ئاخىر سېنى ئەقىللىق ئادەم دەپ قاراپ كەلگەن، قۇتتىبايېۋ، ئىككىمىزنىڭ بىر پىكىرگە كېلەلىشىمىزنى ئارزۇ قىلاتتىم. ھە، گەپ قىلمايسەنغۇ؟

— بىلمەيمەن، — دېدى ئابۇتالىپ چۈشىنىكسىزلا قىلىپ، — مەن ئۆزۈمدە نېمە جىنايەت بارلىقىنى بىلەلمىدىم، — ئۇ شۇ گەپنى قىلىۋېتىپ، دېرىزىدىن ئوغرىلىقچە قاراپ قويدى، پويىز ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. سارى ئۆزەك يايلىقى خۇددى ئاۋازسىز كىنودىكى

www.uyghurkitap.com

مەنزىرىلەردەك، بۇلۇت بىلەن قاپلانغان ئاسمان گۈمبىزى ئاستىدا، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان سۈرئەتتە ئارقىغا سىلجىماقتا ئىدى.

— مېنىڭ ساڭا دەيدىغانلىرىم مانا مۇشۇ، كەلگۈسىدە ئىككىمىزنىڭ بىر خىل سەممىيلىك ئىچىدە كۆرۈشكىنىمىز ياخشى، — تاڭسىقبايېۋ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى، — سېنى خۇددى پادىشاھلاردەك ئالاھىدە ۋاگوندا ئېلىپ مېڭىشىمىز ھەرگىز تاسادىپىي بولغان ئىش ئەمەس، بۇنىڭدا مەلۇم سەۋەب بار. خاس بۆلۈم دېگەن ئۇنداق ئاسانلىقچە ئولتۇرالايدىغان يەر ئەمەس جۇمۇ. دېمەكچى، تەكشۈرۈلۈۋاتقان بۇ ئەنزىدە سەن مۇھىم شەخس. نۇرغۇن ئىشلار ساڭىلا باغلىق بولۇپ قالدى. سەندىن كۈتىدىغان ئۈمىدىمىز ناھايىتى چوڭ. شۇڭا ئويلىنىپ باق، ياخشىراق ئويلىنىپ باق. ماڭا قارا، بۈگۈن كەچ بىلەن ئورېنبۇرگقا، يەنى چكالوۋغا يېتىپ بارىمىز. ئۇ يەردە بىزنى كۆپچىلىك كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئۇ بىزنىڭ بىرىنچى بېكىتىمىز، سەنمۇ بىلىسەن، ئۇ يەردە سېنىڭ ئىككى شېرىكىڭ پوپوف ئالېكساندىر ئىۋانوۋىچ بىلەن تاتار سەيپۇللىن خەمىت ئولتۇرىدۇ. ئۇلارمۇ قولغا ئېلىنىپ بولدى. شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي، ئۇلارنى سېنىڭ ئىقرارىڭ بويىچە قولغا ئالغان. ھەر ئىككىسى سەن بىلەن بىللە باۋارىيىدە ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى، كېيىن بىللە قاچقانلىقىڭلارنى ئىقرار قىلدى. ساڭا يەنە ئېيتىپ قويىدىغىنىم، غەلىتە يېرى، تاش تېرىش مەيدانىدىن پەقەت سىلەرنىڭ گۇرۇپپىلا بىر ئامال قىلىپ قېچىپ كەتكەن. بۇ ئۇقتىنىمۇ ئېنىقلىۋېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. كېيىن

سىلەر يۇگوسلاۋىيىگە بېرىپ ھەرىكەت قىلىپ سىلەر، ئۇ ئىككىسى، سىلەرنىڭ ئەنگلىيە ئەلچىخانىسى بىلەنمۇ مۇناسىۋەت قىلغانلىقىڭلارنى ئىقرار قىلدى. بۇنىڭ نېمىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغانلىقى ساڭا ناھايىتى ئېنىق. بۇ نۇقتا ئۆزۈڭنىڭ ئەسلىمەڭدە ناھايىتى ئېنىق يېزىلغان، توغرىسىنى ئېيتسام، تولىمۇ جەلپ قىلارلىق قىلىپ يېزىلغان. بىز پوپوفنىڭ جاسۇسلار كاتتىۋىشى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتۇق، سەيپۇللىن ئۇنىڭ ئىككىنچى قولى بولغان. سەن، قۇتتىبايېۋ، جاسۇسلۇق تەشكىلاتى ئىچىدە بىرىنچى قول بولغان ئەمەس. شۇڭا، ئەگەر سەن تەھقىقلىگۈچىگە ياردەم قىلىدىغانلا بولساڭ، سېنى كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلساق بولىدۇ.

— قانداق جاسۇسلۇق تەشكىلاتى ئىكەن ئۇ؟ مەن سىزگە دېدىمغۇ، 1945 - يىلى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇلارنى قايتا كۆرمىدىم دەپ، — دېدى ئابۇتالىپ گەپ قىستۇرۇپ.

— بۇ مۇھىم ئەمەس، قىلچە مۇھىم ئەمەس. ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ، يۈزمۇيۈز ئۇچرىشىش شەرت ئەمەسقۇ. ئوتتۇرىدا بىر ئالاقىچى بولسىلا بولدى. ھە، ئېيتايلۇق، ھەقىقەتنى قىزغىن سۆيىدىغان ھېلىقى يىدىگەي ئورېنبۇرگ ياكى باشقا ياققا بېرىپ باقمىغانمۇ؟ قانداقلا بولسۇن، سىلەرنىڭ مەلۇم ئادەم ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ تۇرۇشۇڭلار تامامەن مۇمكىنغۇ. سەن ئويدانىراق ئويلىنىپ باق.

— يىدىگەي ئۆزىنىڭ تۇغىسى قارانارغا مىنىپ ئورېنبۇرگقا بارغان، دەپ ئىقرار قىلسامىلا بولامدۇ زادى؟ — دېدى ئابۇتالىپ تاقەت قىلالماي.

— سەن يەنە شۇ كونا گېپىڭنى تەكرارلاۋاتىسەن، قۇتتىبايېف، مۇنداق قىلغىنىڭنىڭ پايدىسى يوق. مېنىڭ سەن بىلەن ئوبدانراق پاراڭلىشىۋالغۇم بار ئىدى، لېكىن سەن خالىمايۋاتىسەن، ئېيتىپ قوياي، بىز بىلەن قارشىلىشىپ پايدا ئالالمايسەن، يېدىگەيگە كەلسەك، ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولساڭ بولىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە بىز ئۇنى ھەتتا تۆگىسى بىلەن قوشۇپ قولغا ئالىمىز. ئەگەر ئۇنىڭغا بىزنى تەگمىسۇن دېسەڭلار، يۈزلەشتۈرگەندە ئالدىمىزدا قۇۋلۇق - شۇملۇق قىلماسلىقىڭلار كېرەك.

پويىز ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان پويىزغا سوزۇپ - سوزۇپ سىگنال بەردى. بۇ گۈدۈك ئاۋازى ئابۇتالىپنىڭ ئازابلىق يۈرىكىنى چېقىپ ئۆتۈپ كەتتى، بورانلى - بورانى بېكىتىگە ئازراقلا يول قالدى. تاڭسىقبايېفنىڭ سۆزلىرى ئابۇتالىپنىڭ تەنلىرىنى شۈركۈندۈرۈۋەتتى. دۆلەت ئىچىدە بۇ بىرنېمىلەرنىڭ قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ. لېكىن شۇ تاپتا ئابۇتالىپنىڭ يۈرىكىنى ئۆرتەۋاتقىنى، تاڭسىقبايېف بارغانسېرى قىزىشىپ سۆزلەپ كېتىۋاتاتتى، سوراق ھازىرچە ئاخىرلىشىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— ھە، شۇنداق گەپ، — تاڭسىقبايېف ئالدىدىكى ھۆججەتلەرنى نېرى ئىتتىرىپ قويۇپ، ئابۇتالىپقا تىكىلىپ تۇرۇپ، جىمجىتلىقنى بۇزدى، — مەن ئىككىمىزنىڭ ئاخىر بىر - بىرىمىزنى چۈشىنىپ يارىشىپ قالىدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمەن، سېنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولۇڭمۇ مۇشۇ. ئورېنبۇرگدىكى يۈزلەشتۈرۈش تولىمۇ

مۇھىم. يا سېنىڭ ماڭا ياردەملىشىپ، مەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىڭغا، يا مېنىڭ سەن ئۈچۈن تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق بولغان ئىشنى قىلىشىمغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ چاغدا سەن يىگىرمە بەش يىللىق قاماق جازاسىغا ياكى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىسەن. ئۇنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرمىساممۇ چۈشىنىسەن. بىز ئىتتو دېگەن بۇ ئەبلەخنى ئوبدانراق ئەدەبلەپ قويۇش پۈرسىتىگە تولىمۇ تەستە ئېرىشتۇق. بۇ بىرنەچچە يىلدا سىلەر ئىزچىل ھالدا ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلدىڭلار. بۇ ئەنزىنى ئىئوسىف ۋىسسارىئونوۋىچنىڭ ئۆزى سورۇشتۇرۇۋاتىدۇ. ھېچكىممۇ جازا تورىدىن قۇتۇلۇپ قالىمەن دەپ خام خىيال قىلمىسا بولىدۇ. بىز ئۇلارغا قىلچە رەھىم قىلماي، تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىمىز. شۇڭا، قەدىرلىكىم، سەن تەقدىرىڭگە شۈكۈر قىلىشىڭ كېرەك، مېنىڭ سېنى بۇ بالاغا ئىتتىرىش نىيىتىم يوق، بىراق، سەن مېنىڭ بۇ ياخشى كۆڭلۈمنى يەردە قويماسلىقىڭ كېرەك. مېنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى چۈشىنىۋاتقانسەن؟

ئابۇتالىپ ئۈندىمىدى، ئۇ پۈتۈن بەدىنى مۇزلاپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى، ئىچىدە بولسا بېكەتكە كىرىش ۋاقتىنى توختىماي ھېسابلايتتى، دېمەك، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك خوتۇن ـ بالىلىرىنى دېرىزىدىن بولسىمۇ بىرەر قېتىم كۆرۈۋېلىش پۈرسىتى بولمايدىغان ئوخشايدۇ. بۇ خىيال ئۇنىڭ يۈرىكىنى پارە ـ پارە قىلاتتى.

— نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟ سەندىن گەپ سوراۋاتىمەن، سەن مېنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى

چۈشىنىۋاتامسەن؟— تاڭسىقبايېف يەنە سورىدى.

ئابۇتالىپ بېشىنى لىڭشىتتى، ئۇ تاڭسىقبايېفنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئەلۋەتتە چۈشىنەتتى.

— ھە، بالدۇرراق مۇشۇنداق قىلىشىڭ كېرەك ئىدى،— تاڭسىقبايېف ئۇنىڭ باش لىڭشىتقىنىنى قوشۇلدى، دەپ چۈشەنگەنىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئابۇتالىپنىڭ يېنىغا كەلدى، ھەتتا بىر قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى،— مەن سېنىڭ ئەقىللىق ئادەم ئىكەنلىكىڭنى، ئاخىر توغرا يولغا ماڭىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم. شۇنداق قىلىپ، ئىككىمىز كېلىشكەن بولدۇق جۇمۇ، يەنە ئىككىلىنىپ يۈرسەڭ بولمايدۇ. مېنىڭ دېگەنلىرىم بويىچە ئىش قىلساڭلا بولدى، پوپوف جاسۇسلار كاتتىۋىشى، ئۇ 1944 ـ يىلى ئەنگلىيە ئاخبارات ئورگىنىغا قوبۇل قىلىنىپ، ۋەتەنگە قايتۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى تىتو ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچقان يىغىنغا قاتناشقان، قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەندە ئوتتۇرىغا چىقىش ئۈچۈن، بىر مەزگىل يوشۇرۇنۇپ تۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغان. مانا مۇشۇلارنى دېسەڭلا بولدى. ئەمدى تاتار سەيپۇللىنغا كەلسەك، مۇنداق دەيسەن، ھە، مۇنداق دېسەڭ بولىدۇ، سەيپۇللىن پوپوفنىڭ ئاساسلىق ياردەمچىسى، مانا مۇشۇنداق دېسەڭلا كۇپايە. قالغىنىنى بىزگە قويۇپ بەرسەڭ بولىدۇ. سەن بىر بايانات ئېلان قىلىسەن، بىراق ئەنسىرىمە، ساڭا ھېچقانداق خەتەر يەتمەيدۇ. سېنى ئالداۋاتقىنىم يوق، ھەرگىز خەتەر يەتمەيدۇ، گېپىمگە ئىشەن. بىز دۈشمەنلەر ئالدىدا ئەمدى تاقەت قىلىپ تۇرالمايمىز، ئۇلارنى تەلتۆكۈس يوقىتىمىز.

مانا ئەمدى دوست بولۇپ قالدۇق، ئورتاق نىشان ئۈچۈن بىللە كۈرەش قىلىمىز، بىر - بىرىمىزنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرىمىز. شۇمۇ ئېسىڭدە بولسۇن، مېنى ئويىنىتىپ يۈرمىگىن يەنە، چىرايىڭ نېمانچە تاتىرىپ كەتتى؟ نېمە بولدۇڭ؟ پېشانەڭدىنمۇ قارا تەر قۇيۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ، ساقلىقىڭ يوقمۇيا؟ ياكى ھودۇقۇپ كېتىۋاتامسەن؟

— بەك بىئارام بولۇپ كېتىۋاتىمەن،— دېدى ئابۇتالىپ. ئۇنىڭ بېشى ئايلىنىپ، كۆڭلى ئېلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

— ھە، ئۇنداق بولسا ئۆزۈڭنىڭ بۆلۈمىگە چىقىپ ئارام ئال، ئورېنبۇرگقا بارغۇچە خاتىرجەم ئارام ئال. لېكىن، ئورېنبۇرگقا بارغاندا گويا بىر قىلىچ بولۇشۇڭ كېرەك، ئۇقتۇڭمۇ، يۈزلەشتۈرگەندە تەۋرىنىپ قالساڭ بولمايدۇ. «ئېسىمدە يوق، بىلمەيمەن، ئۇنتۇپ قاپتىمەن» دېگەندەك گەپلەر ئېغىزىڭدىن چىقمىسۇن. بايا مېنىڭ دېگىنىم بويىچە سۆزلىسەڭلا بولدى. ئۇنداق بولسا شۇنداق بېكىتتۇق. قالغان تەرىپىدىن ئەنسىرىمىسەڭمۇ بولىدۇ، ئۇنى بىزگە قويۇپ بەر. ھازىرچە بۇلارنى خاتىرىلەپ ئولتۇرمايمىز، لېكىن ئورېنبۇرگقا بارغاندىن كېيىن، يۈزلەشتۈرگەننىڭ نەتىجىسىدىن خاتىرە قالدۇرۇپ، ئارخىپقا كىرگۈزىمىز، سەن ئىقرارنامىگە ئىمزا قويىسەن. ئەمدى چىقىپ ئارام ئالساڭ بولىدۇ، ئىككىمىز شۇنداق كېلىشكەن بولدۇقمۇ،— تاڭسىقبايېف گېپىنى تۈگىتىپلا ئۇنى سولاقخانىغا چىقىرىۋەتتى.

شۇ دەقىقىدىن باشلاپ، ئابۇتالىپ ئۈچۈن خۇددى مەلۇم ئالاھىدە تۈرمۈش باشلانغاندەك بولدى. ئۇنىڭغا

پويىزنىڭ سۈرئىتى بارغانسېرى تېزلىشىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇنىڭغا شۇنچە تونۇش بولغان يەرلەر دېرىزىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتمەكتە. بورانلى ـ بورانلى بېكىتىگە يېتىپ بېرىشقا ناھايىتى بىرنەچچە مىنۇتلا قالدى. ئەمدى ئۆزىنى بېسىپ كۈتۈپ تۇرۇشى، بولغۇسى ئىشلارغا تەييارلىق قىلىپ قويۇشى كېرەك. بىراق، مۇھىمى پويىز ئاستىراق ماڭسا بولاتتى. «پويىزنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلاتقىن.» ئابۇتالىپ مەلۇم ئىلاھىي كۈچتىن تىلىدى. لېكىن، دەل شۇ چاغدا پويىزنىڭ سۈرئىتى ئاستىلىغاندەك بولدى، ياكى ئۇنىڭغا شۇنداق تۇيۇلغاندۇ. دېرىزە سىرتىدىن ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىپ چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان مەنزىرىلەر توختىدى. «ھەممە مېنىڭ تىلىگىنىمدەك بولىدىغان بولدى» دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە ۋە بىرئاز خاتىرجەم بولدى. بايىقىدەك دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، دېرىزىگە يۈزىنى يېقىپ تۇرۇشنى قويۇپ، تىنچ كۈتۈپ تۇردى.

پويىز بورانلى ـ بورانلى بېكىتىگە كىردى. بالا ـ قازا ئۆز ۋاقتىدا ئابۇتالىپنى جەمئىيەتنىڭ تاشلاندۇق بالىسى سۈپىتىدە بۇ يەرگە ئەكېلىپ قويغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالدى، ئۇ، بالىلىرىمىز چوڭ بولغاندا، بۇ ئازابلارمۇ ئاخىرلىشىدىغۇ، دېگەن ئۈمىدتە ئىدى. بايا بۇ ئارزۇلىرىنىڭمۇ ئەمەلگە ئاشماسلىقى ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەنىكەن. مانا، خوتۇن ـ بالىلىرى قارانچۇقسىز تاشلىنىپ قالدى، ئۆزى بولسا پويىزنىڭ سولاقخانىسىدا بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ.

ئابۇتالىپ خۇددى كۆزىگە كۆرۈنگەن ھەممە نەرسىنى

ئاخىرقى تىنىقى قالغۇچە، كۆز ئالدىدا ئاخىرقى نۇر ئۆچكۈچە كاللىسىغا مەڭگۈلۈك ئورنۇتۇۋالماقچى بولغاندەك، دېرىزىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. باياتىن كۆرۈنگەن ھەممە نەرسە، قار دۆۋىلىرى، تۆمۈر يول يېنىدىكى بوش يەر، بەزىدە ئېچىلىپ، بەزىدە قارنىڭ ئاستىدا قالىدىغان يايلاق ئۇنىڭغا شۇنداق مۇقەددەس بىلىندى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى. قارا، ئاۋۇ دۆڭنى، قارا، ئاۋۇ جىلغىنى! ئەنە، زەرىپە ئىككىسى قوراللىرىنى كۆتۈرۈپ يول ياساشقا ماڭغاندا ماڭىدىغان چىغىر يول، ئەنە، بورانلىلىق باللار ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى داۋۇل بىلەن ئېرمەك يازلاردا سەكرەپ، يۈگۈرۈپ ئوينايدىغان يەرلەر. . . ۋاھ، قارا ئاۋۇ بىر توپ تۆگىگە! ئۇ تەرەپتە يەنە بىر جۈپ تۆگە يۈرىدۇ، ئۇنىڭ بىرى يېدىگەينىڭ قارا نارى ئىكەن. ئۇنى يىراقتىنلا تونۇۋالغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ بوي ـ بەستى شۇنداق يوغان، نەگىدۇ ئالدىرىماي كېتىپ بارىدۇ. بۇ نېمىدۇ؟ بىردىنلا سىرتتا ئۇچقۇنداپ قار يېغىشقا باشلىدى. ئەتىگەندىلا ھاۋانىڭ ئەپتى يامان ئىدى. ئاھ، قار، سەل تۇرۇپ ياغساڭمۇ بولاتتىغۇ، بىردەم تەخىر قىلىپ تۇرساڭچۇ! ئاھ، تۆگە قورۇسى ۋە مورىسىدىن تۇرۇلۇپ تۈتۈن چىقىۋاتقان ئەڭ باشتىكى ئۆينىڭ ئۆگزىسى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئەنە ئاچال، پويىز زاپاس لىنىيىگە كىردى، پويىز چاقىدىن تاراقلىغان ئاۋاز چىقماقتا. ئەنە، قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان ئاچال باشقۇرغۇچى خۇددى قازانقاپقا ئوخشاش كىچىك بايراقنى تۇتۇپ ئاچال باشقۇرۇش ئۆيىنىڭ يېنىدا تۇرماقتا؛ ئاھ خۇدا،

قازانقاپنىڭ ئاچال باشقۇرۇش ئۆيى بىردەمدىلا ئارقىدا قالدى. پويىز داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، كىچىك بازارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى: قارا، ئاۋۇ قاتار ـ قاتار ئۆيلەرگە، ئۆگزىلەرگە، دەرىزىلەرگە! قارا، كىمدۇ ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتىدۇ، ئابۇتالىپ ئۇنى پەقەت ئارقىسىدىنلا كۆرۈپ قالدى، ئەنە، ئاۋۇ يەردە بىرى باللارغا نىمىدۇر ياساپ بېرىۋاتىدۇ. يېدىگەي، توغرا، دەل شۇ! يېدىگەينىڭ ئۈچىسىدا پاختىلىق چاپان، ياقىسىنى كۆتۈرۈۋاپتۇ، يېنىدا ئىككى قىزى تۇرىدۇ، كىچىك قىزىنىڭ يېنىدا تۇرغىنى ئېرمەك، شۇنداق، ئۇنىڭ يۇرەك پارىسى ئېرمەك، ئۇ يېدىگەيدىن يىراقراق تۇرۇپ، ئۇنىڭغا نىمىنىدۇ ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئاھ خۇدا، ئۇ ئوغلىنىڭ چىرايىنى پەقەت غىل ـ پاللا كۆرۈپ قالدى! بىراق، داۋۇل نەگە كەتكەندۇ؟ زەرىپە نەدە يۇرىدىغاندۇ؟ ئاۋۇ يەردە ئېغىر ئاياغ بىر ئايال كېتىپ بارىدۇ، ئۇ بېكەت باشلىقىنىڭ خوتۇنى سەۋلە، ئاھ، ئەنە زەرىپە، ئەنە داۋۇل ئىككىسى! زەرىپەنىڭ ياغلىقى مۇرىسىگە چۈشۈپ قالغان، ئوغلىنى يېتىلەپ، يېدىگەي بىلەن باللار نىمىنىدۇر ياساۋاتقان تەرەپكە كېتىۋاتىدۇ. ئۇلار كېتىپ بارىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ، ئابۇتالىپنىڭ ۋارقىرىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاغزىنى چىڭ بېسىپ ئۆزلىرىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇ ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىۋېتىشتىن قورقىدۇ: «زەرىپە، قەدىرلىكىم! داۋۇل، جېنىم بالام! مانا مەن! ئاھ، مەن سىلەرنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋاتىمەنغۇ! ئەلۋىدا داۋۇل، ئەلۋىدا ئېرمەك! مېنى ئۇنتۇماڭلار! مەن سىلەرسىز ياشىيالمايمەنغۇ! سىلەر

بولمىساڭلار، ئاھ، قەدىرلىك بالىلىرىم، سۆيۈملۈك زەرىپەم بولمىسا، مەن بۇ دۇنيادا ياشىيالمايمەنغۇ! ئەلۋىدا!»

پويىز يېتىپ بىرىشقا شۇنچە تەشنا بولۇپ كەتكەن بورانلى ـ بورانىي بېكىتىدىن ئۇزاپ كەتتى. لېكىن، كۆز ئالدىدىن چاقماق تېزلىكىدە يالت ـ يۇلت قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن بارلىق نەرسىلەر ئابۇتالىپنىڭ كۆز ئالدىدا قايتا ـ قايتا پەيدا بولاتتى. قار لەپىلدەپ چۈشمەكتە، ھەممە نەرسە ئارقىدا قالدى، لېكىن ئابۇتالىپ قۇتتىبايېۋ ئۇچۇن ۋاقىت ئارقىدا قالغان ئاشۇ ماكان ئىچىدە، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بارلىق ئازابلىرى سىڭىپ كەتكەن ئاشۇ يوللاردا توختاپ قالغانىدى.

كىگىز دەك چۈشۈۋاتقان قاردا سىرتتىكى ھېچ نەرسىنى پەرق ئەتكىلى بولمىسمۇ، ئۇ يەنىلا دېرىزە يېنىدىن كېتەلمەيتتى. ئۇ دېرىزە تۈۋىدە ئەنە شۇنداق جىممىدە تۇراتتى، كۆڭلى تولىمۇ پاراكەندە ئىدى، بولۇۋاتقان ئادالەتسىزلىكلەرگە ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتەنسىمۇ، خۇددى تىلسىز ھايۋاندەك، مەلۇم ئىرادىنىڭ ئالدىدا باش ئېگىپ تۇرۇشقا مەجبۇر. ئۇ خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ يېنىدىن ئوغرىلىقچە جىممىدە ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنى ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلغان كۈچ ئۇنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلغان. ئۇ پويىزدىن مەيدىسىنى كېرىپ چۈشۈپ، كىچە ـ كۈندۈز خىيالىدىن كەتمەيدىغان ئۆيىگە ئوچۇق ـ ئاشكارا بارالمىدى، ئامالسىز پۈتۈن دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بىچارىلەرچە دېرىزىدىن قاراپ تۇردى، تاڭسىقبايېفنىڭ ئىت ئورنىدا كۆرۈپ قىلغان ئورۇنسىز

بۇيرۇق ـ تەلەپلىرىگە چىدىدى. ئۆزىگە تەسەللى ئېيتىش
ئۈچۈن، ئابۇتالىپ ئۆز ـ ئۆزىگە ۋەدە بەردى، بۇنى پەقەت
ئۆزىلا بىلەتتى، ھەرگىز ئاغزىدىن چىقارمايتتى.

ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ غىل ـ پاللا كۆرۈپ قالغان ئاشۇ
نەرسىلەر ئابۇتالىپ ئۈچۈن گويا بىر رومكا ئازاب شارابى
بولغانىدى. ئۇ بۇ شارابنى بۈگۈن بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى.
ئۇ ئاشۇ نەرسىلەرنى قايتا ـ قايتا كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى،
پۈتۈن نەرسە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا شۇنداق جانلىق، شۇنداق
ئېنىق زاھىر بولاتتى. ئۇنىڭ ھازىر قولىدىن كېلىدىغىنى
پەقەت مۇشۇلا ئىش، ئۇنىڭ ھوقۇقىمۇ پەقەت مۇشۇنىڭغىلا
يېتىدۇ: قوللىرىنىڭ كۆپكۆك تومۇرلىرى بۆرتۈپ چىققان
بىر ئادەم كىچىك بايراقنى تۇتۇپ يەنىلا ئاشۇ كونا ئورنىدا
تۇرۇپتۇ، ھېلى يۆتكەلمە يولنىڭ ئۇ بېشىدا پەيدا بولسا،
ھېلى بۇ بېشىدا پەيدا بولىدۇ، ئۆمرىدە قانچىلىغان
پويىزلارنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى ھېچكىم
بىلمەيدۇ. ئۇ تۈنجى قېتىم قازانقاپنىمۇ شۇ ھالەتتە
كۆرگەنىدى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ كۆزىگە بورانلىقتىكى
كىچىك ئۆيلەر، مال قورۇلىرى ۋە مورىلاردىن تۈرۈلۈپ
چىقىۋاتقان تۈتۈنلەر كۆرۈندى، ئۇنىڭدىن كېيىن...
ئاھ، ئۇ شۇ چاغدا ۋارقىرىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاغزىنى قولى
بىلەن چىڭ بېسىۋېلىپ، تۈنجۇقۇپ قالغىلى تاس
قالغانىدى، ئۇ ئېرمەكنىڭ باللار ئارىسىدا، يىدىگەينىڭ
يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. يىدىگەي جىگىرى بار ئەر،
بۇ دۇنيادا ئۇ ئابۇتالىپنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى، ئۇ
باللارغا نىمىدۇر ياساپ بىرىۋاتىدۇ، ئېرمەك يىدىگەيگە
نىمىنىدۇ سۇنۇپ بىرىۋاتىدۇ. شۇ بىرنەچچە سىكۇنت

ئىچىدە ئۇ ھەممىنى ناھايىتى ئېنىق كۆردى: يېڭىگەي بالىلار بىلەن بىللە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن نېمىنىدۇ ياساۋاتىدۇ، ئۇنىڭ بويى شۇنداق ئېگىز، ئۆزى بەستلىك، چىرايى قارامتۇل، پاختىلىق چاپىنىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈۋالغان، پۈتىدا ئۆتۈك، بېشىدا يەنە كونا قۇلاقچىسىمۇ بار. زەرىپە بىلەن داۋۇل پۈتىغا پىيما كىيىۋالغان ئېرمەك بىلەن يېڭىگەيىنىڭ يېنىغا كېتىۋاتىدۇ. بىچارە زەرىپە، ئۇ زەرىپەنى شۇنداق يېقىندىن كۆردى، ئۇنىڭ ياغلىقى مۇرىسىگە چۈشۈپ قالغان، دولقۇنسىمان قاپقارا چاچلىرى، تاتىرىپ كەتكەن چىرايى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئۇ چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى ئەتمىگەن، پۈتىدا ئۇ ئېلىپ بەرگەن قوپال ئاياغ، ئوغلىغا ئېگىشىپ نېمىلەرنىدۇ دەۋاتىدۇ. مۇشۇ بارلىق نەرسىلەر، چەكسىز يېقىملىق، چەكسىز سۆيۈملۈك، مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز بولغان مۇشۇ نەرسىلەر ئابۇتالىپقا مەڭگۈ ھەمراھ بولىدۇ، ئۇلار بىلەن ئۇنىسىز ۋىدالاشقانلىرىنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كېتىدۇ. . . ھەرقانداق نەرسە بۇ يوقىتىشنىڭ ئورنىنى تولۇقلىيالمايدۇ، ھەرقانداق نەرسە، ھەرقانداق ۋاقىتتىمۇ. . .

يول بويى قار توختىماي يېغىۋەردى، شىۋىرغان قارلارنى ئۇچۇرۇپ دېرىزىگە ئۇراتتى، پويىز ئورپىنبۇرگقا بېرىش يولىدىكى بىر بېكەتتە ساق بىر سائەت تۇرۇپ قالدى، كىشىلەر رېلىس ئۈستىدىكى كۆلتۈك قارلارنى تازىلىماقتا ئىدى، ئۇلارنىڭ ۋارقىراشلىرى، بۇ قارغىش تەگكۈر ھاۋانى، دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى تىللاپ - قارغاشلىرى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كېيىن پويىز

قار ـ شۋىرغاننىڭ ئىچىدە يەنە ئورنىدىن قوزغالدى. ئورىنبۇرگقا كىرىشكە ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت كەتتى. تۆمۈر يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دەرەخلەر كۆزگە غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى، قارىيىپ ئۈن ـ تىنسىز تۇرغان ئەگرى ـ بۈگرى دەرەخ شاخلىرى خۇددى قەبرە ئۈستىگە سانجىپ قويغان ياغاچتەك كۆرۈنەتتى. لېكىن، شەھەرنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ۋاگونلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەيدانىدا ئۇلار كەچتە خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىشتى. ئالاھىدە ۋاگون پويىزدىن ئاجرىتىۋېتىلدى. ئابۇتالىپ بۇنى ۋاگوننىڭ سىلكىنىشىگە، ۋاگون چاتقۇچىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىغا قاراپ بىلىۋالدى. كېيىن ئۇ ئولتۇرغان ۋاگون يەنە نەگىدۇ سۆرەپ ئاپىرىلدى، زاپاس لىنىيىگە ئاچىقىپ قويغان بولسا كېرەك.

ئالاھىدە ۋاگون بەلگىلەنگەن يەرگە ئاپىرىپ توختىتىلغاندا، يېرىم كېچە بولۇپ قالغانىدى. تۆۋەندىن بۇيرۇق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— بولدى، بۇياققا تۇر! — ۋاگون ئاخىرقى قېتىم سىلكىنىپ جىممىدە توختىدى.

— ھوي، يېتىپ كەلدۇق! نەرسە ـ كېرەكلىرىڭنى يىغىشتۇرۇپ بۇياققا چىق، جىنايەتچى! — گوندىپايلار باشلىقى سولاقخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئابۇتالىپقا بۇيرۇق قىلدى، — مىسىلدىماي تېزرەك چىقساڭچۇ، ئۇيقۇڭنى ئاچالمايۋاتامسەن يا؟ بۇ ياققا چىقىپ، ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىۋال!

ئابۇتالىپ ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، گوندىپاينىڭ يېنىغا كەلدى ۋە سوغۇق تەلەپپۇزدا:

— مەن تەييار، نەگە بارىمىز؟ — دېدى.
— هە، تەييارمۇ سەن؟ ئۇنداق بولسا ماڭ، نەگە بارىدىغانلىقىڭنى يالاپ ئېلىپ بارىدىغانلار ئېيتىپ بېرىدۇ،— ئابۇتالىپ كارىدورغا چىققاندا گۇندىپاي بىردىنلا ئاچچىق بىلەن ۋارقىراپ ئۇنى توختاتتى.
— نەرسە ـ كېرەكلىرىڭنى ئۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ نەگە بارىسەن؟ ياكى ساڭا بىرەر هامال يالاپ كېلىمىزمۇ؟ ماڭ، ئۆزۈڭنىڭ نەرسىلىرىڭنى ئال!
ئابۇتالىپ سولاقخانىغا قايتىپ كىرىپ ئۇنتۇپ قالغان نەرسىلىرىنى ئالدى، ئۇ كارىدورغا چىقىۋېتىپ، ئالدىرىشىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىككى رازۋېدكا خادىمىغا سوقۇلۇپ كەتكىلى تاس قالدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن بىر خىل ئەنسىزلىك چىقىپ تۇراتتى.
— توختا! — گۇندىپاي ئابۇتالىپنى تامغا نىقتاپ قويدى،— بىر چەتتە تۇر! يولداشلار ئۆتۈۋالسۇن!
ئابۇتالىپ ۋاگوندىن چىقىپ، هېلىقى ئىككى ئادەمنىڭ تاڭسىقبايېفنىڭ خاس بۆلۈمىنىڭ ئىشىكىنى چېكىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى.
— يولداش تاڭسىقبايېف! — ئۇلارنىڭ ئەنسىزلىك چىقىپ تۇرغان ئاۋازى ئاڭلاندى، — ساق ـ سالامەت كېلىۋاپسىز، سىزنى ئۇزۇندىن بېرى كۈتۈۋاتاتتۇق، شۇنداق، سىزنى كۈتكىنىمىزگە ئۇزۇن بولدى، بىزنىڭ بۇ يەردە قاتتىق قار يېغىۋاتىدۇ، كەچۈرسىز، بىزنىڭ ئۆزىمىزنى تونۇشتۇرۇشىمىزغا رۇخسەت قىلغايسىز، يولداش مايور!
بېشىغا يوغان قۇلاقچا، ئۇچىسىغا هەربىي فورما

كىيگەن ئۈچ قوراللىق ئادەم پەستە جىنايەتچىنى ساقلاپ تۇراتتى.

— هەي، چۈشمەمسەن! نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ — ئۇلارنىڭ بىرى ۋارقىرىدى.

ئابۇتالىپ گۇندىپايلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا پويىزدىن جىممىدە چۈشتى. شىۋىرغان قارلارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇردى، تۆمۈر تۇتقۇچنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇقى ئۇنىڭ بارماقلىرىنى كۆيۈشتۇرۇۋەتتى. ناتونۇش بېكەتتىكى چىراغلار قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ ئەتراپنى يورۇتۇپ تۇراتتى، قالايمىقان سوزۇلۇپ ياتقان رېلىسلارنى شىۋىرغان قارغا كۆممەكتە ئىدى. پاراۋۇزلارنىڭ گۇدۇك ئاۋازى ئادەمنىڭ يۈرىكىگە ئەنسىزچىلىك سالاتتى.

— 97 ـ نومۇرلۇق جىنايەتچىنى سىزگە تاپشۇرۇپ بەردىم! — گۇندىپايلار باشلىقى يالاپ ئېلىپ ماڭىدىغان خادىمغا دوكلات قىلدى.

— 97 ـ نومۇرلۇق جىنايەتچىنى تاپشۇرۇۋالدىم! — دېدى ئۇلارنىڭ باشلىقى جاۋابەن.

— ماقۇل، ئەمدى ئۇلار باشلاپ بارىدىغان يەرگە بارغىن، — دېدى گۇندىپايلار باشلىقى ئابۇتالىپتىن ئايرىلىدىغان چاغدا، كېيىن يەنە نېمىشقىدۇر قوشۇپ قويدى، — ئۇ يەرگە بارغاندا سېنى ماشىنا بىلەن ئېلىپ ماڭىدۇ...

ئابۇتالىپ يالاپ ئېلىپ ماڭغۇچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا كېتىپ باراتتى، ئۇلار شىۋىرغاندا قوللىرىنى كۆزىگە دالدا قىلىپ، رېلىسلاردىن ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ ئاران ئۆتتى، ئابۇتالىپنىڭ مۇرىسىدە نەرسە ـ كېرەكلىرى

قاچىلانغان خالتا بار ئىدى. گۈدۈك ئاۋازى ھېلى ئۈياقتىن، ھېلى بۇياقتىن توختىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

تاڭسىقباييفنىڭ ئورىنبۇرگلىق ئىككى كەسپدىشى ئەسلىدە ئۇنى مېھمانخانىغا ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرماقچى ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ بۇ يەرگە ئوخشۇشلۇق يېتىپ كەلگەنلىكىنى مۇبارەكلەيمىز دەپ ئارىلىقتا بىر مۇنچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تونۇشۇپ قالغانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، ئۇلار مۇشۇ خاس بۆلۈمنىڭ ئۆزىدىلا بىردەم ئولتۇرۇشنى لايىق تاپتى. كېچە، ئۇنىڭ ئۇستىگە خىزمەت ۋاقتى بولمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا كىم قوشۇلمايتتى! گەپ ئارىسىدا، تاڭسىقباييف، دېلونىڭ ئوخشۇشلۇق كېتىۋاتقانلىقىنى، يۇزلەشتۈرۈشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىغا ئىشەنچىسىنىڭ تولۇق ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ شۇنىڭ ئۈچۈن ئالمۇتادىن يېتىپ كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتى.

كەسپداشلار ناھايىتى تېزلا چىقىشىپ قالدى، ئۇلار قىزغىن پاراڭلاشماقتا ئىدى. تۇيۇقسىز سىرتتىن ئالاقزادىلىك ئىچىدە گەپ قىلغان ئاۋاز ۋە دۈپۈرلىگەن ئاياغ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئابۇتالىپنى يالاپ ئەكەتكەن بىر خادىم بىلەن بىر گۇندىپاي ئىچكىرىگە ئېتىلىپ كىردى، خادىمنىڭ باش ـ كۆزى قان ئىدى. ئۇ غەلىتە بىر يوسۇندا بېشىنى سىڭايان قىلىپ، تاڭسىقباييفقا ھۆرمەت بىلدۇردى، ئاندىن:

— 97 ـ نومۇرلۇق جىنايەتچى ئۆلدى! — دەپ ۋارقىرىدى.

www.uyghurkitap.com

— قانداق ئۆلدى؟ — تاڭسىقباييېفنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى، — ئۇ قانداق بولۇپ ئۆلدى؟ — ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

— ئۇ پاراۋۇزنىڭ ئاستىغا ئۆزىنى ئېتىۋاپتۇ، — گۇندىپايلار باشلىقى توغرىسىنىلا ئېيتتى.

— بۇ قانداق گەپ؟ قانداق ئېتىۋالدى؟ — تاڭسىقباييېف گۇندىپاينى ئەسەبىيلەرچە سىلكىشلىدى.

— بىز تۆمۈر يول بويىغا بارساق، — دەپ دۇدۇقلىغىنىچە گەپ باشلىدى ھېلىقى خادىم، — ئۇ يەردە ۋاگونلارنى تەڭشەۋاتقاچقا، پاراۋۇزلار توختىماي ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرۇپتىكەن... بىز ئامالسىز ئۇلارنىڭ ئۆتۈپ بولۇشىنى ساقلاپ تۇراتتۇق ... بىر چاغدا جىنايەتچى تۇيۇقسىزلا مۇرىسىدىكى خالتىسى بىلەن بىشىمغا بىرنى ئۇرۇپلا، ئۆزىنى پاراۋۇز چاقىنىڭ ئاستىغا ئاتتى...

ھەممە ئادەم تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن گاڭگىرىشىپ، جىممىدە تۇرۇپ كېتىشتى. تاڭسىقباييېف بولسا ئەسەبىيلىشىپ سىرتقا چىقىشقا تەييارلاندى.

— ھۇ ھايۋان! ھۇ مۇتتەھەم، ئاخىر قۇتۇلۇپسەن - دە! — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى، — ھەممە ئىشنى بۇزدۇڭ، ھەي ئىست، يامان بولدى - دە! ئۇ ئۆلدى! — ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قوللىرىنى شىلتىيتتى، ئۇ ئاخىرىدا ئۆزىگە لىق بىر رومكا ۋودكا قۇيدى.

ئۇنىڭ ئورنىبۇرگلىق كەسپداشلىرى ئابۇتالىپنى يالاپ ئېلىپ ماڭغان خادىملارنى قاتتىق ئەدەبلەپ قويۇشنى

ئېسىدىن چىقىرىشمىدى. ئۇلار، بۇ ئىشتا يالاپ ئېلىپ ماڭغانلار پۈتۈن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، دەپ قارايتتى. . .

(خەنزۇچە «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىنغان)

www.uyghurkitap.com

# يەر ئاستى يولى

## ئېرنىستو سارۋاتو (ئارگېنتىنا)

زۇلپىقار بارات تەرجىمىسى

. . . پەقەت بىر قاراڭغۇ، غېرىبانە يەر ئاستى يولى — مەن تۇرىدىغان يەر ئاستى يولىلا ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ.

1

ئىسمىمنىڭ خۇئان بابېلو كاستېر ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالساملا مارىيە ئىلىۋانونى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھېلىقى رەسسام ئىكەنلىكىمنى ھەممە ئادەم بىلىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ دېلو تېخى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىدى. شۇڭا، ئۆزۈم خۇسۇسىدا ئارتۇقچە بايانلارنى قىلىشىمنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

ئادەملەرنىڭ نېمىلەرنى ئەستە ساقلىيالايدىغانلىقى ۋە نېمە ئۈچۈن ئەستە ساقلايدىغانلىقىنى بىلىدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە، ئوخشاش بىر ئىش بىر مۇنچە ئادەمنىڭ ئېسىدە قالىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت

ئەمەس، بۇ مېنىڭ ئىزچىل چىلىق تۇرۇپ كەلگەن قارىشىم. بەلكىم بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئاقلاشتىكى بىر خىل ئۇسۇلىدۇ. «بۇگۇن ئۆتمۇشكە يەتمەيدۇ» دېگەن بۇ جۇملە ئۆتمۇشتە يامان ئىشلارنىڭ ئاز سادىر بولغانلىقىنى ئەمەس، بەلكى شۇنداق ئىشلارنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ (بۇ خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك ئىش).

ئەلۋەتتە، بۇ سۆز ئومۇمىي مەنىگە ئىگە ئەمەس. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، يامان ئىشلارنى ئەستە ساقلاپ قىلىش — مېنىڭ بىر ئالاھىدىلىكىم. شۇڭلاشقا مەن بۇگۇنىنگمۇ ئۆتمۇشكە ئوخشاشلا قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمىغان بولسام، ئېھتىمال «ئۆتمۇش بۇگۇنگە يەتمەيدۇ» دېگەن بولار ئىدىم. نۇرغۇن بەختسىزلىكلەر، نۇرغۇن نومۇسسىز، سۆرۈن چىرايلار، ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان چاكىنىلىقلار ئېسىمدە قېلىپ قالىدۇ. شۇ تۇپەيلى مېنىڭ نەزەرىمدە ئەستە ساقلاش — قارىغان كىشىنى چۆچۈتىدىغان، نومۇسسىزلىق، شەرمەندىلىك مۇزىيىنى يورۇتۇپ تۇرغان چىراغقا ئوخشايدۇ. مەن ھەمىشە رەسىمخانامنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇپ گېزىتنىڭ ساقچى ئىشلىرى ئىستونىغا بېسىلغان خەۋەرلەرنى كۆرگەن چېغىمدا، روھىم چۈشۈپ لاسسىدە بولۇپ قالىمەن. بۇ ھال ھازىرغىچە قانچە قېتىم تەكرارلاندى ـ ھە! ھالبۇكى، شۇ ئىستونغا بېسىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى قارا ـ قويۇق جىنايەت، رەزىللىكلەرنىڭ شاھىدى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. ھەتتا مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بەزى جىنايەتچىلەر پاك، گۇناھسىز ئادەملەر بولۇشى مۇمكىن.

ئۆزۈم قاتىل بولغىنىم ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتقىنىم ئەمەس، بۇ ھەقىقەتەنمۇ مېنىڭ ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقان كۆز قارىشىم. ئارىمىزدىكى مەلۇم بىر ئادەمنى ئەبلەخ دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا ئۇنى كۆزدىن يوقاتساقلا ئىش پۈتمەمدۇ. مەن بۇنداق قىلىشنى ئالىيجانابلىق دەپ ھېسابلايمەن. ئويلاپ بېقىڭلار، جاھاندىكى جىمى ئەسكىلىكنى قىلىشتىن يانمىغان بۇ ئادەمنى كىشىلەر كۆزدىن يوقاتمىسا، ئەكسىچە نامسىز خەت يېزىش، ئەپسانە گەپلەر بىلەن تىللاش قاتارلىق رەزىل ۋاستىلەر بىلەن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرسا، بۇ جەمئىيەت ئۈچۈن نېمىدېگەن ئېغىر خەۋپ ـ ھە! ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، مەن ئەينى ۋاقىتتىكى ئەركىن ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ ئۆزۈم تونۇيدىغان مۇشۇ خىلدىكى ئالتە ـ يەتتە خۇمپەرنى ئۆلتۈرۈۋەتمىگىنىمگە ھازىرغىچە قاتتىق ئۆكۈنىمەن.

ھاياتنىڭ ئۆزى قورقۇنچلۇق، بۇ ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت. بۇ نۇقتىنى پەقەت مۇنداق بىر مىسال بىلەنلا چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. بىر ئاممىۋى لاگېردا بىر سابىق رويالچى ئۆزىنىڭ ئاچ قالغانلىقىدىن زارلانسا، ئۇنداقتا باشقىلار ئۇنى بىر چاشقاننى — تىرىك بىر چاشقاننى يەۋېتىشكە زورلايدۇ. ئەپسۇسكى، ھازىر مېنىڭ بۇ ئىش ئۈستىدە توختىلىش نىيىتىم يوق. پۇرسەت بولسا، كېيىن چاشقان يېيىشكە ئائىت ئىشلارنى تەپسىلىي بايان قىلارمىز.

## 2

ئىسمىمىنىڭ خۇئان بابلو كاستىر ئىكەنلىكىنى مەن

ئېيتقان. كىشىلەر بەلكى مېنى جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىنى يېزىپ چىقىشقا مەجبۇر قىلغان نەرسىنىڭ (جىنايىتىمنى سۆزلىمەكچى بولغانلىقىمنى بايا ئېيتقان - ئېيتمىغانلىقىمنى بىلمەيمەن) نېمىلىكىنى، توغرىراقى يازغانلىرىمنى نېمىشقا بىر نەشرىياتقا بېرىپ نەشر قىلدۇرماقچى بولغانلىقىمنى سورار. مەن كىشىلىرىمىزنىڭ پسىخىكىسىنى ئوبدان چۈشىنىمەن، باشقىلار بۇنداق قىلىشىمنى جەزمەن شۆھرەتپەرەسلىك نۇقتىسىدىن چۈشىنىدۇ. ئۇلار نېمىدەپ ئويلىسا ئويلاۋەرسۇن! بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. باشقىلارنىڭ مۇلاھىزىسى ۋە باھاسىغا ئانچە پىسەنت قىلىپ كەتمەيدىغانلىقىمنى مەن بايا ئېيتقان. ئۇلار مېنىڭ جىنايەت تارىخىمنى ئاشكارىلىغانلىقىمنى شۆھرەتپەرەسلىككە باغلاپ چۈشەنسە چۈشىنىۋەرسۇن. بىراق، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا قان بىلەن گۆشتىن پۈتكەن بىر بەندە. ماڭا كىشىلەر مەندىن پەۋقۇلئاددە بىر خىسلەتنى ھازىرلاشنى تەلەپ قىلىۋاتقاندەك، يەنە كېلىپ بۇنى يالغۇز مەندىنلا تەلەپ قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. بۇ تولىمۇ ئادالەتسىزلىك. بەزىلەر دائىم ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن چاغلىسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭمۇ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان نومۇسسىز، ئىككى يۈزلىمىچى ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاخىر ھېس قىلىدۇ. مەن شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكى توغرىسىدا باھا بېرىپ ئولتۇرمايمەن. مېنىڭچە، ئىنسانىيەتنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بۇ غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھەرقانداق ئادەمدە مەۋجۇت.

تۇرغان ـ پۈتكەن يېرىدە ئېينىپشتېينغا ئوخشاش نامدار كىشىلەرنىڭ تولىمۇ كەمتەر ئىكەنلىكىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ئاشۇ ئەپەندىلەر ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ كۆلكىسىنى كەلتۈرىدۇ. مېنىڭ ئۇلارغا بېرىدىغان جاۋابىم: «كەمتەر بولۇش نام چىقارغاندا ئوڭايغا چۈشىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت. يەنى مەن بەزىلەر قارىماققا تولىمۇ كەمتەردەك كۆرۈنىدۇ دېمەكچىمەن. سىز شۆھرەتپەرەسلىك ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس دەپ قارىغان چېغىڭىزدىمۇ، ئۇنىڭ ئەڭ كىچىك شەكلىنى — شۆھرەتپەرەسلىك نۇقتىسىدىن چىققان كەمتەرلىكنى بايقاپ قالىسىز. بۇنداق كىشىلەرنى بىز ئادەتتە ساماندەك ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. ھەتتا خرىستوسقا ئوخشاش كىشىلەرمۇ، مەيلى ئۇ راست ئۆتكەن ئادەم بولسۇن ياكى سىمۋول بولسۇن، شۆھرەتپەرەسلىك ئارىسىغا ئورالغان بەزى گەپلەرنى ياكى ھاكاۋۇرلارچە سۆزلەرنى قىلىشتىن خالىي بولالمىغان. رىئان بولىۋار① ئۆزىنى ھاكاۋۇر دەپ ئەيىبلىگەن كىشىلەرگە رەددىيە بېرىپ كېلىپ، پۈتۈن ئۆمرىنى ئۆزىگە يەتمەيدىغان نۇرغۇن چاكىنا ئادەملەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەن. ئۇنداقتا ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ گېپىنى يەنە قانداق چۈشەندۈرۈشى مۇمكىن ئىدى؟ شۆھرەتپەرەسلىك كىشىنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدىغان ئىشلارغا — شاپائەت، پىداكارلىق روھى ۋە مەردانىلىك ئارىسىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. كىچىك

① رىئان بولىۋار — (1846 — 1917) فرانسىيىلىك يازغۇچى ۋە نەسىرچى.



www.uyghurkitap.com

ۋاقتىمدا ئانامنىڭ ھامىنى بىر كۈنى ئۆلۈپكېتىدىغانلىقىنى ئويلىسام كۆڭلۈم يېرىم بولاتتى (يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ مەن ئۆلۈمگە چىدىغىلى بولىدىغانلىقى، ھەتتا ئۆلۈمنىڭ كىشىنى ئىلھاملاندۇرۇش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم) . ئۇ چاغدا مەن ئانامنىڭمۇ نۇقسان ـ كەمچىلىكلىرى بارلىقىغا ئىشەنمەيتتىم. ھازىر ئۇ بۇ ئالەمدە يوق. دۇنيادىكى ئەڭ ئاق كۆڭۈل ئادەمنى دېسە ئانامنى دېسە بولاتتى. لېكىن، ئانامنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە قىلغان كۆيۈمچانلىقلىرىنىڭ ئارقىسىغا ئاز ـ پاز شۆھرەتپەرەسلىك ۋە ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاش تۇيغۇسىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى قانچىلىك ئازاب ئىچىدە ھېس قىلغانلىقىم ھېلىھەم ئېسىمدە. ئۇ چاغدا مەن چوپچوڭ ئادەم بولۇپ قالغانىدىم. ئۆزۈم قىلغان مۇنداق بىر ئىش ھەرقانداق ئادەم شۆھرەتپەرەس كېلىدۇ، دېگەن سۆزۈمنىڭ يەنە بىر كۈچلۈك ئىسپاتى بولالايدۇ: ئانام راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ ئوپېراتسىيىگە چۈشكەن كۈنى مەن دوختۇرخانىغا دەل ۋاقتىدا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن ئىككى كېچە ـ كۈندۈز كۆز يۇمماي توختىماي ماڭدىم. ئانام ياتقان كارىۋاتنىڭ يېنىدا تۇرغان چېغىمدا، ئۇنىڭ ئۆلۈم ھىدى پۇراپ تۇرغان چىرايىدا مېھرىبانلارچە بىر تەبەسسۇم ئەكس ئەتتى، ئانام ماڭا ئىچ ئاغرىتقاندەك بىر نېمىلەرنى شىۋىرلىدى (ئۇ مېنىڭ چارچاپ كەتكىنىمگە ھېسداشلىق قىلىۋاتاتتى) . شۇنىڭ بىلەن دوختۇرخانىغا شۇنچە تېز يېتىپ كەلگىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم. مېنىڭ بۇ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىشىم كۆپچىلىكنى بۇ ئىشنى بىلسۇن دېگەنلىكىم ئەمەس. چوڭ نۇقتىدىن

ئېيتقاندا، مەن ئۆزۈمنى ھەرگىز باشقىلاردىن ئۈستۈن چاغلىمايمەن.

شۇنداقتىمۇ مېنىڭ ئۆز جىنايى تارىخىمنى بايان قىلىشىم شۆھرەتپەرەسلىكتە بېرىپ ياتمايدۇ، بەلكىم مەن ئۆزۈمدە قىسمەن ئۆزىنى توۋەن چاغلاش ھېسسى ياكى تەكەببۇرلۇقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقاندىمەن. بىراق، بارلىق تۇرمۇش ھادىسىلىرىگە جاۋاب ئىزدەشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟ مەن جىنايى تارىخىمنى يېزىشقا تۇتۇنغاندىلا ھېچقانداق ئىزاھات بەرمەسلىك قارارىغا كەلگەن. مەن پەقەت ئۆزۈمنىڭ قانداق بولۇپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىمنىلا سۆزلىمەكچى، خالاس. كىمكى يازغانلىرىمنى ياخشى كۆرمىسە ئوقۇمايلا قويسۇن. بىراق مەن ئۇلارنىڭ بۇنى ئوقۇماسلىقىغا ئىشەنمەيمەن. چۈنكى، بىر ئىشلارنى يېپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە سوراشقا ئادەتلەنگەن ئاشۇ ئادەملەرنىڭ قىزىقىشى ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچكىم بىر ئادەمنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانى يېزىلغان بۇنداق مۇكەممەل بىر ھېكايىنى ئوقۇش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويمايدۇ.

ئەسلىدە مەن جىنايى تارىخىمنى يېزىش مۇددىئايىمنى يوشۇرۇپ كېتەلەيتتىم. ئەمما مەن باشقىلارنىڭ مېنى غەلىتە ئادەمكەن دەپ قېلىشىنى خالىمايمەن. ھەقىقىي ئەھۋالنى دېمەكچى بولغانلىقىم شۇ سەۋەبتىن. نېمىلا دېگەنبىلەن بۇ ئىشنىڭ ئەمەلىي جەريانى تولىمۇ ئاددىي، ھازىر مېنىڭ نامىم يىراق ـ يېقىنغا پۇر كەتتى، شۇڭا بۇ كىتابنى نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئوقۇيدىغانلىقى ماڭا



www.uyghurkitap.com

مەلۇملۇق. گەرچە مەن چوڭ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئىنسانىيەت، كىچىك نۇقتىدىن ئېيتقاندا بۇ كىتابنىڭ ئوقۇرمەنلىرى توغرىسىدا ئانچە جىق قۇرۇق خىيالدا بولمىساممۇ، بىرەر سىرداش دوستقا ئۇچراپ قېلىش ئۈمىدىمنىڭ بارلىقىنى يوشۇرمايمەن. بىر ئادەم ئۇچرىسىمۇ مەيلى.

بەلكىم بەزىلەر مەندىن: «بۇ كىتابنى شۇنچە جىق ئادەمنىڭ ئوقۇيدىغانلىقىغا ئىشەنگەن يەردە، ئاران شۇنچىلىكلا ئۈمىد كۈتەمسەن؟» دەپ سورىشى مۇمكىن. مېنىڭچە، بۇنداق سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. ئون مىڭ رۇس قاتناشقان چوڭ يىغىندا ئاۋازىم پۈتكۈچە كۆچەپ سۆزلەش پۇرسىتىگە ئېرىشسەم، ئېھتىمال مېنى چۈشىنىدىغان ئادەم چىقماسلىقى مۇمكىن. مەقسىتىمنى چۈشەندىڭلارمۇ؟

ئىلگىرى مېنى چۈشىنىدىغان بىرلا ئادەم بار ئىدى. لېكىن مەن دەل ئاشۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم.

## 3

مارىيە ئېلىنۋانو ۋېنتىرنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنىمنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بىلەن قانداق تونۇشۇپ قالغانلىقىم، ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەتنىڭ زادى قانداقلىقى، قانداق بولۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كېلىپ قالغانلىقىم توغرىسىدا ھېچكىم ھېچقانداق چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس. مەن بۇ ئىشلارنى ئىمكانىقەدەر ھەققانىي مەيداندا تۇرۇپ بايان قىلىمەن. چۈنكى شۇ ئايالنىڭ سەۋەنلىكى تۈپەيلى

مەن يەتكۈچە دىشۋارچىلىق تارتتىم. ئەمما ئۆزۈمنى مۇكەممەل ئادەم سۈپىتىدە پەردازلاپ كۆرسەتمەيمەن.

مەن «1946 ـ يىللىق باھار سالونى»① دا «ئانا مۇھەببىتى» دېگەن تېمىدا بىر پارچە رەسىم كۆرگەزمە قىلغانىدىم. بۇ رەسىمىم ئىلگىرى سىزغان رەسىملىرىمگە ئۇسلۇب جەھەتتىن ئوخشايتتى، باھالىغۇچىلارنىڭ كىشىنى تولا ئاڭلاپ زېرىكتۈرۈۋېتىدىغان گېپى بويىچە ئېيتقاندا، مۇكەممەل قۇرۇلمىغا ئىگە، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىغاندا، بۇ رەسىمدىن مېنى ماختاپ كۆككە ئۇچۇرۇشقا ئامراق كىشىلەرنىڭ ئىلگىرىكى رەسىملىرىمدىن ئىزدەپ كەلگەن بارلىق ئالاھىدىلىك تېپىلاتتى، يەنە تېخى «بىر خىل چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇن» چىقىپ تۇراتتى. رەسىمنىڭ سول تەرىپىگە سىزىلغان كىچىك روجەكتىن نېرىراقتىكى مەنزىرىنى — خىلۋەت دېڭىز ساھىلى ۋە يىراقتىن بىر ئاجىز چاقىرىقنىڭ ئاڭلىنىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك دېڭىزغا جىممىدە قاراپ تۇرغان بىر ئايالنى كۆرگىلى بولاتتى. مېنىڭ نەزەرىمدە ئاشۇ كۆرۈنۈشتە ئاجايىپ غېرىبلىق ۋە پەرىشانلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى.

ئەمما، رەسىمدىكى ئاشۇ كۆرۈنۈشكە دىققەت قىلىدىغان ئادەم چىقمىدى. كىشىلەر ئۇنى ئانچە مۇھىم دەپ بىلمىدىمۇ ياكى بۇ كۆرۈنۈشنى رەسىمگە زىننەت

① ئارگېنتىنادا ھەر يىلى 21 ـ سىنتەبىر ئېچىلىدىغان مەملىكەتلىك گۈزەل سەنئەت، ھەيكەلتىراشلىق كۆرگەزمىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بىرىش ئۇچۇنلا سىزىلغان دەپ قالدىمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇنىڭغا مۇنداقلا كۆز يۇگۇرتۇپ ئۆتۇپ كېتەتتى. پەقەت بىرلا ئادەم ئاشۇ كۆرۈنۇشنىڭ مۇشۇ رەسىمدىكى مەزمۇنىنىڭ جەۋھىرى ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىغاندەك قىلاتتى. بۇ ناتونۇش قىز رەسىمىنىڭ ئالدىدا ئۇزۇنغىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇ رەسىمدىكى بالىنىڭ ئوينىشىغا قاراپ تۇرغان بويۇك ئانىغا دىققەت قىلمىغاندەك قىلاتتى، كۆزلىرى ئارقا كۆرۈنۇش قىلىنغان ئاشۇ كىچىك روجەكتىن نېرىغا يۆتكەلمەيتتى. ئۇ رەسىمگە قاراپ تۇرغان ئاشۇ مىنۇتلاردا تاشقى دۇنيانى تامامەن ئۇنتۇغانىدى، رەسىم ئالدىدىن ئۆتۇپ كېتىۋاتقانلارنى، توختاپ قالغانلارنى كۆرمەيتتى، باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىمايتتى.

مەن خېلىدىن بېرى ئۇنىڭغا تاقەتسىزلىك ئىلكىدە قاراپ تۇراتتىم. بىرئازدىن كېيىن ئۇ ئالىمان ئارىسىدا كۆزدىن غايىب بولدى. مەن دېلىغۇلا بولۇپ تۇرۇپ قالدىم، تۇرۇپ ئۇنى چاقىرغۇم كېلەتتى، يەنە تۇرۇپ چىدىغۇسىز بىر قورقۇنچ ئىچىدە قالاتتىم. زادى نېمىدىن قورقىمەن؟ شۇ تاپتىكى ھالىتىم قىمارۋازلار سورۇنىدا ئائىلە بىساتىنىڭ خانىۋەيران بولۇشىغا كۆزى قىيماي ئاخىرقى دەسمايىسىگە ئىككىلىنىش ئىچىدە قاراپ قالغان كىشىنىڭ روھىي ھالىتىگە ئوخشايتتى. ئۇ قىزنىڭ بۇئىنوس ئايرېستىكى نەچچە ئون مىڭ ناتونۇش كىشى ئارىسىدا غايىب بولغانلىقىنى، ئەمدى ئۇنى قايتا كۆرەلمەيدىغانلىقىمنى ئويلىغان چېغىمدا، ئۆكۈنۇش، ھەسرەت ئىلكىدە قالدىم.

شۇ كەچلىكى ئۆيگە پەرىشان ھالدا قايتتىم. روھىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۈنۈق، كۆڭلۈم غەش ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى كۆرگەزمىخانىغا باردىغان، كۆرگەزمە ئاخىرلاشقۇچە شۇ يەردە تۇرىدىغان بولدۇم. مەن رەسىمىمنىڭ ئالدىدا توختىغان ھەربىر كىشىنى نېرىراقتا تۇرۇپ سىنچى نەزەرىم بىلەن كۆزىتەتتىم. لېكىن ئۇ ناتونۇش قىز شۇ كەتكەنچە قايتا كەلمىدى.

بىرنەچچە ئاينى ئۇنى خىيالىمدىن چىقىرالماي قايتا كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئىنتىزار بولۇپ ئۆتكۈزدۈم. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ رەسىمنى پۈتۈنلەي ئاشۇ قىز ئۈچۈن سىزدىم دېسەممۇ بولىدىغان يەرگە كېلىپ قالغاندىم. ماڭا ئاشۇ كىچىك روجەكتىكى كۆرۈنۈش بارا ـ بارا كېڭىيىشكە باشلىغاندەك، ئاستا ـ ئاستا پۈتكۈل رەسىمگە سىڭىپ كىرىپ ئەسىرىمنىڭ پۈتۈن مەزمۇنىنى ئىگىلىۋالغاندەك تۇيۇلاتتى.

## 4

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇنى كوچىدا ئاخىر ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ ئۇدۇلدىكى پىيادىلەر يولىدا كېلىشكەن جايغا دەل ۋاقتىدا بېرىش ئۈچۈن ماڭغان ئادەمدەك ئالدىراش كېتىپ باراتتى.

قالايمىقان كىشىلەر توپى ئارىسىدا مەن ئۇنى يەنىلا تونۇۋالدىم. شۇ تاپتا قانچىلىك ھاياجانلانغىنىمنى تىل بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىر نەچچە ئايدىن بېرى كۆرۈشۈشكە ئىنتىزار بولۇپ يۈرگەن ئادەم مانا

ئەمدى ئۇنى كۆرۈپلا نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم.

مەن قىز بىلەن ئۇچراشقان چاغدىكى ئىشلارنى قايتا ـ قايتا ئويلانغان ۋە پىلانلىغانىدىم. جۈرئەتسىز ئادەم ئىكەنلىكىمنى ئېيتقان بولسام كېرەك، شۇڭا مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلەمدىمەن ـ يوق، ئۇچرىشىپ قالسام قانداق قىلىش كېرەك، دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە قايتا ـ قايتا ئويلانغانىدىم. مەن ئۈچۈن ئالىمادىس ئۇچرىشىپ قالغان چاغدىكى ئەڭ چوڭ تۇسالغۇ قانداق گەپ باشلاش مەسىلىسى بولاتتى. مەن نۇرغۇن ئەرلەرنى تونۇيمەن، ئۇلار تونۇشمايدىغان ئاياللار بىلەن ئوڭايلا پاراڭلىشالايدۇ. راستىمنى ئېيتسام، ئۇلارغا ھەسەت قىلىمەن. ئانچە كېلىشكەن ئەرلەردىن بولمىغىنىم ئۈچۈنمۇ، ئەيتاۋۇر بىر نەچچە قېتىم ئاياللار بىلەن دوستلىشىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويۇپ قاتتىق ئۆكۈنۈش ئىچىدە قالغانمەن ھەم شۇ ئازغىنا پۇرسەتلەردىلا ئاياللار بىلەن بىر ياستۇققا باش قويماسلىق ئىدىيىسىدىن ۋاز كەچكەنمەن. ھېچقانداق ئايال بىلەن تېپىشالماسلىقىم بۇرۇنلا قىسمەتكە پۈتۈلۈپ كەتكەن بولسا كېرەك.

مەن قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان چاغدىكى مۇمكىنچىلىكلەرنى تەھلىل قىلغان. مىجەزىمنى ئوبدان بىلىمەن، تۇيۇقسىز، كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللارغا يولۇققاندا ئىقتىدارسىزلىقىم، قورقۇنچاقلىقىم تۈپەيلى تېڭىرقاپ قالىمەن. شۇڭا مەن مەنتىقىغە ئۇيغۇن، رېئاللىققا ماس كېلىدىغان مۇناسىۋەتلىشىش ئۇسۇللىرىنى ئالدىنئالا تەييارلىۋالغانىدىم (بىر ئادەمنىڭ نامىسىز خەت يېزىپ ئۆزىنىڭ ئەڭ سادىق دوستىنى ھاقارەتلىشى مەنتىقىغە

سىغمايدۇ. ئەمما شۇنداق مۇمكىنچىلىكنىڭ بارلىقى ھەممىگە مەلۇملۇق).

قارىغاندا، قىز رەسىم كۆرگەزمىخانىسىغا كىرىپ-چىقىپ تۇرىدىغاندەك قىلاتتى. ئەگەر ئۇنى كۆرگەزمىخانىدا ئۇچرىتىپ قالسام يېنىغا باراتتىم - دە، ھېچقانچە كۆچىمەيلا كۆرگەزمىگە قويۇلغان رەسىملەر ئۈستىدە ئۇنىڭ بىلەن ئەركىن - ئازادە پاراڭلىشالايتتىم.

قايتا - قايتا ئويلىنىشتىن كېيىن بۇ ئويۇمدىن ۋاز كەچتىم. ئىلگىرى رەسىم كۆرگەزمىخانىسىغا پەقەت كىرمەيتتىم. بىر رەسسامنىڭ بۇنداق قىلىشى بەلكىم باشقىلارنى ھەيران قالدۇرار. ئەمما، ئەمەلىيەتتە بۇنى ئاساسسىز دېگىلى بولمايدۇ. ئىشىنىمەنكى، ئەگەر مەن رەسىم كۆرگەزمىخانىسىغا كىرىش قارارىغا كەلسەم، بارلىق ئادەم بۇنى ئاساسسىز دەپ قارىمايدۇ. بەلكىم «بارلىق ئادەم» دېسەممۇ ئازراق مۇبالىغە بولار. ياق، «بەلكىم» ئەمەس، جەزمەن مۇبالىغە قىلغان بولىمەن. تەجرىبىلىرىمدىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، مەن تولىمۇ ئوبدان بىلىمەن دېگەن ئىشلارغا كىشىلەر ئەزەلدىن ئۇنداق قارىمايدىكەن. ھازىر شۇنداق بىر ئىشتىن تولىمۇ ئىچىم پۇشىدۇ، ھەر قېتىم ئۆزۈمنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ئاقلاشتىن بۇرۇن تولىمۇ ئەزمىلىك قىلىمەن، نەتىجىدە كۆپ ھاللاردا دېمەكچى بولغان گېپىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ بىر ئېغىز ئارتۇق گەپ قىلمايمەن. بۇ دەل بۇگۈنلا جىنايى تارىخىمنى بايان قىلىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىمنىڭ سەۋەبى. بىراق بۇ ئىشنى تىلغا ئالمىسام، كىشىلەرنىڭ قىلغانلىرىمنى سېپى ئۆزىدىن تەلۋىلىك دەپ قېلىشىدىن

ئەنسىرەيمەن. گەرچە بۇنداق قىلىشقا تولۇق ئاساسىم بولسىمۇ.

بۇنداق قىلىشىمدا تولۇق ئاساسىم بار ئىدى، بىرىنچى تۆرلۈك ئاساسىمنى ئوتتۇرىغا قويسام، مەن قانداقتۇ تەشكىلات، دىنىي مەزھەپ، ئىجتىمائىي گۇرۇھ، ئۇيۇشما ـ جەمئىيەت دېگەنلەردىن بىزار ئىدىم. قىسقىسى، كەسىپ، قىزىقىش، مىجەز ـ خۇلقىنىڭ ئوخشىشىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلى بىر يەرگە يىغىلىۋالىدىغانلاردىن بىزار ئىدىم. بۇنداق ئادەملەر نۇرغۇن كۆلكىلىك ئورتاقلىقىقا ئىگە — بىر يولدىن چىقمايدۇ، ئوخشاش مۇقامدا گەپ ساتىدۇ، شۆھرەتپەرەس، ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن چاغلايدۇ.

قارىغاندا مەسىلە بىرئاز مۇرەككەپلىشىپ كەتكەندەك قىلىدۇ، ئەمما مەن ئۇنى ئاددىيلاشتۇرىدىغان بىرەر ئۇسۇلنى تاپالمىدىم. بۇنىڭدىن باشقا بۇ كىتابنى داۋاملىق ئوقۇشنى خالىمايدىغانلار ئۆزىنى ئۇنچە بەك مەجبۇرلاپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ. مەن گەپنى ئۇدۇلىغا دەۋەردىم، ئوقۇرمەنلەر زەن قويۇپ تۇزىتىپ ئاڭلىسا بولىدۇ.

«بىر يولدىن چىقمايدۇ» دېگەن سۆزۈمنىڭ مەنىسى نېمە؟ كىتابخانلارمۇ بۇ توغرۇلۇق مۇئەييەن تەسىراتقا ئىگە بولسا كېرەك، ئاغزى مايماق، كۆزىنى چىمچىقلىتىپلا تۇرىدىغان بىرەر ئادەمنى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز، ئىچىڭىز پۇشىدۇ. بىراق، مۇشۇ خىلدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىر كۆلۈبقا يىغىلىۋالسا، قانداق مەنزىرە كېلىپ چىقار؟ سىلەر بۇ توغرۇلۇق ئويلىنىپ باقتىڭلارمۇ؟

ئەلۋەتتە، بىر ئىشلارنى تېگىگىچە ئويلاپ كېتىشنىڭ

ھاجىتىمۇ يوق. جان سانى كۆپرەك ئائىلىلەرنى كۆزىتىپ باقسىلا بولىدى. بۇنداق ئائىلىلەرنىڭ ئەزالىرى ھامان ئاز - پاز ئورتاقلىقتا، ئوخشاش ھېسسىياتتا، ئاۋارجەھەتتە ئوخشاش ئىنتوناتسىيىگە ئىگە بولىدۇ. ئىلگىرى مەن بىر ئائىلىنى ياخشى كۆرەتتىم (ئەلۋەتتە، ئۇنى ئەسلەش بىلەنلا كۇپايىلىنىمەن). سىڭىللىرىنى كۆرسەم بەش كۇنلۇك يەرگە قاچاتتىم. چۇنكى، بۇرۇن مۇنداق قورقۇنچلۇق بىر ئىشقا دۇچ كەلگەنىدىم: كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۇرىدىغان بىر قىز بىلەن ئۇچراشقان، ئەمما ئاچىسى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن لاسىدە بولۇپ قالغان ھەم تولىمۇ نومۇس قىلغانىدىم. قىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مېنى زوقلاندۇرىدىغان تەرەپلەر ئاچىسىنىڭ ۋۇجۇدىدا پۈتۈنلەي ئەسلىنى يوقاتقان، چاكىنىلاشقانىدى. بۇنى ئاز دېگەندەك قىزنىڭ ئوبرازىنىڭ ئاچىسىنىڭ ۋۇجۇدىدا چاكىنىلىشىپ كېتىشى مەندە خېجىللىق تۇيغۇسى پەيدا قىلغانىدى. ئاچىسىنىڭ مەن تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغان ئۇ قىزنى چاكىنىلاشتۇرۇۋېتىشىدە ئۆزۈمنىڭمۇ تېگىشلىك مەسئۇلىيىتى باردەك سېزەتتىم.

رەسسام بولغىنىم ئۈچۈنمۇ، ئەتراپىمىزدا ياشاۋاتقانلارنىڭ ئائىلىلەردىكى بۇنداق چاكىنىلىقتا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدىغانلىقىنى بايقايمەن. يەنە مۇنداق بىر نۇقتىنى قوشۇمچە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ ھال پىكاسسوغا ئوخشاش داڭلىق رەسساملارنى دوراشقا ئادەتلەنگەن بەزى رەسساملارغا ئوخشاپراق كېتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا ئوخشاش مۇقامدا سۆزلەش مەسىلىسىمۇ مەۋجۇت، مېنى تولىمۇ بىتاقەت قىلىدىغان

يەنە بىر ئىش مۇشۇ. بۇنىڭغا روھىي ئانالىز نەزەرىيىسى، فاشىزم، ئاخبارات خەۋەرلىرى دېگەندەك سۆزلەرنى مىسال قىلسامىلا كۇپايە. مەن بۇنداق سۆزلەرنى ياقتۇرمايمەن، بۇنداق ئىشلاردىن يىرگىنىمەن.

«روھىي ئانالىز نەزەرىيىسى» نى مىسالغا ئالايلى، مەن ئاجايىپ ئىقتىدارلىق پراتو دوختۇرنى ئۆزۈمنىڭ ئەڭ سىرداش دوستى دەپ ھېسابلايمەن. جىمى ئادەم مېنى ئازابلاشقا باشلىغاندا ئۇ دوستۇم تۇرۇقلۇق ئۇلار تەرەپتە تۇرۇپ كۆڭلۈمگە ئازار بەردى. ياخشىسى بۇلارنى تىلغا ئالمايلى. بىر كۈنى پراتونىڭ ئامبۇلاتورىيىسىگە كىردىم. ئىشىكتىن كىرىپ تۇرۇشۇمغا ئۇ ئۆزىنىڭ سىرتقا چىقماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ مېنى بىللە بېرىشقا تەكلىپ قىلدى.

— نەگە بارىمىز؟ — سورىدىم مەن.

— ئۇيۇشما تەشكىللىگەن زىياپەتكە، — دېدى ئۇ جاۋابەن.

— قايسى ئۇيۇشما ئۇ؟ — مەن مەسخىرە ئارىلاش سورىدىم. چۈنكى مەن خاس ئىسىملارنىڭ ئالدىغا ئېنىقلىغۇچىلارنى قوشۇۋالىدىغان بۇنداق ئادەتكە ئۆچ ئىدىم. ئالايلۇق، روھىي ئانالىز نەزەرىيىسى ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك پارتىيە، بېتخوۋېننىڭ يەتتىنچى سىمفونىيىسى دېگەن سۆزلەرنىڭ ئالدىغا ساپلا ئېنىقلىغۇچى قوشۇلغان ئەمەسمۇ؟

ئۇ ماڭا تېڭىرقاش ئىچىدە قارىدى، مەنمۇ يالغاندىن ھېچ ئىش ئۇقمايدىغان تەرزدە ئۇنىڭغا قارىدىم.

— روھىي ئانالىز ئۇيۇشمىسى بولىدۇ ــ دە، — ئۇ

ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ جاۋاب بەردى. فىرۇئىدنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان روھىي ئانالىزچىلارنىڭ قارىشىچە، ئۇلارنىڭ كەسپى مۇشۇنداق ئۆتكۈر كۆزلەرنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىكەن. شۇ ئەسنادا ئۇ مەندىن: «بۇ ساراڭغا يەنە نېمە بولغاندۇ» دەپ سوراۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

مەن بايا ئىسمى بېرناتمۇ، بېرلاندمۇ، ئىشقىلىپ شۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان بىر دوختۇرنىڭ قانداقتۇر بىر يىغىننى تەشكىللىگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئوقۇغانلىقىمنى ئەسكە ئالدىم. مەن بۇ يىغىننى روھىي ئانالىز ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىللىمىگەنلىكىنى ئېنىق بىلسەممۇ، قەستەن يەنە شۇنداق دەپ سورىدىم. ئۇ ماڭا قاراپ مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن كۈلدى.

— ئۇلار ساپلا قۇرۇق پو ئاتىدىغان بىر نېمىلەر، — دېدى ئۇ، — بۇنىڭ ئىچىدە پەقەت بىزنىڭ ئۇيۇشمىمىزلا خەلقئارانىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن.

ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى ۋە بىر تارتمىنى ئاختۇرۇپ بىر پارچە ئىنگلىزچە خەتنى ئېلىپ ماڭا كۆرسەتتى. مەن ئەدەپ يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا مۇنداقلا قاراپ قويدۇم ۋە:

— مەن ئىنگلىزچە ئۇقمايمەن، — دېدىم چۈشەندۈرۈپ.

— بۇ خەت چىكاگودىن كەلگەن. خەتتە بىزنىڭ ئۇيۇشمىمىزنىڭ ئارگېنتىنادىكى بىردىنبىر روھىي ئانالىز ئۇيۇشمىسى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

مەن يالغاندىن قايىل بولغان، بۇ ئۇيۇشمىغا قارىتا ئۆزۈمدە ھۆرمەت ھېسسى پەيدا بولغان قىياپەتكە

كىرىۋالدىم.

بىر ئازدىن كېيىن بىز دوستۇمنىڭ ئامبۇلاتورىيىسىدىن چىقىپ ماشىنا بىلەن ھېلىقى ئۇيۇشمىغا باردۇق. ئۇ يەرگە نۇرغۇن ئادەملەر توپلانغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن مەن يېقىندىن بېرى داڭق چىقىرىشقا باشلىغان گېتتىنبورگ دوختۇرغا ئوخشاش كىشىلەرنى تونۇيتتىم. بۇ دوختۇر بىر ئايالنى ساقايتىش ئۈچۈن باشقىلارنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا كىرىشكە زورلىغان، ئۆزىمۇ دوختۇرخانىدىن تېخى يېقىندا چىققانىدى. مەن ئۇنىڭغا سىنچى نەزەرىم بىلەن قارىدىم، ئۇ ماڭا ئۇنچە ئەسكى ئادەمدەك كۆرۈنمىدى. ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا كىرىپ چىققانلىقنىڭ پايدىسىمۇ، ئىشقىلىپ بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ جىمىغۇرلىشىپ قالغانىدى. ئۇ رەسىملىرىمنى ماختاشقا چۈشۈۋىدى، مەن بىردىنلا ئۇنىڭ ئاشۇ رەسىملەرگە ئۆچ ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

ھەممە شۇنچە رەڭدار، چىرايلىق كۆرۈنەتتى. شۇڭا مەن ئۈچامدىكى كونا كىيىملىرىمدىن ۋە تىزىغا ياماق سېلىنغان ئىشتىنىمدىن خىجىل بولۇشقا باشلىدىم. لېكىن مېنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرۇپ قويغان سەۋەب بۇلا ئەمەس، دېگىلى بولمايدىغان يەنە بىر سەۋەبمۇ بار. بىر زىلۋا قىز ماڭا بىرقانچە ساندۇۋچىنى تۇتقاندا ۋە بىر ئەر بىلەن ھاۋايى ـ ھەۋەس توغرۇلۇق پاراڭغا چۈشكەندە خىجىللىقىم ھەسسىلەپ ئاشتى. شۇنداق يارىشىملىق كىيىنگەن خانىم ـ ئەپەندىلەرنىڭ پاكىز، ئازادە، يېڭى پاسوندىكى جاھازىلار بىلەن بېزەلگەن زالدا جىنسىي ھەۋەسكە ئائىت گەپلەرنى قىلغانلىقى كىشىلەرگە تولىمۇ

www.uyghurkitap.com

تېتىقسىز تۇيۇلار.

ئۆزۈمنى دالدىغا ئالىدىغان يەر تاپالمىدىم. زال ئىچى ئادەمگە لىق تولغان، جىمى ئادەم ئوخشاش بىر تېمىدا توختىماي سۆزلەيتتى. مەن مىڭ تەسلىكتە كوچىغا قېچىپ چىقىۋالدىم. ئاددىي كىشىلەر (گېزىت ساتقۇچى، سەبىي بالا، شوپۇر) بىلەن تۇرغان چېغىمدا، بىر زالغا شۇنچە جىق ئادەمنىڭ يىغىلىۋېلىشى ماڭا بىردىنلا تولىمۇ چۈشىنىكسىز تۇيۇلدى.

ئەمما، بارلىق ئۇيۇشما ــ جەمئىيەتلەر ئارىسىدا ھەممىدىن بەك بىزار بولىدىغىنىم رەسساملار جەمئىيىتى ئىدى. ئەلۋەتتە، نېمە ئۈچۈن شۇنچە بىزار بولىدىغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى ئۆزۈم ھەممىدىن ئوبدان چۈشىنىمەن. كۆپچىلىككە مەلۇم، بىر ئادەم ئۆزى بەش قولدەك ياخشى بىلىدىغان نەرسىلەردىن ھەقلىق ئاساستا ئوڭاي زېرىكىدۇ. بىراق مېنىڭ رەسساملار جەمئىيىتىدىن زېرىكىشىمدە مۇنداق بىر سەۋەبمۇ بار — مەن ئاشۇ باھالىغۇچىلاردىن بىزار. بۇ مەن ئۈچۈن خېلىدىن بېرى چۈشەنمەي كېلىۋاتقان بىر خىل ئاپەت. ناۋادا مەن ئاتاقلىق تاشقى كېسەللىكلەر ۋراچى بولسام، ئوپېراتسىيە پىچىقىنى تۇتۇپمۇ باقمىغان، ئۆزى ھەم دوختۇر ئەمەس ھەم دوختۇرلۇقتىن قىلچە خەۋىرى يوق بىر ئەپەندى قىلغان ئوپېراتسىيەمدە ساقلانغان كەمچىلىكلەر ئۈستىدە ئۆزىچە باھا بېرىپ كەتسە، سىز قانداق ئويلىغان بولاتتىڭىز؟ گۈزەل سەنئەت دۇنياسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئەجەبلىنەرلىكى، كىشىلەر بۇ نۇقتىنى تېخى بايقاپ كېتەلمىدى. ئۇلار توختىماي چوڭ گەپ قىلىدىغان تېبىبى

باھالىغۇچىلارنى مەنسىتمەسمۇ، گۈزەل سەنئەت ساھەسىدىكى بىر نەرسىنى بىلمەي تۇرۇپ گەپ ساتىدىغان زۇۋاندارلارنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيدۇ. ناۋادا بىرەر باھالىغۇچى ناچار بولسىمۇ بىرنەچچە پارچە رەسىم سىزسا، ئاندىن ئۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلىساقمۇ يامىنى بولمايتتى. لېكىن، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنە لاۋزىلىشىپ قالاتتى. چۈنكى، بىر ناباب رەسسام بىر داڭلىق رەسسامغا ئۆزىچە ئۇستاتلىق قىلسا، بۇ مەنتىقىغە سىغامدۇ دەيسىز؟

## 5

خېلىدىن بېرى ئىككىلىنىپ يۈردۈم، بۇ كونا كېسىلىم يەنە قوزغالدى. چۈنكى مەن ئۆزۈمنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە مۇۋاپىق ئاساس تېپىشنى ئويلايتتىم. رەسىم كۆرگەزمىخانىسىغا بارماسلىقىمدا زادى قانداق غەيرىي سەۋەب بار؟ مېنىڭچە ھەرقانداق ئادەم ئۆزى خالىسىلا رەسىم كۆرگەزمىسىگە بېرىش ـ بارماسلىقتا ھوقۇقلۇق. بۇنىڭغا بىر تالاي ئاساسلارنى قويۇش ھاجەتسىز، ئۇنداق بولمىغاندا مېنىڭ بۇ يامان ئادىتىم قانداق ياخشى نەتىجىنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ دەيسىز؟ ۋەھالەنكى مەن رەسىم كۆرگەزمىسىگە ئائىت ئىشلاردا ھەرھالدا چىق سۆزلىۋالدىم. مەسىلەن: كەسپداشلىرىمنىڭ غەيۋەتلىرى، كۆرگەزمىگە قاتناشقان ئاممىنىڭ نادان، بىلىمسىزلىكى، كۆرگەزمىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا ۋە زالنى زىننەتلەشكە مەسئۇل ئادەمنىڭ ھاماقەتلىكى. . . بىراق، گەپنىڭ نېگىزىنى قىلغاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى پاكىتقا

ئايلاندى. ھېلىمۇ ياخشى («بەختىمگە پارشا» دېسەممۇ بولىدۇ) مەن بۇ ئىشلارغا زادى قىزىقمايمەن. بولمىسا مەن «رەسساملارنىڭ گۈزەل سەنئەت ساھەسىدىكى يولداشلاردىن پەخەس بولۇشقا تېگىشلىك ئۇسۇللىرى توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا ئۇزۇن بىر پارچە مۇھاكىمە ماقالىسى يازغان بولار ئىدىم.

قىزنى رەسىم كۆرگەزمىخانىسىدا ئۇچرىتىش مۇمكىنچىلىكىدىن ۋاز كېچىش كېرەك.

مۇنداق مۇمكىنچىلىكمۇ بولۇشى مۇمكىن. قىزنىڭ بىرەر دوستى مېنىڭمۇ دوستۇم بولۇپ چىقىشى ئېھتىمالغا يېقىن. شۇنداق بولۇپ قالسا، قىزنىڭ دوستى ئىككىمىزنى تونۇشتۇرۇپ قويسىلا ئىش پۈتىدۇ. مەن بىردىنلا ئۆزۈمنىڭ بۇ خىيالىغا قىزىقىپ قالدىم، ھاياجان ئىچىدە قېتىرقىنىپ پىكىر يۈرگۈزۈشكە باشلىدىم. توغرا، بىزنى تونۇشتۇرۇپ قويسىلا ھەممە ئىش ئوڭايغا چۈشىدۇ، بەك ياخشى بولدى! شۇ چاغدا، كاللامنىڭ قىزىغان ۋاقتىدا بۇ ئويۇمنىڭ قاملاشمايدىغان تەرىپىنىڭ بارلىقىنىمۇ سەزمەپتىمەن، ئۇنىڭ دوستىنى تېپىش ئۆزىنى تېپىشقا ئوخشاشلا تەسكە چۈشىدىغانلىقى خىيالىمغا كەلمەپتۇ، ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلمىگەن يەردە دوستىنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس ـ تە! بىراق، قىزنىڭ ئۆزىنى تونۇسام، دوستىنى ئىزدەشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئەلۋەتتە، مەن باشقىلار تونۇشتۇرۇپ قويسا قىز بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشىمنىڭ ئوڭايغا چۈشىدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلمايمەن. لېكىن، ھالقىلىق مەسىلە — قىزنى تېپىش، ئاندىن بىر ئامال قىلىپ قىزغىمۇ، ماڭىمۇ يېقىن



www.uyghurkitap.com

بىرەرنــــى تېپــــپ ئۆزئارا تونۇشۇش. بۇنــــسى چۈشىنىشلىك.

بۇنىڭ ئەكسىچە بىر خىل يولى — دوستلىرىمنىڭ ئارىسىدا قىز بىلەنمۇ يېقىن ئۆتىدىغان بىرەرىنىڭ بار-يوقلۇقىنى ئېنىقلاش. شۇنداق بىر ئادەم تېپىلىپ قالسا ئالدى بىلەن قىزنى ئىزدەشنىڭمۇ ھاجىتى قالمايتتــى، ئۆزۈم تونۇيدىغان بىرەرىدىن بىر قىزنىڭ بويىــنىــڭ ئېگىزلىكىنىڭ قانچە ئىكەنلىكى، چېچىنىڭ قانداق رەڭدە ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقساملا بولاتتى. ئەمما ماڭا بۇنداق قىلسام تولىمۇ يېنىكلىك بولىدىغاندەك تۇيۇلدى. بۇ ئويۇمدىن يەنە ۋاز كەچتىم. بۇ ئىشنى ماپوللــى، رادېگىردەك ئادەملەردىن سۈرۈشتۈرۈشكە خىجىل بولدۇم.

مەن ئاخىر بۇ ئويۇم ھەرقانچە تېتىقسىــز بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمەسلىك قارارىغا كەلدىم. مەن نېمە ئۈچۈن مۇشۇ يولنى تاللىغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى ئالدىدا دەپ ئۆتكەن. بەلكىم بەزىلەرگە بىرەر تونۇشۇمنىڭ ئۇنىڭمۇ دوستى بولۇپ چىقىشى توغرىسىدىكى خىيالىم تولىمۇ مەنىسىز تۇيۇلار. چۈنكى بۇ خىل ئېھتىماللىقنىڭ يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى تولىمۇ كىچىك. بەلكىم يەنە بەزىلەرگە بۇ ئويۇم يۈزەكىدەك سېزىلىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، پىكــــر يۈرگۈزۈشكە ئادەتلەنگەن ئادەم بۇنداق قارىمايدۇ. ئەمما، جەمئىيەتتە ئوخشىمىغان قاتلام بولىدۇ، ئۇلار قىزىقىشى ئوخشاش ئادەملەردىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ قاتلام ئىچىدە تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىش پۇرسىتى كۆپ بولىدۇ. مەن بىرلىنىنىڭ بىر كوچىسىدا بىر ئادەمنــى ئۇچراتقان، كېيىن ئۇنى ئىتالىيىنىڭ بىر خىلۋەت يېرىدە

يەنە ئۇچرىتىپ قالدىم، كېيىن بۇئېنوس ئايرېستىكى بىر كىتابخانىدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچىنچى قېتىم كۆرۈشۈپ قالدىم. بۇ بىرنەچچە قېتىملىق ئۇچرىشىشنى تاسادىپىيلىق دەپ يىغىنچاقلاش كېرەكمۇ؟ مېنىڭ تىلغا ئېلىۋاتقىنىم تولىمۇ ئادەتتىكى بىر ئىش. بۇ نۇقتىنى مۇزىكىغا قىزىقىدىغان، دۇنيا تىلىنى ياخشى كۆرىدىغان، باخشىغا ئىشىنىدىغان ھەرقانداق ئادەم چۈشىنىدۇ.

بىراق مەن يەنىلا بۇ ئىشتىن كوچىدا ئۇچرىشىپ قېلىشتەك قورقۇنچلۇق نەتىجىنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنىمۇ نەزەرگە ئېلىشىم كېرەك. بەزى ئەرلەر نېمىشقىدۇ بىرەر ئايالنى توسۇپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشالايدۇ، ھەتتا كۆڭلىنى خۇش قىلىپمۇ يۈرەلەيدۇ. مەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېغىز ئېچىش نىيىتىمدىن ئۇزۇل - كېسىل ۋاز كەچتىم. كوچىدا ئۇچرىشىپ پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشكە تازا ئېپىم يوق ئىدى. مەن ئاخىر يەنىلا مۇشۇ پاسسىپ قارارغا كەلدىم.

ماڭا قىزنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېغىز ئېچىشىنى كۈتمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. بۇنداق پۇرسەت كەمدىن - كەم ئۇچرايتتى. شۇڭا مەن ئۆزۈمنىڭ بەختىنى ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدىغان قىمارغا تىكتىم. بۇ قىماردا بىر قېتىم ئۇتمىغۇچە يەنە بىر قېتىم تىكىش ھوقۇقىغا ئېرىشكىلى بولمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىنچى قېتىم ئۇتقاندىلا ئاندىن مۇكاپات ئالغىلى بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، قىزنى تاپمىغۇچە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. مەن مەيۈسلىنىشكە، ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدىم، كاللام ھېچنېمىگە

ئىشلىمەيتتى. لېكىن مەن شۇنداقتىمۇ قوللىنىشقا تېگىشلىك چارە ـ ئاماللار ئۈستىدە داۋاملىق ئويلىناتتىم.

شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ماڭا ئاۋۋال گەپ قىلىشىنى تەمە قىلىپ يۈردۇم. مەسىلەن، ئۇ مەندىن يول سوراپ قېلىشى ياكى ئاپتوبۇس بېكىتىنىڭ نەدىلىكىنى سوراشتۇرۇشى مۇمكىن ئىدى. مۇشۇ ئىش توغرىسىدا مەن بىرنەچچە ئايغىچە تولا ئويلىنىپ، قاپىقىم ئېچىلماي سەۋرسىزلىنىپ يۈردۇم. پۈتۈن كۈچۈمنى ئىشقا سېلىپ تولۇق ئىشەنچ بىلەن بىر تالاي جاۋابلارنى تېپىپ چىقتىم. گاھىدا مەن ئۆزۈمنى تولىمۇ سۆزمەن، ناتىق ئادەم ئورنىدا تەسەۋۋۇر قىلىمەن (ئەمەلىيەتتە مەن بۇنداق ئادەم ئەمەس)، گاھىدا يەنە بەك تارتىنچاق بولۇپ قالىمەن، يەنە تۇرۇپ ئۆزۈمنى تولىمۇ خۇش پېئىل ھېسابلايمەن. قاملاشمىغان يېرى گاھىدا مەن ئۇ قىزنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا قوپاللىق بىلەن جاۋاب بېرەتتىم، ھەتتا خاپا بولاتتىم (خىيالىمدىكى ئۇچرىشىشتا). گاھىدا سەۋەبسىزلا چالۋاقىغىنىم، ئۇنى قوپاللىق بىلەن تىللىغىنىم، ئەھمىيەتسىز ياكى ئويلانماي سورىغان سوئاللىرىنى ئەيىبلىگىنىم ئۈچۈن، شۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشتىن تولىمۇ ناخۇش ھالدا قايتاتتۇق.

مەن كۆپ ھاللاردا ئۆز قىلمىشلىرىم ئۈچۈن قاتتىق ئۆكۈنەتتىم، بىرنەچچە ئايغىچە ھاماقەتلىكىمدىن، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغان قىممەتلىك پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغىنىمدىن ئاغرىنىپ يۈرەتتىم. ھېلىمۇ ياخشى ئاخىرىدا بۇلارنىڭ پۈتۈنلەي تەسەۋۋۇرۇمدىكى ئىشلار ئىكەنلىكىنى، مۇناسىۋەت ئورنىتىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ ئەمەلىيەتتە تېخى مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى

ھېس قىلاتتىم. قىزغىنلىقىم تېخىمۇ ئاشاتتى، كوچىدا پاراڭلىشىشنىڭ تېخىمۇ يېڭى، ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرى ئۈستىدە خىيال قىلاتتىم. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق ئۇنىڭ سورىغان سوئاللىرىنى ئابستراكت سەنئەت بىلەن، ئېنىقراقى رەسسامدىكى ھېلىقى كىچىك كۆزنەكنىڭ قىزدا قالدۇرغان تەسىرى بىلەن باغلاش ئىدى. چۈنكى بۇ نەرسىلەر بەك ئابستراكت بولغاچقا، كۈندىلىك تۇرمۇشتىن يىراقراق تۇراتتى. ئەلۋەتتە، ۋاقىت يېتەرلىك چاغلاردا بۇنداق مۇناسىۋەت ئورنىتىش ھەرھالدا مۇمكىن ئىدى، مەنتىقىغىمۇ توغرا كېلەتتى. ئاممىۋى ئالاقە سورۇنلىرىدا ۋاقىت يېتەرلىك بولىدۇ، مەلۇم دائىرىدىن ئېيتقاندا، بۇ خىل سورۇن بەزى مۇناسىۋەتسىز ئىشلار ئارقىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا باب كېلىدۇ. بىراق، شۇنىسى ئېنىقكى، بۇئېنوس ئايرېسنىڭ كىشىلەر مىغىلداپ تۇرغان كوچىلىرىدا، كوللېكتىپ مۇساپە خاتىرىلەش ماشىنىلىرىغا چۈشكەن كىشىلەر ئارىسىدا، پىيادىلەر ئارىسىدا بۇنداق سۆھبەتلىشىمەن دېيىش رېئاللىققا ئايلانمىسا كېرەك. ئەمما، ئەسلىدىكى گېپىمگە كەلسەم، مەن ئاخىرقى دەرىجىگە بېرىپ يەتمىگۈچە مۇشۇ خىل تىرىشچانلىقتىن ۋاز كەچمەيمەن. مەن يەنە سەمىمىي، ئۈنۈملۈك سۆھبەتلىشىش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدىم. «پايتەخت پوچتا ئىدارىسى قەيەردە؟» دېگەن سوئالدىن باشلاپ ئىپادىلەش ئېقىمى ياكى سۈر رېئالىزملىق ئۇسلۇبقا ئىگە رەسساملار ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىشقىچە بولغان مەسىلىلەردە قاتتىق باش قاتۇردۇم. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىشلار ئۇنچە ئاسان ئەمەس

ئىدى.

بىر كېچىسى زادى ئۇخلىيالماي ئاخىر مۇنداق خۇلاسىگە كەلدىم: بۇنداق قىلىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق ھەم بۇ كاللا كېتىدىغان ئىش، يەنىلا ئىشنى بىراقلا پۈتتۈرگىنىم، قىزغا دادىللىق بىلەن سوئال قويغىنىم، كېيىپ بىر ئىش قىلغىنىم تۈزۈك. مەسىلەن، ئۇنىڭدىن: «كىچىك كۆزنەككە نە سەۋەبتىن شۇنچە تىكىلىپ قاراپ قالغانتىڭىز؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورىسام بولىدۇ. ئادەملەر كېچىسى ئۇخلىيالماي قالغان چاغلىرىدا كۆڭۈلدىكىگە قارىغاندا بىر ئىش ئۈستىدە ئوڭايراق ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئەتىسى بۇ خىل ئېھتىماللىقنى سوغاق قانلىق بىلەن تەھلىل قىلغان چېغىمدا، بۇ خۇلاسىگە يۇقىرىقىدەك سوئالنى تۈيۇقسىز سورىغىنىم ئۈچۈن كېلىپ قالغانلىقىمنى بايقىدىم. قورقۇنچاقلىق مېنى ئادەتتىكىدەكلا يەنە بىر قېتىم تۇتۇپقا سۆرەپ كەلدى؛ مەن ۋاستىلىك سوئال قويۇش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدىم. مەسىلەن، «سىز سەنئەتكە قىزىقامسىز؟» دېگەن سوئالنى پەقەت قىز بىلەن ئوبدان تونۇشقاندىن كېيىنلا قويۇشقا بولاتتى.

قانچە خىل پاراڭلىشىش ئۇسۇلى ئۈستىدە ئويلانغانلىقىم ئېسىمدە يوق. پەقەت ئويلاپ تاپقان بەزى چارىلىرىمنىڭ بەك مۇرەككەپ، ئەسقاتمايدىغان چارىلەر ئىكەنلىكىلا ئېسىمدە. رېئاللىقنىڭ دەرۋازىسىغا مەيلى قانداق قول ئۇرۇپ سىلىنىسۇن، ئۇنى ئالدىن تەييارلىغان بىر تاللا ئاچقۇچ بىلەن ئاچىمەن دېيىش تاسادىپىي ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا تولىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. بىراق مەن بۇ

ئۆزگىچە پاراڭلىشىش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە قايتا - قايتا مۇلاھىزە قىلغان چېغىمدا، سوئال - جاۋابلىرىمنى ھېلىدىن - ھېلىغا قالايمىقان قىلىپ، ھېلىدىن - ھېلىغا ئالماشتۇرۇۋېتەتتىم. گاھىدا تېخى ھەر خىل ئۇخشىمىغان پاراڭلىشىش ئۇسۇللىرىدا دېيىشكە تېگىشلىك گەپلەرنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتەتتىم - دە، تولىمۇ كۆلكىلىك، ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا قالاتتىم. مەسىلەن، مەن ئۇنى چاقىرىپ بىر ئادرېسنى دەپ بەرسەم، ئارقىدىنلا «سىز سەنئەتكە قىزىقامسىز؟» دەپ سورىسام، بۇ تولىمۇ غەلىتە بىر سوئال بولاتتى.

مەن ھەر قېتىم مۇشۇنداق ئەھۋالغا يولۇققىنىمدا گادىرماچ خىياللىرىمنى بىرنەچچە كۈنگىچە توختىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولاتتىم.

## 6

ئۇنى كوچىدا كۆرۈش بىلەن تەڭلا ئالدىن تەييارلىغان گەپلىرىم كاللامغا بىراقلا كىرىۋالدى. ئۆزۈمچە بۇرۇن تەييارلىغان، ئۇزۇن مۇددەت مەشىق قىلغان بىر تالاي گەپلەر تەشۋىش ئىچىدە خىيالىمدىن ئۆتتى: «سەنئەتكە قىزىقامسىز؟»، «كىچىك كۆزنەككە نېمىشقا قاراپ قالغانتىڭىز؟» يەنە تېخى ئالدىن تەييارلىغان گەپلىرىم ئىچىدە: «كاستېرنى ياخشى كۆرەمسىز؟» دېگەن قوپال گەپمۇ بار ئىدى. مېنىڭ بۇ گەپنى دېيىش نىيىتىم يوق ئىدى. ئەمما بۇ گەپ توختىماي كاللامغا كىرىۋېلىپ مېنى خىجىل قىلاتتى،



www.uyghurkitap.com

ئوڭايسىزلاندۇراتتى.

خىلمۇخىل مەزمۇندىكى ھەر خىل جۈملىلەر مېڭەمدە توختىماي ئايلىناتتى. ئەڭ ئاخىرىدا مەن بۇنداق تەشۋىشلىنىپ يۈرۈشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم، قىز ئاۋۋال گەپ ئاچسا توغرا بولىدىغانلىقىنى ئەسكە ئالدىم، ئاخىرىدا يەنە: «ئۇنىڭ ئەمدى قانداق قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقاي» دېگەن يەرگە كېلىپ ئۆزۈمنى ھاماقەتلەرچە بېسىۋالدىم.

ئۆزۈمنى خاتىرجەم قىلىدىغان شۇنداق بىر ئاساسنى تېپىپ چىققان بولساممۇ، يەنىلا جىددىيلىشىش، ھاياجانلىنىشتىن قۇتۇلالمايۋاتاتتىم. ئەس - يادىم ئۇدۇلدىكى پىيادىلەر يولىدا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىشتىلا بولغاچقا، ئۇنىڭ ئويلىغىنىمدەك مەندىن يول سورىشى ياكى چوقۇم يولدىن ئۆتۈپ قېشىمغا كېلىشى ئېسىمدىن چىقىپ قالاتتى. «ئۇ مېنى يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇپ چاقىرىپ يول سورايدۇ» دېگەن ئويۇمنىڭ قانچىلىك ئەخمىقانە ئوي ئىكەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم ئىدى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ ھال قاچانغىچە داۋاملىشار؟ روھىم بەكلا چۈشۈپ كەتتى. قىزغا ئەگىشىپ بىرقانچە كوچىدىن ئۆتتۇم. ئۇ ئۇدۇل كېتىۋاتاتتى.

كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم ئىدى، ئەمما قىز بىلەن پاراڭلاشمىسام ھەرگىز بولمايتتى. قىزنى نەچچە ئاي كۈتۈپ ئاران ئېرىشكەن بۇ پۇرسەتنى كەتكۈزۈۋېتىشكە زادى كۆڭلۈم ئۇنمايتتى. قەدىمىم ئىتتىكلەشكەنسېرى، ئوي - خىيالىم چىگىشلىشىشكە باشلىدى.

سان مارتىن كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدىن ئەگىلگەندىن

www.uyghurkitap.com

كېيىن، ئۇ ئالدىغا بىر ئاز مېڭىپ T شىركىتىنىڭ بىناسىغا كىرىپ كەتتى. ئەمدى بىر قارارغا كەلمىسەم بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم ـ دە، قىزنىڭ ئارقىسىدىن كىردىم. ئۆزۈمنى غەلىتىلا بىر ئىش قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇدا سەزسەممۇ.

ئۇ لىفتىنىڭ چۈشۈشىنى كۈتۈۋاتاتتى. لىفتىنىڭ قېشىدا ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى. ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل غەيرەت مېنى شۇنچە ئەخمىقانە بىر گەپنى قىلىشقا مەجبۇر قىلدى:

— T شىركىتىنىڭ بىناسى مۇشۇمۇ؟

بىنانىڭ كىرىش ئىشىكىنىڭ يۇقىرىسىغا ئېسىلغان ئۆزۈن بىر ۋىۋىسكا بۇنىڭ T شىركىتىنىڭ بىناسى ئىكەنلىكىنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

شۇنچە غەيرىي سوئال سورىغىنىمغا قارىماي، قىز كەينىگە بۇرۇلۇپ تولىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن: «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردى (كېيىن ئۇنىڭ سوئالىمغا شۇنچە سەمىمىي، تەمكىن جاۋاب بەرگىنىنى ئەسكە ئېلىپ نۇرغۇن ئەھۋالدا بىر ئادەمنىڭ يوغان ۋىۋىسكىلارنى كۆرمەي قېلىشى نورمال ئەھۋال ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇنىڭ بىلەن بۇ سوئالىم ئۆزۈمگە ئويلىغىنىمدەك ئەخمىقانە تۇيۇلمىدى).

ئەمما، قىز ماڭا قارىغان چاغدا، يۈزى پەرەڭدەك قىزىرىپ كەتتى. شۇندىلا مەن ئۇنىڭ مېنى تونۇغانلىقىنى چۈشەندىم. بۇنداق بولارنى زادىلا ئويلىمىغاندىم. ئەمما، سۈرىتىم گېزىت ـ ژۇرناللاردا كۆپ قېتىم بېسىلغاچقا، ئۇنىڭ مېنى تونۇشى ھېچقانچە غەيرىي ئىش ئەمەس ئىدى.

زىيادە ھاياجانلىنىپ كەتكىنىم تۈپەيلى قىزدىن سوراش نىيىتىم يوق بىر گەپنى سورىدىم:

— نېمىشقا قىزىرىپ كەتتىڭىز؟

قىز تېخىمۇ بەك قىزىرىپ كەتتى، سوئالىمغا جاۋاب بېرىشقا تەمشىلىۋىدى، مەن ئۆزۈمنى يوقاتقان ھالدا بىر نېمىلەرنى دەپ كەتتىم:

— مېنى تونۇغاچقا، يۈزىڭىز قىزىرىپ كەتتى؟ سىز بۇنى تاسادىپىيلىق دەپ ئويلامسىز؟ بۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس. تاسادىپىيلىق دېگەن نەرسە ئەزەلدىن مەۋجۇت ئەمەس. بىرنەچچە ئايدىن بېرى مەن سىزنى سېغىنىپ يۈردۈم. بۈگۈن كوچىدا سىزنى كۆرۈپ ئارقىڭىزدىن ئەگىشىپ كەلدىم. مەن سىزدىن ھېلىقى كىچىك كۆزنەككە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مۇھىم سوئاللارنى سورىماقچىدىم، چۈشەندىڭىزمۇ؟

قىز ھەيران قالدى.

— كىچىك كۆزنەك؟ — دېدى ئۇ پىچىرلاپ، — نېمە كۆزنەك ئۇ؟

تىزىمدا جان قالمىغاندەك بولۇپ قالدى. ئۇ ئاشۇ كىچىك كۆزنەكنى ئەسلىيەلمىسە ـ ھە! ئەمىسە ئۇ ھېلىقى كۆزنەككە ئەزەلدىن دىققەت قىلمىغان، ئۇنىڭغا قىزىقىش يۈزىسىدىن مۇنداقلا قاراپ قويغانىكەن ـ دە! تولىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم. بىرنەچچە ئايدىن بۇيانقى ئوي ـ خىياللىرىم ۋە قىلغان ئىشلىرىمنىڭ (كۆز ئالدىمدىكى بۇ مەنزىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) قانچىلىك كۈلكىلىك ئىكەنلىكىنى ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە ئويلىدىم. بۇ پۈتۈنلەي قۇرۇق خىيالغا بېرىلىپ كەتكىنىمنىڭ، ئۆزۈمگە

بەك ئىشنىپ كەتكىنىمنىڭ ئاقىۋىتى ئىدى.

قىز يىغىدىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇراتتى. ماڭا ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ كەتكەندەك تۇيۇلدى، كاللامغا بۇ ئۇسال ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرىدىغان ھېچقانداق ئۇنۇملۇك، ئىشەنچلىك چارە كەلمەيتتى. ئاخىر نومۇس كۈچىدە بىر جۈملە سۆزلا ئېسىمگە كەلدى:

— قارىغاندا مەن خاتالاشقان ئوخشايمەن. چۈشلۈكىڭىز خەيرلىك بولسۇن.

بىنادىن ئالدىراپ چىقتىم - دە، يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ماڭدىم. تۇيۇقسىز كەينىمدىن تونۇلغان ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ئەپەندى، ئەپەندى!

بۇ ئۇنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئەسلى ئۇ كەينىمدىن كېلىۋاتقانىكەن. مەن كەينىمگە بۇرۇلۇۋىدىم، ئۇ جايىدا توختىدى. ئۇ ھېلىلا يۈز بەرگەن ئىشتىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغاندەك تۇراتتى. بىرئازدىن كېيىن ئۇنىڭ جانسىز ئاۋازى ئاڭلاندى:

— كەچۈرۈڭ، ئەپەندى... ئەخمەقلىقىمنى كەچۈرۈڭ... مەن بايا قورقۇپ كېتىپ...

بىرنەچچە مىنۇت ئىلگىرى ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلغان دۇنيا قايتىدىن ئەسلىگە كەلگەندەك بولدى. ئۇنىڭ گەپلىرىنى جىممىدە تۇرۇپ ئاڭلىدىم:

— مەن بايا سىزنىڭ رەسىمدىكى كۆزنەكنى تىلغا ئالغانلىقىڭىزغا دىققەت قىلماپتىمەن، — ئۇنىڭ ئاۋازى سەل - پەل تىترەپ چىقتى.

قاچانلاردا ئۇنىڭ بىلىكىنى تۇتۇۋالغانلىقىمنى بىلمەي قالدىم.

— بۇ گەپچە ئېسىڭىزگە كەپتۇ ـ دە؟

ئۇ يەردىن كۆزىنى ئۈزمەي بىرئاز تۇرۇپ قالدى، ئاندىن ئالدىرىماي:

— ئۇ كۆزنەك خېلىدىن بېرى ئېسىمدە، — دېدى.

شۇ گەپ بىلەن تەڭ ئاجايىپ بىر غەيرىي ئىش يۈز بەردى: قىز كەينىگە تېزلىكتە بۇرۇلۇپ يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى. خېلىغىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردۈم. يۈگۈرۈپ بىر يەرگە بارغاندا بۇنداق يۈگۈرۈپ ماڭسام پەقەت قاملاشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئەتراپىمغا كۆز يۈگۈرتتۈم، ئاندىن نورمال قەدەملىرىم بىلەن ئالدىمغا تېز ـ تېز مېڭىشقا باشلىدىم. بۇنداق قىلىشىمدا ئىككى خىل سەۋەب بار ئىدى: بىرى، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بىر ئەرنىڭ كوچىدا بىر قىزنى قوغلاپ مېڭىشى ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىك ئىدى؛ يەنە بىرى، قىزنى قوغلىغىنىمنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق ئىدى. كېيىنكىسى ئاساسلىق سەۋەب ئىدى. ئۇنى ھەرقانداق ۋاقىتتا، ئىشخانامنىڭ ئالدىدا ئۇچرىتىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. نېمىشقا ساراڭدەك يۈگۈرىمەن؟ رەسىمدىكى ھېلىقى كۆزنەكنىڭ ئىچىدە قىزنىڭ ئېسىدە بارلىقى ھەممىدىن مۇھىم ئىدى. «ئۇ ھېلىقى كۆزنەكنى ئۇنتۇماپتۇ» دەپ ئويلاپ خۇشلۇقۇمنى ئىچىمگە سىغدۇرالماي قالدىم. ھەممە ئىش كۆڭلۈمدىكىدەك بولغانىدى، پەقەت بايا لىفتنىڭ يېنىدا ساراڭلاردەك قىلىقلىرىم ئۈچۈن خىجىل بولاتتىم. ئۇنى ھەرقانداق چاغدا مۇشۇ بىنادا ئۇچرىتىپ قېلىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ بارلىقىنى ئەمدى ئېنىق تونۇپ يەتتىم.

ئەمما، يەنە بىر قېتىم قىزنىڭ ئارقىسىدىن ساراڭلاردەك يۈگۈردۈم.

## 7

«مۇشۇ بىنادىمۇ؟» تۇيۇقسىز ئۆزۈمدىن شۇنداق دەپ ۋارقىراپ سورىدىم، ئىككى پۇتۇمدا يەنە جان قالمىغاندەك بولۇپ قالدى. كىم ماڭا ئۇنى مۇشۇ بىنادا ئىشلەيدۇ دېدى؟ بۇ شىركەتنىڭ ئىشخانىلىرىغا بۇ يەردە ئىشلىمەيدىغان ئادەملەرنىڭ كىرىشىمۇ مۇمكىنمۇ؟ ئۇنى يەنە بىرنەچچە ئايغىچە يىتتۈرۈپ قويىدىغانلىقىمنى ئويلاش بىلەن تەڭ كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى، كاللامغا ھېچقانداق ئوي كەلمەي ئالدى تەرەپكە ئالدىراپ يۈگۈردۈم. ئاندىن يەنە T شىركىتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدىم. ئۇنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ لىفتقا چىقىپ كەتكەنمىكىنە؟ لىفتچىدىن سوراپ باقماقچى بولدۇم. ئەمما، قانداق سورىغۇلۇق؟ لىفتقا نۇرغۇن ئاياللار چىقىدىغۇ. بۇنداق بولغاندا ماڭا قىزنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تەپسىلىي دەپ بېرىشكە توغرا كېلەتتى. لىفتچى قانداق ئويلاپ قالار؟ پىيادىلەر يولىدا خېلىغىچە ئىككىلىنىپ ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈردۈم. كېيىن، پىيادىلەر يولىدىن كېسىپ ئۆتۈپ بىناغا ئۇدۇل تەرەپتىن سەپسالدىم. نېمە ئۈچۈنلۈكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. بەلكىم قىزنىڭ بىرەر دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ قېلىشىنى ئويلىغان بولسام كېرەك. ئەمما ئۇنىڭ دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ ماڭا سالام قىلىشىنى، بىرەر ئىشارەت قىلىشىنى ئارزۇ قىلىش

تولىمۇ ئەخمەقلىق ئىدى. كۆزۈمگە T شىركىتى دېگەن خەت يېزىلغان ئاشۇ يوغان ۋېۋىسكىلا كۆرۈنەتتى. قارىماققا بۇ ۋېۋىسكا بىنانىڭ يىگىرمە نەچچە مېتىر يېرىنى ئىگىلىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ مۆلچەرىم دەردىمنىڭ ئۈستىگە دەرد قوشتى. ئەمما مېنىڭ ھازىر بۇلارنى ئويلىغۇدەك چولام يوق ئىدى. بەلكىم ئۆزۈمنى تىنچىتىۋالغاندىن كېيىن بۇ ئىش يەنە خىيالىمغا كىرىۋېلىشى مۇمكىن. مەن نائىلاج بىناغا كىردىم. چوڭ - چوڭ قەدەملەر بىلەن كېلىپ لىفتنىڭ چۈشۈشىنى كۈتتۈم. بىراق، لىفتنى كۈتۈۋېتىپ بايىقى قارارىمنىڭ ئۆزگىرىشكە باشلىغانلىقىنى سەزدىم. ئادەتلىنىپ قالغان قورقۇش پسىخىكىسى شۇنىڭ بىلەن تەڭلا كۈچىيىشكە باشلىدى. شۇڭا، لىفت ئېچىلغان چاغدا مەن ئاللىبۇرۇن ئاخىرقى قارارغا — گەپ قىلماسلىق نىيىتىگە كەلگەنىدىم. لېكىن شۇنداق تۇرۇپ لىفتقا چىقىشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئەمما، يېنىمدىكىلەر مېنىڭ لىفت ساقلاۋاتقانلىقىمنى كۆرگەنىدى. چىقمىسام ھەيران قېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. بۇ ئىشىمنى قانداق چۈشەندۈرگۈلۈك؟ لىفتقا چىقماقتىن باشقا ئامال قالمىدى. ئەلۋەتتە، گەپ قىلماسلىق نىيىتىگە كەلسەم، بۇ ئىش مەن ئۈچۈن تەس ئەمەس ھەم ئەقىلغا مۇۋاپىق ئىدى. نورمال ئەھۋالدا ھېچكىم لىفتتا گەپ قىلمايدۇ، لىفتچىلەرنىڭ دوستلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا. ئۇلار ھاۋا رايى ياكى ئاغرىق بالىلىرى توغرىسىدا سۆزلىشەلەيدۇ. لېكىن مېنىڭ تونۇشلىرىم بولمىغاچقا — ئەمەلىيەتتە ھازىرغىچمۇ ماڭا تونۇشلىرىم ئۇچرىمىدى — شۇنداق بولغاچقا ماڭا سۈكۈت قىلىشقا

توغرا كېلىدۇ، بىرەرى ئاۋارىگەرچىلىك تۇغۇلمايدۇ. ناۋادا بىرەرى چىقىپ قالسىمۇ، ھېچقانداق زىيىنى يوق. جىممىدە تۇرۇپ خەقنىڭ دىققىتىگە چۈشۈپ قالمايمەن.

مەن ھېچ ئىش بولمىغاندەك لىفتقا كىردىم. ئىش پۈتۈنلەي مېنىڭ كۈتكىنىمدەك بولدى: بىر ئادەم لىفتچى بىلەن ھاۋانىڭ بەك دىمىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا پاراڭغا چۈشتى. ئۇلارنىڭ پارىڭى مەن ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى. چۈنكى، بۇنداق بولغاندا مېنىڭ ھۆكۈمىم تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلىناتتى. «سەككىزىنچى قەۋەت» دېگەن چېغىمدا سەل ـ پەل جىددىيلەشتىم، بىراق ھازىرقى ئويۇمنى بىلمەيدىغان ئادەم بۇ نۇقتىنى سېزەلمەيتتى.

سەككىزىنچى قەۋەتكە چىققاندا، مەن بىلەن تەڭ يەنە بىر ئادەم لىفتتىن چىقتى. بۇنىڭ بىلەن ئىش بىر ئاز مۇرەككەپلەشتى. مەن كارىدوردا ئالدىمغا قاراپ ئاستا قەدەملەر بىلەن ماڭغاچ ئۇنىڭ بىرەر ئىشخانىغا كىرىپ كېتىشىنى كۈتتۈم. ئۇ كارىدوردا يوقالغاندىن كېيىنلا خاتىرجەم بولۇپ يېنىك تىن ئالدىم. كارىدوردا بىرنەچچىنى ئايلىنىۋەتكەندىن كېيىن، كارىدورنىڭ ئۇ چېتىدىكى دېرىزىنىڭ تۈۋىگە بېرىپ بۇئىبنوس ئايرىسنىڭ مەنزىرىسىگە قارىدىم. ئاندىن يەنە كەينىمگە بۇرۇلۇپ لىفتقا چىقتىم. بىرئازدىن كېيىن بىنانىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا پەيدا بولدۇم. مەن ئەنسىرىگەن ئىشنىڭ بىرەرىمۇ يۈز بەرمىدى (لىفتچى غەيرىي سوئال سورىمىدى). مەن بىر تال سىگارت ئېلىپ تېخى تولۇق تۇتاشتۇرۇپ بولماي تۇرۇپلا بۇنداق تەمكىن ھالەتتە تۇرۇشۇمنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوقلۇقىنى تۇيۇقسىز ھېس قىلدىم: ھېچقانداق

www.uyghurkitap.com

كۆڭۈلسىز ئىشقا دۇچ كەلمىگىنىم بىلەن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنىدىم؛ مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇ قىزنى قايتا ئۇچرىتالمىغانىدىم. ناۋادا ئۇ بىرەر ئىش بېجىرگىلى كەلگەن بولسا، ئاللىبۇرۇن ئىشىنى پۈتتۈرۈپ ماڭا يولۇقماي كېتىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. مەسىلىنى قارشىسىدىن چىقىپ ئويلىغاندا ئۇ بېجىرمەكچى بولۇپ كەلگەن ئىشىنى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە بېجىرىپ بولالمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. شۇ ئويى كاللامغا كېلىشى بىلەن تەڭ مەن قايتىدىن روھلاندىم، دەرۋازا ئالدىدا ئۇنى ساقلاش ئىستىكى مەندە قايتا تۇغۇلدى.

قىزنى تولۇق بىر سائەت ساقلىغان بولساممۇ، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدىم. مەن يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بار تۆرلۈك ئەھۋاللارنى تەھلىل قىلدىم:

بىرىنچى، قىزنىڭ ئىشى ناھايىتى ۋاقىت كېتىدىغان ئىش. بۇنداق بولغاندا مەن ئۇنى داۋاملىق كۈتۈشۈم كېرەك.

ئىككىنچى، بايىقى ئىشلاردىن كېيىن قىز بەلكىم بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەن بولۇشى، ئىشنى بېجىرىشتىن بۇرۇن ئايلىنىپ كېلەي دېگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كۈتۈش كېرەك.

ئۈچىنچى، ئۇ مۇشۇ يەردە خىزمەت قىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئۇنى ئىشتىن چۈشكۈچە كۈتۈش كېرەك.

ئاخىر مەن: «ئۇنى ئىشتىن چۈشكۈچە ساقلىسام، ئۈچ خىل مۇمكىنچىلىكنىڭ بىرەرى بولسىمۇ يۈز بېرىشى مۇمكىن» دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم.

بۇ ھۆكمىم ئۆزۈمگە تولىمۇ ئىشەنچىلىكتەك تۇيۇلۇپ

كۆڭلۈم جايىغا چۈشتى، كوچىنىڭ بۇلۇڭىدىكى قەھۋەخانىغا كىرىپ ئۇنى تاقەت بىلەن كۈتۈش نىيىتىگە كەلدىم. بۇ قەھۋەخانىدىن بىناغا كىرىپ ـ چىقىپ يۈرگەن كىشىلەرنى كۆزگىلى بولاتتى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى «ئۇ مۇشۇ يەردە ئىشلەيدۇ» دېگەن قىياسىمغا بارغانسېرى ئىشىنىپ قالدىم. مەن بىر قۇتا پىۋا ئېلىپ سائىتىمگە قارىدىم، ئۇچتىن ئون بەش مىنۇت ئۆتۈپتۇ، سائەت ئالتە بولغاندا مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. چۈنكى ماڭا ئۇنى بىنانىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ساقلىسام ياخشى بولىدىغاندەك تۇيۇلغانىدى. بۇ يەردە ئولتۇرسام، بىنادىن بىر توپ ئادەم تەڭلا چىقىپ قالسا ئۇنى كۆرگىلى بولمايتتى.

ئالتە بولۇش بىلەن تەڭ بىنانىڭ خىزمەتچىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن چىقىشقا باشلىدى. ئالتە يېرىم بولغاندا ھەممىسى دېگۈدەك كېتىپ بولدى. بىنادىن چىقىۋاتقان ئادەملەرنىڭ بارغانچە شالاڭلىشىپ كېتىشى مېنى شۇنداق خۇلاسىگە كەلتۈرگەنىدى. يەتتىگە چارەك قالغاندا بىنادىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلاردىن باشقا ئادەم چىقمىدى. ئۇ بىرەر چوڭ ئەمەلدار، ياكى چوڭ ئەمەلدارنىڭ ئايال كاتىپى بولسا (بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى)، ھېلىغىچە چىقىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

سائەت يەتتە بولغاندا بۇ ئويۇم ئۈزۈل ـ كېسىل يوققا چىقتى.

8

مەن مەيۇس ھالەتتە ئارقامغا يانغاچ، ئوي ـ

خىيالىمنى رەتكە سېلىشقا تىرىشتىم. زىيادە ھاياجانلىنىپ كەتكەن چاغلىرىمدا كاللامنى گادىرماچ خىياللار چۇلغىۋالاتتى. شۇنداقتىمۇ، ياق دەل شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن مەن ئۆزۈمنىڭ ئوي - خىيالىنى قاتتىق تىزگىنلەشنى، باشقۇرۇشنى ئاستا - ئاستا ئۆگىنىۋالدىم. بولمىسا، ئۇزۇن ئۆتمەي ئەقلىمدىن ئېزىپ قالىدىغانلىقىمغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى.

شۇنچىلىك روھسىز ھالەتتە ئۆيگە قايتىپ كېتىۋاتقان بولساممۇ، كاللامنى سەگەك تۇتۇشنى ئۇنتۇمايتتىم. چۈنكى، رەسىمىمنى بىردىنبىر چۈشىنىدىغان ئادەمنى مەڭگۈ يىتتۈرۈپ قويۇشنى خالىمىغانكەنمەن، سەگەكلىك بىلەن ئويلانمىسام بولمايتتى.

بەلكىم ئۇ ئۇ يەرگە بىر ئىش بىجىرىش ئۈچۈن بارغاندۇ؟ بەلكىم شۇ يەردە خىزمەت قىلىدىغاندۇ؟ ئىككى خىل ئېھتىماللىقنىڭ چوقۇم بىر خىلى مەۋجۇت ئىدى. ئەلۋەتتە، كېيىنكى تەسەۋۋۇرۇم پايدىلىقراق ئىدى. مۇشۇ ئويۇم بويىچە بولغاندا ئۇ مەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن كۆڭلى ئارامىدا بولماي ئۆيگە قايتىش نىيىتىگە كەلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بۇنداق بولغاندا، ئەتە يەنە ھېلىقى بىنانىڭ ئالدىدا ئۇنى كۈتۈشۈم كېرەك ئىدى.

بۇ ئىككى خىل ئېھتىماللىقنىڭ ھەر ئىككىسى بىرقەدەر پايدىلىق ئىدى. مەن ئۇ بىناغا بېرىپ لىفتقا كىرىپ چىقىپ يۈرگەن چېغىمدا ئۇ ئىشنى پۈتتۈرۈپ كېتىپ قالسا، ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىش بولاتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىز كۆرۈشۈش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قوياتتۇق. بۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە بۇنداق

ئېھتىماللىقىنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما، يۈز بەرمەيدۇ دېگىلىمۇ بولمايتتى. مەسىلەن، ئۇ بىرەر پارچە خەتنى سىلىۋېتىپلا كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇنى ئەتە يەنە ساقلىغىنىمنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق ئىدى.

شۇنداقتىمۇ بۇ ئىككى خىل ئېھتىماللىق يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. مەن خىيالىمدا بۇ ئىككى خىل ئېھتىماللىقتىن زادىلا ۋاز كەچمەيتتىم.

مەن مۇرەككەپ ھېسلار ئىلكىدە ئۆيگە قايتتىم، بىر تۇرۇپ قىزنىڭ: «ئۇ كۆزنەك خېلىدىن بېرى ئېسىمدە» دېگەن سۆزىنى ئويلىساملا يۈرىكىم تېپچەكلەپ كېتەتتى؛ كۆز ئالدىمدا غۇۋا، ئەمما كەڭ، ئاجايىپ بىر مەنزىرە زاھىر بولغاندەك، ۋۇجۇدۇمدا بۇرۇندىن يوشۇرۇنۇپ ياتقان غايەت بىر كۈچ مۇشۇ مىنۇتلاردا پارتلاپ چىققاندەك تۇيۇلاتتى. يەنە تۇرۇپ ئۇنى قايتا تېپىش ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقىت كېتىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيتتىم. ئەمما ئۇنى چوقۇم تېپىشىم كېرەك ئىدى. مەن قايتا ـ قايتا: «ئۇنى چوقۇم تاپىمەن! ئۇنى چوقۇم تاپىمەن!» دەپ ۋارقىرىدىم.

## 9

ئەتىسى ئەتىگەندىلا T شىركىتى بىناسىنىڭ ئالدىغا كەلدىم، بىناغا كىرىدىغان خىزمەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلدى، ئەمما قىز كۆرۈنمىدى. ئۇنىڭ بۇ يەردە ئىشلىمەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى، ئەمما مېنىڭدىكى ئۈمىد ئۇچقۇنى تېخى ئۆچمىگەنىدى: ئۇ ئاغرىپ قالغان بولسا،

بۇ ئىككى كۈندە ئىشقا كىرەلمىگەن بولۇشى مۇمكىنغۇ!

شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بۇ بىناغا كىرىپ ئىش بېجىرىش مۇمكىنچىلىكىنى يوق دېگىلى بولمايتتــــى. شۇڭا مەن چۈشتىن بۇرۇن كوچىنىڭ بۇلۇڭىدىكى قەھۋاخانىدا ئۇنى ساقلاش نىيىتىگە كەلدىم.

كۈتۈۋېرىپ ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدىم (ئون بىر يېرىم ئەتراپىدا) دەل شۇ چاغدا قىز مېترونىڭ چىقىش ئىشىكىدىن چىقىپ كەلدى. يۈرىكىم لەپپەڭلەپ كەتتى، ئورنۇمدىن ئىرغىپ تۇرۇپ قىز تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم. ئۇ مېنى كۆرۈپ جايىدا ھەيكەلدەك تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ مېنىڭ بۇ يەردە پەيدا بولۇپ قېلىشىمنى زادى ئويلىمىغىنى ئېنىق ئىدى. ئەجەبلىنەرلىكى، كۆڭلۈمدىكى كۈچلۈك ئەندىشە ماڭا پەۋقۇلئاددە بىر جاسارەتنى ئاتا قىلغانىدى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم كۈچكە تولغاندەك، ھېچقانداق ئىــــش قولۇمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغاندەك تۇيۇلدى. مــەن قىزنىڭ قولىدىن كاپپىدە تۇتۇپ ئارتۇق گەپ قىلماي سان مارتىن كوچىسىغا قاراپ ماڭدىم. قىز نېمە قىلارىنى بىلەلمىگەن تەرزدە خىلىغىچە گەپ قىلالمىدى.

— مېنى قەيەرگە ئاپىرىسىز؟ — دەپ سورىدى قىز ئىككى كوچىدىن ئۆتكەندىلا.

— سان مارتىن مەيدانىغا. سىزگە دەيدىغان گەپلىرىم بەك كۆپ، — مەن شۇنداق دېگىنىمچە قىزنىڭ بىلىكىدىن تۇتقان پېتى ئالدىمغا قاراپ مېڭىۋەردىم.

ئۇ T شىركىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئاللىقانداق گەپلەرنى دېگەندەك قىلدى. ئەمما، ئەس ـ يادىم ئۇنى تارتــــىپ مېڭىشتىلا بولغاچقا، قىزنىڭ گەپلىرى قولـــــقىــــمغا

كىرمىدى.

مەن سۆزۈمنى قايتىلىدىم:

— سىزگە دەيدىغان گەپلىرىم بەك كۆپ.

ئۇ سۆزۈمگە قارشى پىكىر دە بولمىدى. شۇ تاپتا مەن ئۆزۈمنى دەريادا لەيلەپ كېتىۋاتقان بىر تال ياغاچتەك سېزىۋاتاتتىم.

مەيدانغا كەلدۇق. قىزنى خىلۋەت بىر ئورۇندۇققا باشلاپ كەلدىم.

— نېمىشقا قېچىپ كېتىسىز؟ — ئۇنىڭغا ئېيتقان تۇنجى سۆزۈم شۇ بولدى.

ئۇ ماڭا قاراپ قويدى. تۇنۇگۈن «ئۇ كۆزنەك ئېسىمدىن چىقمىدى» دېگەن چاغدىمۇ قىز ماڭا ھازىرقىدەك ئىپادىدە قارىغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن سىنچىلاش، ئۆتكۈرلۈك نەزەرى ئارىلاشقان ئاللىقانداق بىر يوشۇرۇن ئۇچقۇن پارلاپ تۇراتتى. قىزنىڭ قاراشلىرى ماڭا مۇشۇ كۆزلەرگە تولىمۇ ئوخشايدىغان باشقا بىر جۈپ كۆزنى ئەسلەتتى. ئەمما مەن ئۇ كۆزلەرنى نەدە كۆرگەنلىكىمنى ئەسلىيەلمىدىم.

— بىلمەيمەن، — دېدى قىز ئاخىر، — ھازىرمۇ قاچقۇم كېلىۋاتىدۇ.

مەن قىزنىڭ بىلىكىدىن چىڭىدە تۇتۇۋالدىم.

— ئەمدى قاچماڭ، مەن سىزگە موھتاج، تولىمۇ موھتاج، — دېدىم مەن، ئۇ ماڭا قايتىدىن سەپسالدى، ئەمما ئۈنچىقمىدى. كېيىن ئۇنىڭ كۆزلىرى يىراقتىكى بىر تۈپ دەرەخكە قادالدى.

يان تەرىپىدىن قىز ماڭا تولىمۇ ناتونۇشتەك

كۆرۈنەتتى. گۈزەل چىرايىدىن ئاز - پاز سۆرۈنلۈك چىقىپ تۇرىدىغان قوڭۇر چاچلىق بۇ قىز كۆپ بولسا يىگىرمە بەش - يىگىرمە ئالتىلەردە باردەك قىلاتتى. ئەمما، ئۇنىڭدا يېشىغا ماس كەلمەيدىغان، بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق جىق ئۆتكەن ئادەملەرگىلا خاس ئالاھىدە بىر مىجەز بار ئىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئېنىق بىر نېمە دېگىلى بولمايدىغان، روھقا بېرىپ تاقىلىدىغان ئاللىقانداق بىر نەرسىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدە ئىدى. بەلكىم بۇ ئالاھىدە نەرسە ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چىقىۋاتقان ئاشۇ ئۇچقۇنلاردۇ. ئەمما، كۆز نۇرىنى كىم بەدەن ئالاھىدىلىكى دېيەلەيدۇ؟ بەلكىم ئۇنىڭ لەۋلىرىنى يىمىرىپ تۇرغاندىكى ھالىتى ئۇنى شۇنداق كۆرسەتكەندۇ. ئەمما، ئېغىز بىلەن بىر جۈپ لەۋ بەدەننىڭ بىر ئەزاسى بولسىمۇ، ئېغىزنىڭ يىمىرىلىش ئۇسۇلى ۋە يىمىرىلگەندە پەيدا بولىدىغان سىزىقلارنى روھىي جەھەتتىكى ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا قانداق نەرسىنىڭ ئۇنى كۆزۈمگە ئىش كۆرگەن ئاياللاردەك كۆرسەتكىنىنى بىلمىگەنىدىم، بۇ نۇقتا ماڭا ھازىرغىچە نامەلۇم. مېنىڭچە، بەلكىم ئۇنىڭ سۆزلىگەندىكى ئاھاڭى مېنى شۇنداق تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويغان بولسا كېرەك.

— مەن سىزگە تولىمۇ موھتاج، — دېدىم مەن سۆزۈمنى تەكرارلاپ.

ئۇ جاۋاب بەرمىدى. كۆزلىرى يەنىلا شۇ بىر تۈپ دەرەختە ئىدى.

— نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟ — سورىدىم مەن.

ئۇ ھېلىقى دەرەختىن كۆزىنى ئۈزمەي:

— مېنى تۈتامى يوق ئىكەن دەپ قالماڭ. سىز دېگەن ئۇلۇغ سەنئەتكار. سىزنىڭ ماڭا نېمە ئۈچۈن موھتاج بولۇپ قالغىنىڭىزنى بىلەلمىدىم، — دېدى.

مەن تامدىن تاش چۈشكەندەك تۇيۇقسىز ۋارقىراپ تاشلىدىم:

— سىزگە: «مەن سىزگە موھتاج دەۋاتىمەن»، ئۇقتىڭىزمۇ؟

ئۇ يەنىلا ئاشۇ دەرەخكە تىكىلىپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا سورىدى:

— نېمە ئۈچۈن؟

خېلىغىچە نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلمىدىم. قىزنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ چوڭقۇر ئويغا پاتتىم. توغرا، مەن نېمىشقا ئۇنىڭغا موھتاج بولۇپ قالغاندىمەن؟ شۇ چاغقىچە ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئىزدىمەكچى بولغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. بەلكىم بۇ بىر خىل ئاڭسىز ھەرىكەت بولسا كېرەك. مەن بىر تال دەرەخ شېخىنى قولۇمغا ئېلىپ يەرگە گېئومېتىرىيىلىك سىزىقلارنى سىزدىم.

— بىلمەيمەن، — بىر ئازدىن كېيىنلا خاۋاتىرلەنگەن ھالدا جاۋاب بەردىم، — نېمە ئۈچۈنلۈكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

ئۆزۈم جىددىي ئويلىنىۋاتاتتىم. قولۇمدىن دەرەخ شېخىنى چۈشۈرمەي بارغانسېرى قالايمىقان نەرسىلەرنى يەرگە چىجايتتىم.

— مېنىڭ كاللام قاراڭغۇ، سىرلىق ئوردىغا ئوخشايدۇ. تۈرۈپ - تۈرۈپ چاقماق چېقىپ بەزى يوللارنى يورۇتىدۇ. بەزى ئىشلارنى زادى نېمە ئۈچۈن

قىلمىدىغانلىقىمنى دائىم ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. مەن دېمەكچى...

تۇرۇپلا ئۆزۈمنى تولىمۇ دۆتلۈك قىلىۋاتقاندەك سەزدىم، لېكىن مەن دۆت ئەمەس ئىدىم. مەن كۆڭلۈمدە ئۆزۈمگە: «كاللام سەگەك ئەمەسمۇ يا؟» دەپ تەسەللى بېرەتتىم. ئەمما، مېڭەم ئاپتوماتتەك ئىشلىمەكتە ئىدى. ئاددىيسى مۇشۇ بىر ئىش ئۈچۈن مەن نەچچە ئايغىچە تۈرلۈك ئېھتىماللىقلارنى قىياس قىلغان، قايتا ـ قايتا ئويلانغان ئەمەسمىدىم؟ ھەقىقەت ئالدىمدا تۇرغاندەكلا سېزىلدى. ئۇنى يىتتىرىپ قويۇشۇمدىن ئەنسىرەۋاتاتتىم، ئاخىر غەيرىتىمگە كېلىپ توۋلىدىم.

— مېنىڭ كاللام شۇنداق سەگەك! زېھنىممۇ ھەر ۋاقىت ئۇچۇق تۇرىدۇ. لېكىن سىز تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ، بىر كاپىتان ئۆز پاراخوتىنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرىگە مىنۇت ـ سېكۇنت توغرا ھۆكۈم قىلىپ تۇرغىنى بىلەن، نېمە ئۈچۈن شۇ يەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. مېنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىتىممۇ دەل شۇنداق، چۈشىنىۋاتامسىز؟

قىز ماڭا خېلىغىچە تېڭىرقاش ئىلكىدە قارىدى، ئاندىن يەنە ھېلىقى دەرەخ تەرەپكە بۇرۇلدى.

— بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىم ئۈچۈن سىزنىڭ بولمىسىڭىز بولمايدىغانلىقىنى ئالدىن ھېس قىلىۋاتىمەن. گەرچە ئۇنىڭغا قانداق ھەقىقەتنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى سېزىپ يېتەلمىگەن بولساممۇ.

يەرگە قالايمىقان نەرسىلەرنى داۋاملىق جىجىغاچ، چوڭقۇر ئويغا چۆمدۈم. بىرئازدىن كېيىنلا سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. سىزنى ئىزدىشىم ھېلىقى كىچىك كۆزنەكتىكى كۆرۈنۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. سىز ئاشۇ كۆرۈنۈشكە دىققەت قىلغان بىردىنبىر ئادەم.

— لېكىن مەن سەنئەت تەنقىدچىسى ئەمەستە! — غۇدۇردى قىز.

ئاچچىقىم كېلىپ ۋارقىراپ تاشلىدىم:

— ماڭا ئۇ ھاماقەتلەرنىڭ گېپىنى قىلماڭ!

ئۇ چۆچۈپ كەينىگە بۇرۇلدى. مەن تاشقى كېسەللىكلەر ئوپېراتسىيىسىنى مىسالغا كەلتۈرۈپ ئۇنىڭغا ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەقرىزچىلىرىگە نېمە ئۈچۈن ئىشەنمەس بولۇپ قالغانلىقىمنى چۈشەندۈردۈم. قىز سۆزلىرىمنى ئاڭلاش جەريانىدا ماڭا قارىمىدى، گېپىم تۈگىگەندىن كېيىن:

— سىز ئۇنداق قاقشىغىنىڭىز بىلەن تەقرىزچىلەر سىزنى شۇنداق ماختايدۇ، — دېدى.

— تېخىمۇ قاملاشمىغان يېرى دەل شۇ! بۇ مېنى ئازابلايدىغان، يامان يولغا ماڭغاندەك ھېس قىلدۇرىدىغان ئىش. سىز بۇنى چۈشەنمەمسىز؟ بۇ قېتىملىق سالوندا يۈز بەرگەن ئىشلارنى مىسالغا ئالايلى، بۇ خۇشامەتچىلەرنىڭ ئارىسىدا ھېلىقى كۆرۈنۈشنىڭ مەنىسىگە دىققەت قىلغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. ئۇنىڭغا پەقەت بىرلا ئادەم دىققەت قىلدى. ئۇ دەل سىز! لېكىن سىز تەقرىزچى ئەمەس. ياق، بۇ كۆرۈنۈشكە دىققەت قىلغان ئادەمدىن يەنە بىرى باركەن. ئەمما ئۇ پۈتۈنلەي ئەكسىچە ھۆكۈم چىقاردى، بۇ كۆرۈنۈشنى ئەيىبلىدى، ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىدىغانلىقىنى، ھەتتا بىزار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئەكسىچە، سىز...

ئۇ يەنىلا ئالدى تەرەپتىن كۆزىنى ئۆزمەي ئاستا سۆزلىدى:

— مەنمۇ مۇشۇ كۆز قاراشنى ياقلىسامچۇ؟

— نېمە كۆز قاراشنى دەيسىز؟

— ھېلىقى ئادەمنىڭ كۆز قارىشىنى.

تاقەتسىزلىك ئىلكىدە قىزغا قارىدىم. ئەمما، يان تەرەپتىن قارىغاندا، ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە كۆرۈنمەيتتى، لەۋلىرى چىڭگىدە يۇمۇلغانىدى. مەن قىلچە ئىككىلەنمەي جاۋاب بەردىم:

— سىز مەن ئويلىغاندەك ئويلايسىز.

— سىز قانداق ئويلىغان؟

— بىلمەيمەن، بۇ سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرىشكە ئامالسىزمەن. بەلكىم سىزمۇ ماڭا ئوخشاش تۇيغۇدا، دېسەم بولار. مېنىڭ ئاشۇ كۆرۈنۈشكە بولغان قارىشىم سىزنىڭكىگە ئوخشايدۇ. سىزنىڭ نېمىلەرنى خىيال قىلىۋاتقىنىڭىزنى، ئۆزۈمنىڭ قانداق ئويدا بولۇۋاتقىنىمنى بىلمەيمەن. ئەمما سىزنىڭ ماڭا ئوخشاش ئويلايدىغىنىڭىز-نى بىلىمەن.

— ئەمىسە سىز رەسىمنى ئويلانمايلا سىزىدىكەنسىز-دە؟

— مەن ئىلگىرى رەسىم سىزغاندا قاتتىق ئويلىناتتىم. چۈنكى، بىر پارچە رەسىم سىزىش بىر كورپۇس ئۆي سالغاندەك بىر ئىش. ئەمما بۇ رەسىم ئىلگىرىكى رەسىملىرىمگە ئوخشىمايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ماڭا رەسىمنى مۇشۇنداق سىزساملا بولىدىغاندەك تۇيۇلغان.

ئەمما، نېمە ئۈچۈن شۇنداق سىزسام بولىدىغانلىقىنى ئۆزۈم بىلەلمىگەن. بۇ نۇقتا ماڭا ھازىرمۇ قاراڭغۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ كۆرۈنۈشنىڭ رەسىمنىڭ باشقا قىسمى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. ھەتتا ماڭا بىرەر ئەخمەق مېنى ئاشۇ كۆرۈنۈشنى قوشۇپ قويۇشقا دەۋەت قىلغاندەك تۇيۇلىدۇ. شۇ تاپتا مەن قارىغۇلارچە ئۆيلىنىپ يۈرۈپتىمەن. مەن سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە موھتاج. چۈنكى سىزنىڭ مەن بىلەن ئوخشاش ئۆيدا ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن.

— سىزنىڭ نېمە ئۆيلاۋاتقىنىڭىزنى ئانچە ئۇقمايمەن.

ئەمدى سەۋر قاچام توشۇپ قوپاللىق بىلەن جاۋاب بەردىم:

— سىزگە ئېيتقانتىمغۇ، نېمىلەرنى ئۆيلاۋاتقىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن دەپ. ئۆزۈم ھېس قىلالىغان نەرسىنى ئېيتىپ بېرەلىگەن بولسام، خىيالىمنىڭ تولىمۇ توغرا ئىكەنلىكى ئىسپاتلانامتى؟

— توغرا ئېيتتىسىز.

مەن چېچىلغان ئوي - خىياللىرىمنىڭ باش - ئۇچىنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن بىرئاز ئۆيلىنىپ تۇرۇپ قالدىم.

— بەلكىم بۇ رەسىممەدىكى بارلىق كۆرۈنۈشلەرنى تولىمۇ ئاددىي دەپ ئۆيلايدىغانسىز، — دېدىم ئارقىدىن.

— قانداق كۆرۈنۈش؟

— كىچىك كۆزنەك ئالدىدىكى ئاشۇ كۆرۈنۈشلەرچۇ.

ئۇ ماڭا قايتىدىن سەپسالدى، ئاندىن:

— ياق، ئۇنداق ئەمەس. ئۇ رەسىمنى ئاددىي دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى.

ئۇ رەسىممىنىڭ قانداقراق سىزىلغانلىقى ھەققىدە

هازىرغىچە ئويلىنىپ باقمىغانىدىم. كىچىك كۆزنەكتىكى ئاشۇ كۆرۈنۈشلەرگە تولىمۇ رومانتىك بىر تۈس بەرگىنىمنى ئەمدى ھېس قىلدىم.

— ياق، ئۇ كۆرۈنۈشنى ئاددىي دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى قىز ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ دېگۈدەك.

— بۇلارنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى مەنمۇ بىلمەيمەن. سىز چۈشىنەمسىز؟ ئۇ رەسىمنى سىزنىشتىن بىرقانچە كۈن بۇرۇن بىر كىتاب ئوقۇغانلىقىم ئېسىمدە. ئۇ كىتابتا بىر ئادەم ئازراق يەيدىغان نەرسە بېرىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇلار ئۇنى بىر تىرىك چاشقاننى يۇتۇۋېتىشكە زورلايدىكەن. گاھىدا ماڭا ھەممە نەرسە مەنىسىزدەك تۇيۇلىدۇ. مىليون يىللاردىن بېرى مەقسەتسىز ئايلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ يەر شارىدا بىز ئادەملەر ئازاب ئىچىدە دۇنياغا كۆز ئاچىدىكەنمىز، ئۆسىدىكەنمىز، كۈرەش قىلىدىكەنمىز، كېسەل بولىدىكەنمىز، ئازابلىنىدىكەنمىز، باشقىلارنىمۇ ئازابلايدىكەنمىز، چۈقان كۆتۈرىدىكەنمىز، ئاخىر ئۆلىدىكەنمىز. باشقىلارمۇ ئۆلىدىكەن. ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىرمۇنچە ئادەم تۇغۇلىدىكەن، ئاندىن تېتىقسىز كومېدىيە ئويناشنى باشلايدىكەن.

راستتىن شۇنداقمىدۇ؟ مەن مۇشۇ مەسىلە ھەققىدە قايتا - قايتا ئويلىنىشقا باشلىدىم. پۈتكۈل ھاياتىمىز مۇزدەك يەر شارىدىكى، چەكسىز باياۋاندىكى ئۆزۈلمەي ئاڭلىنىدىغان ناتونۇش چۇرقىراشلار ئەمەسمۇ؟

ئۇ يەنىلا ئۈنچىقمىدى.

— ساھىلدىكى بۇ كۆرۈنۈش مېنى تەشۋىشكە

سالدۇ، — دېدىم مەن خېلىدىن كېيىن يەنە، — ئۇنىڭ تولىمۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق شۇنداق تەشۋىشلىنىمەن. ياق، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئۇ چوڭ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ماڭا ۋەكىللىك قىلىدۇ. . . شۇنداق، ئۇنىڭدا ئوچۇق بىر مەنە يوق. ئەمما، چوڭ نۇقتىدىن قارىغاندا ئۇ ماڭا ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

— بەلكىم شۇنداقتۇ، ئۇ ئۇمىدسىزلىكتىن دېرەك بېرەمدۇ؟ — قىزنىڭ شۇنداق دېگىنىنىلا ئاڭلىدىم.

مەن تەقەززارلىق بىلەن قىزغا قارىدىم.

— توغرا، مېنىڭچە ئۇمىدسىزلىكتىن دېرەك بېرىدۇ. مانا، سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىز مېنىڭكى بىلەن ئوخشاش چىقتى ئەمەسمۇ.

قىز بىرئازدىن كېيىن سورىدى:

— سىزچە بۇ خىل ئۇمىدسىزلىك كەيپىياتى قوللاشقا ئەرزىمدۇ؟

مەن ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۇنىڭغا قارىدىم.

— ياق، — دېدىم مەن جاۋابەن، — مەن بۇنداق قارىمايمەن. سىز قانداق ئويلايسىز؟

ئۇ جاۋاب بەرمىدى. خېلىدىن كېيىن مەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ نەزەرىنى ماڭا ئاغدۇردى.

— بۇ يەردە «قوللاش» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىش ئورۇنسىز، — دېدى ئۇ گويا ئۆزىنىڭ سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بېرىۋاتقاندەك، — مۇھىمى چىنلىق.

— سىزچە بۇ كۆرۈنۈش چىنمۇ؟ — سورىدىم مەن.

ئۇ سەل - پەل سوغۇق تەرزدە جاۋاب بەردى:

— ئەلۋەتتە.

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى تەلەپپۇز قىلىپ، كۆزىدىن چىقىۋاتقان سوغۇق ئۇچقۇنلارغا تەخىرسىزلىك بىلەن قارىدىم.

«نېمىشقا ئۇ شۇنچە سوغۇق چىراي؟» دېدىم مەن ئىچىمدە: «نېمىشقا؟» بەلكىم ئۇ مېنىڭ دوستلۇققا تولىمۇ ئىنتىزار ئىكەنلىكىمنى سېزىۋالغاندۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ماڭا ئالاقە كۆزۈرۈكى ئورنىتىپ بېرىۋاتقاندەك مۇلايىملىق بىلەن تىكىلىدىغان ۋاقتىمۇ بار. ئەمما، مېنىڭ بايقىشىمچە، ئۇ چوڭقۇر هاڭغا سېلىنغان، ئۆرۈلۈپ كېتىشكە ئازلا قالغان بىر كۆۋرۈك.

ئۇ ئۇرغۇسىنى ئۆزگەرتىپ دېدى:

— مەندىن سىزگە قانداق نەپ تېگىدىغانلىقىنى هېچ بىلمىدىم. ماڭا يېقىنلاشقانلىكى ئادەم بەختسىزلىككە ئۇچرايدۇ.

## 10

بىز ئىمكانقەدەر تېزرەك كۆرۈشۈشكە كېلىشتۇق. مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئەتىسى يەنە كۆرۈشۈش نىيىتىمنىڭ بارلىقىنى ئېيتىشتىن خىجىل بولغان، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاشۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇۋېلىشنى، ئۇنىڭ يېنىمدىن كەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلغانىدىم. ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىمنىڭ شۇنچە كۈچلۈك بولۇشىغا قارىماي مانا ئەمدىلىكتە كاللام قۇپقۇرۇق بولۇپ قالدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى هازىر ئەسلەپ بېرەلمەيمەن. ئەمما ئۇنىڭ ماڭىمەن دەپ تۇرۇۋالغىنى

www.uyghurkitap.com

ئېنىق ئېسىمدە.

شۇ كۈنى كەچتە مەن ئۈنىڭغا تېلېفون بەردىم. تېلېفوننى بىر ئايال ئالدى. مەن مارىيە ئېلىۋاتو بىلەن دېيىشىدىغان گەپلىرىمنىڭ بارلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئايال دېلىغۇلا بولغاندەك بىرئاز تۇرۇپ قالدى ۋە: «بارمۇ ـ يوق، قاراپ باقاي» دېدى. بىرئازدىن كېيىن تېلېفوندا مارىيەنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۈنىڭ ئەمەلدارلارچە ئاھاڭ بىلەن: «ۋەي» دېگىنىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ قالدى.

— مارىيە، سىز بىلەن كۆرۈشكۈم بار، — دېدىم مەن ئۈنىڭغا، — سىز كەتكەندىن كېيىن زادى خىيالىمدىن چىقمىدىڭىز. مەن سىزنى ھەربىر سېكۈنت ئەسلەپ تۇردۇم.

مەن ئۆزۈمچە تىترەپ كېتىپ سۆزدىن توختىۋالدىم. مارىيە ئۈنچىقمىدى.

— نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟ — دېدىم مەن تېخىمۇ جىددىيلىشىپ.

— سەل توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى قىز جاۋابەن.

ئۈنىڭ تۇرۇپكىنى قويغىنىنى ئاڭلىدىم. بىرئازدىن كېيىن ئۇ تەبىئىي، ئەمما تىترەك ئارىلاش ئاۋازى بىلەن:

— بايا گەپ قىلسام بولمايتتى، — دېدى چۈشەندۈرۈپ.

— نېمىشقا؟

— بۇ يەردە كىرىپ ـ چىقىپ يۈرگەن ئادەم بەك جىق.

— ئەمىسە ھازىر سۆزلەۋەردىڭىزغۇ؟

— ئىشىكنى ئېتىۋەتتىم. ئۇلار ئەمدى مېنى ئاۋارە قىلمايدۇ.

— سىز بىلەن كۆرۈشكۈم بار، مارىيە،— دېدىم مەن پوسۇققىدە ھېلىقى گەپنى تەكرارلاپ،— چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدىن تارتىپ ھازىرغىچە سىزنى ئەسلەپ يۈردۈم.

ئۇ جاۋاب بەرمىدى.

— نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟

— كاستېر . . . — دېدى ئۇ نېمە قىلىشىنى بىلمىگەن ئاھاڭدا.

— مېنى كاستېر دەپ چاقىرماڭ! — ئاچچىقىمدىن ۋارقىراپ كەتتىم.

— خۇئان بابېلو . . . — دېدى ئۇ قورۇنۇپراق. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ شېرىن بىر سېزىم پۈتۈن بەدىنىمگە تاراپ كەتتى.

ئەمما مارىيە يەنە سۆزدىن توختىۋالدى.

— نېمە بولدى؟ — سورىدىم مەن،— نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟

— مەنمۇ ئوخشاش . . . — دېدى ئۇ پىچىرلاپ دېگۈدەك.

— نېمە ئوخشاش؟ — دېدىم مەن ئالدىراپ.

— مەنمۇ سىزگە ئوخشاش ئويلاۋاتىمەن.

— بىراق زادى نېمىنى ئويلاۋاتىسىز؟

— ھەممە نەرسىنى.

— نېمە؟ ھەممە نەرسىنى ئويلاۋاتىمەن؟ نېمىلەرنى ئويلىدىڭىز؟

www.uyghurkitap.com

— بۇ دۇنيادا جىمى نەرسىنىڭ شۇنداق غەلىتە ئىكەنلىكىنى. . . سىز سىزغان ھېلىقى رەسىمنى. . . تۇنۇگۇنكى ئۇچرىشىشنى. . . بۇگۇنكى كۆرۈشۈشىمىزنى. . . يەنە باشقا ئىشلارنى. . .

ئېغى بىلەن بېغىنىڭ تايىنى يوق بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ جۇدۇنۇم تازا ئۆرلىدى.

— توغرا، لېكىن، مەن سىزگە ئېيتقان، سىزنى ئويلاپ كېلىۋاتىمەن دەپ، — دېدىم مەن، — لېكىن سىز ماڭا ئۆزىڭىزنىڭ مېنى ئويلاۋاتقانلىقىڭىزنى ئېيتمىدىڭىز.

ئارىنى جىمجىتلىق قاپلىدى. بىرئازدىن كېيىن ئۇ:

— ھەممە نەرسىنى ئويلىدىم دېدىمغۇ، — دېدى.

— سىز ئېنىق گەپ قىلمىدىڭىز.

— چۇنكى ھەممە ئىش شۇنچە تاسادىپىي ھەم غەلىتە بولدى. . . ھازىر كاللام بەك قالايمىقان. . . ئەلۋەتتە مەنمۇ سىزنى ئويلىدىم. . .

يۈرىكىم تېپىچەكلەپ كەتتى. مېنىڭ ئاڭلىماقچى بولغىنىم ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەر ئىدى. تومتاق گەپلەر ماڭا تەسىر قىلالمايتتى.

— بىراق، سىز قانداق ئويلىدىڭىز؟ زادى قانداق ئويلىدىڭىز؟ — دېدىم مەن تېخىمۇ بەك سەۋرسىزلىنىپ ۋە گېپىمنى داۋاملاشتۇردۇم، — مەن سىزنىڭ ھەربىر ئالاھىدىلىكىڭىزنى، ھېلىقى دەرەخكە قاراپ تۇرغاندىكى ھالىتىڭىزنى، سارغۇچ چاچلىرىڭىزنى، سۈرۈنلۈك چىقىپ تۇرىدىغان، ئەمما تۇيۇقسىز مۇلايىملىشىپ كېتىدىغان كۆزلىرىڭىزنى، يول ماڭغاندىكى ھالىتىڭىزنى ئويلىدىم . . .

— تېلېفوننى قويۇۋېتەي، — دېدى ئۇ تۇيۇقسىز گېپىمنى بۆلۈپ، — بىرى كېلىپ قالدى.
ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە ئۇنىڭغا پەقەت:
— سىزگە ئەتە ئەتىگەن تېلېفون بېرىمەن، — دېيىشكىلا ئۈلگۈرەلىدىم.
— بوپتۇ ئەمىسە، — دېدى ئۇ ئالدىراپ.

## 11

شۇ كېچىسى زادىلا ئۇخلىيالماي چىقتىم. بىرنەچچە قېتىم رەسىم سىزماقچى بولدۇمىيۇ، ئەمما ھېچنېمىنى سىزالمىدىم. ئۆيدىن چىقىپ بىر دەمدىلا كرليانت كوچىسىغا كەلدىم. شۇ تاپتا مەن قاتتىق تەئەججۈپ ئىلكىدە قالغانىدىم، ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسىگە قىزىقىش بىلەن قارايتتىم. مەن سىلەرگە ھازىر نېمە ئۈچۈن بۇ ھېكايىنى بايان قىلماقچى بولۇپ قالغانلىقىمنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە بىر ئەجەللىك ئاجىزلىقىمنى دەپ بېرەي: ئىلگىرى مەن ئادەملەرگە سوغۇق، ھەتتا بىزارلىق تۇيغۇسى بىلەن قارايتتىم. بىر يەرگە توپلىشىپ تۇرغانلارغا تېخىمۇ شۇنداق بولاتتى. مەن بۇرۇندىن يازدا تولىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىدىغان ساھىل مەنزىرىلىرىگە ئۆچ ئىدىم، ئەمما غېرىبلىق ئىلكىدە ياشايدىغان بىر قىسىم ئەرلەر ۋە ئاياللار مېنى يېقىملىق ھېسلارغا چۆمدۈرەتتى. مېنىڭمۇ ئىلگىرى باشقىلارغا زوقلانغان، ھەۋەس قىلغان چاغلىرىم بولغان (ئۆزۈم ئۇنداق ھەسەتخور ئادەملەردىن ئەمەس). ھازىرغىچە باللارغا ھېسداشلىق، مېھرىبانلىق بىلەن

www.uyghurkitap.com

مۇئامىلە قىلىدىغان ئادىتىم ئۆزگەرمىدى(بولۇپمۇ ئاشۇ سەبىيلەرنىڭ ھامان ئەتراپىدىكى ئادەملەردەك بولۇپ يېتىشىپ چىقىدىغانلىقىنى ئۇنتۇشقا تىرىشقان چېغىمدا). ئەمما، گەپنى خۇلاسىلىگەندە، يەنىلا ئىنسانلاردىن بىزار بولۇپ كەپتىمەن. ھەقلىق يوسۇندا تۇزلۇك بىلەن ئېيتالايمەنكى، گاھى چاغلاردا بىرەر ئادەمنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ قالسام، كەچكىچە گېلىمدىن تاماق ئۆتمەيدۇ، بىرەر ھەپتىگىچە رەسىم سىزالماي قالىمەن. بىر ئادەمنىڭ چىرايىدىن، يول مېڭىۋاتقاندىكى قىياپىتىدىن، كۆز نۇرىدىن ئاچ كۆزلۈك، ھەسەتخورلۇق، تەلۋىلىك، قوپاللىقنىڭ ئالامەتلىرىنى، ھەتتا ئىنسانلارغا خاس بارلىق پەزىلەتلەرنى بايقاش ھەقىقەتەن كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدۇ. شۇڭا، بۇنداق ئەھۋاللارغا يولۇققىنىمدا ئىشتىھايىمنىڭ تۇتۇلۇپ قېلىشى، رەسىم سىزغۇمۇ، گەپ قىلغۇمۇ كەلمەسلىكى تولىمۇ تەبىئىي ئەھۋال. شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنىڭ بۇ مىجەزىدىن پەخىرلەنمەيدىغانلىقىمنى جاكارلىغۇم كېلىدۇ. بۇنىڭ بىر خىل تەكەببۇرلۇقنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكى ماڭا ئايان. مېنىڭ روھىي دۇنيايىمنىمۇ ئاچ كۆزلۈك، تەلۋىلىك، تەمەخورلۇق، قوپاللىق چۇلغىۋالغان چاغلار جىق بولغان. بۇنى ئۆزۈم ئوبدان بىلىمەن. ئەمما مەن ئەسىرىمنىڭ بېشىدا بۇ ھېكايىنى پۈتۈنلەي خالىس بايان قىلماقچى بولغانلىقىمنى ئېيتقانىمەن. بۇ نۇقتىنى چوقۇم ئورۇندايمەن.

ئەمما، بۈگۈن كەچ مېنىڭدىكى ئادەملەرنى كەمسىتىش تۇيغۇسى ۋاقتىنچە بولسىمۇ نەلەرگىدۇ غايىب

بولدى. بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ مالسوتو قەھۋەخانىسىغا كىردىم. مېنىڭچە، كىشىلەرنىڭ بۇ يەرگە تانگو مۇزىكىلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن كىرىدىغانلىقى سىلەرگە ئايان بولسا كېرەك.

## 12

ئەتىسى سائەت ئونلاردا مەن مارىيەگە يەنە تېلېفون بەردىم. تېلېفوننى يەنىلا ئالدىنقى كۈندىكى ھېلىقى ئايال ئالدى. ئۇنىڭدىن مارىيە ئىلىۋانوںنىڭ يېزىغا كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ لاسىىدە بولۇپ قالدىم.

— يېزىغا كەتتى دەمسىز؟ — سورىدىم مەن.

— ھەئە، ئەپەندى. كاستېر ئەپەندى سىز بولامسىز؟

— ھەئە، مەن شۇ.

— ئۇ سىزگە بىر پارچە خەت قالدۇرۇپ قويغانىدى، مانا بۇ يەردە. بىراق، كەچۈرىسىز، مەن سىزنىڭ ئادرېسىڭىزنى بىلمەيمەن.

مەن ئۇنىڭ بىلەن بۈگۈن كۆرۈشەلەيدىغانلىقىمغا شۇنداق ئىشەنگەن، بۈگۈنكى ئۇچرىشىشنى شۇنچىلىك كۈتكەنىدىم. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يېلى چىققان توپتەك لاسىىدە بوشاپ كەتتىم. كاللامنى گادىرماچ خىياللار چۇلغىۋالدى. ئۇ نېمە ئۈچۈن يېزىغا كەتمەكچى بولۇپ قالدى؟ ئۇنىڭ مەن تېلېفون بەرگەندىن كېيىن بۇ قارارغا كەلگەنلىكى تولىمۇ ئېنىق ئىدى. بولمىسا، ئۇ تۈنۈگۈن ماڭا يېزىغا بارىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويغان، ئەتىسى ئەتىگىنى تېلېفون بېرىش توغرىسىدىكى تەكلىپىمگە

قوشۇلمىغان بولاتتى. ناۋادا ئۇ بۇ قارارغا مەن تېلېفون بەرگەندىن كېيىن كەلگەن بولسا، ئۇنداقتا بۇنى بۇ قېتىملىق سۆھبىتىمىزنىڭ نەتىجىسى دېيىش كېرەكمۇ؟ ئەمىسە زادى نېمە ئۈچۈن؟ ئۇ مەندىن قۇتۇلماقچى بولۇۋاتامدىكىنە؟ ھېلىقى كۈندىكى ئۇچرىشىش ئۇنى قورقۇتۇۋەتتىمىكىنە؟

مارىيەنىڭ تۇيۇقسىز يېزىغا كېتىشى مېنىڭ گۇمانىمنى قوزغاپ قويدى. ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا ئىلگىرى دىققەت قىلمىغان ئاشۇ تەپسىلاتلاردىن ئۆزۈمگە سىرلىق تۇيۇلغان تۈگۈنلەرنىڭ جاۋابىنى ئىزدەشكە باشلىدىم. ئالدىنقى كۈندىكى تېلېفوندا نېمىشقا ئۇنىڭ ئاھاڭى ئۆزگىرىپ قالىدۇ؟ «كىرىپ ـ چىقىپ يۈرگەن» ئادەملەر زادى كىملەر؟ ئۇنىڭ ئەركىن سۆزلىيەلمەسلىكىگە سەۋەبچى بولغانلار شۇلارمۇ؟ بىراق بۇ يەنە مارىيەنىڭ تولىمۇ خۇپسەن ئايال ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى. ئېلېۋاتونى سورىغان چېغىمدا، تېلېفوننى ئالغان ئايال نېمىشقا دېلىغۇل بولۇپ قالىدۇ؟ ئەمما، مارىيەنىڭ: «ئىشىكنى يېپىۋەتسەم ئۇلار ماڭا دەخلى قىلماسلىق كېرەكلىكىنى چۈشىنىدۇ» دېگەن گېپى ماڭا ھەممىدىن بەك سىرلىق تۇيۇلۇۋاتاتتى. مارىيەگە قانات سۆرەپ يۈرگەنلەر خېلى جىق بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم مەن.

ئۇنىڭ ئۆيىگە ماڭغان يولدا تۇنجى بولۇپ كاللامغا كەلگەن ئوي شۇ بولدى. ئۇنىڭ ئادرېسىمنى سوراپمۇ قويماسلىقى تولىمۇ غەلىتە ئىش ئىدى. ئەمما مەن ئۇنىڭ ئادرېسىنى ۋە تېلېفون نومۇرىنى بىلەتتىم. مارىيە سېرۋىل يولىنىڭ ئەگىلىدىغان يېرىدىكى بوساتا كوچىسىدا تۇراتتى.



www.uyghurkitap.com

ئالتىنچى قەۋەتكە چىقىپ ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بېسىۋاتقان چاغدا يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى. ئىشىكنى چىرايىدىن پولەكلىكى چىقىپ تۇرىدىغان بىر خىزمەتكار ئاچتى. ئىسمىمنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن ئۇ مېنى لىق كىتاب تىزىلغان مېھمانخانا ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۆينىڭ تۆت تېمىغا يۆلەپ تۇرۇسقا تاقاشقۇدەك ئېگىز كىتاب جاھازىلىرى قويۇلغانىدى. ھەتتا ئىككى كىچىك شىرە ۋە بىر ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىمۇ كىتابلار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. يوغان، قېلىن كىتابلار دىققىتىمنى تارتتى.

جايىمدا تۇرغان پېتى كىتابخانىغا كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ، بىرنىڭ كەينىمدە مېنى ئاستىرتىن كۆزىتىۋاتقانلىقىنى تۇيۇقسىز سېزىپ قالدىم. بۇرۇلۇپ قارىسام، مېھمانخانىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە چىرايلىق چاچ قويغان قاتاڭغۇر بىر ئەر تۇرۇپتۇ. ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى، ئەمما كۈلۈمسىرىشى بىردەم پەيدا بولۇپ يەنە يوقاپ كېتەتتى. كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ تۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ كۆرمەس ئىكەنلىكىنى سېزىۋالدىم. بۇ كىتابلارنىڭ نېمىشقا شۇنچە قېلىن ھەم يوغان ئىكەنلىكىمۇ بىردىنلا ئايان بولدى.

— سىز كاستېر بولامسىز؟ — ئۇ سىلىق ئاھاڭدا شۇنداق دېگەچ ماڭا قولىنى بەردى.

— ھەئە، ئېلىۋانو ئەپەندى، — مەن ھودۇقۇپ دېگۈدەك قولۇمنى بېرىۋېتىپ، ئۇنىڭ مارىيە بىلەن قانداق يېقىنچىلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى قىياس قىلدىم.

ئۇ مېنى ئولتۇرۇشقا ئىما قىلىپ سەل - پەل مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرىدى:

— فامىلەم ئېلىۋانو ئەمەس. مېنى «ئەپەندى» دەپ چاقىرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. مەن مارىيەنىڭ ئېرى. ئىسمىم ئاللاند.

ئۇ خىلمۇخىل سۇكۇتلەردىن مەنە ئىزدەشكە كۆنۈكۈپ كەتكەنمۇ، ئەيتاۋۇر دەرھال قوشۇپ قويدى:

— مارىيە ھەمىشە ئۆزىگە ئايرىم فامىلە ئىشلىتىدۇ.

مەن جايىمدا ھەيكەلدەك ئولتۇرۇپلا قالدىم.

— مارىيەدىن سىزنىڭ رەسىملىرىڭىز توغرۇلۇق جىق ئاڭلىغان. كۆزۈمدىن ئايرىلىپ قالغىنىمغا ئۆزۈن بولمىغاچقا، ھەرھالدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلالايمەن.

ئۇ ئۆزىنىڭ كورمەس بولۇپ قالغىنىنى كەچۈرۈشۈمنى ئۆتۈنۈۋاتقاندەك قىلاتتى. نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم. نەچچە قېتىم بۇ يەردىن چىقىپ كېتىپ بۇ ئىشلار توغرۇلۇق ئوبدان بىر ئويلىنىشىنىمۇ خىيال قىلدىم.

ئۇ يانچۇقىدىن بىر پارچە خەت ئېلىپ ماڭا سۇندى.

— بۇ مارىيەنىڭ سىزگە يازغان خېتى، — ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك تەبىئىي ئاھاڭدا شۇنداق دېدى.

مەن خەتنى ئالدىم. ئاچاي دەپ تۇرۇشۇمغا ئۇ يەنە ئېغىز ئاچتى:

— قېنى كۆرۈپ بېقىڭ، مارىيەنىڭ خېتىدە مۇھىم بىر ئىشمۇ يوق.

تېنىم دىرىلدەپ تىترەيتتى. خەتنى ئاچتىم. دەل شۇ چاغدا ئاللاند ماڭا بىر تال تاماكا تۇتتى، ئاندىن ئۆزىمۇ بىر تال تۇتاشتۇردى. خەتكە مۇنداق بىر جۈملە سۆزلا

يېزىلغانىدى:

«مەنمۇ سىزنى ئويلايمەن.

— مارىيە»

ئاللاند خەتنى قاتلىغىنىمنى ئاڭلاپ سورىدى:

— ھېچقانداق مۇھىم ئىشمۇ يوققۇ دەيمەن.

— ھەئە، مۇھىم ئىش يوقكەن، — مەن كۆچىنىپ تۇرۇپ تەستە شۇنداق دېيەلىدىم.

ئۇنىڭ كۆزلىرىنى پىيالىدەك ئېچىپ ماڭا ھىجىيىپ قاراۋاتقىنىنى كۆرۈپ تېنىم جۇغۇلداپ كەتتى.

— مارىيەنىڭ مىجەزى شۇنداق، — دېدى ئۇ قانداقتۇ بىر نەرسىنى ئويلاۋاتقاندەك، — جىق ئادەملەر ئۇنىڭ بىردەملىك ھاياجانلىنىشىنى خاتا چۈشىنىپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە مارىيە ئادەتتىكى ئىشلارنىمۇ شۇنداق جىددىي بېجىرىدۇ. بۇنى سىزگە قانداق دەرمەن؟

ئۇ بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈشنىڭ ئامالىنى ئىزدەۋاتقاندەك يەرگە بىرھازاغىچە تىكىلىپ قارىدى، ئاندىن:

— بۇ چەكسىز قۇملۇقتا كېتىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ تۇرغان ئورنىنى تۇيۇقسىز ئۆزگەرتكىنىگە ئوخشايدۇ. چۈشەندىڭىزمۇ؟ قۇملۇقتا سۇرئەتنى ھەرقانچە تېزلەتكەن بىلەن بەرىبىر. چۈنكى ئۇ يەنىلا ئوخشاش بىر مۇھىتتىن قۇتۇلالمايدۇ.

ئۇ تاماكىسىنى بىر شوراپ قويۇپ، مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇمنى ئۇنتۇپ قالغاندەك بىرپەس ئويغا چۆمدى ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بەلكىم مەسىلىنى توغرا چۈشەندۈرۈپ

بىرەلمىگەندىمەن. مەن ئوخشىتىشقا ماھىر ئەمەس.

مەن بۇ نەس باسقان مېھمانخانىدىن قېچىپ كېتىشنىڭ پۇرسىتىنى تاپالمايۋاتاتتىم. ئۇ بولسا غېمىدە يوق تۇراتتى.

«نېمىدېگەن تېتىقسىز كومېدىيە ـ ھە!؟» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم مەن.

— بۇگۈنلا، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ داچىغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— داچىغا؟ — مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي سورىدىم.

— ھەئە، بىزنىڭ داچىغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئىلگىرى ئۇ بوۋامنىڭ داچىسى ئىدى. بىراق، ھازىر ئۇ داچا نەۋرە ئىنىم ۋېنتېرنىڭ قولىدا. مېنىڭچە سىز ئۇنى تونۇسىڭىز كېرەك.

ئۇنىڭ بۇ گېپى مېنى تەشۋىشكە، ئۈمىدسىزلىككە سالدى. مارىيە ئاشۇ نومۇسسىز، سۆلەتۋاز خومپەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن زادى نېمىگە ئېرىشمەكچىدۇ؟ ئۆزۈمگە ئىمكانقەدەر تەسەللى بېرىشكە باشلىدىم. خىيالىمدا مارىيەنىڭ داچىغا ۋېنتېرنى دەپ ئەمەس، يېزىنىڭ خىلۋەت مەنزىرىسىنى ياخشى كۆرگىنى ئۈچۈن كەتكەنلىكىنى ئويلايتتىم. نېمىلا دېگەنبىلەن داچا يالغۇز ۋېنتېرغىلا مەنسۇپ ئەمەس ـ تە. شۇنداق ئويلىغىنىم بىلەن يەنىلا قاتتىق ۋەسۋەسىدە قالغانىدىم.

— مەن باشقىلاردىن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان، — دېدىم كۆڭلۈم غەش بولۇپ ۋە قارىغۇنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتمەيلا قوشۇپ قويدۇم، — مەن ماڭاي.

— تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى، — دېدى

ئاللاند،— يەنە كۆرۈشۈپ تۇرساق دېگەن ئۈمىدتە مەن.
— بولىدۇ، بولىدۇ.
ئۇ مېنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ قويۇپ ئالدىراپ ئۆيدىن چىقتىم. لىفتتا: «نېمىدېگەن تېتىقسىز كومېدىيە ـ ھە!» دېگەن ئوي زەردىگۆشلۈك ئىچىدە خىيالىمدىن ئۆتتى.

## 13

كاللامنى سىلكىۋېتىپ سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلانمىسام بولمايتتى. مەن بوساتا كوچىسى بىلەن رىكېلتا رايونىغا قاراپ ماڭدىم.

كاللامدا گادىرماچ خىياللار ھۆكۈم سۈرەتتى، مۇھەببەت، نەپرەت، گۇمان، ئەلەم، ئەسلىمە تۇيغۇلىرى دەممۇدەم ئالمىشاتتى.

مارىيەنىڭ مېنى خەت ئېلىش ئۈچۈن ئۆيگە كەلتۇرۇشى، يەنە كېلىپ خەتنى ئېرى ئارقىلىق بەرگۈزۈشىدىكى مەقسىتى نېمە؟ ئۇ ماڭا ئېرى بارلىقىنى نېمىشقا بۇرۇن دېمەيدۇ؟ ئۇ ھېلىقى ۋېنتىر دېگەن شاللاق بىلەن داچىدا نېمە ئىشلارنى قىلغاندۇ؟ نېمىشقا تېلېفونۇمنى كۈتمىگەندۇ؟ بۇ قارىغۇ زادى قانداق بىرنېمە؟ مەن ئادەملەرگە ئۆچ ئىكەنلىكىمنى ئېيتقان. ئەمدى مارىيەنىڭ قارىغۇ ئېرىگىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتكىنىمنى ئېتىراپ قىلمىسام بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا مەن ئۆزۈمنى خۇددى يەردە جىممىدە ياتقان قورقۇنچلۇق يىلاننىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك سەزدىم. ناۋادا قارىغۇ ئېرىنىڭ ئالدىدا

مارىيەنىڭ: «مەنمۇ سىزنى ئويلايمەن» دېگەن خېتىنى ئوقۇغانلىقىمنى بۈنىڭغا قوشسام، كىتابخانلار شۇ چاغدا قەلبىمنى قانچىلىك بىزارلىق تۇيغۇسى قاپلىۋالغانلىقىنى ئوڭايلا ھېس قىلالايدۇ.

مەن گادىرماچ ئوي - خىياللىرىمنىڭ ئاخىرىنى چىقىرىپ ئادەتتىكىگە ئوخشاش بىرەر ئامال تېپىشنى ئويلايتتىم. ھەممىنى باشتىن باشلاش، مارىيە بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشكەن ئاشۇ ۋاقىتتىن باشلاش كېرەك ئىدى. شۇ قېتىمقى سۆھبەتتە ئېنىق بولمىغان بىر قانچە ئىش بار ئىدى. ناۋادا ئۇ ئائىلىدە مارىيەنىڭ ئەرلەر بىلەن ئالاقە قىلىشى ئۇنىڭ ئېرى ئارقىلىق خەت يەتكۈزۈپ بەرگىنىگە ئوخشاش نورمال ئىش دېيىلسە، ئۇنداقتا ئىشىكنى يېپىۋېتىشتىن ئىلگىرى ئۇ مەن بىلەن نېمىشقا سۇس، تەكەببۇرانە تەلەپپۇزدا سۆزلىشىدۇ؟ يەنە بار، ئۇنىڭ «ئىشىكنى يېپىۋەتسەم ئۇلار ماڭا دەخلى قىلماسلىق كېرەكلىكىنى چۈشىنىدۇ» دېگىنى زادى نېمە مەنىدە؟ قارىغاندا ئۇ ئادەتتە تېلېفون بەرگەندە ئىشىكنى يېپىۋېتىشكە ئادەتلەنگەندەك قىلاتتى. ئەمما ئۇ دوستلىرى بىلەن سۆزلەشكەندىمۇ ئىشىكنى يېپىۋېتىپ ئولتۇرماس. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ماڭا ئوخشاش پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن ئادەم جىق بولسا كېرەك. ئۇلار زادى كىملەردۇ؟ ماڭا ئوخشاشلاردىن قانچىسى باردۇر؟

مەن «تېلېفون توغرىسىدىكى ئىش توغرۇلۇق مۇشۇ يەرگىچە ئويلىنايمۇ، قانداق؟» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم. ياق، ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن جاۋابلىرى توغرۇلۇق تېخى يېتەرلىك ئويلانغىنىم يوق. ئەينى ۋاقىتتا

مارىيە مېنىڭ: «مېنى ئويلىدىڭىزمۇ؟» دېگەن سوئالىمغا بىرھازا تۇرۇپ كېتىپ: «مەن سىزگە ھەممە نەرسىنى ئويلىدىم دەپ ئېيتتىمغۇ؟» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. ئەمدى مەن قايتۇرۇپ سورالغان ئۇ سوئالنىڭ ھېچقانداق مەسىلىنى چۈشەندۇرۇپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئازاب ئىچىدە ھېس قىلدىم. ئۇ بىز ئۇچراشقان كۈننىڭ ئەتىسى (ياكى شۇ ئاخشىمى) ماڭا خەت ئارقىلىق ئېنىق بىر جاۋاب بېرىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلغانىدى. بۇ دەل ئۇنىڭ ئەسلىدە ئوچۇق جاۋاب بەرمىگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرەتتى.

«ئەمدى بۇ خەتنى تەھلىل قىلىپ باقاي» مەن شۇنداق ئويلىغاچ يانچۇقۇمدىن خەتنى ئېلىپ يەنە بىر قېتىم ئوقۇدۇم:

«مەنمۇ سىزنى ئويلايمەن

—مارىيە.»

ماڭا مارىيە بۇ خەتنى تولىمۇ ھاياجانلىق كەيپىياتتا يازغاندەك تۇيۇلدى. بۇ تەھلىلىم بايىقى تەھلىلىمگە ئوخشىمىدى. چۈنكى، دەسلەپكى تەھلىلىم بىلەن بىرلەشتۈرگەندە بۇ يەردە بىر ھاياجانلىق مەنە سېزىلىپ تۇراتتى. بۇ ماڭا پايدىلىق ئىش ئىدى. مارىيەنىڭ ئىمزاسى ھەرھالدا مېنى ئوبدانلا ھاياجانغا سېلىپ قويىدى. ئىمزاغا يالغۇز ئۈچ بوغۇملۇق «مارىيە» دېگەن سۆزنىڭلا يېزىلىشى مېنىڭدە بەزى چۈشىنىكسىز تۇيغۇلارنى پەيدا قىلدى. مەن ئۇ ئايالنىڭ مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا بۆسۈپ كىرگەنلىكىنى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇنىڭ ماڭا مەنسۇپ بولۇپ قالغانلىقىنى خىرە - شىرە ھېس قىلدىم.

ھەي! مەندىكى بەخت تۇيغۇسى ھەمىشە شۇنداق تېزلا

غايىب بولدۇ. . . چوڭقۇر ئويلىنىشتىن ئۆتمىگەن هازىرقى سەزگۈلىرىم بۇنىڭ بىر مىسالى. ئېرى ئۇنى مارىيە دەپ چاقىرىدىغۇ؟ ئۇنداقتا ۋېنتىرمۇ شۇنداق چاقىرامدىكىنە؟ مارىيە دەپ چاقىرمىسا نېمە دەپ چاقىرىدۇ؟ مارىيە ئىشىكنى يېپىۋېتىپ پاراڭلاشقان هېلىقى كىشىلەرچۇ؟ ئۇ ئۆزىنى «ئېلىۋانو خېنىم» دەپ هۆرمەت بىلەن چاقىرىدىغان كىشى بىلەن ئىشىكنى يېپىۋېتىپ پاراڭلاشماس.

«ئېلىۋانو خېنىم!» هېلىقى خىزمەتكار ئايالنىڭ تۇنجى قېتىم تېلېفون بەرگەن چېغىمدا ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدىلەتىن چۈشەندىم. نېمىدېگەن كۈلكىلىك! ئوبدانىراق ئويلىنىپ كۆرگەندە بۇنىڭ «ئېلىۋانو خېنىم» دېگەن ئاتاقنىڭ ئانچە يېڭى ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدىغان يەنە بىر ئىسپات ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە بولاتتى. تولىمۇ ئېنىق، تۇنجى قېتىم «ئېلىۋانو خېنىم» دەپ چاقىرغان ۋاقتىمدا هېلىقى خىزمەتكار ئايال هەيران بولغان، گېپىمگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ئۇنىڭ «خېنىم» ئەمەس، ئايال ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش زۆرۈرلىكىنى چۈشەنگەن. ئەمما، بىرنەچچە قېتىم شۇنداق چاقىرىۋەرگەندىن كېيىن ئۇ خىزمەتكار ئايال تۈزىتىش كىرگۈزۈشنىڭ هاجىتى يوقلۇقىنى، سۈكۈت قىلىپ ئۆتكۈزۈۋېتىشنى ئويلىغان. بۇنداق ئەهۋالدا ئۇنىڭ دېلىغۇل بولۇشى تولىمۇ نورمال ئىش. ئەمما ئۇ مېنىڭ سۆزۈمگە تۈزىتىش كىرگۈزگىنى يوق.

ئەمدى يەنە مۇشۇ خەتكە كېلەيلى. مېنىڭچە، بۇ خەت توغرىسىدا خىلمۇخىل پەرەزلەرنى قىلىپ بېقىشقا بولىدۇ.

ئەڭ ئاۋۋال مەسلىنىي مارىيەنىڭ خەت يەتكۈزۈش ئۇسۇلىدىن باشلاپ ئويلىنىش كېرەك. مەن ھېلىقى خىزمەتكار ئايالنىڭ: «كەچۈرۈڭ، مەندە سىزنىڭ ئادرېسىڭىز يوق» دېگىنىنى ئەسكە ئالدىم. توغرا، مارىيەمۇ مېنىڭ ئادرېسىمنى سورىمىدى، شۇ ۋاقىتتا مەنمۇ ئېيتىپ بېرىشنى خالىمىغان. ئەمما، مارىيەنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسام، تۇنجى قىلىدىغان ئىشىم تېلېفون نومۇرى كىتابىدىن ئادرېسىمنى ئىزدەش بولاتتى. بۇنى مارىيەنىڭ ھۇرۇنلۇقىغا باغلاپ چۈشىنىشكە بولمايتتى. ئۇنداقتا بۇنىڭدىن بىرلا خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ: مارىيە مېنى ئۆيىگە بارغۇزۇپ ئېرى بىلەن كۆرۈشتۈرۈشنى ئويلىغان! لېكىن، زادى نېمە ئۈچۈن؟ بۇ سوئال كاللامدا تولىمۇ مۇرەككەپ بىر مەسلىنى تۇغدۇردى: مارىيەنىڭ ئېرىنى ۋاستىچى قىلىپ تاللىشىدىكى مەقسىتى ئۆزىنى خۇش قىلىش ئۈچۈنمۇ؟ ئەجەبا خەتنى ئاشۇ خىل ئۇسۇلدا يەتكۈزۈپ بەرگىنىدىن مارىيەمۇ، خەتنى قولۇمغا بەرگەن ئېرىمۇ خۇش بولسا ـ ھە؟ لېكىن، قىلچە ئاساسى بولمىغان بۇ ئىككى خىل ئېھتىماللىقنى ئاغدۇرۇۋەتتىم. ئەمدى ئەقىلغا سىغمىدىغان مۇنداق بىرلا ھۆكۈم قالغانىدى: مارىيە ماڭا ئۆزىنىڭ تالالىق بولغان ئايال ئىكەنلىكىنى، مۇناسىۋىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى. شۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىلكى، بۇ ئەسەرنى ئوقۇغان كىتابخانلارمۇ ئاخىرقى پەرزىمگە قوشۇلىدۇ، مەندىن باشقا ئادەمنىڭ باشقا ئىككى خىل ئېھتىماللىققا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. ئىلگىرى مېنىڭ بىرنەچچە دوستۇم بولىدىغان، ئۇلار نەچچە قېتىم مېنىڭ

غەلىتە مىجەزلىرىمنى زاڭلىق قىلغانىدى. چۈنكى مېنىڭ شەيئىلەرگە بولغان قارىشىم كۆپ ھاللاردا باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايتتى، ھەمىشە: «رېئاللىق نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئاددىي؟» دەپ ئويلايتتىم. تەجرىبىلىرىم ماڭا ئىشلارنىڭ دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدىغانلىقىنى، رېئاللىقنىڭ ئەزەلدىن ئۇنداق ئاددىي ئەمەسلىكىنى، بەش قولدەك ئېنىق بىلىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان بەزى نەرسىلەرنىڭ، تولىمۇ ئاددىي تۇيۇلىدىغان ئىشلارنىڭ ئىچىگە ھامان تولىمۇ مۇرەككەپ ئېلېمېنتلارنىڭ يوشۇرۇنغان بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بۇ سۆزۈمنى تولىمۇ ئاددىي بىر مىسال بىلەن چۈشەندۈرسەم، دېۋانىلەرگە سەدىقە بەرگەنلەر ئادەتتە مەردلەر دەپ قارىلىدۇ، ئۇلار سەدىقە بەرمەيدىغانلارغا قارىغاندا كۆپرەك ياخشىچاق بولۇشنى ئويلايدۇ. ئاددىيلاشتۇرۇلغان بۇ نەزەرىيەم مەسىلىنى ئانچە ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ئايانكى، بىرەر پىسو ياكى بىرەر پارچە بولكا بېرىش بىلەن تىلەمچىلىك مەسىلىسىنى (ھەقىقىي تىلەمچىنىڭ مەسىلىسىنى) ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. ئاشۇ ساخاۋەتچى ئەپەندىنىڭ مەسىلىسىنى پەقەت پىسخىكا نۇقتىسىدىن ھەل قىلغاندىلا، ئۇ ھېچقانچە بىر نەرسە خەجلىمەيلا روھىي تەسەللىي ۋە سېخىيلىق ئاتىقىنى سېتىۋالالايدۇ. بۇنداق ئادەملەر نېمىدېگەن بېخىل ـ ھە! ئۇلار ھەر كۈنى بىر پىسو خەجلىسىلا، ئۆزىنى روھىي جەھەتتىن خاتىرجەم قىلالايدۇ، شۆھرەتپەرەسلىك بىلەن تولۇپ كەتكەن كۆڭلىنى تىندۇرالايدۇ. مۇشۇ خىل ساختا (ھەم دائىم كۆرۈلىدىغان) ئىشلارنى تەرك ئەتسە، كىشىلەر ئاجايىپ ئالىيجاناب پەزىلەتكە، تاشنى تالقان

قىلغۇدەك جاسارەتكە موھتاج بولىدۇ، ئىنسانلارنىڭ نامراتلىق مەسىلىسىنى تۈگىتىشكە قادىر بولالايدۇ ئەمەسمۇ؟

يەنىلا مارىيەنىڭ خېتىگە كېلەيلى.

مېنىڭ ئاخىرقى پەرىزىمنى پىكرى تېيىز ئادەملەرلا قۇۋۋەتلەيدۇ. ئازراق تەھلىل قىلساقلا «مارىيە ماگا ئۆزىنىڭ تالالىق بولغان ئايال ئىكەنلىكىنى، مۇناسىۋىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرماقچى» دېگەن قىياسىمىزنىڭ پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. راستىنىلا قىياس قىلغىنىمدەك بولسا، مارىيە نەۋەجىدىن مۇشۇنداق قاملاشمىغان ئۇسۇلنى تاللايدۇ؟ ئۇ ئېرى بارلىقىنى يۈز - تۇرانە تۇرغان چاغدا ئېيتسا ياكى تېلېفوندا ئۇقتۇرۇپ قويسا بولمامتى؟ ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان بولسا، خەت ئارقىلىق دېسە بولاتتىغۇ؟ يەنە بىر چىگىش نۇقتا بار: شۇنداق ئەھۋالدا ئۇ نېمە ئۈچۈن يازغان خېتىدە تالالىق ئايال ئىكەنلىكىنى ئېيتمايدۇ؟ نېمىشقا ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەتكە سوغۇق قانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمنى ئۆتۈنمەيدۇ؟ ياق، ئەپەندىلەر ئىش دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. ئۇ ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە يېزىلغان خەت. بۇ خەت مارىيە ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ خەتەرلىك بىر يولغا باشلايدۇ.

قارىغاندا يەنىلا ئاشۇ بىز ئاساسى يوق دەپ قارىغان پەرزىمىز ئىشەنچلىكتەك قىلىدۇ. مارىيە ئاللاندىنى ۋاستىچى قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى خۇش قىلماقچىمۇ ياكى

ئاللاند ئۆزى مۇشۇنداق بىر پۇرسەتنى ئىزدىگەنمۇ؟ ياكى تەقدىر مىجەزى ئوخشاپ كېتىدىغان ئىككى ئادەمنى بىر چەمبەر ئىچىدە ئوينىتىۋاتامدۇ؟

مەن تۇيۇقسىز ئۆزۈمنىڭ بۇ تۇتۇرۇقسىزلىقىمدىن پۇشايمان قىلىپ قالدىم. ھەممىسى يۇز بەرگەن ئىشلار ۋە دېيىلگەن گەپلەر ئۈستىدە تۈگىمەس تەھلىللەرگە ئاۋارە بولۇپ يۈرگىنىمنىڭ كاساپىتى. مەن مارىيەنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سېلىۋېتىپ مەيداندىكى ھېلىقى بىر تۈپ دەرەخكە تىكىلگىنىنى، ئۇياتچان ھالىتىنى، تۈنجى قېتىم كۆرۈشكەن چېغىمىزدا قېچىپ كەتكەندىكى مەنزىرىلەرنى ئەسكە ئالدىم. مەندە مارىيەگە نىسبەتەن بىر دىنلا ھېسداشلىق پەيدا بولدى. ماڭا ئۇ رەزىللىك ۋە نامراتلىق بىلەن تولغان بىر دۇنيادا ياشاۋاتقان ناتىۋان قىزدەك تۇيۇلاتتى. رەسىم سالونىدا ئۇچراشقاندىن كېيىن قەلبىمدە قايتا ـ قايتا پەيدا بولغان بىر خىل تۇيغۇ شۇ تاپتا يەنە باش كۆتۈرۈپ چىقتى: ئۇنىڭ مىجەزى ماڭا ئوخشايدىكەن.

مەن كىشىنى بىزار قىلىدىغان قىياس ۋە قاملاشمىغان ھۆكۈملەرنى كاللامدىن ۋاقتىنچە چىقىرىۋېتىپ مارىيەنىڭ چىرايى، كۆزلىرى (ئاشۇ كۆزلەر قانداقتۇر بىر نەرسىلەرنى ماڭا خىرە ـ شىرە ئەسلەتكەندى)، ئويچانلىق، غەمكىنلىك بىلەن ياشاش ئۇسۇلىنى يادىمدىن ئۆتكۈزدۈم. يالغۇز قالغان چاغلىرىمدا يىغلىپ قالغان مۇھەببەتلىك ھېسسىياتىمنىڭ ھەممىسىنى مارىيەگە تۆكۈپ بەرگەندەك سەزدىم. شۇنداق ئەھۋالدا يەنە قالايمىقان ئويلاردا بولۇشقا قانداق رايىم باردۇ دەيسىز؟

شۇنىڭ بىلەن مەن تېلېفون، خەت، داچا، ۋېنتىر



www.uyghurkitap.com

ھەققىدىكى ئەخمىقانە قىياسلىرىمنى ئۇنتۇشقا تىرىشتىم.

ئەمما بۇ نۇقتىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئورۇنداپ بولالمايۋاتاتتىم.

## 14

كېيىنكى بىرنەچچە كۈننى ئارامسىزلىق ئىلكىدە ئۆتكۈزدۈم. ئالدىراشچىلىقتا مارىيەنىڭ يېزىدىكى داچىدىن قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى سورىماپتىمەن. ھېلىقى كۈنى مەن ئۇنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كېلىپ تېلېفوندا بۇ ئىشنى سورىغان، ئەمما خىزمەتكار ئايال ھېچنېمىنى ئۇقمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭدىن يېزىدىكى داچىنىڭ ئادرېسىنى سورىۋالدىم.

سەۋرسىزلىنىپ شۇ كۈنى ئاخشىمىلا قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى سوراپ مارىيەگە بىر پارچە خەت يازدىم ۋە بۇئېنوس ئايرېسقا كېلىشتىن ئىلگىرى ماڭا تېلېفون بېرىش ياكى خەت يېزىۋېتىشىنى ئۆتۈندۈم. كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇدۇل باش پوچتا ئىدارىسىگە كېلىپ، خەتنى زاكاز قىلىپ سېلىۋەتتىم.

(باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك) بىرنەچچە كۈننى ئارامسىزلىق ئىچىدە ئۆتكۈزدۈم. بوساتادىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاشۇ ئازابلىق، ئېنىقسىز خىياللار كاللامنى يەنە قوچۇۋەتتى. بىر چۈش كۆرۈپتىمەن. قارىغۇدەك بولسام، قاراڭغۇ كېچىدە بالىلىق چاغلىرىمدىن تارتىپ ئىنتىزار بولۇپ يۈرگەن، تونۇشتەك كۆرۈنگەن بىر

كونا، غېرىبانە ئۆيىنى كۆرۈپ تۇرغۇدەكمەن؛ ئۆيگە كىرىش بىلەن تەڭ ئەسلىمە دېڭىزىغا غەرق بولغۇدەكمەن؛ بىراق، ھېلى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئادىشىپ كەتسەم، ھېلى ئۆزۈمنى يوشۇرۇنۇپ ياتقان رەقىبلىرىم ئارقامدىن تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىدىغاندەك سېزىدىكەنمەن؛ يەنە تۇرۇپ بىراۋلار قۇلىقىنى قۇلىقىغا يېقىپ مېنىڭ ساددىلىقىمنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدىكەن. «ئۇلار كىملەر؟ زادى نېمە قىلماقچى؟» دەپ ئويلىغۇدەكمەن. ئەمما، قانداق بىر ئەھۋال يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئاشۇ كونا ئۆيدە تۇرۇپ ياشلىق، ئۈسمۈرلۈك چاغلىرىمدىكى مۇھەببەت تۇيغۇلىرىنىڭ ۋۇجۇدۇمدا قايتا پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلغۇدەكمەن؛ بۇ تۇيغۇلار يۈرىكىمنى بۇرۇنقىدەك لەرزىگە سالغۇدەك، ئەسەبىي، قورقۇنچلۇق، تاتلىق بىر تۇيغۇ ۋۇجۇدۇمنى چىرماپ ئالغۇدەك. مەن ئويغىنىپ، چۈشۈمدە زاھىر بولغان ئاشۇ كونا ئۆينىڭ مارىيەگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندىم.

## 15

مارىيەنىڭ جاۋاب خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىشتىن ئىلگىرىكى كۈنلەردە مەن بەئەينى مانان ئارىسىدا يولدىن ئادىشىپ قالغان بىر سەيياھقا ئوخشاپ قالدىم. بۇ سەيياھ شەرققە ماڭدىم دەپ غەربكە قېيىپ كېتەتتى، بارلىق كۈچ ـ مادارىنى يىغىپ مىڭ مۇشەققەتتە تىنىمسىز مىدىرلاپ تۇرغان ئادەم، نەرسىلەرنىڭ شەكلىنى، نەسەۋۋۇر قىلغۇسىز خىيىمخەتەرلەرنى ۋە چوڭقۇر

كاتاڭلارنى پەرق ئېتەلەيتتى. مارىيەنىڭ جاۋاب خېتى ماڭا بولۇتلارنى يېرىپ ئۆتۈپ ئاسماندا پارلىغان قۇياش نۇرىنى ئەسلەتتى.

ئەمما بۇ — قارا قۇياش، قاراڭغۇ كېچىدە پارلىغان قۇياش ئىدى. مەن مۇشۇنداق دېيىشكە بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەمما، يازغۇچى بولمىساممۇ، بۇ ئوخشىتىشىمنىڭ توغرىلىقىغا ھۆددە قىلالمىساممۇ، «قاراڭغۇ كېچىدە پارلىغان» دېگەن سۆزۈمنى ياندۇرۇۋېلىشنى خالىمايمەن. بىزنىڭ مۇكەممەل بولمىغان تىلىمىز تەركىبىدىكى بارلىق سۆزلەر ئىچىدە مارىيەگە «قاراڭغۇ كېچىدە پارلىغان» دېگەن بىر سۆزلا ئەڭ مۇۋاپىق كېلەتتى.

مارىيەنىڭ ماڭا يازغان خېتى مۇنداق ئىدى:

«مەن ئاجايىپ ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزدۈم: دېڭىز، ساھىل، يوللار مېنىڭ ئۆتمۈش توغرىسىدىكى ئەسلىمىلىرىمنى ئويغاتتى. ئەسلىمىلىرىم ئارىسىدا يالغۇز خىلمۇخىل ئوبرازلارلا ئەمەس، ئۆتمۈشنىڭ پىچىرلاشلىرى، چۇقانلىرى ۋە مەڭگۈلۈك سۈكۈت بار. بۇنىڭغا ئەقلىم ھەيران. لېكىن، تۇرمۇشنىڭ مەنىسى كەلگۈسىنىڭ ئەسلىمىلىرىنى سىزىپ چىقىشتا. ھازىر مەن دېڭىزغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ ئۆزۈمنىڭ نازۇك ئەسلىمىلەرنى توقۇپ چىقىۋاتقانلىقىمنى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئەسلىمىلەرنىڭ مېنى ھەسرەت ـ نادامەت ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىلكىدە قالدۇرىدىغانلىقىنى بىلدىم.

دېڭىز يەنىلا كۆۋەجىمەكتە. ئۆتمۈش دېگى قالغان كۆز ياشلىرىمغا ھېچنېمە دال بولالمايدۇ. مەن غېرىبانە ساھىلدا

چەكسىز دېڭىزغا كۆز تىككىنىمچە ئۆزۈمنى ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان قانداقتۇ بىر نەرسىنى كۈتمەكتىمەن. سىز مېنىڭ ئەسلىمىلىرىمنى بايقاپ سىزىپ چىقالىدىڭىزمۇ؟ ياكى سىز ئۆزىڭىزگە ۋە ماڭا ئوخشايدىغان نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئەسلىمىلىرىنى سىزىپ چىقتىڭىزمۇ؟

لېكىن سىزنىڭ سىمايىڭىز مانا ئالدىمدا پەيدا بولدى: سىز دېڭىز بىلەن مېنىڭ ئارىلىقىمدا ئۆرە تۇرىسىز. مېنىڭ كۆزلىرىم كۆزلىرىڭىزگە قادالغان. سىز پەرىشان هالدا جايىڭىزدا مىت قىلماي تۇرىسىز. كۆزلىرىڭىز مەندىن مۇھەببەت تەلەپ قىلىۋېتىپتۇ.

مارىيە.»

بۇ خەت مەندە نۇرغۇن گۈزەل ھېسلارنى ئويغاتتى، مارىيە توغرىسىدا تولۇق چۈشىنىش ھاسىل قىلدۇردى. مەن مارىيەنىڭ مېنى «سىز» دەپ ئاتىغىنىدىن ئۇنىڭ ماڭا تەئەللۇق بولغانلىقىنى چۈشەندىم. ئۇ يالغۇز ماڭىلا تەئەللۇق. «سىز دېڭىز بىلەن مېنىڭ ئارىلىقىمدا» دېگەن جۈملىسىدە ئۈچىنچى شەخس يوق، يالغۇز ئىككىمىزلا بار. بۇ تۇيغۇ مارىيەنى رەسىم كۆرگەزمىسىدە تۇنجى قېتىم كۆرگەندە پەيدا بولغان تۇيغۇغا ئوخشايدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرى تونۇشقان بولغاندىكەن، مارىيەنىڭ مېنى «سىز» دەپ چاقىرىشى تولىمۇ تەبىئىي ئىدى. ئۇ رەسىمىم ئالدىدا توختاپ ئەتراپىدا تۇرغانلارغا قاراپمۇ قويماي كۆزلىرىنى ئاشۇ «كىچىك كۆرۈنۈش» كە تىككەن چاغدىلا بىز بىر - بىرىمىزنى «سىز» دەپ چاقىرغان؛ مەن ئۇنىڭ كىملىكىنى دەمال بىلگەن، مىجەزىنىڭ قانداقلىقىنى، ئۆزۈمنىڭ

ئۇنىڭغا نەقەدەر موھتاج ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغىمۇ مەن بولمىسام بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدىم.

ھەي! شۇنداق تۇرۇپ مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم! ئۇنى ئۆلتۈرگەن ئادەم دەل مەن! مەن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئىللىق، سۈكۈت چىقىپ تۇرغان چىرايىغا ئەينەك تامنىڭ كەينىدە تۇرغاندەك قارىغان، ئۇنىڭغا تېگىشنى ئويلىغان، ئەمما تېگەلمىگەنىدىم. مەن بەك ھاماقەت، بەك شەخسىيەتچى، بەك شەپقەتسىز!

ئەمدى ئۆزۈمنى بېسىۋالاي. مەن بۇ ھېكايىنى لىللا مەيداندا تۇرۇپ بايان قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتقان. بۇ نۇقتىنى ئورۇندىمىسام بولمايدۇ.

## 16

مەن مارىيەنى مەجنۇنلارچە ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئەمما، ئىككىمىز ئارىسىدا «مۇھەببەت» دېگەن سۆز تېخى تىلغا ئېلىنمىغانىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ كۆڭلىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ داچىدىن قايتىپ كېلىشىنى زارىقىش ئىلكىدە كۈتۈشكە باشلىدىم.

ئەمما ئۇ قايتىپ كەلمىدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۆزۈمنى سارالڭ بولۇپ قالغاندەك سېزەتتىم. مارىيەگە ئىككىنچى پارچە خەتنى يازدىم. خەتكە: «سىزنى سۆيىمەن، مارىيە، سىزنى سۆيىمەن، سىزنى سۆيىمەن!» دەپ يازدىم.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئاخىر جاۋاب خەت تاپشۇرۇۋالدىم. مارىيە خەتكە پەقەت: «مەن سىزنى

بەختسىز قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيمەن» دەپلا يازغانىدى.

مەن دەرھال جاۋاب خەت يېزىۋەتتىم. خېتىمنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «سىز مېنى بەختسىز قىلىڭ ياكى قىلماڭ، بۇ مەن ئۈچۈن بەرىبىر. سىزنى سۆيمىسەم، ياشاش ماڭا ھارام. سىزنى كۆرمىسەم، ھەر مىنۇت ھەر سېكۇنت ئازاب ماڭا ھەمراھتۇر».

تاقەتسىزلىك ئىلكىدە بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزدۈم. مارىيەدىن ھېچ جاۋاب كېلىدىغاندەك قىلمايتتى. ئۈمىدسىزلىنىپ: «سىز مۇھەببىتىمنى دەپسەندە قىلدىڭىز» دەپ بىر پارچە خەت يازدىم.

ئەتىسى تېلېفوندا مارىيەنىڭ تىترەڭگۈ ئاۋازىنى ئاڭلاشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. «مارىيە» دېگەندىن باشقا سۆز ئاغزىمدىن چىقمايتتى. بوغۇزۇمغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك ھېچ گەپ قىلالمايتتىم.

— ئەتە بۇئېنوس ئايرېسقا قايتىمەن. بىرىپلا سىزگە تېلېفون بېرىمەن، — دېدى مارىيە.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئۇ ماڭا ئۆيىدىن تېلېفون بەردى.

— سىز بىلەن ھازىرلا كۆرۈشكۈم بار، — دېدىم مەن.

— بولىدۇ، بىز ئەتە كۆرۈشەيلى، — دېدى ئۇ جاۋابەن.

— سان مارتىن كوچىسىدا سىزنى ساقلايمەن.

ئۇ بىرپەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

— ياخشىسى رىكېلتا كوچىسىدا ساقلاڭ. سەككىز بىلەن يېتىپ بارىمەن.

قانداق قىلسام مارىيە بىلەن كۆرۈشىدىغان ۋاقىتنىڭ تېزرەك كېلىشىنى بىلمەيتتىم. ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كوچىدا خېلى ئۇزۇنغىچە ئايلىنىپ يۈردۈم. قەلبىمنى شۇقەدەر تاتلىق ھېسلار چىرمىۋالغانىدى. ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسە — ياز كۆكۈمى، كوچىلاردا قىيغىتىپ ئويناۋاتقان بالىلارمۇ كۆزۈمگە شۇنچە سۆيۈملۈك كۆرۈنەتتى. ئەمدى ئويلاپ كۆرسەم، مۇھەببەت كىشىنى قايمۇقتۇرىدىغان، دۇنيانى ئۆزگەرتەلىگۈدەك سىرلىق ئىقتىدارغا ئىگە ئاجايىپ نەرسىكەن ئەمەسمۇ! گۈزەل دۇنيا! كىشىنى تېلىقىپ كۆلدۈرىدىغان قىزىقارلىق دۇنيا!

سەككىزدىن ئازراق ئۆتكەندە مارىيە قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن چىقىپ كەلدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمىدى. بىراق مەن ئۇنىڭ يول ماڭغاندىكى ھالىتىنى ئىلغا قىلالىدىم.

بىز ئولتۇردۇق. مەن ئۇنىڭ بىر بىلىكىدىن قولتۇقلاپ مەڭدەپ قالغاندەك ئىسمىنى قايتا ـ قايتا چاقىراتتىم. ئۇنىڭ ئىسمىدىن باشقا سۆز ئېيتىمگە كەلمەيتتى. مارىيە بولسا ئۈنچىقماي ئولتۇراتتى.

— نېمىشقا داچىغا بارىسىز؟ — دەۋەتتىم ئاخىر، — نېمىشقا مېنى يالغۇز تاشلاپ كېتىسىز؟ نېمىشقا خەتنى ئۆيگە قويۇپ قويىسىز؟ توي قىلغانلىقىڭىزنى نېمىشقا ماڭا ئېيتمايسىز؟

مارىيە جاۋاب بەرمىدى. بىلىكىنى قىسىپ قويغىنىمدىن كېيىن يېنىك بىر ئۇھ تارتتى.

— يۈرىكىمنى زېدە قىلىۋېتىدىغان بولدىڭىز، خۇئان

www.uyghurkitap.com

بابپلو،— دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

— نېمىشقا ماڭا گەپ قىلمايسىز؟ نېمىشقا جاۋاب بەرمەيسىز؟

مارىيە يەنىلا ئېغىز ئاچمىدى.

— نېمىشقا؟ نېمىشقا؟

ئۇ ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

— ھەممە سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرىشىم كېرەكمۇ؟ يەنىلا سىز توغرۇلۇق سۆزلىشەيلى. خىزمىتىڭىز ۋە ئۆزىڭىز كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىڭ. ھېلىقى رەسىمىڭىز، سان مارتىن مەيدانىدا ئېيتقان گەپلىرىڭىز يادىمدىن كەتكىنى يوق. ھازىر نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقىنىڭىزنى بىلگۈم بار. نېمە ئويلاۋاتىسىز، يېڭى رەسىملەرنى سىزدىڭىزمۇ، مۇشۇ توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىڭ.

مەن زەردە بىلەن ئۇنىڭ بىلىكىنى يەنە بىر قېتىم سىقتىم.

— ياق،— دېدىم جاۋابەن،— مەن توغرۇلۇق ئەمەس، ئىككىمىز توغرۇلۇق سۆزلىشىمىز. مېنى سۆيىدىغان ـ سۆيمەيدىغانلىقىڭىزنى بەكمۇ بىلگۈم بار. مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق سۆزلىشەيلى. مېنى سۆيىدىغان ـ سۆيمەيدىغانلىقىڭىزنى بىر بىلىۋالاي.

مارىيە ئۈنچىقمىدى. ئەتراپ قاراڭغۇ بولغاچقا، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن كۆڭلىدىكىنى بىلىۋېلىشقا ئامالسىز قالدىم. كىشىنى بۇرۇقتۇم قىلىدىغان قاراڭغۇلۇق ۋە سۈكۈتكە چىداپ تۇرالمىدىم ـ دە، بىر تال سەرەڭگە ياقتىم. مارىيە شۇ ھامان بېشىنى بۇراپ يۈزىنى توسۇۋالدى. مەن يەنە بىر

قولۇم بىلەن ئۇنىڭ يۇزىنى مەجبۇرىي ئۆزۈمگە قاراتتىم. مارىيە جىمىدە ئۇنسىز يىغلاۋاتاتتى.

— ھە . . . ئەمىسە مىنى سۆيمەيدىكەنسىز - دە، — دېدىم ئازاب ئىچىدە.

ئەمما، سەرەڭگە يورۇقى ئۆچەي دەپ قالغان ئاشۇ پەيتتە مەن ئۇنىڭ ماڭا مۇلايىملىق بىلەن تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى تۇيۇپ قالدىم. بىرپەستىن كېيىن ئۇ بېشىنى سىلاشقا باشلىدى ۋە مۇلايىم ئاھاڭدا ئېيتتى:

— سىزنى ئەلۋەتتە سۆيىمەن . . . بەزى ئىشلارنى دېمىسەم زادى بولمامدۇ؟

— ھە، — دېدىم مەن، — بىراق سىز مېنى قانداق سۆيىسىز؟ سۆيۈشنىڭ نۇرغۇن شەكىللىرى بار. ئادەم ئىتنىمۇ، بالىنىمۇ ئوخشاشلا سۆيەلەيدۇ. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم مۇھەببەت، ھەقىقىي مۇھەببەت، چۈشىنىۋاتامسىز؟

كاللامغا كەلگەن تۇيۇقسىز بىر ئوي بىلەن دەرھال سەرەڭگە ياقتىم. مارىيە ئويلىغىنىمدەك كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى، ئەمما ئەمدى ئۇ كۈلمىدى. تېخى بىر سېكۇنت ئىلگىرىلا ئۇ ئاتلىق كۈلۈمسىرىگەنىدى. مەن دائىم ئۆزۈمنى ئارقامدىن بىرى قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك، كەينىمگە بۇرۇلۇشۇم بىلەنلا ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالغاندەك سېزەتتىم. شۇنداقتىمۇ ماڭا ئەتراپ ھازىرلا شۇنداق خىلۋەت بولۇپ قالغاندەك، قانداقتۇ بىر نەرسە ئەمدىلەتىن غايىب بولغاندەك، ھاۋا تېخىچە يېنىك تەۋرىنىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. مارىيە بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەن چاغدىمۇ مۇشۇ ئەھۋال يۈز بەرگەنىدى.

— سىز بايا كۈلدىڭىز، — دېدىم مەن ئاچچىق بىلەن.
— كۈلدىڭىز؟ — ھەيرانلىق بىلەن سورىدى مارىيە.
— ھەئە، كۈلدىڭىز، مەن ئۇنداق ئۇچۇقاي ئالدانمايمەن، ھەر خىل ئالامەتلەرگە تولىمۇ دىققەت قىلىمەن.
— ئەمىسە بايا سىز قانداق ئالامەتنى بايقىدىڭىز؟ — سورىدى ئۇ.
— چىرايىڭىزدا پەيدا بولغان كۈلكە ئالامىتىنى.
— مەن نېمىگىمۇ كۈلەرمەن؟ — دېدى ئۇ بىردىنلا كەسكىن ئاھاڭ بىلەن.
— مېنىڭ ساددىلىقىمغا، مېنى سۆيىدىغان ـ سۆيمەيدىغانلىقىڭىزنى سورىغىنىمغا ياكى كىچىك بالىغا ئوخشايدىغىنىمغا كۈلگەنسىز. زادى نېمىگە كۈلگىنىڭىزنى كىم بىلىدۇ. ئەمما سىز كۈلدىڭىز. بۇ ئۇقتىغا گەپ كەتمەيدۇ.
مارىيە تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
— نېمە بولدى؟ — سورىدىم مەن چۆچۈپ.
— كېتەي، — دېدى ئۇ سوغۇقلا.
تۇك تەپكەندەك ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ كەتتىم.
— نېمە، كېتىمەن دەمسىز؟
— ھەئە، كېتەي.
— نېمىشقا؟
مارىيە جاۋاب بەرمىدى. مەن ئۇنىڭ بەدىنىنى سىلىكىپ تۇرۇپ دېگۈدەك سورىدىم:
— نېمىشقا كېتىسىز؟
— سىز مېنى زادىلا چۈشەنمەيدىغاندەك قىلىسىز.

جۇدۇنۇم قاتتىق ئۆرلىدى.

— نېمە؟ مەن ئۈچۈن ھايات ـ ماماتقا مۇناسىۋەتلىك بىر ئىشنى سورىسام، جاۋاب ئورنىدا كۈلۈپلا قويىسىز، ئاچچىقلانمىسىز، سىزنى خەق ئەلۋەتتە چۈشەنمەيدۇ ـ دە!

— مېنى كۈلدى دېگىنىڭىز قۇرۇق گەپ، — دېدى ئۇ سوغۇقلا.

— مەن بۇنى جەزملەشتۈرەلەيمەن.

— خاتالىشىپسىز. ماڭا بۇنداق مۇئامىلە قىلسىڭىز، ھەقىقەتەن چىدىيالمىغۇدەكمەن.

ئۆزۈمنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقىنىمنى بىلمەيتتىم. راستىنى ئېيتقاندا، مەن ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىگىنىنى كۆرمىگەن، پەقەتلا سۈرلۈك چىرايىدا شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغانراق بىر خىل ئالامەتنى بايقىغانىدىم.

— مەنمۇ بىلمەيمەن، مارىيە، مېنى كەچۈرۈڭ، — دېدىم پەرىشان ھالدا، — ئەمما مەن بايا كۈلگىنىڭىزنى جەزملەشتۈرەلەيمەن.

مەن جىممىدە بولۇپ قالدىم. كۆڭلۈم شۇنچىلىك غەش ئىدى. بىرئازدىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ بىلىكىمنى ئاستاغىنا تۇتقىنىنى سەزدىم، ئاندىن ئۇنىڭ ئازاب ئارىلاش مۇلايىم ئاۋازى ئاڭلاندى:

— نېمىشقا بۇنداق ئويلايسىز؟

— بىلمەيمەن، مەنمۇ بىلمەيمەن، — دېدىم يىغلىغۇدەك بولۇپ.

ئۇ مېنى قايتىدىن ئولتۇرغۇزۇپ قويدى ۋە بايىقىدەك بېشىمنى سىلاشقا باشلىدى.

— مەن سىزگە «سىزنى بەختسىز قىلىپ قويۇشۇم

مۇمكىن» دەپ ئەسكەرتىش بەرگەن، — دېدى ئۇ بىر ئاز جىملىقتىن كېيىن، — گېپىمنىڭ ئاساسى بارلىقىنى ئەمدى چۈشەندىڭىز.

— بۇنى ئۆزۈمدىن كۆرىمەن، — دېدىم جاۋابەن.

— ياق، بەلكىم مەندىن كەتكەندۇ، — دېدى ئۇ ئۆز ئۆزىگە پىچىرلاپ دېگۈدەك ئويلانغان هالدا.

«قىزىق ئىش! » دەپ ئويلىدىم مەن.

— نېمە قىزىق؟ — سورىدى مارىيە.

تەئەججۇپ ئىلكىدە تۇرۇپ قالدىم، ھەتتا: «ئۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالامدۇ نېمە» دەپمۇ ئويلىدىم. (كېيىنمۇ شۇنداق بولدى) ياكى ئويلاۋاتقانلىرىمنى ئۇنلۇك دەۋەتتىممۇ، بۇ ھەقتە ھازىرمۇ ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمەن.

— نېمە قىزىق؟ — ئۇ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغىنىمنى كۆرۈپ يېنىشلاپ سورىدى.

— يېشىڭىزغا بەك ھەيران قىلىۋاتىمەن!

— يېشىمغا؟

— ھەئە، يېشىڭىزغا. بۇ يىل قانچىگە كىردىڭىز؟ مارىيە كۈلدى.

— سىزنىڭچە قانچە ياشقا كىرگەندىمەن؟

— مەنمۇ شۇنىڭغا ھەيران بولۇۋاتىمەن، — دېدىم جاۋابەن، — تۇنجى كۆرۈشكەن چاغدا كۆزۈمگە يىگىرمە بەش، يىگىرمە ئالتە ياشلىق قىزدەك كۆرۈنگەندىڭىز.

— ھازىرچۇ؟

— ياق، ياق. مەن باشتىلا خاتالىشىپتىكەنمەن. چۈنكى سىزدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەر ماڭا قىزىق

تۇيۇلغانىدى.

— قانداق تۇيۇلغانىدى؟

— ماڭا يېشىڭىز چوڭدەك تۇيۇلغانىدى. سىزنىڭ يېنىڭىزدا تۇرسام گاھىدا ئۆزۈمنى كىچىك بالىدەك ھېس قىلىمەن.

— قانچىگە كىردىڭىز؟

— ئوتتۇز سەككىزگە.

— ئەمەلىيەتتە سىزمۇ بەك ياشكەنسىز.

يەنە تېڭىرقاپ قالدىم. سەۋەبى، نېمىلا دېگەنبىلەن مەن ئۇنىڭدىن خېلىلا چوڭ ئىدىم. ئۇنىڭ يېشى ھەرقانچە بولسىمۇ يىگىرمە ئالتىدىن ئاشمايتتى.

— سىز بەك ياشكەنسىز، — دېدى ئۇ نېمە ئۈچۈن ھەيران قالغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى بىلىۋالغاندەك.

— سىزچۇ، قانچە ياشقا كىردىڭىز؟ — مەن يېنىشلاپ سورىدىم.

— بۇنى دېيىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟ — دېدى ئۇ تەمكىن ھالدا.

— ئەمىسە نېمىشقا سىز مېنىڭ يېشىمنى سورايسىز؟ — دېدىم مەن ئاچچىقىمنى بېسىۋېلىپ.

— بۇ تولىمۇ مەنىسىز پاراڭ بولدى، — دېدى ئۇ، — ھەممىسى ئەخمىقانە گەپلەر. سىزنىڭ مۇشۇنداق ئىشلارغا قىزىقىپ يۈرگىنىڭىزگە تولىمۇ ھەيرانمەن.

مەن مۇشۇ ئىشلارغا قىزىقىپتىمەنما؟ بىز مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق پاراڭلاشتۇقما؟ بەلكىم شۇنداقتۇ، بۇ ئويلار قانداقسىغا كاللامغا كىرىپ قالغاندۇ؟ مەن گاڭگىراش ئىچىدە بۇ مەسىلىلەرنىڭ سەۋەبىنى ئۇنتۇپلا قالدىم. ياق،

مەن مەسىلىنىڭ نېگىزى توغرۇلۇق ئويلانماپتىمەن. بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن — ئۆيگە قايتقاندىن كېيىنلا تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغاندەك كۆرۈنگەن بۇ پاراڭنىڭ تولىمۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

## 17

ئايلار بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ ئۆتۈۋەردى. بۇ جەرياندا مارىيە بىلەن كۈندە دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇردۇق. ئاشۇ كۆڭۈللۈك ھەم قورقۇنچلۇق ۋاقىتلاردا يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىرمۇبىر ئەسلەپ ئۆتۈشنى خالىمايمەن. ئەسلىسەم كۆڭلۈم بۇزۇلىدىغان ئىشلارمۇ جىق.

مارىيە ئەمدى مېنىڭ رەسىمخانامغا كېلىدىغان بولدى. ھېلىقى كۈنى كەچتە سەرەڭگە ياققاندىكى مەنزىرىلەرگە ئوخشاش ئىشلار يەنە ئۈچ - تۆت قېتىم تەكرارلاندى. ئەمما، شۇنداق بىر ئوي كاللامدىن زادى نېرى بولمىدى: مارىيەنىڭ مۇھەببىتى ئانىنىڭ ئوغلىغا ياكى ئاچىنىڭ ئىنىسىگە بولغان مۇھەببىتىگىلا ئوخشايتتى. شۇڭا مەن تەن قوشۇلمىسا، ھەقىقىي مۇھەببەت بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ھازىردىن باشلاپ بۇ ئويۇمنىڭ قانچىلىگەن ساددا ئويلىرىمنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلمىسام بولمايدۇ. مارىيەنىڭ مېنى ئارقامدىن مەسخىرە قىلىپ يۈرىشىگە ئېھتىمال ئاشۇ ساددا ئويلىرىم سەۋەبچى بولسا كېرەك. جىنسىي مۇھەببەت ماڭا تەسەللىي بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەسرەتلىرىمنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتەتتى؛ ئالدىمغا ئازابلىق تېپىشماقلارنى

تاشلايتتى؛ مارىيە ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا تۈگىمەس ئارىلىق پەيدا قىلىپ، مېنى ئۆزىنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىپ بېقىشقا مەجبۇر قىلاتتى. مارىيە بىلەن رەسىمخانىدا ئۆتكۈزگەن ئاشۇ ۋاقىتلار ئەبەدىي ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئۇ چاغلاردا مارىيەنىڭ زىددىيەتلىك، بىمەنە ھەرىكەتلىرىگە قارىغىنىمدا، ھېسسىياتلىرىم ئەڭ پاك مۇھەببەت ۋە ئەڭ ئەسەبىي نەپرەت ئارىلىقىدا داۋالغۇيتتى، «ئۇ ئالدىمدا ئويۇن ئويناۋاتامدۇ نېمە» دەپ گۇمانلىنىپ قالاتتىم. مارىيە ماڭا تۇرۇپ پاك قىزلاردەك، يەنە تۇرۇپ شاللاق ئاياللاردەك تەسىر بېرەتتى. بۇنداق چاغلاردا: «قەيەردە شۇنداق بولغان؟ قانداق بولۇپ؟ كىم بىلەن؟ قاچان؟» دېگەنگە ئوخشاش تۈگىمەس سوئاللار كاللامغا كىرىۋالاتتى.

بۇنداق چاغلاردا مارىيەنى ئۇستىلىق بىلەن قۇراشتۇرۇلغان پاجىئەلىك بىر كومېدىيىنى ئويناۋاتقاندەك، ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئالدىدا ئويناۋاتقان سەبىي بالىدەك، ئۇ ئازراق ھىيلە ئىشلەتسىلا، مېنى سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدىغان ئىستائەتمەن بەندىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدىغاندەك سېزەتتىم. يەنە تۇرۇپ كۆچلۈك بىر نومۇس تۇيغۇسى مېنى دەرھال كىيىملىرىمنى كىيىپ كوچىغا چىقىپ كېتىشكە، كاللامنى سىلكىۋېتىپ خىلمۇخىل سىرلىق تۈگۈنلەر ۋە قىياسلار ھەققىدە ئويدان ئويلىنىشقا ئۈندەيتتى. يەنە تۇرۇپ بۇنىڭ ئەكسىچە بىر ئىش يۈز بېرەتتى — مارىيەنىڭ ئۇستىگە ھەۋەس ھەم قوپاللىق بىلەن تاشلىناتتىم ـ دە، بىلەكلىرىنى دۈمبەمدىن ئۆتكۈزۈپ، ھەقىقىي مۇھەببەت ئۇچقۇنىنى كۆرۈش نىيىتىدە كۆزلىرىگە مىختەك قادىلاتتىم.

ئەمما، يۇقىرىدىكى گەپلىرىمنى ئەسلىدە مەن سىلەرگە دېيىش ئويىدا ئەمەس ئىدىم. ئاتالمىش «ھەقىقىي مۇھەببەت» نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ ئېيتىپ بېرەلمەيمەن، بۇنى ئىقرار قىلىشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرمايمەن. قىزىق يېرى، ھازىرغىچە مەن ھەربىر سىرلىق سوئالغا دۇچ كەلگەندە ئاشۇ ئىبارىنى ئىشلەتتىمىيۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەنىسى ھەققىدە چوڭقۇر تەھلىل يۈرگۈزۈپ باقمىدىم. ھەقىقىي مۇھەببەت دېگەن زادى نېمە؟ جىنسىي ھەۋەس بىلەن سۇغۇرۇلغان مۇھەببەت ھەقىقىي مۇھەببەت بولامدۇيا؟ بەلكىم ھەقىقىي مۇھەببەت دېگىنى مارىيە بىلەن مۇناسىۋىتىمىزنى ياخشىلاشقا ئالدىرىغان چېغىمدا ئىزدىگەن ھېلىقى مۇھەببەت بولسا كېرەك. شۇنداق دېيەلەيمەنكى، بىرنەچچە قېتىم ئىككى يۈرەكنىڭ باغلانغان چاغلىرىمۇ بولغانىدى. لېكىن ئۇ شۇنچىلىك ئاجىز، قىسقا ھەم ئەرزىمەس تۇيغۇ ئىدىكى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا يۈرەكنى چىرماپ ئالىدىغىنى كىشىنى ئىلگىرىكىدىنمۇ بەك ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان قانائەتسىزلىك، يەنى چۈشىمىزدىكى شېرىن مۇھەببەتنى ئىلىلتماقچى بولغان چېغىمىزدا ھېس قىلغان، ئەمما ئۆزىمىزمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان ئەپسۇسلۇق تۇيغۇسى بولاتتى. ماڭا ئايدىڭ، گاھى چاغلاردا ھېس - تۇيغۇلىرىمىز تاسادىپىي ھالدا ئۆزئارا قوشۇلۇپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا قەلبىمىزدىكى ھەسرەت - پىراق ئوتى ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللەيتتى، كۆڭۈللۈك مىنۇتلارنىڭ تولىمۇ قىسقا بولۇپ قالغىنى ئۈچۈنمۇ، ئاشۇ خىل ھەسرەت ئوتى يۈرىكىمىزنى تىنىمسىز پۇچۇلاپ تۇراتتى. بىر

قاراشتىلا بىر - بىرىمىزنىڭ كۆڭلىدە نېمە بارلىقىنى ھەر ئىككىمىز بىلەلەيتتۇق، توغرىراقى مارىيە بىلەن ھېس - تۇيغۇمىز، ئويىمىز بىر يەردىن چىقاتتى.

ئەلۋەتتە، ئاشۇ قىسقا مىنۇتلار ئۇچۇن بىز تولىمۇ زور بەدەل تۆلەيتتۇق. چۈنكى ئاشۇ مىنۇتلاردىن كېيىن بىزگە تولىمۇ مەنىسىز، ئەخمىقانە تۇيۇلىدىغان ئىشلار يۈز بېرەتتى. مارىيە بىلەن ئارىمىزدا بولغان ھەربىر ئىش (پاراڭلىشىش، قەھۋە ئىچىش) كىشىنى شۈنچىلىك ئازابلايتتى. چۈنكى ئۇ ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش ۋاقتىمىزنىڭ نەقەدەر قىسقا ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى ئىدى. تېخىمۇ قاملاشمىغىنى، شۇ ئىش بىلەن تەڭ ئارىمىزدىكى پىسخىك مۇساپە يېڭىدىن ئۇزىراپ كېتەتتى. بۇنىڭغا مۇناسىۋىتىمىزنى مۇستەھكەملەشكە ئامال تاپالمىغان چېغىمدا مارىيەنى تەن جەھەتتىن قوشۇلۇشقا قىستىغانلىقىم سەۋەب بولاتتى. ئەمما، مارىيە مېنىڭ دەرد - ئەلەملىرىمنى يەڭگىللىتىش مەقسىتىدە كۆرۈنۈشتە ئۆزىنى ھەقىقىي خۇشلۇقتا ئېرىشكەندەك كۆرسىتىشكە تىرىشقىنى ئۈچۈنمۇ، پات - پاتلا ئىشلارنى يامان تەرىپىگە ئۆرۈۋېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن كېيىمىمنى ئالدىراپ كىيىپ كوچىغا ئۆزۈمنى ئاتاتتىم، مارىيەنىڭ بىلەكلىرىنى زەردە بىلەن قامالاپ تۇرۇپ كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى، قانداق ھېسسىياتلاردا بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىشقا زورلايتتىم. شۇنچىلىك قوپاللىق بىلەن ئورۇنلانغان ئاشۇ ھەرىكەتلىرىم تۈپەيلى مارىيە كېيىنكى نۆۋەت جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندە تۇرماي قېچىپ كېتىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ قالاتتى. ئاخىر بېرىپ

توغرىدىن ـ توغرا نېرۋىسىدىن ئادىشىپ قالغان بىر ساراڭغا ئايلىناتتى ـ دە، ماڭا بۇنداق بولۇۋەرسە، ئارىمىزدىكى مۇھەببەتنىڭ نابۇت بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولاتتى.

ئۇنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيىسى مېنى ئۇنىڭ مۇھەببەتكە تۇتقان مۇئامىلىسىنىڭ سەممىيلىكىدىن تېخىمۇ گۇمانلاندۇرۇپ قوياتتى. چۈنكى مەن ئۇنىڭ مېنى كولدۇرلىتىۋاتقان ـ كولدۇرلىتىۋاتمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم؛ ئۇ تەن جەھەتتىكى قوشۇلۇشنىڭ قىلچە پايدىسى يوق ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتقان چاغدا ئەمدى بۇ ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا كۆزۈم يەتمەيتتى. ئۇنىڭ باشتىن باشلاپ بۇ ئىشقا شۇنداق بىزار بولۇشى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندە ئۆزىنى يالغاندىن ھۇزۇرلانغان قىياپەتكە كىرگۈزۈۋالغانلىقىنى ئىسپاتلايتتى. ئارقا ـ ئارقىدىن پەيدا بولۇۋاتقان زىددىيەتنىڭ مەنبەيىمۇ شۇ ئىدى. مارىيە مېنى قايىل قىلىش تۈگۈل تېخىمۇ چوڭ گۇمانىمنى قوزغاپ قوياتتى. بۇنىڭ بىلەن كاللامدا تېخىمۇ مۈرەككەپ، يېڭى ـ يېڭى مەسىلىلەر پەيدا بولاتتى.

ھەممىدىن بەك كۆڭلۈم يېرىم بولىدىغىنى يالغاندىن قۇراشتۇرۇلغان بۇ ساختا كومېدىيىدە ئۆزۈمنىڭ كىچىك بالىدەك ئۇنىڭغا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن بېرىلىپ كەتكىنىم ئىدى.

— مېنى ئالدىغانلىقىڭىزنى بىلىپ قالسام، — دەيتتىم بۇنداق چاغلاردا ئاچچىقىم بىلەن، — سىزنى ئىتتىنى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاپ تاشلايمەن.

بىلەكلىرىنى چىڭگىدە قايرىپ، بىر ئەر شۇبھىلىك

ئالامەت ياكى مەسخىرىلىك ئۇچقۇنىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلىش ئۈيىدا كۆزلىرىگە نەشتەردەك قادىلاتتىم. بۇنداق چاغلاردا مارىيە كىچىك بالىغا ئوخشاش ماڭا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇشتىن باشقىنى بىلمەيتتى ياكى چىرايىنى ئازابلىق، مۇلايىم تۈس ئالغۇزۇپ، كىيىملىرىنى ئۇن ـ تىنسىز كىيىشكە باشلايتتى.

بىر كۈنى خېلى قاتتىق ئۇرۇشۇپ قالدۇق. ئاخىر مەن مارىيەنى جالاپ دەپ تىللىدىم. مارىيە داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن مودېللار ئىشلىتىدىغان پەردىنىڭ كەينىگە ئۆتتى ـ دە، گەپ ـ سۆز قىلماي كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى. مەن نەپرەت، پۇشايمان ئارىلىقىدا بىر پەس ئىدىيە كۈرىشى قىلغاندىن كېيىن، يۈگۈرۈپ بېرىپ مارىيەدىن ئەپۇ سورىدىم. قارىسام ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ. نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم: بېرىپ ياشلىق كۆزلىرىگە سۆيدۈم، يىلىنىپ تۇرۇپ ئەپۇ سورىدىم، ئاخىر بولماي ئۆزۈممۇ يىغلىدىم، «مەن ئادەم ئەمەسكەنمەن، تاش يۈرەك، ئۆكتەم، قاتاللىقى كۈچلۈك خۇمپەركەنمەن» دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمنى تىللاپمۇ بەردىم. بۇ ھال ئۇ يىغىدىن توختاپ ئۆزىنى بېسىۋالغانغا قەدەر داۋاملاشتى. ئەمما ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ تاتلىق كۈلۈمسىرىۋىدى، ماڭا ئۇنىڭ بىردىنلا ئېچىلىپ كېتىشى تازا تەبىئىي ئەمەستەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. بۇنداق دېگىنىم ئۇنى ئېچىلماي يىغلاۋەرسە بولاتتى دېگىنىم ئەمەس. ئەمما ئۇنىڭ بىرمۇنچە ياغلىما سۆزلەرنى قىلغىنىمدىن كېيىن ئوڭايلا ئېچىلىشى، كۆڭلىگە ئازار بەرگىنىمنى ئۇنتۇپ قېلىشى كىشىنىڭ گۇمانىنى

قوزغايتتى. مېنىڭچە، ھەرقانداق بىر ئايال، ھەتتا بىر پاھىشىمۇ ئاشۇنداق تىل ـ ئاھانەتكە ئۇچرىسا بىشىنى كۆتۈرەلمەي قالىدۇ. ئەمما، مارىيە بولسا «جالاپ» دەپ تىللىغىنىمنى قېتىغا ئېلىپمۇ قويماي بىردەمنىڭ ئىچىدىلا خۇشال ھالىتىگە قايتتى.

بۇ ھال شۇنىڭدىن كېيىن كۈندە دېگۈدەك تەكرارلىنىدىغان بولدى. گاھى چاغلاردا مارىيە بىلەن خېلى ئوبدان بولۇپ قالساق، ياش بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك فرانسىيە مەيدانىغا كېلىپ ئايلىناتتۇق. ئەمما بۇنداق كۆڭۈللۈك مىنۇتلار بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتاتتى. قەلبىمدە بارا ـ بارا ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلەشكە باشلىغان چىگىش سوئاللار غايەت زور ھەشقىپىچەكتەك باغدىكى دەل ـ دەرەخلەرگە يامىشىپ ئۇلارنى بىرمۇبىر نابۇت قىلماقتا ئىدى.

## 18

گۇمانىم بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋېلىشى، كۆزىدىن چىقىپ تۇرغان ئالامەتلەر، كىشىنى گاڭگىرىتىدىغان چۈشىنىكسىز گەپ ـ سۆزلىرى، داچىغا بېرىپ قونۇپ كېلىشى ۋە مۇھەببىتى مۇشۇنداق ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. بىر قېتىم ئۇنىڭدىن نېمىشقا خەقلەردىن ئۆزىنى ئاللاند خانىم ئەمەس، ئېلىۋانو خېنىم دەپ چاقىرىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى سورىۋىدىم، ئۇ كۈلۈپ كېتىپ:

— كىچىك بالىدە سىز! بۇنىڭ سىزگە نېمە

مۇناسىۋىتى؟ — دەپ جاۋاب بەردى.
— مېنىڭچە بۇ تولىمۇ مۇھىم، — دېدىم مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە سىنچى نەزەرىم بىلەن تىكىلىپ.
— ئائىلىدە بىز شۇنداق ئاتاشقا ئاداتلەنگەن، — ئۇ شۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن قايتا كۈلمىدى.
— شۇنداقمۇ دەيلى، — دېدىم مەن يەنە، — ئەمىسە ئۆيىڭىزگە بىرىنچى قېتىم تېلېفون بېرىپ «ئېلىشانو خېنىم بارمۇ» دەپ سورىسام، خىزمەتكار ئايال گېپىمگە بىرئاز تۇرۇۋېلىپ جاۋاب بەردىغۇ؟
— ئۇنداق بولسا سەزگۈلىرىڭىز خاتالىشىپتۇ.
— بەلكىم شۇنداقتۇ. لېكىن ئۇ نېمىشقا گېپىمنىڭ خاتاسىنى تۈزەتمەيدۇ؟
مارىيە بۇ قېتىم بايىقىدىنمۇ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى:
— مەن سىزگە ئېيتقان، — دېدى ئۇ، — بىز ئائىلىدە شۇنداق ئاتاشقا ئادەتلەنگەن دەپ. بۇنى خىزمەتكارمۇ بىلىدۇ. مېنى ھەممەيلەن مارىيە ئېلىشانو دەپ چاقىرىدۇ.
— ئۇلارنىڭ سىزنى شۇنداق چاقىرىشى تولىمۇ نورمال ئىش. ئەمما مېنىڭ ئەجەبلىنىۋاتقىنىم، سىزنى «خېنىم» دەپ چاقىرغان چېغىمدا ئۇ ئايال سەل ھەيران قالدى.
— ھە . . . سىزنىڭ مۇشۇ ئىشقا ئەجەبلىنىۋاتقانلىقىڭىزنى ئويلىماپتىمەن. بەلكىم ئۇ بۇنداق چاقىرىشقا تازا ئادەتلىنىپ كەتمىگىنى ئۈچۈن ئىككىلىنىپ قالغاندۇ.
مارىيە بۇ مەسىلىگە تېخى ئەمدىلا دىققەت قىلىۋاتقاندەك چوڭقۇر ئويغا چۆمدى.
— شۇغىنىسى ئۇ مېنىڭ گېپىمنى

تۈزەتمىدى، — دېدىم مەن يەنە.
— كىم؟ — دېدى ئۇ چوڭقۇر خىيالدىن يېڭىلا ئويغانغاندەك.
— ئايال خىزمەتكارىڭىز. ئۇ سىزنى «خېنىم» دەپ چاقىرغىنىمنى تۈزەتمىدى.
— بىراق، خۇئان بابىلو، بۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس. سىزنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭىزنى ھېچ چۈشەنمىدىم.
— مەن ئىلگىرى سىزنى باشقىلارمۇ «خېنىم» دەپ چاقىرىپ باققانىكەن، دېمەكچىمەن. تۈنجى بولۇپ سىزنى «خېنىم» دەپ چاقىرغان بولسام، خىزمەتكارىڭىز گېپىمنى تۈزىتىپ قويغان بولاتتى.
مارىيە ئىستېھزا بىلەن كۈلۈۋەتتى.
— تولىمۇ ھەمدەم خىيال ئادەمكەنسىز، — دېدى ئۇ مېنى سىلىغاچ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن.
چىرايىمدىكى سۈرلۈكلۈك تېخى كەتمىگەنىدى.
— يەنە بار، — دېدىم ئارقىدىنلا، — سىز تېلېفوننى ئالغان چاغدا، ئىشىكنى يېپىۋېتىشتىن ئىلگىرى سوغۇق ئاھاڭدا سۆزلىگەنىدىڭىز. كېيىن گەپلىرىڭىز بارغانچە مۇلايىملىشىشقا باشلىدى. بۇنداق ئۆزگىرىش بولۇشتىكى سەۋەب نېمە؟
— خۇئان بابىلو، — دېدى ئۇ كۈلكىسىنى توختىتىۋېلىپ، — مەن خىزمەتكارىمنىڭ ئالدىدا سىز بىلەن قانداقسىغا ئۇنداق پاراڭلىشالايمەن؟
— بوپتۇ، شۇنداقمۇ دەيلى، بىراق سىز ماڭا: «ئىشىكنى يېپىۋەتسەم، ئۇلار ماڭا دەخلى قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى چۈشىنىدۇ» دېگەنىدىڭىز. بۇ گېپىڭىز ماڭا

قارىتىپ ئېيتىلمىغان. چۈنكى ئۇ مېنىڭ سىز بىلەن تېلېفوندا تۇنجى قېتىم پاراڭلىششىم تۇرسا. بۇ گەپنى سىز ۋېنتىرغا قارىتىپمۇ ئېيتمىغان. نېمىشقا دېسىڭىز، سىز داچىدا ئۇنىڭ بىلەن ھەرقانداق ۋاقىتتا كۆرۈشەلەيسىز. قارىغاندا، سىز بىلەن تېلېفوندا پاراڭلىشىپ تۇرىدىغانلار خېلى جىق ئوخشايدۇ، شۇنداقمۇ؟

مارىيە ھەسرەتلىك كۆزلىرى بىلەن ماڭا لاپپىدە قارىدى.

— گېپىمگە جاۋاب بېرىڭ. ماڭا بۇنداق تەرزدە قارىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدىم مەن ئاچچىقلىنىپ.

— بىراق، سىز ھازىر تولىمۇ ئەرزىمەس ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلەپ تۇرۇپسىز، خۇئان بابىلو. سىز ئېيتقاندەك ماڭا تېلېفون بېرىپ تۇرىدىغان ئادەملەرمۇ بار. مەسىلەن، نەۋرە ئىنىم، ئائىلىمىزنىڭ دوستلىرى، ئانام، يەنە باشقىلار . . .

— بىراق سىز ئاشۇلار بىلەن پاراڭلاشقان بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنى دالدىغا ئېلىپ يۈرمىگەن بولاتتىڭىز.

— كىم مېنى ئۆزىنى دالدىغا ئاپتۇ دەيدۇ! — مارىيە ئاچچىقلاپ قالدى.

— ھاياجانلانماڭ. بىر قېتىم رىچارد دېگەن بىرىنىڭ ئىسمىنى مېنىڭ ئالدىمدا ئۆزىڭىز تىلغا ئالغانتىڭىز. ئۇ سىزنىڭ نەۋرە ئىنىڭىزمۇ، دوستىڭىزمۇ، ئانىڭىزمۇ ئەمەس.

بۇ گېپىم مارىيەنى قاتتىق مەيۈسلەندۈرۈپ قويدى.

— بىچارە رىچارد، — دېدى ئاندىن چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن.

— نېمىشقا بىچارە دەيسىز؟

— بۇ سىزگە ئايان، ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە مەن سەۋەبچى بولدۇم. ئۇ ماڭا بىر مۇنچە قورقۇنچلۇق خەتلەرنى يازغان، لېكىن مەن ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە ئامالسىز قالدىم. بىچارە رىچارد.

— ئۇ خەتلەرنى ماڭا كۆرسىتەلەرسىزمۇ؟

— نېمىشقا؟ ئۆلگەن ئادەمنىڭ خېتىنى نېمە قىلىسىز؟

— ھېچقىسى يوق. ئۆلگەن بولسۇن ـ بولمىسۇن، مېنىڭ ئۇ خەتلەرنى بىر كۆرۈپ باققۇم بار.

— ئۇ خەتلەرنى كۆيدۈرۈۋەتكەن.

— سىز خەتنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكىڭىزنى باشتىلا ئېيتسىڭىز تامامەن بولاتتى. ئەمما سىز «نېمىشقا؟ ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ خېتىنى نېمە قىلىسىز؟» دەپ بىر مۇنچە ئاقماس گەپلەرنى قىلدىڭىز. بۇپتۇ، سىزنى ئۇ خەتلەرنى كۆيدۈرۈۋەتتىمۇ دەيلى، لېكىن زادى نېمىشقا؟ بىر سورۇندا سىز ماڭا ئۆزىڭىزگە يېزىلغان سۆيگۈ خەتلىرىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىڭىزنى ئېيتقان. رىچاردنىڭ خېتىنى ئىچىدە ئابرۇيىڭىزغا داغ تەگكۈزىدىغان مەزمۇنلار بولغىنى ئۈچۈن كۆيدۈرۈۋەتتىڭىز، شۇنداقمۇ؟

— ئۇ خەتلەرنى ئابرۇيىمغا داغ تەگكۈزۈشىدىن ئەنسىرەپ كۆيدۈرۈۋەتكىنىم يوق. ئۇ خەتلەر زىيادە ھەسرەت بىلەن يېزىلغاچقا، كەيپىياتىمنى بەك تۆۋەنلىتىۋەتتى.

— نېمىشقا كەيپىياتىڭىزنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ؟

— بىلمەيمەن . . . رىچاد ئىرادىسى ئاجىز ئادەم ئىدى. بۇ تەرىپى سىزگە تولىمۇ ئوخشايتتى.

— سىز ئۇنى ياخشى كۆرەمتىڭىز؟

— سىزدىن ئۆتۈنەي. . .

— نېمىنى ئۆتۈنمەكچىسىز؟

— بۇنداق قىلماڭ، خۇئان بابېلو. سىزنىڭ ھەربىر ئويلىرىڭىز. . .

— ئەمما بۇ ئويلىرىم ماڭا مەنىسىزدەك بىلىنمەيدۇ. ئۇ سىزنى سۆيىدىكەن، سىزگە ئۆزىڭىز يىرتمۇۋېتىشىم زۆرۈر دەپ قارىغان قورقۇنچلۇق خەتلەرنى يېزىپتۇ، ئاندىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ. شۇنداق تۇرۇپ مېنىڭ بۇ ئويلىرىمنى نېمىشقا مەنىسىز دەپ ئويلايسىز؟

— چۈنكى مەن ئۇنى ياخشى كۆرمەيتتىم.

— بىلمەيمەن، راستىنىلا بىلمەيمەن. بەلكىم قىزىقىشىمىز بىر يەردىن چىقمىغان بولغاچقا، شۇنداق بولسا كېرەك.

— بىراق سىز ئۇنىڭ ماڭا ئوخشايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدىڭىز.

— يا پەرۋەردىگارىم! مەن سىزنى ئۇنىڭغا مەلۇم تەرەپتىن ئوخشايسىز دېدىم، پۈتۈنلەي ئوخشايسىز دېگىنىم يوق. ئۇ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەم بولغىنىغا قارىماي ئەسكى مىجەزى بار ئىدى. ئىرادىسىز، گۇمانخور. بۇ نۇقتىدا ئۇ سىزگە ئوخشاپ كېتىدۇ. يېتەرسىزلىك جەھەتتە دېمەكچىمەن.

— ناھايىتى ياخشى. لېكىن مەن ئۇ خەتلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بارلىقىنى ھېچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بىلمىدىم.

— ئەمىسە يەنە بىر قېتىم تەكرارلاي، مەن ئۇ خەتلەرنى كەيپىياتىمغا تەسىر يەتكۈزگىنى ئۈچۈن يوقىتىۋەتكەن.

— بىراق سىز ئۇ خەتلەرنى ئوقۇمىسىڭىزلا بولاتتىغۇ. مانا بۇ تەرىپى كۆيدۈرۈۋېتىشتىن ئىلگىرى ئۇ خەتلەرنى دائىم ئوقۇپ تۇرىدىغانلىقىڭىزنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنى دائىم ئوقۇپ تۇرغانىكەنسىز، دېمەك ئۇ خەتتە سىزنى قىزىقتۇرىدىغان مۇھىم مەزمۇنلار بار.

— مەن سىزگە ئۇ خەتلەر مېنى قىزىقتۇرمايدۇ دېگىنىم يوق.

— سىز قىزىقىشىڭلارنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئېيتقان.

— يا رەببىم. مېنىڭ ئۆلگۈم يوق. ئەمما، ئۆلۈم مېنى ھەر ۋاقىت قىزىقتۇرىدۇ، رىچادنىڭ مېنى قىزىقتۇرۇشى ئۆلۈم ياكى ساختىلىقنىڭ قىزىقتۇرغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش. بىراق مەن : «ئادەم بۇنداق ھېسسىياتلاردىن ئۆزىنى تارتىشى كېرەك» دەپ ئويلايمەن. رىچادنى ياخشى كۆرەلمەسلىكىم ئېھتىمال شۇ سەۋەبتىندۇر. شۇ ۋەجىدىن مەن ئۇنىڭ خەتلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتكەندىمەن. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مەن ئۇنى ئەسلىتىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى يوقىتىۋېتىش قارارىغا كەلدىم.

ئۇنىڭ كەيپىياتى ناچار بولغاچقا، رىچادقا مۇناسىۋەتلىك گەپلەرنى كوچىلاپ ئولتۇرمىدىم. بىراق، مۇنداق بىر نۇقتىنى ئىزاھلاپ ئۆتمىسەم بولمايدۇ. مېنى

ھەممىدىن بەك ئازابلاۋاتقىنى رىچاد ئەمەس. قانداقلا بولمىسۇن مەن ئۇ توغرۇلۇق تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم. ھېلىقى ناتونۇش ئادەملەر، مارىيە تىلغا ئالمىغان ئاشۇ سايىلەر مېنى ئەنسىرىتىپ تۇراتتى. مارىيە دېمىگىنى بىلەن ئاشۇ كۆرۈنمەس سايىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەنلىكى ماڭا مەلۇملۇق. مېنىڭچە، مارىيەنىڭ كىشىگە سىرلىق تۇيۇلىدىغان تەرەپلىرىمۇ مۇشۇ كۆرۈنمەس سايىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىر قېتىم ياستۇققا يۆلىنىپ پاراڭلىشىپ ياتقان چېغىمىزدا مارىيە ئۆزىمۇ تۇيمايلا بىر جۈملە سۆزنى ئېغىزىدىن چىقىرىپ سالغانىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ سۆزى مېنى ئىلگىرىمۇ ئازابلىغان، ئەمدى تا بۈگۈنگە قەدەر ئازابلاپ كېلىۋاتاتتى.

بىراق، بارلىق مۇرەككەپ سوئاللار ئىچىدە بىرلا سوئال مارىيەنىڭ مۇھەببىتىنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئاشكارىلاپ تۇراتتى.

## 19

مارىيەنىڭ ئاللاند بىلەن توي قىلىشى كىشىنى تەبىئىي ھالدا «ئۇ بۇ ئادەمنى ئىلگىرى ياخشى كۆرگەن بولسا كېرەك» دېگەن ئويغا كەلتۈرەتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ ۋاقتىنچە «ئاللاند مەسىلىسى» دەپ ئاتالغان بۇ مەسىلىگە ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىمنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمايمەن. مەن جاۋابىنى تاپماقچى بولغان سىرلىق تېپىشماقلارنىڭ ئىچىدە: «مارىيە ئىلگىرى ئاللاندنى سۆيگەنمۇ؟ ھازىرمۇ سۆيەمدۇ؟» دېگەن ئالاھىدە مۇھىم

www.uyghurkitap.com

ئىككى سوئال بار ئىدى. بۇ ئىككى سوئال ئۆز نۆۋىتىدە يەنە: «مارىيە ئاللاندنى ياخشى كۆرمىسە زادى كىمنى ياخشى كۆرىدۇ؟ مىنىمۇ ياكى ۋېنتىرنىمۇ؟ ياكى ئۆزىگە تېلېفون بېرىپ تۇرىدىغان ھېلىقى كۆرۈنمەس ئادەملەرنىمۇ؟ يا ئۇ ئۆز مۇھەببىتىنى بەزى ئەرلەرگە ئوخشاش ئوخشىمىغان ئۇسۇل بىلەن ئوخشىمىغان ئادەملەرگە تەقدىم ئەتكەنمۇ؟» دېگەندەك سوئاللارغا چېتىشلىق ئىدى. بەلكىم ئۇ ھېچكىمنى سۆيمەس، ئەتراپىدا ماڭا ئوخشاش پەرۋانە بولۇپ يۈرگەنلەرگە، سەبىي باللار قاتارىدىكى ھەربىر ئادەمگە «سىز مېنىڭ بىردىنبىر ئاشىقىم» دېگەن بىرلا سۆزنى تەكرارلار. ھېلىقى كۆرۈنمەس سايىلەر بىلەن كۆرۈنۈشكىلا شۇنداق ئادەتتىكى مۇناسىۋەت ساقلاپ قالغاندۇ.

بىر كۈنى مەن «ئاللاند مەسىلىسى» نى ئېنىقلىماقچى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتا ئاللاند بىلەن نېمە ئۈچۈن توي قىلغانلىقىنى سورىدىم.

— ئەينى ۋاقىتتا مەن ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتىم، — دېدى مارىيە سوئالىمغا جاۋابەن.

— ئەمىسە ھازىر ياخشى كۆرمەيدىكەنسىز - دە.

— مەن سىزگە ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدىم، دېمىدىمغۇ.

— سىز بايا «ئۇنى ياخشى كۆرىمەن» دېمەي «ئەينى ۋاقىتتا ياخشى كۆرگەن» دېدىڭىز ئەمەسمۇ؟

— سىز ھەمىشە باشقىلارنىڭ گېپىنى خاتا چۈشىنىپ قۇسۇر ئىزدەپلا يۈرىسىز، — دېدى مارىيە نارازى بولۇپ، — «ئاللاندنى ئەينى ۋاقىتتا ياخشى كۆرگەنمەن»

دېيىشىمدە ئۇنىڭغا يېقىن ياتلىق بولغان ۋاقتىمنى كۆزدە تۇتتۇم. ئەمما بۇ ئەمدى ياخشى كۆرمەس بولۇپ قالغانلىقىمدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

— شۇنداقمۇ، ئەمىسە ئۇنى ھازىرمۇ ياخشى كۆرىدىكەنسىز ـ دە؟ — مەن ئۇنىڭ بايىقى جاۋابىدىن قۇسۇر ئىزدىمەكچى بولغاندەك ئاسماقچىلاپ سورىدىم.

مارىيە گەپ ـ سۆز قىلماي مەيۈس ھالەتتە تۇرۇپ قالدى.

— نېمىشقا جاۋاب بەرمەيسىز؟ — سورىدىم مەن.

— مېنىڭچە سۆزلىگىنىمنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. بۇنداق پاراڭ ئارىمىزدا ئىلگىرىمۇ بولۇنغان.

— ياق، بۇ قېتىمقىسى ئوخشىمايدۇ، بايا سىزدىن «ئاللاندنى ھازىرمۇ ياخشى كۆرەمسىز؟» دەپ سورىسام، «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردىڭىز. ئېسىمدە قېلىشىچە، سىز بىر قېتىم پورتتا مېنىڭ ئۆزىڭىز ياخشى كۆرگەن تۇنجى ئادەم ئىكەنلىكىمنى ئېيتقانىدىڭىز.

مارىيە قايتىدىن سوكۇتكە چۆمدى. ئۇ باش ـ ئۇچى زىددىيەتلىك گەپ قىلىپ سالغىنىنى ئۇچۇنلا ئەمەس، ئاغزىدىن مىڭبىر بالالىقتا بەزى ئەھۋاللارنى ئىگىلىۋالغانلىقىم ئۇچۇن مەندىن ئاغرىنىپ قالغانىدى.

— ئەمدى بۇنىڭغا نېمىدەپ جاۋاب بېرەرسىزكىن؟ — سورىدىم مەن يېنىشلاپ.

— ياخشى كۆرۈش، سۆيۈش دېگەننىڭ نۇرغۇن شەكىللىرى بار، — دېدى مارىيە كۈچىنىپ تۇرۇپ، — بىلىپ قېلىڭ، ئۇنى ھازىر يېقىنقى توي قىلغان چاغلاردىكىدەك ياخشى كۆرەلىشىم مۇمكىن ئەمەس.

www.uyghurkitap.com

— قانداقسىغا؟

— نېمە قانداقسىغا؟ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنى سىز بىلمەي قالمايسىز.

— گېپىڭىزنى ئازراقمۇ چۈشەنمىدىم.

— مەن سىزگە نۇرغۇن قېتىملاپ دېگەندىمەن.

— دېيىشىڭىز دېدىڭىز، لېكىن چۈشەندۇرۇش بەرمىدىڭىز.

— چۈشەندۇرۇش بەردىم! — مارىيە ئازاب بىلەن ۋارقىرىۋەتتى، — مەن سىزگە بۇ توغرۇلۇق مىڭ قېتىملاپ دېگەندىمەن. بەزى ئىشلارنى مەنمۇ چۈشەندۇرۇپ بېرەلمەيمەن. لېكىن سىز مېنى هازىر بىرمۇنچە داڭقان پۇتى سوئاللىرىڭىزغا چۈشەندۇرۇش بېرىشكە قىستاۋاتىسىز. سىزگىمۇ جىق دېگەن، ئاللاند مېنىڭ قەدىناس ھەمراھىم. ئۇنى قېرىنداشلارچە ياخشى كۆرىمەن، ھالىدىن خەۋەر ئالىمەن، ھېسداشلىق قىلىمەن، پەزىلىتىگە قايىل بولماي تۇرالمايمەن. ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى تولىمۇ ئاجىزدەك، كېرەكسىز ئادەمدەك ھېس قىلىمەن. سىز قانداقسىغا مېنى ئۇنى سۆيمەيدۇ دەپ ئويلىدىڭىزكىن تاڭ؟

— مەن سىزنى ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىكەنسىز دېگىنىم يوق. ئۇنى توي قىلغان چاغدىكىدەك ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىڭىزنى ئۆزىڭىز ئېيتتىڭىز. بۇنىڭدىن ئېھتىمال، سىزنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىڭىز توي قىلغان چېغىڭىزدا ئاللاندقا بەرگەن مۇھەببىتىڭىزگە ئوخشايدۇ، دەپ ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇ. يەنە سىز بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ماڭا: «سىز مېنىڭ تۇنجى ياخشى كۆرگەن

ئادىمىم» دېگەنىدىڭىز.

مارىيە ماڭا ھەسرەتلىك نەزەرى بىلەن لاپپىدە قارىدى.

— بوپتۇ، بۇ مەسىلىنى بىر چەتكە قويۇپ تۇرايلى،— دېدىم مەن گېپىمنى داۋاملاشتۇرۇپ، — لېكىن، ئاللاندىنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، سىز ئۇنى قېرىنداشلارچە ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى بىلدۇردىڭىز. ئۇنداقتا، مۇنداق بىرلا سوئالىمغا جاۋاب بېرىڭ، سىز ئۇنىڭ بىلەن يېتىپ باققانمۇ؟

مارىيەنىڭ ماڭا قارىغان كۆزلىرىدە بۇ قېتىم تېخىمۇ ھەسرەتلىك بىر ئۇچقۇن ئەلەڭگىپ ئۆتتى. ئۇ خېلىغىچە ئۈن ـ تىنسىز تۇرغاندىن كېيىن، بوّلەكچە ئازايلىق ئاۋازدا سورىدى:

— مۇشۇنداق سوئاللىرىڭىزغىمۇ جاۋاب بېرىشىم كېرەكمۇ؟

— ھەئە، چوقۇم جاۋاب بېرىسىز،— دېدىم مەن كەسكىن ئاھاڭدا.

— بۇ سوئالىڭىز ماڭا تولىمۇ قورقۇنچلۇق تۇيۇلۇۋاتىدۇ.

— بۇ سوئالنىڭ جاۋابى تولىمۇ ئاددىي، سىز ھەئە، ياكى ياق دەپ جاۋاب بەرسىڭىزلا بولدى.

— مەسىلە سىز ئويلىغاندەك ئاددىي ئەمەس. شۇنداق بىر ئىش بولدى دېيىشكىمۇ، بولمىدى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

— ناھايىتى ياخشى،— دېدىم مەن سوغۇق ئاھاڭدا،— بۇ گەپچە شۇنداق ئىشنىڭ بولغانلىقى ئېنىق.

— بوپتۇ، نېمە دېسىڭىز شۇ.

www.uyghurkitap.com

— ئەمسە بۇ ئىشنى سىز ئۆزىڭىز خالاپ قىپتىكەنسىز ـ دە.

مەن شۇنداق دېگەچ ئۇنىڭ كۆزلىرىنى سىنچىلىق نەزەرىم بىلەن كۆزەتتىم. مارىيەگە بۇنداق ئاسماقچىلاپ سوئال قويۇشۇمدا باشقىچىرەك بىر غەرىزىم بار ئىدى — بىرمۇنچە يەكۈنگە ئېرىشمەكچىدىم. مەن مارىيەنى ھېلىقى ئىشقا ئۆز رازىلىقى بىلەن قوشۇلغان دەپ قارىمىسامۇ (مارىيەنىڭ مىجەزى شۇنداق بىر مۇمكىنچىلىكنىڭ بارلىقىغا كىشىنى خېلىلا ئىشەندۇرۇپ قوياتتى)، ئۇنى ئۆزى تىلغا ئالغان «قېرىنداشلارچە ياخشى كۆرۈش» نى ئېنىق چۈشەندۈرگۈزۈشنى ئويلايتتىم. مارىيە ئويلىغىنىمدەكلا بىرنېمە دېيەلمەي قالدى. مەن ئۇنى لايىقىدىراق بىرەر سۆز تاللاۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. ئۇ ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

— ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە ياتقىنىم راست، لېكىن مەن ئۆز رازىلىقىم بىلەن دېگىنىم يوق.

— مانا ئەمەسمۇ! — مەن كۆرەڭلىك بىلەن ۋارقىرىۋەتتىم، — بۇ گېپىڭىزدىن ئۆزىڭىزنىڭ بۇ ئىشنى خالاپ كەتمەيدىغانلىقىڭىز، ئالالندىنى ئۆزىڭىز خالاپ قىلغانلىقىڭىزغا ئىشەندۈرمەكچى بولغانلىقىڭىز چىقىپ تۇرۇپتۇ.

مارىيەنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى، كۆز ياشلىرى ئىككى مەڭزىگە تاراملاپ تۆكۈلۈشكە، كۆز نۇرى خىرەلىشىشكە باشلىدى.

— مەن بۇنداق دېگىنىم يوق، — دېدى ئۇ ھالسىزغىنا.

— چۈنكى، بۇ تولىمۇ ئېنىق، — مەن ئۇنىڭغا يول قويۇشنى خالىمايتتىم، — ناۋادا سىز ئۆزىڭىزنى پەرۋاسىزدەك، بۇ ئىشقا رازىلىقىڭىز بىلەن قوشۇلمىغاندەك كۆرسەتسىڭىز، ئۇ هالدا ئاللاندقا بولغان هۆرمىتىڭىز، پەزىلىتىگە بولغان قايىللىقىڭىز تۇپەيلى چوڭ قۇربان بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن تەن جەهەتتىن بىرىككەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلاشقا ئامالسىز قالىسىز. ئەمدى ئاللاند سىز بىلەن ئۇنداق ئىشنى هەرگىز قىلمايدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتسام، ئۇنىڭ هازىرمۇ سىز بىلەن بىر كارىۋاتتا يېتىۋاتقانلىقى سىزنىڭ ئۇنى هېسسىيات جەهەتتىلا ئەمەس، فىزىئولوگىيىلىك تۇيغۇ جەهەتتىنمۇ ئالداۋاتقانلىقىڭىزنى چۈشەندۈرىدۇ. سىز يالغاندىن هۇزۇرلىنىشنى ئاجايىپ قاملاشتۇرۇۋېتىدىكەنسىز.

مارىيە يەردىن كۆزىنى ئۈزمەي ئۈنسىز ياش تۆكمەكتە ئىدى.

— بەك تاش يۈرەك ئادەمكەنسىز، — دېدى ئۇ ئاخىر.

— قايسى خىل ئۇسۇلدا پاراڭلىشىش مەسىلىسىنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرايلى. مېنىڭ قىزىقىدىغىنىم مەسىلىنىڭ هەقىقىي ماهىيىتى. ئەمەلىيەتتە ئېرىڭىزنى بىرنەچچە يىل داۋامىدا هېسسىيات جەهەتتىلا ئەمەس، فىزىئولوگىيىلىك تۇيغۇ جەهەتتىنمۇ ئالداپ كېلەلىگىنىڭىزدىن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ مېنىمۇ ئوخشاش ئۇسۇلدا ئالدىماي قالمايدىغانلىقىڭىز توغرۇلۇق هۆكۈم چىقىرالايدۇ، مېنىڭ داۋاملىق راست هۇزۇرلىنىۋاتقان ـ هۇزۇرلىنىۋاتمايدىغانلىقىڭىزنى قايتا ـ قايتا سىناپ باقىدىغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى

www.uyghurkitap.com

چۈشەنگەنسىز. تائىس دىمېنىنانىڭ ئاتىسىنىڭ ئوتېللو① نى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئېرىنى ئالدىغان ئايال باشقا ئەرلەرنىمۇ ئالدىيالايدۇ» دېگەن سۆزلىرى قەتئىي ئېسىمدىن چىقمايدۇ. سىز بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئېرىڭىز ئاللاندىنى ئالداپ كەپسىز. بۇ پاكىت ئەمدى ئەبەدىي ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

بۇ گەپلەرنى دېيىشنىڭ تولىمۇ چاكىنىلىق، ھاماقەتلىك بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن بولسامۇ، قىلغاندىكىن ھامىنى ئاخىرغىچە تاش يۈرەكلىك قىلىش ئويىدا بىرپەستىن كېيىن قوشۇپ قويدۇم:

— سىز بىر قارىغۇ ئادەمنى ئالداۋاتىسىز.

## 20

شۇ گەپنى ئاغزىمدىن چىقىرىپ بولۇپ پۇشايمان قىلىپ قالدىم. شۇ گەپنى دېيىشكە تەمشەلگەن، ئۇنىڭدىن رەزىل نىيىتىمنى قاندۇرالايدىغان بىر جاۋابقا ئېرىشمەكچى بولغىنىمدا تېخىمۇ غەرەزسىز، سەممىي بىر ئوي ئاشۇ زەھەرخەندە گېپىم تۈپەيلى كېلىپ چىقىدىغان ناچار ئاقىۋەتنى تولدۇرۇش نىيىتىدە خىيالىمغا كېچىپ ئۈلگۈردى. مەن ئاشۇ ئەرزىمەس، ئەخمىقانە گەپنى ئېغىزغا ئېلىشتىن ئىلگىرى (بۇ گەپتىن زادى نېمە پايدا تاپىدىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم.) مارىيە ئارتۇق -

① ئوتېللو — شېكسپېرنىڭ داڭلىق تراگېدىيىسى «ئوتېللو» دىكى پېرسوناژ.

تۆشۈك گەپ قىلماي كىتىشكە تەييار بولۇپ تۇرغانىدى. شۇڭا ئاشۇ گەپنى دېيىشكە تەمشەلگەن چېغىمدا پەيدا بولغان ئوي بىلەن تەڭ مەن بۇ ئىشلارنى ھەيرانلىق ئىلكىدە چۈشىنىپ يەتتىم. «بىر قارىغۇ ئادەمنى» دېگەن سۆز ئېغىزىمدىن چىقىشى بىلەن ھېلىقى غەرەزسىز ئويۇم تونۇشۇمنى ۋە نىيەت ـ ئىقبالىمنى كونترول قىلىۋالدى، پۈتۈن بىر جۈملە سۆز دېيىلىپ بولغاندا بولسا (ھەرھالدا ئاشۇ جۈملە سۆزنى سۆزلەپ بولالىدىم) مېنى كونترول قىلىپ مارىيەگە ناماقۇل بولۇشقا، خاتا گەپ قىلىپ قالغىنىمنى، زەھەرخەندىلىك قىلغانلىقىمنى ئىقرار قىلىشقا قىستىدى. كاللامدىكى ئاشۇ زىددىيەتلىك ھالەت مېنى قانچىلىغان ئىشلاردا پالاكەتكە يولۇقتۇرغان ـ ھە! مەلۇم بىر خىل ئوي مېنى ئىنسانپەرۋەر بولۇشقا ئۈندىگەندە، يەنە بىر خىل ئوي بۇنداق قىلىشىمنىڭ ساختىلىق، ساختا ئىنسانپەرۋەرلىك، ئۆزۈمنى قەستەن مەردانە كۆرسەتكەنلىك بولىدىغانلىقىنى ئەيىبلەيتتى؛ مەلۇم بىر خىل ئوينىڭ تۈرتكۈسى بىلەن باشقىلارنى ھاقارەتلىسەم، يەنە بىر خىل ئوي ھاقارەتلەنگۈچىگە ھېسداشلىق قىلاتتى؛ مەلۇم بىر خىل ئوي بىلەن دۇنيانىڭ يورۇق تەرىپىگە دىققەت قىلسام، يەنە بىر خىل ئوي ئۇنىڭ رەزىل، بىمەنە تەرەپلىرىنى ئالدىمدا ئاشكارىلايتتى. قىسقىسى، مارىيەنىڭ قەلب يارىسىنى ئەمدى ھەرقانچە قىلىپمۇ ساقايتقىلى بولمايتتى. مارىيە ھارغىن بىر ھالەتتە جىممىدە ئورنىدىن تۇردى، كۆزلىرى قايتىدىن چۈشىنىكسىز ئالامەتلەر بىلەن قاپلاندى. مەن بۇ ھالدىن بۇ ئاسما كۆۋرۈكنىڭ مەڭگۈ چۈشۈپ كەتمەيدىغانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

دەررۇ ھېس قىلىپ ئۆلگۈردۇم. ئازاب، پۇشايمان تۇيغۇسى ئىچىدە نومۇس قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ مارىيەنىڭ پۇتلىرىغا سۆيدۇم. مارىيە كۆيۈنۈش نەزەرى بىلەن ماڭا قارىدى، ھەش ـ پەش دېگۈچە كۆزلىرى مۆلايىم تۈس ئالدى. ئەمما ئۇ كۆزلەردىن ھېسداشلىق، ئېچىنىش ئالامەتلىرىدىن باشقا نەرسە تېپىلمايتتى.

مارىيە رەسىمخانامدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، ماڭا ئەبەدىي ئۆچلۈك قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ گەپ مېنىڭ ئىرادەمنى سۇندۇردى. رەسىمخانامدا سارالڭ قېتىش ئادەمدەك بىر نۇقتىغا تىكىلگەن پېتى ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم. خېلى بىرھازادىن كېيىنلا دەرھال ھەرىكەتكە كەلمىسەم بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقتىم. مارىيەنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. مەن ئۇنىڭ ئۇدۇل ئۆيىگە قايتمايدىغانلىقىنى پەملەپ ئىشىكى ئالدىدا ساقلاش ئۈيىدا بىر تاكسىغا چىقتىم. ئەمما ئۇ يەردە بىر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىتنى ساقلاش بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتتىم. بىر قەھۋەخانىغا كىرىپ تېلېفون بېرىۋىدىم، مارىيەنىڭ يوقلۇقىنى، سائەت تۆتتە چىقىپ كەتكەن پېتى قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى ئېيتىشتى. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىرنەچچە سائەت ساقلاشقا توغرا كەلدى. كەچقۇرۇن يەنە بىر تېلېفون بەردىم، مارىيە تېخىچە قايتىپ كەلمەپتۇ. قاتتىق بىئاقەت بولۇپ بىز ئادەتتە كۆرۈشىدىغان رىكېلتا، سانتىنارىئو كوچىلىرىغا، فرانسىيە مەيدانى ۋە يېڭى پرېستانىغا باردىم. مارىيەنىڭ ئۇ يەرلەردىمۇ قارىسى كۆرۈنمىدى. خېلىدىن كېيىنلا «بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلىگۈسى كېلىپ قالسا، باشقا بىرەر

يەرگە كېتىپ قالغاندۇ» دېگەن ئويغا كەلدىم ـ دە، ئىشىكى ئالدىغا يەنە يۈگۈرۈپ باردىم. ئەمما، تولىمۇ كېچىككەندىم. «ئۆيگە كىرىپ كەتكەن بولسا ئەجەب ئەمەس» دېگەن ئويدا يەنە بىر تېلېفون بەردىم. مارىيە راست دېگەندەك قايتىپ كەلگەندى. لېكىن، قارشى تەرەپ ئۇنىڭ يېتىپ قالغانلىقىنى، تېلېفونغا چىقالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئىسمىمنى مەلۇم قىلىپ قويۇپ يەنە ئۆزۈمنىڭ بىپەرۋا ھالىتىگە قايتتىم.

ئارىمىزدا قانداقتۇر بىر نەرسىگە دەز كەتكەندى.

## 21

ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. ئاجايىپ كۆڭۈلسىز، بىسەرەمجان تۇيغۇلار كۆڭلۈمگە كىرىۋالدى.

ئادەتتە، دۇنيادىن ئايرىم تۇرىدىغان ئاشۇ تۇيغۇلارغا ھەمىشە مەندىكى مەمەدانلىق ھېسسىياتى ئارىلاشقان بولاتتى: بارلىق ئادەملەرنى پەسكەش، رەزىل، ئىقتىدارسىز، گاداي، تومتۇۋاق، كېرەكسىز بىر نېمىلەر دەپ قاراپ مەنسىتمەيتتىم؛ غېرىبلىقتىن قورقمايتتىم، ھەتتا ئۇنىڭدىن پەخىرلىنەتتىم.

مىجەزىمنىڭ ئوساللىقى ۋە شەرمەندىلەرچە قىلغان قىلىقلىرىم تۈپەيلى بۇ قېتىممۇ ئۆزۈم يالغۇز قالدىم. ئادەتتە مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگىنىمدە، دۇنيا ماڭا يىرگىنىچلىك تۇيۇلاتتى. ئەمما ئۆزۈمنىڭمۇ ئاشۇ يىرگىنىچلىك دۇنيانىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتىم، قەلبىمدە ئاجايىپ ئەسەبىي بىر تۇيغۇ — ئۆزىنى

ئۆلتۈرۈۋېلىش ئىستىكى باش كۆتۈرەتتى. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلىرىمنى غەرق مەست بولۇش، پاھىشە ئويناش بىلەن ئۆتكۈزەتتىم. پەسكەش قىلىقلارنى قىلسام، ئۆزۈمنىڭ ئەتراپىمدا ياشاۋاتقانلاردىنمۇ بەكرەك رەزىل بىر بەندە ئىكەنلىكىمنى سەزسەم، كۆڭلۈم تەسكىن تاپاتتى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى باخ رايونىدىكى بىر قەھۋەخانىدا غەرق مەست بولغۇچە ئىچكەندىن كېيىن، يېنىمدىكى ئايال بىلەن ئەتراپىمدىكى ماتروسلاردىن بىرىدىنلا قاتتىق يىرگىنىپ قالدىم - دە، يۈگۈرگەن پېتى كوچىغا چىقىپ كەتتىم. ۋىئامېنتر كوچىسىنى بويلاپ پرېستانىغا كەلدىم - دە، بىر جايىنى تېپىپ ئولتۇرۇپ قاتتىق يىغلىدىم. قەدىمىم ئاستىدىكى قارا رەڭگە كىرگەن سۇلار دىققىتىمنى تارتتى. نېمىشقا بۇنداق ئۇۋالچىلىق تارتىمەن؟ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ياخشى چارە ئەمەسمۇ! شۇنداق قىلسام بىر سېكۇنتتىلا بۇ مەنىسىز دۇنيا غايەت زور خىيالىي سايىلەردەك كۆمتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ئاسمان - پەلەك ئېگىز بىنالار، ھەربىي پاراخوتلار، تانكىلار، تۈرمە - زىندانلار چۈشۈمدىكىدەك گۇمران بولىدۇ ئەمەسمۇ!

ئاشۇ نەزەرىيەم بويىچە بولغاندا، تۇرمۇش ئۇزۇنغا سوزۇلغان قاباھەتلىك چۈشكە ئوخشايتتى. ھالبۇكى، بىر ئادەم ئۆلۈۋېلىش ئارقىلىق بۇ قاباھەتلىك چۈشتىن قۇتۇلۇشقا قادىر بولالىسا، بۇنى بىر خىل ئويغىنىش دېيىشكە بولاتتى. ئەبەدىيلىككە يۈزلىنىش توغرىسىدىكى ساختا ئىككىلىنىشلىرىم مېنى ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋېلىش نىيىتىدىن ياندۇردى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئادەم ئاخىر ھاياتتىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدۇ، شۇڭا ھامان نوقسان -

كەمچىلىكلىرى، ئازاب ـ قايغۇلىرىنىڭ دەردىنى تارتىشقا رازى بولىدۇكى، ئۆز ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆزىنى گۇمران قىلىۋېتىشتىن باش تارتىدۇ. نەتىجىدە ئەتراپىمىزدا رەزىللىك تۇمانلىرى ئەگىپ يۈرگەنلىكى، ئۆزىمىزنى قۇتقۇزۇۋالغۇدەك دورا تاپالماسلىقىمىز، ئۈمىدسىزلىكىمىز تۇپەيلى ئۆزىمىزنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا تەييار بولۇپ تۇرغاندا، مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك بولسۇن ھەرقانداق ياخشى بىر ئامىل نەزەرىمىزدە ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە بولىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا كەلگەن قارارىمىزغا چوڭقۇر ھاڭغا دومىلاپ كېتىۋاتقان ئادەم بىرەر تال جىرىم ياكى بىرەر تال گىياھقا ئېسىلىۋالغىنىدەك چىڭگىدە يېپىشىۋالىمىز.

مەن ئۆيگە قايتىش ئويىغا كەلگەندە تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. ئۆيگە قايتماقچى بولساممۇ (بۇنىسى ئېنىق ئېسىمدە)، قانداق بولۇپ ئاللاندلارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگىنىمنى ئەسلىيەلمەيتتىم. شۇ جەرياندا بولغان ئىشلارنىڭ ئېسىمدىن چىقىپ كەتكەنلىكىگە ئەقلىم ھەيران ئىدى. پىرېستاندا سۇغا قاراپ ئولتۇرۇپ «ئەمدى ئۇخلاي» دەپ ئويلىغىنىم يادىمدا. كېيىن ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا ئاللاندلارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ بەشىنچى قەۋەتكە قاراپ كېتىپتىمەن. بۇ چاغ بولغاندا مارىيەنى كۆرەلىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەمما ئۆزۈمنىڭ نېمىگە قارىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. شۇ ھالەتتە خېلى ئۇزۇن تۇرغاندىن كېيىن بىر ئوي پاللىدە قىلىپ خىيالىمدىن كەچتى، يۈگۈرگەن پېتى كوچىدىكى بىر قەھۋەخانىغا كىرىپ مارىيەنىڭ ئۆيىگە تېلېفون بەردىم. بۇنچە سەھەردە نېمىدەپ تېلېفون بەرگەنلىكىمنى چۈشەندۈرۈش

www.uyghurkitap.com

توغرۇلۇقمۇ ئويلىنىپ ئولتۇرمىدىم. بەش مىنۇتتىن كېيىن تېلېفوننى بىرەيلەن ئالدى، ئەمما تىلىمنى بىرى تۇتۇۋالغاندەك گەپ قىلالماي قېلىپ تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتىم. قەھۋەخانىدىن چىقىپ چوڭ ـ چوڭ قەدەملەر بىلەن مېڭىپ كەتتىم، بىر ئازدىن كېيىن قەھۋەخانىغا يەنە قايتىپ كەلدىم. خەقنىڭ دىققىتىنى تارتماسلىق ئۈچۈن بىر ئىستاكان كاشتان ھارىقى ئېلىپ ئىچكەچ، ئۆيگە قايتىش ـ قايتماسلىق توغرۇلۇق ئويلاندىم.

خېلىدىن كېيىن ئاخىر ئۆيگە قايتىپ كەلدىم ـ دە، ئۆزۈمنى كىيىمىم بىلەنلا كارىۋاتقا تاشلىدىم.

## 22

تاتلىق ئۇيقۇمدىن ۋارقىراي دەپ تۇرغىنىمدا ئويغىنىپ، ئۆزۈمنىڭ رەسىمخانامنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا تۇرغانلىقىمنى سەزدىم. ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈپتىمەن. قارىغۇدەك بولسام، بىرنەچچەيلەن بىر ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا بىرىشقا كېلىشىپتىمىز. مەن ئەڭ ئاۋۋال بېرىپتىمەن. كۆزۈمگە ئادەتتىكىدەك كۆرۈنگەن ئۆي كىرگەندىن كېيىن باشقىچە كۆرۈنگۈدەك. باشقا ئۆيلەرگە زادى ئوخشىمىغۇدەك. ساھىبخانا ماڭا: «سىزنى ساقلاۋاتاتتىم» دېگۈدەك.

قىلتاققا ئىلىنغانلىقىمنى سېزىپ قاچماقچى بولۇپتىمەن. شۇنچە كۈچەپ يۈگۈرگىنىم بىكارغا كېتىپ، بەدىنىم ئۆزۈمگە ھېچ بويسۇنمىغۇدەك. نائىلاج «بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي» دېگەن يەرگە يېتىپ ئۆزۈمنى بولغان

ئىشلارغا مۇناسىۋەتسىزدەك كۆرسىتىشكە تىرىشىپتىمەن. ھېلىقى ئادەم مېنى ئادەمدەك يوغان بىر قۇشقا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋېتىپتۇدەك. ئۆزگىرىش ئەڭ ئاۋۋال پۇتلىرىمدىن باشلىنىپتۇ. مەن ئىككى پۇتۇمنىڭ ئاستا ـ ئاستا توخۇ پۇتىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. ئارقىدىن بەدىنىم تېشىشقا باشلىغان كۆل سۈيىدەك تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىۋاتقۇدەك. «ئەمدى بىردىنبىر ئۈمىد دوستلىرىمنىڭ كېلىشىنى كۈتۈشتە قالدى» دەپ ئويلىغۇدەكمەن. ئەمما، دوستلىرىم ھېچ كەلمىگۇدەك. ئۇلار ئاخىر كەپتۇ، ئەمما تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىش شۇ ۋاقىتتا يۈز بېرىپتۇ: ئۇلار مەندىكى ئۆزگىرىشنى سېزەلمەپتۇ، ئۇلارنىڭ ماڭا ئادەتتىكىدەك مۇئامىلە قىلىۋاتقىنىغا قاراپ «كۆزىگە ئادەتتىكىدەك كۆرۈنۈۋاتسام كېرەك» دەپ ئويلىغۇدەكمەن. «پېرىخون ھۇرۇپ قويغان خاتا تۇيغۇ ئۇلارنىڭ كۆزىگە مېنى نورمال ئادەمدەك كۆرسىتىۋاتقان ئوخشايدۇ» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈپ، ئىشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئاشكارىلىماقچى بولۇپتىمەن. ھە دېگەندە پېرىخوننىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇپ ئىشنى يامان تەرىپىگە بۇرىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، (بۇنداق قىلسام ئۇ مېنى تېخىمۇ شەپقەتسىزلەرچە باشقۇرۇۋېلىشى مۇمكىن ئىدى) بۇ ئىشنى سىپايىلىك بىلەن ئېيتماقچى بولساممۇ، ئاۋازىم چىڭ چىقىپ كەتكۇدەك. شۇنىڭ بىلەن ئىككى غەلىتە ئىش يۈز بېرىپتۇ: ئۆزگىرىپ قالغىنىم ئۈچۈنمۇ، دېمەكچى بولغان گەپلىرىم قۇشنىڭ يېقىمسىز ئاۋازىغا ئايلىنىپ تولىمۇ

ئەنسىز ئاڭلانغۇدەك. تېخىمۇ يامان بولغىنى، دوستلىرىم يوغان بىر قۇشقا ئايلىنىپ قالغانلىقىمنى كۆرمىگەندەك. قۇشنىڭ ئاۋازىنى ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتقاندەك جىممىدە تۇرغۇدەك، ئۇزايىدىن ئازراقمۇ ھەيرانلىق ئالامىتى كۆرۈنمىگۈدەك. مەن ئالاقزادىلىك ئىچىدە سۆزلەشتىن توختاپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن ساھىبخانا كۆزلىرىدىن مەسخىرىلىك ئۇچقۇن چاقنىغان ھالدا ھېچكىم سېزەلمىگۈدەك يۇقىرى تېزلىك بىلەن ماڭا لاپپىدە قاراپ قويۇپتۇ. ئەمما مەن ئۇنىڭ قارىغىنىنى يەنىلا سېزىۋاپتىمەن، قۇشقا ئايلىنىپ قالغانلىقىمنى ئەمدى ھېچكىمنىڭمۇ سېزەلمەيدىغانلىقىنى شۇ چاغدىلا چۈشىنىپتىمەن، ئىچىمدە: «ئەمدى تۈگەشتىم، بۇ سىر مەن بىلەن گۆرۈمگە كېتىدىغان بولدى» دەپ ئويلىغۇدەكمەن.

## 23

ئويغىنىپ ئۆزۈمنىڭ قارا تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا ئۆينىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا تۇرغانلىقىمنى بايا ئېيتقاندىم.

سائىتىمگە قارىدىم، سائەت ئون بوپتۇ. مەن تېلېفون بوتكىسىغا كېلىپ مارىيەگە تېلېفون بەردىم. قارشى تەرەپ ئۇنىڭ داچىغا كەتكەنلىكىنى ئېيتتۇيدى، مەن خېلىغىچە لاسسىدە بولۇپ تۇرۇپ قالدىم، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي كارىۋاتتا خېلى ئۇزۇن ياتقاندىن كېيىنلا ئۇنىڭغا خەت يېزىش قارارىغا كەلدىم.

خەتكە نېمىلەرنى يازغانلىقىم ھازىر ئېسىمدە يوق.

بۇنىڭدىكى سەۋەب خەتنىڭ بەك ئۇزۇن يېزىلغانلىقىدا. ئېھتىمال خەتتە مارىيەدىن كەچۈرۈم سوراپ، ئۆزۈمدەك نومۇسسىز ئادەمنىڭ ئۇنىڭ سۆيۈشىگە ئەرزىمەيدىغانـ لىقىمنى، مېنى جازالاپ ئۆمۈر بويى ھېچكىم قارىغۇسىز قىلىۋەتسە توغرا بولىدىغانلىقىنى يازغاندىمەن.

بىرنەچچە كۈننى تاقەتسىزلىك ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ جاۋاب خەت ئالالمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئاۋۋال ئىككىنچى پارچە، ئاندىن ئۈچىنچى پارچە خەتنى يازدىم. خەتلىرىمنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشاپ كېتەتتى، ئەمما بىر ـ بىرىدىن ھەسرەتلىك ئىدى. ئاخىرقى خېتىمدە ھېلىقى كۈنى ئۇنىڭ بىلەن ئايرىلغاندا بولغان ئىشلارنى يازدىم. ئۆزۈم قىلغان سەتچىلىكلەردىن تارتىپ ئەڭ ئۇششاق تەپسىلاتلارغىچە بىرنى قويماي ئېيتىپ بەردىم. ئەلۋەتتە، ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغانلىقىمنى بۇنىڭ سىرتىدا قالدىمدى. ئۆزۈمگە سەت بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلسامۇ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتىن ئىبارەت بۇ دەستەكنى ئۆزۈمگە كوزىر قىلىپ تاللىدىم. ئازراق قوشۇمچە قىلىپ قوياي، خەتكە قىلغان سەتچىلىكلىرىمنى، ئۇنىڭدىن ئايرىلغان كۈنى كەچلىكى ئۇنىڭ بوساتا كوچىسىدىكى ئۆيىنىڭ ئالدىدا قانچىلىك سەۋرسىزلىك، تەنھالىق ئىلكىدە تۇرۇپ كەتكەنلىكىمنى يازغان چېغىمدا، ئۆزۈمگە ھېسداشلىقىم كېلىپ يىغلاپمۇ سالدىم. مارىيەنىڭ خەتنى ئوقۇۋاتقان چاغدا ماڭا ئۆزۈمگە ئوخشاشلا ھېسداشلىق قىلماي قالمايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى. شۇلارنى ئويلاش بىلەن كۆڭلۈم خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. خەتنى زاكاز قىلىپ سېلىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزۈم

قوشتەك يەڭگىللەپ قالدىم.

ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي مارىيەدىن ھىسسىياتلىق يېزىلغان بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم ۋە مەزمۇنىدىن ۋاقىپلىنىپ تۇنجى مۇھەببىتىمىز ئەسلىگە كەلگەندەك، شۇنداق دېگىلى بولمىغان تەقدىردىمۇ، ھىسسىياتلىرىمىز خېلى يېقىنلىشىپ قالغاندەك سەزدىم. بۇ بىر دۆلەت پادىشاھىنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملىرى ئۆزىگە خائىنلىق قىلسىمۇ، تۆھمەت قىلسىمۇ، يەنىلا پادىشاھ بولۇپ تۇرۇۋېرىدىغانلىقىغا ئوخشاش بىر ئىش ئىدى.

مارىيە داچىغا بېرىشىمنى ئۆتۈنۈپتۇ. مەن بىر چامادان بىلەن رەسىم ئەسۋابلىرىمنى ئالدىم ـ دە، ئاساسىي قانۇن ۋوگزالىغا قاراپ چاپتىم.

## 24

ئاللاند بېكىتى — ئاددىي يېزا بېكىتى ئىدى. بېكەتتە بىرنەچچە دېھقان بىلەن يېڭىنى تۇرۇۋالغان بىر پويىز خادىمى بار ئىدى. يەنە يوغان چاقلىق بىر ھارۋا توختىتىلغان، بىرنەچچە سۈت تۇڭى تىزىۋېتىلگەنىدى.

مارىيە ئۆزى كەلمەي بىر شوپۇرنى ئەۋەتكەنىدى. بۇ ھال مېنىڭ ئاچچىقىمنى كەلتۈردى.

پويىزدىن چۈشۈشۈمگە ئۇ كىشى ئالدىمغا كېلىپ سورىدى:

— سىز كاستېر ئەپەندى بولامسىز؟

— ياق، — دېدىم مەن قاپىقىمنى ئاچماي، — مەن كاستېر ئەپەندى ئەمەس.

ئەمما شۇ زامات بىكەتتە پويىزنىڭ قايتىشىنى كۈتۈشنىڭ ئوڭاي ئەمەسلىكى، تۇرۇپ قالسام يېرىم كۈن ئاۋارە بولىدىغانلىقىمنى ئويلاپ، ناخۇش ھالدا سالاھىيىتىمنى ئىقرار قىلىش قارارىغا كەلدىم.

— ھەئە، — دېدىم مەن ئاۋازىمنى ئۆزگەرتىپ، — مەن كاستېر ئەپەندى.

شوپۇر ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالدى.

— قېنى، ئېلىڭ! — دېدىم مەن چامادىنىم بىلەن رەسىم سىزىش ئەسۋابلىرىمنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ.

بىز ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلدۇق.

— مارىيە خېنىم بىتاب بولۇپ قېلىپ كېلەلمىدى، — دېدى ئۇ ئادەم چۈشەندۈرۈپ.

— بىتاب بولۇپ قېلىپ؟ — ئىچىمدە غۇدۇرىدىم مەن. يالغاندىن توقۇپ چىقىرىلغان بۇنداق باھانىلەر ماڭا بەكمۇ چۈشىنىشلىك ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بۇئېنوس ئايرېسقا قايتىپ كەتكۈم كەلدى. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن ماشىنا ساقلىغاننى ئاز دەپ شوپۇرغا ئۆزۈمنىڭ كاستېر ئەمەسلىكىمنى ئىشەندۈرۈشكە توغرا كېلەتتى ياكى ھېچبولمىسا ئۇنى ساراڭ ئەمەس، كاستېر ئەپەندىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈشۈم كېرەك ئىدى. مەن تېزلىك بىلەن ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن «شوپۇرنى ئەمدى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئىشەندۈرگىلى بولمايدۇ» دېگەن يەرگە كەلدىم ـ دە، ئۇنىڭغا مېنى داچىغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئېيتتىم. دېمىسىمۇ ئەمدى قايتىپ كەتسەم قانداق ئىش يۈز بېرەر؟ پەرەز قىلىش تەس ئەمەس، يەنە ئىلگىرىكىدەك ئەھۋال تەكرارلىنىدۇ: ئۆيدە ئۆزۈم يالغۇز بۇرۇقتۇرما

www.uyghurkitap.com

بولۇپ ئولتۇرىمەن، مارىيەگە ئاچچىقىمنى چىقىرىۋالمىغىنىم ئۈچۈن ئىچىمنى جىلە بولىمەن، ئۇنى كۆرەلمىگىنىم ئۈچۈن قاتتىق ئازابلىنىمەن.

مېنىڭ كەتمەكچى بولۇشۇمغا «مارىيە مەن بىلەن كۆرۈشۈش نىيىتىدىن يالتايغان ئوخشايدۇ» دېگەن سوبىيېكتىپ پەرەز سەۋەبچى بولغانىدى. مەندە مارىيەنىڭ راستىن يالتىيىپ قالغان ـ قالمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئاساس بولمىغاچقا، ھازىرچە «سوبىيېكتىپ پەرەز» دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەي ئامالسىزمەن.

چىرايى ئاللاندىنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ۋېنتىر (مەن ئۇلارنىڭ بىر نەۋرە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەن) ئېگىز بوي، تېرىسى كۆسەيدەك قارا كەلگەن، كۆزلىرى ھەمىشە پارقىراپ تۇرىدىغان ئورۇق ئادەم ئىدى. مەن خىيالىمدا: «بۇ تازىمۇ بىر يارامسىز، قۇرۇق سۆلەت بەگزادە ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدىم ھەم بۇ ئويۇمدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم.

ۋېنتىر ماڭا بۆلەكچە تەكەللۇپ قىلدى. ئاۋۋال غاڭزىسىنى قىڭغىر چىشلىۋالغان ئورۇق بىر ئايالنى تونۇشتۇردى. پارىژ تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدىغان بۇ ئايال ئىسمىنىڭ مىمى ئاللاند ئىكەنلىكىنى، يېقىنىنى كۆرەلمەسلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئېيتىشقا ئۈلگۈردى.

«مارىيە نېمانداق چىقمايدىغاندۇ، راستتىنلا ئاغرىپ قالغانمىدۇ» دېگەن ئوي بىلەن قىينىلىپ ئالدىمدا تۇرغانلارنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن. ئۆزۈمنىڭ تۇرغان يېرىنى بىردىن سېزىپ كەينىمگە بۇرۇلۇپ،

ۋېنتىرنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ قارىدىم. بۇ — بۇنداق ئادەملەرگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئۇنۇملۇك چارىسى ئىدى.

ماڭا مەسخىرىلىك نەزەرى بىلەن قاراپ تۇرغان ۋېنتىر كەينىگە بۇرۇلۇشۇم بىلەن دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

— مارىيە ئازراق بىتاب بولۇپ يېتىپ قالدى، — دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ، — لېكىن، بىردەمگىچىلا چۈشىدۇ.

ئىچىمدە ئىختىيارسىز يېنىكلىك قىلغانلىقىمنى ئەيىبلىدىم. بۇنداق ئادەملەردىن ئالاھىدە ھەزەر ئەيلىمەي بولمايتتى. مەن يەنە ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، زادى قانداق ئويۇن ئويناۋاتقانلىقى، مېھماننى قانداق كۈتۈش ۋە سوۋغىنى قانداق قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى، مىجەز ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىپ بېقىش نىيىتىگە كەلدىم. بۇنداق قىلسام مارىيەنى چۈشىنىشىمگە جىق پايدىسى تېگەتتى. شۇ ئوي بىلەن ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى كۆرۈپ بېقىش، دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ بېقىش، بۇ ئىشلارنى ئىمكانقەدەر جىممىدە بېجىرىشكە تەييارلاندىم. «ۋېنتىر بىلەن بۇ قورايدەك ئايالنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشكە قىلغان ئىشلىرىدىن خۇش بولغان بولۇۋالاي» دەپمۇ ئويلىدىم. ئەمما، زادىلا ئېچىلالمايۋاتاتتىم.

— رەسسام مەن دەڭ، — دېدى ھېلىقى ئايال كۆزلىرىنى بورانلىق قۇملۇققا دۇچ كەلگەن ئادەمدەك تىنىمسىز چىمچىقلىتىپ. ئۇ كۆزەينەك تاقىمىغاچقا بىر نەرسىلەرنى ئېنىقراق كۆرۈش ئۈچۈن كۆزلىرىنى شۇنداق چىمچىقلىتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. (كۆزەينەك تاقىسا تېخىمۇ سەت كۆرۈنسە كېرەك) ئەمما بۇ ھالىتى ئۇنى

www.uyghurkitap.com

تېخىمۇ ھاكاۋۇر، يالغانچىدەك كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— ھەئە، خانىم، — دېدىم مەن ئۇنىڭ تېخى قىز ئىكەنلىكىگە ھۆددە قىلالىسامۇ ئاچچىق بىلەن جاۋاب بېرىپ.

— كاستىر ئاجايىپ داڭلىق رەسسام، — دېدى ۋېنتىر چۈشەندۈرۈپ.

ئاندىن ئۇ توختىماي ۋالاقشىپ باھالىغۇچىلارنىڭ رەسسىم كۆرگەزمىسىدە رەسىمىگە بەرگەن باھاسىنى تەكرارلىغىلى تۇردى. نېمىشقىدۇ بۇنداق سورۇنلار ماڭا تولىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلاتتى. مىمىنىڭ مېنى قايتىدىن كۆزىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «بۇ خوتۇن مېنى باھالىماقچى ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدىم ـ دە، ئۆزۈمچە ئوڭايسىزلىنىشقا باشلىدىم. نېمىلا دېگەنبىلەن، مەن ئۇنى تېخى چۈشەنمەيمەن ـ دە!

— سىز قايسى رەسساملارنى ياخشى كۆرىسىز؟ — دېدى ئۇ مەندىن ئىمتىھان ئېلىۋاتقاندەك.

ياق، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. بۇ سوئالنى ئەسلى ئۇ بىز بىنادىن چۈشكەندىن كېيىن سورىغانىكەن. ۋېنتىر گۈللۈكتىكى چاي قويۇلغان شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئايالنى تونۇشتۇرۇپ بولۇپ مېنى ئالدىن تەييارلانغان بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى. بىناغا چىقىۋېتىپ (بۇ ئىككى قەۋەتلىك ئۆي ئىدى) ۋېنتىر ماڭا بۇ ئۆيلەرنىڭ رېمونت قىلىنىسىمۇ يەنە ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ كونا ئېكىنزارلىقلىرىغا سېلىنغان چاغدىكىدەك كونا پاسوندا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتتى. «بۇنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى؟» دەپ ئويلىدىم مەن. بۇ خۇمپەر ئۆزىنى تەبىئىي ھەم سەمىمىي

كۆرستىشكە تىرىشۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەمما مەن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى مۇدھىش ئويلىرىنى بىلەلمىدىم. ئۇ كۈن نۇرلۇق سائەت ۋە كۈن نۇرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قانداقتۇ بىر نەرسىلەر توغرۇلۇق سۆزلەيتتى. مەن بولسام مارىيەنى بۇ بىنادىكى بىرەر ئۆيدە بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتىم.
ۋېنتىر كۆڭلۇمدىكىنى بىلىۋالسا كېرەك، ماڭا:
— بۇ يەردە بىرنەچچە ئىبغىز ھۇجرا بار. كىشىگە ھەرھالدا راھەت بېغىشلايدۇ. گەرچە تازا كۆركەم زىننەتلەنمىگەن بولسىمۇ، — دېدى.
ۋېنتىرنىڭ بىناكار ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدىلا ئەسكە ئالدىم. ئۇ قانداق بىنالارنىڭ كۆركەم بىنا ھېسابلانمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.
— بۇ ئەسلى بوۋام تۇرىدىغان ئۆي ئىدى، ھازىر مەن تۇرۋاتىمەن، — دېدى ئۇ بىنانىڭ پەلەمپىيىگە قارايدىغان ئوتتۇرىدىكى بىر ئۆينى كۆرسىتىپ.
ئۇ ئارقىدىنلا يەنە بىر ئىبغىز ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى ۋە:
— بۇ يەردە سىز تۇرىسىز، — دېدى.
ئۇ پەستە مېنى كۈتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. ئۆزۈم يالغۇز قالغاندىن كېيىن يۈرىكىم ئىختىيارسىز تېپىچەكلەشكە باشلىدى. چۈنكى، مارىيە مۇشۇ بىنادىكى مەلۇم بىر ئۆيدە، بەلكىم ياندىكى ئۆيدە بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قېلىپ تۇيۇقسىز بىر خىيالغا كەلدىم ـ دە، نېرىقى تەرەپتىكى تامغا (بۇ ۋېنتىرنىڭ ئۆيى ئەمەس ئىدى) يېقىن كېلىپ تامنى مۇشتۇمۇم بىلەن بوش ئۇردۇم.

ئەمما، ھېچقانداق سادا كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئادەم بار - يوقلۇقىنى بىلىپ بېقىش ئۈيىدا كارىدورغا چىقتىم - دە، ياندىكى ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، ھودۇقۇش ئىچىدە ئىشىك تۇتقۇچىغا قول ئۇزاتتىم. ئەمما، ئېچىشقا جۈرئەت قىلالماي يەنە ئۆزۈمنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كىردىم، كېيىن گۈللۈككە چۈشۈپ بېقىش ئۈيىغا كەلدىم. كاللام تولىمۇ قالايمىقانىدى.

## 25

ئورۇندۇقتا ئەمدىلا ئولتۇرۇشۇمغا ھېلىقى ئايال يەنە قايىسى رەسساملارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن خۇشياقا - خۇشياقماس بانگېر بىلەن گرېلكونى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ ماڭا مەسخىرىلىك نەزەرى بىلەن لاپپىدە قارىدى ۋە پىچىرلاپ دېگۈدەك:

— مۇنداق دەڭ! — دەپ قويدى ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن بەك داڭلىقلارنى ياقتۇرمايمەن. سىزگە ئېيتسام، — ئۇ ۋېنتىر تەرەپكە بۇرۇلۇپ دېدى، — مەن مىكېل ئانخېر، گرېلكو دېگەنلەرنى ياقتۇرمايمەن. تەكەببۇرلۇق ۋە ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىش تولىمۇ قاملاشمىغان ئىش! سىز بۇنى كۆپرەك تەربىيىلەنمىگەنلىكنىڭ نەتىجىسى دەپ قارىمامسىز؟ مېنىڭچە، سەنئەتكارلار ئۆزىنى كونترول قىلىشى، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلماسلىقى لازىم. مەن ئۆزىنى زىيادە داڭلاشقا، باشقىلارنىڭكىدىن ئۆزگىچە ئۇسلۇب يارىتىشقا ئۆچ. ئويلاپ بېقىڭ، ئۆزگىچە ئۇسلۇب يارىتىش



www.uyghurkitap.com

دېگەنلىك، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، باشقىلارنىڭ ئادەتتىكى تەرەپلىرىنى سەلبىي جەھەتتىن گەۋدىلەندۈرۈش دېگەنلىكتۇر. مەن بۇ نۇقتىغا زادى قىزىقمايمەن. ناۋادا مەن رەسسام سىزغان ياكى ئەسەر يازغان بولسام، ھەر قانداق ۋاقىتتا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتمىغان بولاتتىم.

— مەن بۇ نۇقتىدىن قىلچە گۇمانلانمايمەن، — دېدى ۋېنتېر. ئۇنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىدى.

ۋېنتېر بىر ئازدىن كېيىن يەنە قوشۇپ قويدى:

— مەسىلەن، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، سىز «ئاكا ـ ئۇكا كارامازوفلار»① دېگەندەك ئەسەرلەرنى زادىلا يازمايتتىڭىز.

— بەك قورقۇنچلۇق! — مىمى كۆزلىرىنى ئالاڭ ـ بۇلاڭ قىلىپ ۋارقىرىدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇ ئەسەردىكى بارلىق پېرسوناژلار ئويغانغان يېڭى ئاقسۆڭەكلەردەك تەسۋىرلىنىدۇ. ھېلىقى چوقۇندۇرغۇچى ئاتىدىن تارتىپ ... ئىسمى نېمىدى ئۇنىڭ ... ھە، سوشما.

— مىمى، سىز ئۇنى نېمىشقا ساشمو دەپ ئاتىمايسىز. بۇ ئىسمنى چوقۇم رۇسچە ئاتىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق ئىدىغۇ.

— يەنە گېپىمدىن قۇسۇر تاپقىلى تۇردىڭىز. سىز بىلىسىز، رۇسلارنىڭ ئىسمىنى بىرنەچچە خىل چاقىرغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، قايسىبىر كومېدىيىدىكى بىر پېرسوناژ

---

① «ئاكا ـ ئۇكا كارامازوفلار» رۇسىيە يازغۇچىسى دوستويېۋسكىينىڭ رومانى.

ئېيتقاندەك تولستوي دېگەن ئىسمنى تورستوي دەپ چاقىرىشقىمۇ بولىدۇ.

— شۇڭا مۇشۇنداق ئىكەن ـ دە، — دېدى ۋېنتىر، — مەن يېقىندا ئوقۇپ تۈگەتكەن بىر تەرجىمە ئەسىرىدە تولستوينىڭ ئىسمىنى تولستويى دەپ ئاپتۇ.

— ھە، مەن دەل مۇشۇنداق ئىشلارنى ياقتۇرمەن، — دېدى مىمى خۇشال بولۇپ، — بىر قېتىم مەن چېخوفنىڭ فرانسۇزچە نەشر قىلىنغان بىر ئەسىرىنى كۆردۈم. بۇ كىتابنى ئوقۇسىڭىز، «ئىچىرباۋنىڭ» دېگەندەك سۆزلەر ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئىزاھاتلار ئۇچرايدۇ. كىتاب ئاستىدىكى ھاشىيەلەردىن ئۇلارنىڭ مەنىسىنى تاپالايسىز. «پولدىۋىرو»① دېگەنگە ئوخشاش. ئويلاپ بېقىڭ، شۇنداق ئەھۋالغا يولۇققان ئادەم شۇ خىلدىكى «تەقدىردىمۇ»، «ياكى. . . دىن ئىلگىرى» دېگەندەك سۆزلەرنى نېمىشقا رۇسچە يازمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەي قالىدۇ. سىزچىچۇ؟ سىزگە ئېيتسام، مەن رۇسچە ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان تەرجىمانلارنىڭ تەرجىمە ئۇسۇلىنى تولىمۇ ياقتۇرمەن. سىز رۇس ئەسەرلىرىنى قىزىقىپ ئوقۇمسىز؟

ئۇ تۇيۇقسىز ماڭا شۇنداق دەپ سوئال قويدى ۋە جاۋابىمنى كۈتمەيلا يەنە ۋېنتىرغا بۇرۇلۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئويلاپ كۆرۈڭ، مەن رۇسلارنىڭ ئەسەرلىرىنى

---

① «پولدىۋىرو» — فرانسۇزچە «ھاممال» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى.



www.uyghurkitap.com

ئەزەلدىن ئاخىرغىچە ئوقۇپ تۈگەتكەن ئەمەسمەن. ھەممىسىنى چالا - پۇچۇق ئوقۇپ قويىمەن... ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ناھايىتى نۇرغۇن پېرسوناژ چىقىدۇ، ئەمما ئاخىر بېرىپ ئۈچ - تۆت پېرسوناژلا قالىدۇ. ئەسەرنىڭ بېشىدا ئالېكساندىر دەپ بىر ئەپەندى چىققان بولسا، ئۇ بارا - بارا بېرىپ ساشا، ساچىنكا، ساچكا دېگەندەك ناملار بىلەن چاقىرىلىدۇ. كېيىن خۇددى چوڭ بىر شەخسكە ئايلىنىپ كەتكەندەك، ئۇلارغا ئالېكساندىر ئالېكساندىروۋىچ بوننو، ئالېكساندىر ئالېكساندىرووۋىچ دېگەندەك ئىسىملارنى قويىدۇ. باشتىلا پېرسوناژلارنىڭ ئىسمىنى تۇتالمايۋاتقان ئادەم بۇ چاغدا تېخىمۇ گاڭگىرايسىز. مانا مۇشۇنداق تۈگىمەس ئىسىملارنى ئوقۇۋەرگەندىن كېيىن، ئەسەردىكى بارلىق پېرسوناژلار سىزگە بىر ئائىلىنىڭ ئادەملىرىدەك تۇيۇلىدۇ. مېنى تولىمۇ سەۋرچان ئىكەنسىز دېمىسىڭىزمۇ، رۇس ئەسەرلىرىنى ئوقۇسىڭىز، سىزمۇ ئوخشاش ھېسسىياتتا بولىسىز.

— سىزگە يەنە بىر قېتىم ئېيتاي، مىمى. رۇسلارنىڭ ئىسمىنى فرانسۇزچە ئاتىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. نېمىشقا چېخوفنىڭ ئىسمىنى چاكوف دەپ ئاتايسىز. چېخوف دەپ ئاتىسىڭىز ئەسلى ئىسمىغا تېخىمۇ يېقىن بولامدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «ئوخشاش ھېسسىيات» دېگىنىڭىز كىشىنى تېخىمۇ قايمۇقتۇرىدىغان فرانسۇزچە سۆز.

— بۇنداق دېمىسىڭىزچۇ، — دېدى مىمى يېلىنىپ، — بۇنداق ئالدىراڭغۇلۇق قىلماڭ، لۇئىس. ئۆز بىلىملىرىڭىزنى قاچانمۇ كۆز - كۆز قىلمايدىغان

www.uyghurkitap.com

بولارسىز؟ سىز شۇنچىلىك سەۋرچانكى. سىزچە شۇنداقمۇ؟ — ئۇ تۇيۇقسىز مەندىن سورىدى.

— شۇنداق، — مەن ئۇنىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولالمايلا شۇنداق دەپ جاۋاب بەردىم. ۋېنتېر ماڭا مەسخىرىلىك قاراپ قويدى.

ئىچىم بەك سىقىلىپ كەتتى. كېيىن ئۇلار مېنى سەۋرچان ئەمەسكەنسىز دېگەنمۇ بولدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ مەنىسىز گەپلىرىنى قانداق بولۇپ ئاخىرىغىچە ئاڭلاپ تۈگەتكىنىمگە هازىرمۇ ئەقلىم هەيران، ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئېنىق ئېسىمدە تۇتۇۋالالىغىنىمغا تېخىمۇ هەيرانمەن. ئەجەبلىنەرلىكى، شۇ ۋاقىتتا مەن ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاچ: «ئۇلار يەڭگىلتەك، كەم ئەقىل بىر نىمىلەركەن. بۇنداق ئادەملەر مارىيەنى غىرىبسىندۇرۇپ قويىدۇ. ئۇلار مېنىڭ رەقىبىم بولالمايدىكەن» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم. لېكىن، يەنىلا ئىچىلىپ ئولتۇرالمىدىم. يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە مېنى ئازابلاۋاتقان بىر ئادەم بارىدەك قىلاتتى. هەسرەت — نادامەتلىرىمنىڭ يىلتىزىنى تاپالمىغان چاغدا، مەن ناخۇش، تاقەتسىز بىر ئادەمگە ئايلىناتتىم، ئىچىمدە خالىي بىر جايدا بۇ ئەهۋاللارنى تەهلىل قىلىپ بېقىشنى ئويلايتتىم. ئەمما، كەيپىياتىمنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇنغان بۇ ئاماللىرىمنىڭ يەنىلا هېچقانداق پايدىسى بولمايتتى. مارىيە يېنىمدا بولمىغاچقا شۇنداق ئازابلىنىۋاتقان ئوخشايمەن، دەپمۇ ئويلىدىم. ئەمما بۇ سەۋەب بولالمايتتى. مارىيە يېنىمدا بولمىسا ئاچچىقلىناتتىم، ئەمما ئازابلىنىپ يۈرمەيتتىم.

ئۇلار ئەمدى رازۋېدكا ئەسەرلىرى توغرۇلۇق پاراڭغا چۈشتى. مەن ھېلىقى ئايالنىڭ ۋېنتىردىن يېڭى چىققان «يەتتىنچى تۈركۈمدىكى ئەسەرلەر» نى ئوقۇغان ـ ئوقۇمىغانلىقىنى سوراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— ئۇنى ئوقۇپ نېمە قىلاي؟ — دېدى ۋېنتىر جاۋابەن، — بارلىق رازۋېدكا ئەسەرلىرىنىڭ ۋەقەلىكى ئوخشايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بۇنداق ئەسەرلەردىن يىلىغا بىرنى چىقارسىمۇ بولىدۇ، ھەپتىسىگە بىرنى چىقارسا، بۇ كىتابخانىلاردا زادىلا تەسەۋۋۇر كۈچى يوقلۇقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

مىمى ئاچچىقلاپ قالدى، بايقىشىمچە يالغاندىن ئاچچىقلانغان قىياپەتكە كىرىۋالدى.

— ساراڭدەك گەپلەرنى قىلماڭ، — دېدى ھېلىقى ئايال، — رازۋېدكا ئەسەرلىرىنى مەن بىردىنبىر ئاخىرىغىچە ئوقۇپ تۈگىتىدىغان ئەسەرلەر دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئەسەرلەردە ۋەقەلىك مۇرەككەپ، جىنايەتلەرنىڭ رازۋېدكا قىلىنىشى ناھايىتى جايىدا بولىدۇ. كىشى جۇڭگونىڭ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سەنئەت بۇيۇملىرى، پوچېركا ئېنىقلاش، ئېينشتېين نەزەرىيىسى، كالتەك توپ ھەرىكىتى، ئارخېئولوگلۇق، بارماق ئىزىنى تەكشۈرۈش، سىياسىي ئىقتىسادشۇناسلىق، ھىندىستان توشقانچىلىقىغا ئائىت ستاتىستىكا سانلىرى ھەققىدە نۇرغۇن نەرسىلەردىن خەۋەردار بولىدۇ. ئەسەرنىڭ يېشىمى كىشىنى تېخىمۇ سۆيۈندۈرىدۇ، شۇنداققۇ؟ — ئۇ يەنە ماڭا سوئال قويدى.

ئۇنىڭ سوئالى مېنىڭ كۈتمىگەن يېرىمدىن چىققاچقا

خېلىغىچە لام - جىم دېيەلمەي تۇرۇپ قالدىم.
— توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدىم مەن جاۋابەن.
ۋېنتىر ماڭا يەنە بىر قېتىم مەسخىرىلىك نەزەرى بىلەن قارىدى.
— سىز بېرىپ بورخىسقا «سىز رازۋېدكا ئەسەرلىرىگە ئۆچمۇ؟» دەپ بېقىڭ، — دېدى مىمى تەمكىن ھالەتتە ۋېنتىرغا قاراپ قويۇپ.
— مەن رازۋېدكا ئەسەرلىرىگە ئۆچمەن دېگىنىم يوق. مەن پەقەت بۇنداق ئەسەرلەر بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، دېمەكچىمەن.
— نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بېرىپ بورخىسقا شۇنداق دەڭ. ھېلىمۇ ياخشى ھەممە ئادەم سىزدەك ئۆز بىلىمىنى كۆز - كۆز قىلمايدىكەن. مەسىلەن، كاستېر ئەپەندى رازۋېدكا ئەسەرلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ، شۇنداقمۇ؟
— ياخشى كۆرىدۇ دەمسىز؟ — دېدىم مەن چوڭقۇر بىر تىنىپ.
— ئەلۋەتتە، — مىمى جاۋابىمنى كۈتمەيلا نەزەرىنى ۋېنتىرغا يۆتكەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەگەر ھەممە ئادەم سىزدەك بىلىملىك بولسا، كۈنىنى ئۆتكۈزۈشكە ئامالسىز قالىدۇ، ئىشىنىمەن، سىزنىڭ چوقۇم رازۋېدكا ئەسەرلىرىگە ئائىت بىر تالاي نەزەرىيىلىرىڭىز بار.
— توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدى ۋېنتىر كۈلۈمسىرىگەنىچە ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ.
— مەن خاتا گەپ قىلمىغاندىمەن؟ — مىمى جىددىي تەرزدە شۇنداق دېدى ۋە گېپىنى تەستىقلاتماقچى بولغاندەك ماڭا يەنە بۇرۇلدى، — راست شۇنداق، مەن ئۇنى بەش

قولدەك ياخشى چۈشىنىمەن. شۇنداق بولغاندىكىن جىقراق سۆزلىسىڭىز زىيىنى بولماس. سىز خېلى بۇرۇنلا ئۆز نەزەرىيىلىرىڭىزنى چۈشەندۈرۈش ئويىدىن ۋاز كېچەلمىگەنغۇ دەيمەن.

ۋېنتىر دېگەندەكلا ئۇنىڭغا ئارتۇق سۆزلەش پۇرسىتى بەرمىدى.

— مېنىڭ قارىشىم شۇنداق، — دېدى ئۇ، — 20 - ئەسىردىكى رازۋېدكا ئەسەرلىرى سېرۋانتىس دەۋرىدىكى چەۋەندازلىق تىپىدا قىلىنغان ئەسەرلەردىن دېگەندەك پەرقلەنمەيدۇ. يالغۇز بۇلا ئەمەس، رازۋېدكا ئەسەرلىرىنى «دونكىخوت» قا ئەسلا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. بىر ئۆمۈر رازۋېدكا ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان ئادەمنىڭ ئاخىر خىيالغا بېرىلىپ دۇنيانى نىكولاي براك ياكى ئېبلىر كوئىننىڭ ئەسەرلىرىدە يېزىلغاندىكىدەك چۈشىنىدىغان بولۇپ قالىدىغانلىقىنى سىلەر تەسەۋۋۇر قىلالايسىلەر. يەنە ئۇ بىچارىنىڭ ئاخىر ئۆيدىن چىقىپ دېلو پاش قىلماقچى بولىدىغانلىقىمۇ تەسەۋۋۇرغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇ رېئال تۇرمۇشتا رازۋېدكا ئەسەرلىرىدىكى ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىغا ئىشىنىدۇ. ئىشىنىمەنكى، كۆلكىلىك ئىشلار، ئازابلىق ئىشلار تېپىلەك ئەھمىيەتكە، ھەجۋىي تۈسكە، يەنە ئاجايىپ يۇمۇرغا ئىگە بولغان بولىدۇ.

— ئەمىسە سىز نېمىشقا سىناپ باقمايسىز؟ — دېدى مىمى مەسخىرە بىلەن.

— بۇنداق بولۇشىدا ئىككى خىل سەۋەب بار: بىرى، مەن سېرۋانتىس ئەمەس؛ يەنە بىرى مەن بەك ھورۇن.

— مېنىڭچە قويغان بىرىنچى ئاساسىڭىزلا

بىتەرلىك،— دېدى مىمى ۋە ماڭا بۇرۇلدى،— بۇ ئادەمچۇ،— ئۇ بىنىچە بولۇپ ئۆزۈن غاڭزا چېشلىۋالغان ئاغزى بىلەن ۋېنتىرنى ئىما قىلدى،— ئۇنىڭ قولىدىن قاملاشمىغان بولسىمۇ بىرەر پارچە ئەسەر يېزىش كەلمەيدۇ. شۇڭا، رازۋېدكا ئەسەرلىرىنى تۆۋەن كۆرىدۇ.

— تاماكىڭىزدىن بىر تال بېرىڭچۇ،— دېدى ۋېنتىر سىڭلىسىغا ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،— تۇگمىدەك نەرسىنى تۆگىدەك كۆرسىتىدىغان ئادىتىڭىزدىن قاچانمۇ قالارسىز! ئالدى بىلەن رازۋېدكا ئەسەرلىرىنى تۆۋەن چاغلىمايدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ قوياي. دېمەكچى بولغىنىم بۈگۈنكى كۈندىمۇ دونكىخوتقا ئوخشاش پېرسوناژلارنى يارانقىلى بولىدۇ. يەنە بىرى، سىز مېنى رازۋېدكا ئەسەرلىرىنى يېزىش قولىدىن كەلمەيدۇ دەپ تولىمۇ خاتالاشتىڭىز. ئەمەلىيەتتە، مەن بىر قېتىم رازۋېدكا ئەسىرى يازماقچىمۇ بولغان.

— پو ئاتماڭچۇ! — تۇۋلىۋەتتى مىمى.

— راست، بۇ گەپلىرىم راست. ئەمىسە يازماقچى بولغان ئەسىرىمنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلاپ بېقىڭ: ئانىسى، خوتۇنى ھەم بالىسى بار بىر ئادەم بولۇپ، بىر كۈنى ئاخشىمى بىرى ئۇنىڭ ئانىسىنى خۇپىيانە ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ خوتۇنىمۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەمما، دېلو يەنىلا پاش قىلىنمايدۇ. ئەڭ ئاخىر بالىسىمۇ قەستكە ئۇچرايدۇ. ئۇ ئادەم ساراڭ بولۇپ قالغىلى تاس قالىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇلارنى، بولۇپمۇ بالىسىنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بۇ دېلونى ئۆزى تەكشۈرۈپ چىقىش نىيىتىگە كېلىدۇ. ئۇ



www.uyghurkitap.com

رازۋېدكا ئەسەرلىرىدىكى ماھىر رازۋېدكىچىلارنىڭ ئادىتى بويىچە يىغىنچاقلاش، قىياس قىلىش، تەھلىل يۈرگۈزۈش، ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ: «قاتىل مەلۇم بىر كۈنى، مەلۇم بىر ۋاقىتتا تۆتىنچى قېتىم جىنايەت سادىر قىلىدۇ» دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. ئۇ ئۆزى ئالدىن پىلانلىغان كۈنى جىنايەتچى تۆتىنچى قېتىم دېلو سادىر قىلماقچى بولغان جايغا كېلىپ ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتىدۇ. ئەمما، جىنايەتچى كەلمەيدۇ. ئۇ ئەسلىدىكى پەرىزىنى يەنە بىر قېتىم خىيالىدىن ئۆتكۈزىدۇ. كېلىدىغان جايىنى خاتا مۆلچەرلەپ قالدىمۇ يا؟ ياق، مۇشۇ جاي شۇ. ۋاقىتنى خاتا مۆلچەرلەپ قالدىمۇ يا؟ ياق، دەل مۇشۇ ۋاقىت. ئاخىر ئۇ «جىنايەتچى مۇشۇ مەيدانغا كېلىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن» دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ قورقۇپ كېتىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، جىنايەتچى ئۇنىڭ ئۆزى بولۇپ چىقىدۇ. ئۇ ئاڭسىز ھالدا جىنايەت سادىر قىلغان بولىدۇ، رازۋېدكىچى بىلەن جىنايەتچى بىر ئادەم بولۇپ چىقىدۇ.

— نېمىدېگەن قاملاشمىغان نەرسە بۇ! — دېدى مىمى، — سىز تۆتىنچى قېتىم جىنايەت سادىر بولىدۇ دېمىگەنمىدىڭىز؟

— خۇلاسە ناھايىتى ئېنىق، — دېدى ۋېنتىر ئىزىلەڭگۈلۈك بىلەن، — ئۇ ئادەم ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. ئەمما بۇنىڭدىن، ئۇ بۇ ئادەتتىكى سۇيىقەست داۋامىدا قىلغان - ئەتكەنلىرىگە پۇشايمان قىلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانمۇ ياكى «جىنايەتچى» مەن «رازۋېدكىچى» مەنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنمۇ دېگەن گۇمان تۇغۇلىدۇ. سىزچە

www.uyghurkitap.com

بولامدىكەن؟

— ناھايىتى قىزىقكەن. بىراق، ھېكايە سۆزلەش بىلەن ئەسەر يېزىش باشقا ـ باشقا ئىككى ئىش ـ دە.

— ئەلۋەتتە،— دېدى ۋېنتىر ئۇنىڭ گېپىنى ئۇچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن قۇۋۋەتلەپ.

كېيىن مىمى كۇمۇش دېڭىز شەھىرىدە تونۇشقان بىر بارماق ئىزى مۇتەخەسسىسى ۋە بىر ئالدىن كۆرەر ئايال توغرۇلۇق يەنە پاراڭغا چۈشتى. ۋېنتىر شۇنىڭغا يارىشا چاقچاق قىلىۋىدى، ئۇ ئۆزىچە ئاچچىقلاپ قالدى.

— قويىسىڭىزچۇ بۇنداق كەلسە ـ كەلمەس چاقچاقلىرىڭىزنى،— دېدى ئۇ،— ئۇ ئايالنىڭ ئېرى قۇرۇلۇش ئىشلىرى فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى جۇمۇ.

ئارقىدىن ئۇلار ئالتىنچى سەزگۇ ئەزاسى توغرىسىدا مۇلاھىزىگە چۈشتى. مەن بولسام مارىيەنى كۆرەلمىگىنىم ئۈچۈن تىت ـ تىت بولۇۋاتاتتىم. مەن قايتا خىيالدىن ئويغانغاندا، ئۇلار ئادەم ياللاشقا ئائىت بەلگىلىمىلەر ئۈستىدە سۆزلەشكە چۈشكەنىدى.

مىمى قولىدىكى غاڭزىنى دىرىژورلۇق كالتىكى تۇتقاندەك چىڭگىدە تۇتقىنىچە ئۆز مۇلاھىزىسىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا ئىدى:

— ئەمەلىيەتتە بۇ خەقلەرنىڭ ئىش قىلغۇسى يوق.

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ئاخىرلىشاي دېگەندە كۆڭلۈم ۋاللىدە يورۇپ كەتتى، قەلبىمدىكى سەۋەبىنى ئۆزۈممۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان ھەسرەت تۇمانلىرى نەگىدۇ غايىب بولدى. مەن مىمى دېگەن بۇ ئايالنىڭ ئەمدى سۆزدىن توختايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم، مارىيە مىمى بىلەن

ۋېنتېرنىڭ تۈگىمەس مۇلاھىزىلىرىدىن قېچىپ بىنادىن چۈشمىگەنىكەن ـ دە، دەپمۇ ئويلىدىم (ئۇ ئۇلارنىڭ گېپىدىن يەتكۈچە بىزار بولغان بولسا كېرەك). لېكىن، ئەمدى ئويلاپ باقسام، شۇ ۋاقىتتا مەن بۇ ئويغا تاسادىپىيلا كەلگەن ئەمەسكەنمەن؛ داچىغا ماڭىدىغان يولدا شوپۇرنىڭ دېگەن گەپلىرى مەندە ئاشۇنداق ھېسلارنى ئويغاتقانىكەن. شوپۇر شۇ كۈنى ۋېنتېرنىڭ بىر نەۋرە سىڭلىسىنىڭ تېخى يېقىندىلا كۈمۈش دېڭىز شەھىرىدىن مېھماندارچىلىققا كەلگەنلىكىنى ئېيتقاندا، مەن زادىلا ئېرەن قىلمىغانىدىم. ئەمدى ئەھۋال ئايدىڭلاشتى: مارىيە بۇ ئائىلىنىڭ تۇيۇقسىز كېلىشىدىن خۇشسىز بولۇپ باھانە ـ سەۋەب بىلەن ئۆيىگە بېكىنىۋالغاندەك، بۇنداق ئادەملەر زادى دىتىغا ياقمايدىغاندەك قىلاتتى. شۇ قىياس بىلەن كۆڭلۈمدىكى غەشلىكمۇ يوقالدى، بۇ يەردە ۋېنتېر بىلەن مىمىغا ئوخشاش ساختىپەز، كەم ئەقىل بىر نېمىلەرنى كۆرگىنىم ئۈچۈن كۆڭلۈمدە خېلى خۇش بولدۇم. چۈنكى مەن ۋېنتېرنىڭ ئەسلا رەقىبىم بولالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدىم. لېكىن، مارىيەنىڭمۇ مۇشۇ چەمبەر ئىچىدىكى بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىمۇ ئاشۇلاردا بار خوي ـ مىجەزلەرنىڭ ئاز ـ تولا بولۇش مۇمكىنلىكىنى ئويلاش بىلەن كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىگە غەشلىك تۇمانلىرى قايتىدىن سايە تاشلىدى.

## 26

بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ گۈللۈكنى ئايلىنىش ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com

ماڭماقچى بولۇپ تۇرغىنىمىزدا، مارىيەنىڭ بۇياقتا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ نۇقتا دەل مېنىڭ «مارىيە مەززىسىز پاراڭلارنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن گۈللۈككە ماڭغان ۋاقتىمىزغا توغرىلاپ بۇ يەرگە كەلگەن» دېگەن پەرىزىمنى ئىسپاتلايتتى.

مارىيە باشقىلارنىڭ كۆزىچىلا مەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى: «مېنىڭ بۇ ئاجايىپ ئايال بىلەن خۇپىيانە مۇناسىۋىتىم بار ـ ھە» دېگەنلەرنى ئويلاشقا ئۈلگۈردۈم، ئاندىن ئۆزۈمنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئانالىز قىلىۋېتىپ مارىيەنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئادىمىگە ئايلانغانلىقىنى سەزدىم (بۇ بىر ئادەم قاقاس ئارالدا ھەمراھ تېپىۋالغاندەك بىر ئىش ئىدى). يەنە ئىنچىكىلىگەندە، مەن غىرىبلىقتىن قۇتۇلغاندىم، ئۇ مېنىڭ ئۆزۈم تولىمۇ پەخىرلىنىدىغان قىممەتلىك روزغارىمغا ئايلانغانىدى. يەنى ئەمدىكى ئىككىنچى باسقۇچتا مېنىڭ مۇھەببىتىم قاتمۇقات توسالغۇغا دۇچ كەلگەنىدى. بۇنى ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالغان بىر ئادەمنىڭ ھەرقانداق يېمەكلىكنى شەرتسىز ئالغىنىغا، ئاچارچىلىقتىن قۇتۇلغاندا بولسا «بۇ ئېغىزغا تېتىمايدىكەن، ئۇ بەك لاۋزىكەن» دەپ زارلانغىنىغا ئوخشىتىشقا بولاتتى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى مەن خېلى جىق كۆچمەنلەرنى كۆردۈم. ئۇلار ئاممىۋى لاگېردىكى خورلۇقتىن يېڭى قۇتۇلغاندا، ھەرقانداق تۇرمۇش شارائىتىدىن ۋايىسماي ئەڭ تۆۋەن خىزمەتلەرنىمۇ خۇشاللىق بىلەن ئىشلىگەنىدى. ئەمما، تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك بىر ئىش شۇكى، ئادەم ئازاب ياكى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالالىغىنى ئۈچۈنمۇ خۇشال

ياشىيالمايدىكەن؛ تۇرمۇشى كاپالەتكە، پەخىرلىنىشكە، شۆھرەتپەرەسلىك، ھاكاۋۇرلۇق قىلىشقا ئەرزىگۇدەك نەرسىگە ئىگە بولغاندا ماكانىدىن ئايرىلىپ جاي ـ جايلارغا تارقاپ كەتكەن ياۋايى ھايۋانلار يەنە توپلاشقاندەك قايتىدىن بىر يەرگە يىغىلىشقا باشلايدىكەن؛ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ زېمىنغا تۆرىلىپ قالغىنىدىن نومۇس قىلغاندەك بىر ئىشلاردا تېخىمۇ تەپتارتمايدىغان بولىدىكەن؛ تۇزىنى يەپ تۇزلۇقىنى چاقىدىغان ئىشلارنى مۇشۇنداق چاغدا ئوڭاي سادىر قىلىدىكەن.

ئەمدى ئۆز خىيالىم توغرۇلۇق سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلانسام بولاتتى. مارىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزدە مەن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەنگە ئوخشايدىغان بەزى تەرەپلەر بار. يەنە مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھېس ـ تۇيغۇلىرىم مارىيەدىكى مېنى غېرىبلىقتىن قۇتۇلدۇرالايدىغان (ۋاقتىنچە بولسىمۇ) ھېسسىياتلار بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولالمىغىنى سەۋەبلىك، مەن سوغۇق پوزىتسىيە تۇتقىنىم ئۈچۈن بەدەل تۆلەۋاتاتتىم. بۇ خىل پەخىرلىنىش تۇيغۇسى پەيدا قىلغان خۇشاللىق ۋە مارىيەنى يالغۇز ئىگىلىۋېلىش ئىستىكى «شۆھرەتپەرەسلىك ۋە ھاكاۋۇرلۇق سېنى خەتەرلىك يولغا باشلىدى» دەپ مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى.

مارىيە كېلىۋاتاتتى. مەندىكى ئېپتىخارلىق ھېسسىياتى ئىچكى ئازاب ھەم نومۇس تۇپەيلى ئاساسەن دېگۇدەك يوقىلىپ كېتىۋاتاتتى. چۈنكى، رەسىمخانامدىكى قورقۇنچلۇق مەنزىرىلەر — مارىيەگە قىلغان ئەخمىقانە قىلىقلىرىم، شەپقەتسىزلىكىم، ھەتتا ئۆزنى «بىر قارىغۇ

ئادەمنى ئالداۋاتىسىز» دەپ ھاقارەتلىگىنىم ئېسىمگە كېلىپ قالغاندى. پۇتلىرىمدا جان قالمايۋاتاتتى، چىرايىم تاتىرىپ مەڭزىم چىمىلداشقا باشلىدى. بۇ بەچچىخەرلەرنىڭ ئالدىدا نومۇسقا قالىدىغان بولدۇم ـ دە! مارىيەنىڭ ماڭا بولغان يىرگىنىشى ۋە مەنسىتمەسلىك ھېسسىياتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئاۋازدا ئەپۇ سورىسام ھەرگىز بولمايدۇ!

ئەمما، مارىيە تېخى كونتروللۇقنى يوقاتمىغاندەك قىلاتتى. مەن شۇئان چۈشتىن كېيىنكى ئازابلىرىمنىڭ يۈرىكىمنى ئاستا ـ ئاستا چىرمىۋالغانلىقىنى سەزدىم.

مارىيە نەۋرە ئاكىسى بىلەن نەۋرە سىڭلىسى ئالدىدا ئادەتتىكى دوستلاردىن ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك مەندىن شۇنچىلىك تەبىئىي بىر رەۋىشتە ھال ـ ئەھۋال سورىدى. مەن تولىمۇ خىجىللىق ئىچىدە تېخى بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا مارىيەگە تۇتقان پوزىتسىيەمنى ئەسكە ئالدىم. بىر قېتىم مەن زىيادە ھاياجانلىنىپ كېتىپ مارىيەگە بىر كۈنى كەچتە تاغقا چىقىپ سان گېمنانودىكى ئېگىز مۇنارغا قاراپ ھۇزۇرلىنىش ئويۇمنىڭ بارلىقىنى ئېيتقانىدىم. مارىيە ماڭا مۇھەببەت بىلەن بېقىپ: «بەك ياخشى ئويلاپسىز، خۇئان بابلو!» دېگەنىدى. ئەمما شۇ كۈنى كەچتىلا مېڭىش تەكلىپىنى بەرگىنىمدە، بەك قورقۇپ غەمكىن ھالدا: «ئۆزىمىزنىڭلا غېمىنى يېيىشكە ھەققىمىز يوق؛ دۇنيا بەك مۇرەككەپ» دېگەنىدى. بۇنىڭ نېمە مەنىدە ئېيتىلغان سۆز ئىكەنلىكىنى سورىغىنىمدا تېخىمۇ پەرىشان بولۇپ: «بەختنىڭ ئەتراپىغا ئازاب يوشۇرۇنغان بولىدۇ»

دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا خوشمۇ دېمەي كېتىپ قالغانىدىم. شۇ ۋاقىتتا مەن ئۇنىڭ بىلەن قەتئىي ماسلىشالمايدىغانلىقىمنى، ئۆتكۈنچى ھېسسىياتلىرىمغا باش ئەگمەسلىك كېرەكلىكىنى ئېنىق ھېس قىلغانىدىم.

مارىيە كەلدى. ئۇ ھەربىر ھەرىكىتىنى كونترول قىلاتتى، ھەربىر جۈملە سۆزنى ئويلاپ قىلاتتى، چىرايىدىكى ھەربىر ئىپادىگە تولىمۇ دىققەت قىلاتتى. ئۇ ھەتتا مىمى دېگەن ئايالغا قاراپ كۈلۈمسىرەپمۇ قويدى.

مارىيە مەندىن خامسۇرۇپنى ئەكەلگەن ـ ئەكەلمىگەنلىكىمنى سورىدى.

— نېمە خامسۇرۇپ ئۇ! — دېدىم مەن ئاچچىق بىلەن ھۆركىرەپ. ئۇنىڭ قانداق ئويۇن ئويناۋاتقانلىقى كۆڭلۈمگە ئايان ئىدى، ئىشقىلىپ بىزگە پايدىسىز ئىش يوق ئىدى.

— ماڭا كۆرسەتمەكچى بولغان خامسۇرۇپنىچۇ، — ئۇ مۇلايىملىق بىلەن سۆزنى داۋاملاشتۇردى، — پىرېستاندا رەسىم سىزغىلى ئاچىقىقان خامسۇرۇپنى دەۋاتىمەن.

مەن مارىيەگە زەردە بىلەن قارىدىم. ئەمما ئۇ كۆزلىرىمگە يەنىلا جىممىدە تىكىلىپ تۇراتتى. بىرئازدىن كېيىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدە: «قىلغانلىرىمنى كەچۈرۈڭ» دېگەندەك مەنىدە مۇلايىم بىر ئۇچقۇن پەيدا بولدى. مارىيە! سۆيۈملۈك مارىيە! سېنىڭ يېلىنىشىڭ ھەم ئىنائەتمەنلىكىڭ مېنى قانچىلىك ئازابلايدۇ ـ ھە! مەن ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ قويۇپ جاۋاب بەردىم:

— ئەكەلدىم. مەن ياتىدىغان ئۆيدە.

— ئۇنى تولىمۇ كۆرۈپ باققۇم بار ئىدى، — دېدى

ئۇ ئۆزىنىڭ تولۇق ھالىتىگە قايتىپ.

— ئەمىسە ھازىرلا بىرىپ كۆرەيلى،— دېدىم مەن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ.

مەن مىمىنىڭ ئارمىزغا قېتىلىشۇپلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتىم، مارىيە ئۇنى مېنىڭدىن بەكرەك چۈشەنگىنى ئۈچۈن دەرھال بىر ئېغىز قوشۇمچە قىلىپلا ئېغىز ئاچۇرماي قويدى:

— بىز ھازىرلا چۈشىمىز.

مارىيە گېپىنى تۈگىتىپ بىلىكىمدىن شارتتىدە قولتۇقلىدى ـ دە، مېنى ئۆيۈمگە باشلاپ ماڭدى. مەن ۋېنتىر بىلەن مىمىغا لاپپىدە قارىدىم. مىمىنىڭ ۋېنتىرغا تىكىلگەن كۆزلىرىدە غەيرىي بىر ئۈچقۇن قېتىپ قالغانىدى.

## 27

مەن ئەسلى بۇ يەرگە بىرنەچچە كۈن تۇرۇش ئويىدا كەلگەنىدىم. ئەمما، بىر كېچە قونۇپ ئەتىسى ئەتىگىنى قۇياش چىقىشى بىلەن تەڭ چامادىنىمنى ۋە رەسىم سىزىش ئەسۋابلىرىمنى ئېلىپ پىيادىلا مېڭىپ كەتتىم. بۇنداق تېز كەتمەكچى بولۇشۇم قارىماققا ئاززاق نورمالسىزدەك كۆرۈنگىنى بىلەن داچىدا قالغانلارغا تولىمۇ تەبىئىي تۇيۇلاتتى.

مارىيە ئىككىمىز ئاتاقتىكى خامسۇرۇپنى كۆرۈش ئۈچۈن مېنىڭ ئۆيۈمگە كىردۇق. كېيىن رەسىم سىزىش ئەسۋابلىرى بىلەن رەسىم قىسقۇچنى ئېلىپ بىنادىن

چۈشتۈق. بۇ ئامالنى مارىيە ئويلاپ تاپقانىدى.

بىز چۈشكەندە ۋىنتىر بىلەن ھىلىقى ئايال گۈللۈكتىن كېتىپ قالغانىدى. بۇنىڭ بىلەن مارىيەنىڭ كەيپىياتى بىردىنلا ياخشىلاندى. گۈللۈكتىن ئۆتۈپ ساھىلغا ماڭغان چىغىرىمىزدا ئۇ پۈتۈنلەي قىزغىن ھالىتىگە قايتقانىدى. يېنىمدا ماڭغان مارىيە مەن دەرد ـ ئەلەم ئىچىدە تونۇشقان مارىيەگە ئەسلا ئوخشىمايتتى، تېخىمۇ تېتىك، ئاكتىپ بولۇپ كەتكەنىدى. مەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزۈمگە ناتونۇش بولغان بىر خىل سەزگۈرلۈكنىڭ — رەڭگە، پۇراققا، دەرەخ غولى، سولاشقان يوپۇرماق، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ رەڭگى ۋە دەرەخلەرنىڭ دېڭىزنىڭ نەم ھاۋاسى ئارىلاشقان خۇشبۇي ھىدىغا قارىتا سەزگۈرلۈكنىڭ ئويغانغانلىقىنى سەزدىم. (ھەيران قالارلىقى، كۆپ ھاللاردا مەن پىسخىك جەھەتتە سەزگۈرلىشىپ كېتەتتىم. بۇنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق تەسەۋۋۇر سەزگۈرلۈكى دېيىشكە بولاتتى) بۇ ھال مېنى خاپا قىلىپ ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا تېخىمۇ چوڭقۇر غەرق قىلدى. چۈنكى مەن مارىيەدە بولۇۋاتقان ئىپادىلەرنىڭ ماڭا پۈتۈنلەي ناتونۇش ئىكەنلىكىنى سەزگەنىدىم. مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مارىيەدىكى قىزغىنلىق ۋىنتىرغا ياكى باشقىلارغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك ئىدى.

مەن بارغانسېرى ئازابلىنىشقا باشلىدىم. بۇنىڭغا دېڭىزنىڭ بارغانسېرى ئېنىق ئاڭلىنىۋاتقان كۆۋەجەشلىرى سەۋەب بولغاندەك قىلاتتى. بىز ئورمانلىقتىن چىقىپ كۆك ئاسمان ئاستىدىكى كەڭ ساھىلغا چىققان چىغىرىمىزدا، مەن بۇ ھەسرەتتىن ھەرقانچە قىلىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىمنى،

ئۇنىڭ گۈزەل مەنزىرىلەر ياكى گۈزەل شەيئىلەر ئالدىدا مۇقەررەر رەۋىشتە پەيدا بولىدىغان ھەسرەتلىك تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى سەزدىم. باشقىلارمۇ مۇشۇنداق ھېسسىياتتا بولامدۇ ياكى بۇ مەندەك نەس باسقان ئادەمنىڭ غەيرىي مىجەزىمۇ، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم.

بىز خادا تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئايغىمىز ئاستىدىكى دولقۇنلارنىڭ بىر ـ بىرىگە زەرب بىلەن ئۇرۇلغان ئاۋازىنى تىڭشىغىنىمىزچە سۈكۈتكە چۆمدۇق. دولقۇنلار گاھىدا خادا تاشقا ئۇرۇلۇپ بۇژغۇنلىرىنى يۈزىمىزگە چاچرىتاتتى. تۇرۇم ـ تۇرۇم بۇلۇتلار بىلەن قاپلانغان ئاسمان ماڭا دېڭىز تورىتو① بىر ئىسلام مۇرىتىنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان چاغدىكى ئاسماننى ئەسلەتتى.

— مەن بۇ يەرنىڭ دېڭىزلىرى ۋە كۆك ئاسمىنىدىن سىز بىلەن بىرلىكتە ھوزۇرلىنىشنى خىيالدىن بىرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم، — دېدى مارىيە ۋە بىر ئازدىن كېيىن يەنە داۋاملاشتۇردى، — گاھىدا ماڭا بۇ مەنزىرىلەردىن ئىككىمىز ئاللىبۇرۇن بىرلىكتە ھوزۇرلىنىپ بولغاندەك تۇيۇلىدۇ. رەسىمىڭىزدىكى كىچىك كۆزنەكنىڭ يېنىدا تۇرغان ھېلىقى تەنھا ئايالنى كۆرگىنىمدە، سىزنىڭ ماڭا ئوخشاشلا ئاللىقانداق بىر ئادەمنى، سۆزلىيەلمەيدىغان، ئەمما سىزگە ھەمسۆھبەت بولىدىغان بىر ئادەمنى قارىغۇلارچە ئىزدەۋاتقانلىقىڭىزنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭدىن

---

① دېڭىز تورىتو — ۋېنا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساقلىنىۋاتقان رەسىم. رەسىمدە سان ماركوسنىڭ دېڭىزدا بىر ئىسلام مۇرىتىنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

باشلاپ سىز خىيالىمدىن چىقمىدىڭىز. كۆپ قېتىم چۈشۈمدە سىزنىڭ بۇ يەرگە، مېنى ئۆستۈرگەن بۇ تۇپراققا قەدەم باسقانلىقىڭىزنى كۆردۈم. بىر كۈنى ھەتتا سىزنى ئىزدىمەكچى، ئۇيلىغانلىرىمنى بىرنى قالدۇرماي سىزگە ئېيتىپ بەرمەكچى بولدۇم. بىراق مەن پەرىزىمنىڭ خاتا چىقىشىدىن ئەنسىرىدىم. ئىلگىرىمۇ بىر قېتىم خاتالاشقانىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ ئىزدەپ كېلىشىڭىزنى كۈتتۇم. مەن ئىلگىرى بۇ نۇقتىنى ئورۇندىشىڭىزغا ھەر جەھەتتىن ياردەم بەرگەنىدىم. ھەر كۈنى ئاخشىمى سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى چاقىراتتىم، مېنى ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنەتتىم. لىفت يېنىدا سىزنى ئۇچراتقىنىمدا قورقۇپ كېتىپ بىر ئېغىز ئەخمىقانە گەپنىلا دېيەلىدىم. سىز ئۆزىڭىزنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى سېزىپ ئازاب بىلەن كەتكەندىن كېيىن، ئارقىڭىزدىن ساراڭلاردەك يۈگۈردۈم. كېيىن سان مارتىن مەيدانىدا كۆرۈشتۇق. سىز ماڭا ئەھۋال چۈشەندۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار دەپ قارىدىڭىز. ئەمما مەن سىزنى قايمۇقتۇرۇش ئۈيىدا ئىدىم. لېكىن، ئۆزۈمنىڭ ئارىسالدى بولۇپ يۈردۈم. سەۋەبى، ھەم سىزنى مەڭگۈ يىتتۈرۈپ قويۇشۇمدىن، ھەم سىزگە بەختسىزلىك ئېلىپ كېلىشىمدىن ئەنسىرەيتتىم. لېكىن شۇ چاغدا مەن ھەقىقەتەن سىزنىڭ قىزغىنلىقىڭىزغا سوغۇق سۇ سېپىشنى ئويلىغان؛ سىزنى تاققا ـ تۇققا گەپلىرىمنى ۋە بىشارەتلەرنى چۈشەنمىدى، دېگەن ئويغا كەلتۈرمەكچى بولغان.

مەن مارىيەنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ جىممىدە

ئولتۇراتتىم. كاللامدا نۇرغۇن تاتلىق ھېسلار ۋە ھەسرەتلىك ئويلار گىرەلىشىپ كەتكەنىدى، ئۆزۈم خۇشلۇقتىن مەست ئىدىم. كەچكى قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرى ئاسمان چېتىدىكى بۇلۇتلارنى رەڭگارەڭ تۈسكە كىرگۈزگەنىدى. ئىچىمدە ساماۋى چۆچەكلەردىلا بولىدىغان بۇ كۆڭۈللۈك مىنۇتلار كەتسە قايتىپ كەلمەيدىغاندەك تۇيۇلاتتى. «كەتسە قايتىپ كەلمەيدۇ، كەتسە قايتىپ كەلمەيدۇ» دەپ ئويلايتتىم مەن. شۇ ئوي بىلەن قەدىمىم ئاستىدىكى تىك يارغا كۆز سېلىۋېتىپ: «مۆرىتى كەلسە مارىيە ئىككىمىز بۇ چوڭقۇر جىلغىغا بىردەمدىلا دومىلاپ كەتكۈدەكمىز» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزەتتىم.

تۇرۇپ - تۇرۇپ مارىيەنىڭ گەپلىرىمۇ قۇلىقىمغا ئاڭلىنىپ قالاتتى:

— ئاھ خۇدا ... نۇرغۇن ئىشلار بوپتۇ! بىز بىللە بولغاندا ... ساپلا قورقۇنچلۇق ئىشلار ... ئۆزىمىزنى ئاشۇنداق ئىشلارغا مەجبۇرلاپ ... تولىمۇ ئەرزىمەس، ئادەتتىكى ئادەملەركەنمىز. شۇنچىلىك رەزىل، چاكىنا ...

دېڭىز ئاجايىپ قاراڭغۇ، غەلىتە بىر مەخلۇققا ئايلاندى. تۈن پەردىسى تۇيۇقسىز ئەتراپقا يېيىلدى. ئايىغىم ئاستىدىكى دولقۇنلاپ تۇرغان دېڭىز سۈيىدىن ھەسرەتلىك بىر چۇقان كۆتۈرۈلەتتى. مارىيە دېگەن ئىشلارنى ئوڭايلا ئېسىمگە ئالالايتتىم. مارىيە، بىز تولىمۇ رەزىل، چاكىنا ئادەملەركەنمىز، دەۋاتاتتى. لېكىن مەن ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك پەسكەش ئادەم ئىكەنلىكىمنى چۈشەنسەممۇ، ئۇنىڭمۇ مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقى، چوقۇم قىلالايدىغانلىقىنى ئويلىسامىلا

كۆڭلۈم يېرىم بولاتتى. قانداق قىلىپ؟ كىم بىلەن؟ قاچان؟ شۇ سوئاللار توغرۇلۇق ئويلىنىش بىلەن خىيالىمدا غەيرىي بىر ئوي ئاستا ـ ئاستا پەيدا بولدى: مارىيەنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىپ ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرگۈم، ئاندىن دېڭىزغا تاشلىۋەتكۈم كەلدى. تۇيۇقسىز قولىقىمغا يەنە بىر نەچچە ئېغىز باش ـ ئاخىرى ماسلاشمىغان گەپ كىرىپ قالدى. ئۇ يېزىدا ئۆتكەن بالىلىقى توغرۇلۇق سۆزلەۋاتاتتى. كېيىن ئۇ نەۋرە ئاكىسىنىڭ ۋۇجۇدىدا روي بەرگەن قانداقتۇر بىر «قورقۇنچلۇق، قاباھەتلىك» ئىش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچقاندەك قىلدى. ماڭا مارىيە ئۆزىنىڭ ئىچ ـ باغرىنى تۆكۈپ بېرىۋاتقاندەك. لېكىن مەن بولسام ئۇنى ساراڭلاردەك تاشلىۋېتىپ بارغاندەك تۇيۇلاتتى.

— نېمە قورقۇنچلۇق، قاباھەتلىك ئىش ئۇ! — ۋارقىرىدىم مەن.

ئەمما ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمىغاندەك قىلاتتى. ئۆزى ئەتراپىدىكى جىمى مەۋجۇداتنى ئېسىدىن چىقارغاندەك چوڭقۇر ئويغا چۆمگەنىدى.

شۇ تەرزدە ئاردىن ئالاھەزەل يېرىم سائەتچە ۋاقىت ئۆتتى.

كېيىن مەن مارىيەنىڭ يالغۇز قالغان چاغلىرىمىزدىكى ئادىتى بويىچە يۈزۈمنى سىلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم. مەن گەپ قىلالماي قالدىم ـ دە، كىچىككىمدە، ئانام يېنىمدا بار چاغدىكىگە ئوخشاش بېشىمنى ئۇنىڭ پۇتىغا قويدۇم. بۇنداق بولغاندا بىز توختاپ قالغان بالىلىق ۋە ئۆلۈم ئوتتۇرىسىدا تۇرالايتتۇق. كۆڭۈلدە شۇنچە كۆپ گۇمانلىق، چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان ئىشلارنىڭ بولۇشى

كىشىنى ئەپسۇسلاندۇراتتى. ئۆزۈمنىڭ خاتا قىلىغان بولۇشۇمنى، مارىيەنىڭ مەڭگۈ يېنىمدا تۇرۇشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم ـ ھە! ئەمما، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدىگەن ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلايتتىم، مارىيە قوللىرى بىلەن چېچىمنى سىلايتتى. ئاشۇ پەيتتە قايغۇلۇق خىياللىرىم پاتقاق ئازگالغا چۈشۈپ كەتكەن كەبى خىرەلەشكەن كاللامدا لۆمشۈمەكتە ئىدى. بۇ خىياللىرىم بار كۈچى بىلەن ئىگىرىماقتا، جان تالاشماقتا، يورۇقلۇققا چىقىش پەيتىنى كۈتمەكتە ئىدى.

## 28

قىزىق ئىش، مارىيە ئىككىمىز ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ۋېنتىر بىزنى ئالاھىدە ھاياجان بىلەن كۈتۈۋالدى. (گەرچە ئۇنىڭ چىرايىدىن خۇش بولۇۋاتقان ياكى ئاچچىقلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ) ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى يوشۇرماقچى بولغانلىقى ئېنىق ئىدى. بىراق، قارىغاندا بىر ئىش چىققاندەك قىلاتتى. مىمى كەتكەن، ئاشخانىدا جىمى تەييارلىق تەق قىلىنغانىدى. بىز بەك كېچىكىپ كەلگەندەك قىلاتتۇق. ئىشىكتىن كىرىشىمىزگە خىزمەتكار تېزلىك بىلەن تاماق ـ قورۇمىلارنى رەتلىك تىزىشقا باشلىدى. تاماق ئۈستىدە ھېچقانداق گەپ ـ سۆز بولۇنمىدى. مەن ۋېنتىرنىڭ چىرايىدا كۆرۈلۈۋاتقان ھەربىر ئىپادىگە، ھەربىر سۆزىگە دىققەت قىلىپ ئولتۇراتتىم. بۇ ئارقىلىق خىيال قۇشۇمنى

ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرۇشقا، ئويلىرىمنى ئىسپاتلاشقا بولاتتى. يەنە ئۆز نۆۋىتىدە مارىيەنىڭ چىرايىغىمۇ دىققەت قىلىپ ئولتۇراتتىم. ئەمما ئۇ ئۈنسىز، تىنۇىشسىز ئولتۇراتتى. مارىيە شۇ ئارىدا ئارىدىكى قاتمال كەيپىياتنى ياخشىلاش ئۈچۈن سارترىنىڭ بىر ئەسىرىنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ۋېنتىر خۇشياقمىغان هالدا سۆز قاتتى:

— ئوقۇۋاتقىنىڭىز مۇدىرىستىك ئەسەر. ئۇلار يازسا يازىۋەرسۇن، هېچكىمنىڭ چاتىقى يوق . . . بىراق سىلەر مۇشۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇڭلار!

هەممەيلەن جىممىدە ئولتۇردى. ۋېنتىر شۇ گېپى پەيدا قىلغان قاتمال ۋەزىيەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن گەپ قىلمىدى. مەن ئۇنىڭ مارىيەدىن نارازى بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم. ئەمما بىز ساھىلغا مېڭىشتىن ئىلگىرى هېچقانداق غەيرىي ئەھۋال يۈز بەرمىگەنىدى. بۇنىڭدىن مەن، ۋېنتىر پاراڭ ئارىلىقىدا مارىيەدىن ئاغرىنىپ قالغان ئوخشايدۇ، دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم. ئۇنىڭ نارازىلىقىغا تاماق ئۈستىدىكى پارىڭىمىز ياكى ساھىلدا ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپ قالغانلىقىمىز سەۋەب بولدى، دېگىلى بولمايتتى. ئەڭ ئاخىرقى هۆكۈم: ۋېنتىر كۈنداشلىق قىلىۋاتاتتى. بۇ ۋېنتىر بىلەن مارىيە ئوتتۇرىسىدا يېقىن دوستلۇقتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان باشقىچە بىر مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايتتى. ئەلۋەتتە، بۇنداق دېگىنىم، مارىيە ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان ئوخشايدۇ، دېگىنىم ئەمەس. بۇنىڭ ئەكسىچە ۋېنتىر مارىيەنىڭ باشقا بىرىگە قىزىقىپ قالغانلىقىدىن غەزەپلىنىۋاتاتتى.

www.uyghurkitap.com

ئەگەر ۋېنتىر كۇنداشلىق تۇپەيلى ئاچچىقلانسا، تەبىئىي هالدا مېنىڭمۇ غەزىپىمنى كەلتۈرۈپ قويااتتى. چۈنكى، ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا هېچقانداق ئىختىلاپ يوق ئىدى. ۋېنتىر باشقا گەپ بولۇنغاندا چاندۇرمىغىنى بىلەن، مارىيە ساھىلغا مۇناسىۋەتلىك ئىشنى تىلغا ئالسىلا، ماڭا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ قاراپ قويااتتى. مەن ئاشۇ قاراشتىن ئىشنىڭ باش - ئاخىرىنى سىزىۋالاتتىم.

مەن چارچىغانلىقىمنى باهانە قىلىپ ئۆيۈمگە ماڭدىم. مەقسىتىم كۆز ئالدىمدىكى ئەهۋاللارنى تەهلىل قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئاساسقا ئىگە بولۇش ئىدى. مەن بىناغا چىقىپ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتىم ۋە چىراغنى ياندۇرغاندىن كېيىن ياپقان بولۇپ قەستەن ئىشىككە جالاقىدە سوقۇلدۇم، ئاندىن ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئەهۋال تىڭ - تىڭلاشقا باشلىدىم. شۇ ئارىدا ۋېنتىرنىڭ هاياجان بىلەن بىر ئېغىز سۆز قىلغانلىقى ئاڭلاندى. ئەمما ئۇنىڭ نېمە دېگىنىنى ئاڭقىرالمىدىم. مارىيە جاۋاب بەرمىگەندىن كېيىن، ۋېنتىر تېخىمۇ زەردە بىلەن خېلى ئۇزۇنغىچە سۆزلىدى. مارىيەنىڭ پەس ئاۋازدا ئېيتقان گەپلىرى ۋېنتىرنىڭ ئاخىرقى سۆزى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. ئارقىدىن ئورۇندۇقنىڭ تاراقلىغىنى، يەنە بىر ئازدىن كېيىن بىرىنىڭ پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقىنى ئاڭلاندى. مەن دەرهال ئىشىكنى يېپىپ ئاستا شەپە تىڭشاشقا باشلىدىم. هايال ئۆتمەي بىر ئايال كىشىنىڭ ئىشىك ئالدىدىن ئۆتكەن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. مەن خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدىم. خىيالىمدا بايىدىن بېرى بولغان ئىشلار كەزمەكتە ئىدى. ئۆزۈم يەنە جىقراق شەپە

ئاڭلىۋېلىش ئويىدا ئىدىم. ئەمما بۇ كېچىسى ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمىدى.

مەن ھېچ ئۇخلىيالمايتتىم. ئىلگىرى زادىلا ئويلاپ باقمىغان نۇرغۇن ئىشلار مېنى قىينايتتى. مەن دەسلەپتىكى ھۆكۈمنى بەك ساددىلىق بىلەن چىقىرىۋەتكىنىمنى سەزدىم. مەن دەسلەپتە مارىيە ۋېنتېرنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ۋېنتېر كۆنداشلىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغان، ھەم بۇ ھۆكۈم مېنى ئوبدانلا خاتىرجەم قىلىپ قويغانىدى. ئەمدى مەن ھېچقانداق زۆرۈرىيەت بولمىغان تەقدىردىمۇ، مارىيەنىڭ ۋېنتېرنى ياخشى كۆرمەي قالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم.

مارىيەنىڭ ۋېنتېرنى ياخشى كۆرۈپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ۋېنتېر كۆنداشلىق قىلىۋاتاتتى.

مارىيەنىڭ نەۋرە ئاكىسى بىلەن باشقىچە مۇناسىۋىتى بار دەپ قاراشقا بولامدۇ؟ مېنىڭچە، بۇ قاراشنىڭ ئىشەنچىلىك ئاساسى بار ئىدى. ئەگەر مارىيە دائىم كۆنچىلىك قىلىدىغىنى ئۈچۈن ۋېنتېرنى ياخشى كۆرمەس بولۇپ قالغان دېسەك، نېمىشقا بۇ قورۇقتا دائىم كېلىدۇ؟ بۇ قورۇقتا ئادەتتە ۋېنتېردىن باشقا ئادەم يوق ئىدى. مارىيە ماڭا ئۇنىڭ ئايالدىن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھازىر بويتاق ياكى نىكاھتىن ئاجراشقان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى بۇ ئەپەندىنىڭ قورۇقتا ئۆزى يالغۇز تۇرۇشىدا ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىن گۇمانلىنىشتىكى يەنە بىر ئاساسىم شۇ ئىدىكى، مارىيە

www.uyghurkitap.com

ئەزەلدىن ماڭا ۋېنتىر توغرۇلۇق پاراڭ قىلمايتتى. پاراڭ قىلغان تەقدىردىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا قىلچىلىك قىزىقمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى، يەنى ئۇ توغرۇلۇق تۇغقانلارغا خاس ئۇچۇق - يورۇقلۇق بىلەن سۆزلەيتتى. مارىيە يەنە ماڭا ئەزەلدىن ۋېنتىرنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى دېمىگەن ياكى بۇ خۇسۇستا بىرەر بېشارەت بەرمىگەنىدى، ئۇنىڭ تولىمۇ كۈنچى ئادەم ئىكەنلىكىنى بولسا تېخىمۇ ئېيتمىغانىدى. ئۇچىنچى بىر ئاساس، مارىيە بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ماڭا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقلىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇ زادى نېمە مەقسەتتە شۇنداق دېدى؟ مەن مارىيەگە يازغان خېتىمدە ئۆزۈمنىڭ بەزى سەتچىلىكلىرىمنى يازغانىدىم (غەرق مەست بولغۇچە ئىچكەنلىكىم، پاھىشە ئويىنىغانلىقىم توغرۇلۇق)، لېكىن ئۇ ھازىر مېنى توغرا چۈشەندىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ ئۇنچە پاك ئەمەسلىكىنى ئېيتىۋاتىدۇ. بۇ گەپتە مارىيەنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش بەزى سەت ئىشلارنى قىلغانلىقىدىن باشقا مەنە بارمۇ؟ ئەجەبا مارىيە بىلەن ۋېنتىر ئوتتۇرىسىدا مۇشۇنداق پەسكەشلىك بولمىدى دېگىلى بولامدۇ؟

مەن كىچىچە مەسىلىنى خىلمۇخىل نۇقتىدىن تەھلىل قىلىپ ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. ئەڭ ئاخىر ئۆزۈم ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ قارىغان بىر خۇلاسىگە كەلدىم: مارىيە ۋېنتىرنىڭ ئاشنىسى بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

تاڭ ئەمدىلا يورۇشىغا مەن چامادانىمنى ۋە رەسىم بويۇملىرىمنى ئېلىپ پەسكە چۈشتۈم ۋە ھويلىدا ئىشىك - ئارامىلارنى تازىلاۋاتقان بىر خىزمەتكارغا ۋېنتىرغا

سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى، جىددىي بىر ئىش چىقىپ قېلىپ بۇئېنوس ئايرېسقا كەتمەكچى بولغانلىقىمنى ئېيتىپ قويۇشنى ھاۋالە قىلدىم. ھېلىقى خىزمەتكار ماڭا ھەيرانلىق نەزەرى بىلەن قاراپلا قالدى، ۋوگزالغا پىيادە بارىدىغانلىقىمنى ئېيتقان چېغىمدا بولسا تېخىمۇ ھەيران قالدى.

مەن بۇ يەرنىڭ كىچىك بېكىتىدە پايتەختكە بېرىش ئۈچۈن بىرنەچچە سائەت ساقلىشىم كېرەك ئىدى. تۇرۇپ: «مارىيە كېلىپ قېلىشى مۇمكىن» دېگەن ئوي بىلەن ئۆزۈمنى بەزلەپ ئۇنى كۈتەتتىم. ئەمما، مارىيە كەلمىدى. پويىز بېكەتكە كىرگەندە مەن ئۇنى پەيدا بولۇپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە يولغا ئاخىرقى قېتىم قارىدىم. ئەمما، مارىيەنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. يۈرىكىمنى بىرى سۇغۇرۇۋالغاندەك بولۇپ قالدىم.

پويىز بۇئېنوس ئايرېسقا قاراپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. مەن دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇراتتىم. پويىز بىر كەپە ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، بىر ئايالنىڭ ئۆينىڭ لەمپىسى ئاستىدىن پويىزغا قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدىم. شۇئان كاللامدا تۇيۇقسىز ئەخمىقانە بىر ئوي پەيدا بولدى: بۇ مېنىڭ ئۇ ئايالنى تۇنجى قېتىم ھەم ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈم بولۇپ قالاتتى، ئەمدى ئۇنى ئىككىنچىلەپ كۆرەلمەيتتىم. كاللەك يېپتەك چىگىشلىشىپ كەتكەن ئوي - خىيالىم ئۇ ئايالنى چۆرىدىگەن ھالدا خېلى بىر مەزگىل داۋام قىلدى. بۇ ئايالنىڭ مەن بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى، ئەمما ئۇنى ئويلىماسلىققا مېنىڭ ئامالىم يوق ئىدى. ماڭا

نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ ئايال ھەقىقەتەن بىرنەچچە دەقىقە بولسىمۇ مەۋجۇت بولغان، ئەمدى ھەرگىز پەيدا بولمايتتى، ئۆزى مېنىڭ نەزەرىمدە ئۆلگەن بىلەن باراۋەر ئىدى. بارا - بارا بېرىپ پويىزنىڭ بېكەتكە كېچىكىپ كەلگەنلىكى، كەيپىدىكى چاقىرىق ۋە ھېلىقى ئايال تۇرمۇشۇمدىن غايىب بولدى.

ھەممە نەرسە شۇنداق قىسقا، ئەھمىيەتسىز، ساختىدەك كۆرۈنەتتى. كاللام گاراڭ بولۇپ قالغانىدى. مارىيە كۆز ئالدىمدا قايتا - قايتا پەيدا بولۇپ مېنى ئېيتقۇسىز ھەسرەت ئىچىدە قالدۇراتتى. بىرنەچچە سائەتتىن كېيىنلا پىكىر - خىيالىم تېرەنلىشىپ كاللام سەگەكلىشىشكە باشلىدى.

## 29

مارىيە ئۆلۈشتىن ئىلگىرىكى بىرنەچچە كۈن ھاياتىمدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق كۈنلەر بولدى. مېنىڭ ئۆزۈم ئويلىغان، قىلغان، ھېس قىلغان ئىشلارنى ئۆز ئەينى پېتى يېزىپ چىقالىشىم مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، نۇرغۇن ئىشلارنى ئېسىمدە چىڭ تۇتالىغىنىم بىلەن، گاھىدا، ھەتتا خېلى جىق كۈنلەردە قالايمىقان، غەيرىي ئوي - خىياللارنىڭ ئىسكەنجىسىدە يۈردۈم. ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن بىرنەچچە كۈننى غەرق مەست بولۇپ كارىۋاتتا ياكى يېڭى قۇرۇلغان پرېستاندىكى قاۋاقخانىدا ئۆتكۈزدۈم. شۇنىسى ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، مەن ئاساسىي قانۇن ۋوگزالىغا بېرىپلا ھېلىقى قاۋاقخانىغا

كىردىم ۋە ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە ئىستاكان ۋىسكى ئىلىپ ئىچتىم. ئاندىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ بىر تاكسىغا چۈشتۈم ـ دە، 25 ـ ماي كوچىسىمۇ، ئارىمو كوچىسىمۇ، ئىشقىلىپ شۇنداق بىر كوچىدىكى بىر قاۋاقخانىغا كەلدىم. كېيىن چۇقان ـ سۈرەنلەر، مۇزىكا ئاۋازى، بىراۋلارنىڭ ۋارقىراش ـ جارقىراشلىرى قۇلىقىمغا ئاڭلاندى. مەن قاقاقلاپ كۈلەتتىم. ئارىدا كىمدۇر بىرى بىرنەچچە بوتۇلكىنى چېقىۋەتتى. چىراغ نۇرى كۆزنى چاققۇدەك دەرىجىدە كۈچلۈك ئىدى. كېيىن ئۆزۈمنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ تۈرمىسىدە كۆرگىنىم، بېشىمنىڭ قاتتىق ئاغرىغىنىنى ئېسىمدە. تۈرمە ساقچىسى كامېرنىڭ ئىشىكىنى ئاچقاندىن كېيىن، بىر ساقچى ئەمەلدارى ماڭا نېمىلەرنىدۇ دېدى. كېيىن ئۆزۈمنى يەنە چوڭ كوچىدا كۆردۈم ۋە دەلدۈگۈنۈپ مېڭىپ كەتتىم. يەنە قاۋاقخانىغا كىرگەن بولسام كېرەك. بىرنەچچە سائەت (بەلكىم بىرنەچچە كۈن) ئۆتكەندىن كېيىن، بىرەيلەن مېنى ئۆزۈمنىڭ رەسىمخانىسىغا ئەكېلىپ قويدى.
شۇنىڭدىن كېيىن مەن نۇرغۇن قاباھەتلىك چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە ئۆزۈمنى چېركاۋنىڭ ئۆگزىسىدە مېڭىپ كېتىۋاتقان ھالەتتە كۆرۈپتىمەن. ئارىلىقتا بىر قېتىم ئويغاندىم. قارىسام، ئۆي ئىچىنى گۆردەك قاراڭغۇلۇق بېسىپ كېتىپتۇ. كاللامدىن ۋەھىملىك بىر ئوي كەچتى: ئۆينىڭ ئىچى چەكسىز كەڭرىپ كەتكەندەك، ھەرقانچە كۈچەپ يۈگۈرسەممۇ ئۆيدىن چىقالمايدىغاندەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى، بىلمەيمەن، بىر كەمدە سەھەر قۇياشى ئۆزىنىڭ ئالتۇن

نۇرلىرىنى دېرىزەمدىن ئۆي ئىچىگە سىپىشقا باشلىدى. مەن مۇنچىغا ئۆمۈلەپ كىرىپ كىيىمىم بىلەنلا ۋاننىغا سەكرىدىم. سوغۇق سۇ ئەسەبلىرىمنى تىنجىتىپ، كاللامدا بىر مۇنچە ئۇششاق - چۈششەك ئەسلىمىلەرنى پەيدا قىلدى: خادا تاشنىڭ ئۈستىدە ئۆرە تۇرغان مارىيە، غاڭزا تۇتقان مىمى، ئاللاند ۋوگزالى، بېكەتنىڭ ئۇدۇلىدىكى «چىن دوست» ماگىزىنى، مارىيەنىڭ مەندىن خامسۇرۇپنى سورىغانلىقى، ئۇنىڭغا «نېمە خامسۇرۇپ ئۇ!» دەپ جاۋاب بەرگىنىم، ۋېنتېرنىڭ ماڭا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ قارىشى، بىنادا تۇرۇپ نەۋرە ئاكا - سىڭلىنىڭ سۆھبىتىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىغىنىم، بىر ماتروسنىڭ بوتۇلكا چاققانلىقى، مارىيەنىڭ سوغۇق بىر نەزەر بىلەن مەن تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقى، مىمىنىڭ چېخوف ھەققىدە ئېيتقانلىرى، مېنى سۆيگەن شاللاق ئايالنى ئاچچىقىم بىلەن بىر مۇشت ئۇرۇۋشۇم، پىت - بۈرگىلەرنىڭ پۈتۈن بەدىنىمنى چېقىپ قاپارتىۋەتكەنلىكى، ۋېنتېرنىڭ رازۋېدكا ئەسەرلىرى توغرۇلۇق سۆزلىگەنلىرى، قورۇق شوپۇرى ... ھەممىسى بىر - بىرلەپ خىيال ئېكرانىمدىن ئۆتتى. چۈشۈمدە كۆرگەن بەزى ئىشلار — قاراڭغۇلۇقتا چۆككەن چېركاۋ، چەكسىز كەتكەن ئۆيمۇ ئاشۇ چىگىش ئەسلىمىلەرنىڭ ئارىسىدا بار ئىدى.

خېلىدىن كېيىن مەن ئاستا - ئاستا سەگىشكە باشلىدىم. ئاشۇ پارچە - پۇرات ئەسلىمىلەر كۆڭلۈمدىكى باشقا ئويلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى كەلكۈن باسقان زېمىنغا ئوخشايدىغان چۆل، كۆرۈمسىز مەنزىرىلەرنى پەيدا قىلدى.

مەن مۇنچىدىن چىقىپ ھۆل كىيىملىرىمنى سېلىۋېتىپ پاكىز كىيىملىرىمنى كىيىۋالدىم ۋە مارىيەگە خەت يېزىشقا تۇتۇندۇم. ئالدى بىلەن داچىدىن قېچىپ كەتكىنىمنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈردۈم؛ (ئاۋۋال «داچىدىن قېچىش» دەپ يازغانىدىم، كېيىن ئۇنى «ئايرىلىش» قا ئۆزگەرتتىم) ئۇنىڭ ماڭا كۆڭۈل بۆلگىنىگە چەكسىز مىننەتدار بولغانلىقىمنى بىلدۈردۈم؛ (ئاۋۋال «ماڭا» دەپ يېزىپ كېيىن ئۇنى «پېقىرغا» دەپ ئۆزگەرتتىم.) گەرچە مارىيە گاھىدا ئۆزىنىڭمۇ «پەس ھاۋايى ـ ھەۋەس» كە بېرىلىپ قالغىنىنى ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتقان بولسىمۇ، مەن ھەرھالدا ئۇنى كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، ۋىجدانى ساپ ئايال دەپ چۈشىنەتتىم. شۇڭا، خېتىمدە ئۇنىڭ پاكلىق مەسىلىسى ھەققىدىكى توغرا باھاسىنى مەدھىيىلىدىم. چۈنكى، مارىيە تەسەۋۋۇر قىلغاندەك (مەن دەسلەپ يازغان «تەسەۋۋۇر» دېگەن سۆزنى «پەرەز» گە ئۆزگەرتتىم)، ئادەم بىر خىللا مۇھەببەتنى ساقلاپ قېلىش ياكى شۇنىڭلا ھۇزۇرىنى سۈرۈشتىن قانائەت تاپمايتتى. مارىيەدەك ئېرىنىمۇ، مېنىمۇ ھېسسىياتلىق گەپلىرى بىلەن ئۆزىگە قارىتالايدىغان ئايالنىڭ قانداقسىگە يەنە ۋېنتىر بىلەنمۇ بىر كارىۋاتتا ياتقانلىقىغا ھېلىھەم ئەقلىم يەتمەيتتى. تېخىمۇ يامان بولغىنى — (مەن بۇ ئىشلارنىمۇ داۋاملىق يېزىۋەردىم) مارىيەنىڭ ئېرى بىلەنمۇ، مەن بىلەنمۇ دائىم بىر كارىۋاتتا يېتىشى ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدا مەن: «سىزمۇ ھېس قىلغانسىز، بۇ ئىشلىرىڭىز ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ئويغا سالىدۇ» دەپ يازدىم.

مەن خەتنى باشتىن ـ ئاخىر بىر قېتىم ئوقۇۋەتكەندىن

كېيىن، بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا بولغان بۇ روشەن ئۆزگىرىشنىڭ ئۇنى ئوبدانلا ئازابلايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم، ئاندىن خەتنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ مەركىزىي پوچتىخانىغا كەلدىم ـ دە، ئۇنى زاكاز قىلىپ سېلىۋەتتىم.

## 30

پوچتىخانىدىن ئەمدىلا چىقىۋېتىپ، ئىككى ئىشنى — خەتتە مارىيەنى ۋېنتېرنىڭ ئاشنىسى دەپ قارايدىغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى يازمىغانلىقىمنى، ئۇنى بۇنچە قاتتىق ئازابلاشقا مەجبۇر قىلغان نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيدىغانلىقىمنى سەزدىم. ئۇنىڭ مىجەزىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلدىممىكىن دېسەم، بۇ بەك ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولاتتى. ئۇنى ئۆزۈمگە قارىتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىممىكىن دېسەم، بۇ خىل ئۇسۇلدا مەقسىتىمگە يېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ، كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە مارىيەنىڭ قېشىمغا يېنىپ كېلىشىنى شۇنچىلىك كۈتەتتىم. ئەمىسە نېمىشقا ئۇنىڭغا ئوچۇق دېمەيمەن؟ ئۇنى ئازابلىماي دېسەم، قورۇقتىن ۋېنتېرنىڭ كۈنچى ئىكەنلىكىنى سەزگىنىم ئۈچۈن كەتكەنلىكىمنى ئوچۇق چۈشەندۈرسەم بولاتتى. قىسقىسى، مارىيەنى ۋېنتېرنىڭ ئاشنىسى دېيىشىمدە ئۇنى ئازابلاش غەرىزىمدىن باشقا ھېچقانداق ئاساسىم يوق ئىدى. بۇ پەقەت بىر قىياسلا بولۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈشۈمگە توغرا كېلەتتى.

مەن خەت يازسام بۇرۇندىن قىلچە ئويلىنىپ

يۈرمەيدىغانلىقىم ۋە خەتنى يېزىپ بولۇپلا سىلىۋېتىشكە ئالدىرايدىغان مىجەزىم تۈپەيلى ئەخمىقانە ئىشتىن بىرنى قىلىپ قويغانىدىم. ئەسلىدە مۇھىم خەتلەرنى ئاز دېگەندىمۇ بىر كۈن ساقلاش، يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بار ئەھۋاللارنى مۆلچەرلەپ بولغاندىن كېيىنلا سىلىش كېرەك ئىدى.

ئەمدى پەقەت بىرلا ئامال قالغانىدى — خەت سالغانلىق تالوننى تېپىش كېرەك ئىدى. مەن ھەممە يانچۇقۇمنى ئاختۇرۇپمۇ تالوننى تاپالمىدىم. بىپەرۋالىق قىلىپ تاشلىۋەتكەن بولسام كېرەك. مەن قولۇمدا ئىسپات بولمىسىمۇ، پوچتىخانىغا بېرىپ زاكاز خەت سالىدىغانلارنىڭ قاتارىغا تىزىلدىم. نۆۋەت ماڭا كەلگەندە، چىرايىمغا زورمۇزور كۈلكە يۈگۈرتۈپ خىزمەتچى قىزدىن سورىدىم:

— مېنى تونۇيالمىغان ئوخشىمامسىز؟

ئۇ قېرى قىز مېنى ساراڭ دەپ قالدىمۇ، ئەيتاۋۇر ھەيرانلىق بىلەن قاراپلا قالدى. ئۇنى باشقىچە ئويغا كەلتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، تېخى بايىلا «ئېمەن قورۇقى» غا بىر پارچە خەت سالغانلىقىمنى ئېيتتىم. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇ دۆت قىز تېخىمۇ ھەيران بولغاندەك كەينىگە بۇرۇلۇپ، بۇ ئىشقا ئارىلاشتۇرماقچى بولدىمۇ ياكى ئۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ بېقىپ ئىش كۆرۈشنى ئويلىدىمۇ، ئىشقىلىپ بىر ئەر خىزمەتدىشى بىلەن كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالدى.

— مەن تالوننى يىتتۈرۈپ قويدۇم، — دېدىم مەن.

ئۇ قېرى قىز ئۈنچىقمىدى.

— دېمەكچى بولغىنىم، ماڭا ئۇ خەت كېرەك بولۇپ

www.uyghurkitap.com

قالغاندى. لېكىن مەن ئىسپاتنى يىتتۇرۇپ قويدۇم، — دېدىم مەن تولۇقلاپ.

ئۇ قىرى قىز ئەر خىزمەتدىشى بىلەن يەنە بىر كۆز بېقىشىۋالغاندىن كېيىن تولىمۇ ھەيرانلىق تەلەپپۇزى بىلەن سورىدى:

— سىز ئۇ خەتنى قايتۇرۇۋالماقچىمۇ؟

— ھەئە.

— ئىسپات يوقمۇ؟

مەن تالوننى راستتىنلا يىتتۇرۇۋەتكەنلىكىمنى ئېيتتىم. ئۇ قاتتىق ھەيران بولۇپ نېمىلەرنىدۇ غۇدۇردى - دە، بۇرۇلۇپ ھېلىقى خىزمەتدىشىغا قاراپ قويدى.

— سىز خېتىڭىزنى قايتۇرۇۋالماقچىمىدىڭىز؟ — سورىدى ئۇ كېكەچلەپ تۇرۇپ.

شۇ ئارىدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى ئۆزىنىڭ مۇلازىمەتتە قىزغىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولدىمۇ، ئىشقىلىپ ماڭا قاراپ ھاماقەتلەرچە كۈلۈمسىرىدى. ھېلىقى قىرى قىز ماڭا لاپپىدە قاراپ قويۇپ:

— بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش، — دېدى.

— ئەمىسە مەن سىزگە گۇۋاھنامەمنى كۆرسىتەي، — دېدىم مەن بىرنەچچە كىنىشكامنى تەڭلا چىقىرىپ.

— قانداق كىنىشكىڭىز بولغان بىلەن بىكار. بەلگىلىمە بويىچە خەت قايتۇرۇشقا بولمايدۇ.

— سىز دەۋاتقان بەلگىلىمە ئەقىلغە مۇۋاپىقراق بولسا

بولار،— دېدىم مەن زەردە بىلەن ۋارقىراپ. شۇ تاپتا ئۇ قېرى قىزنىڭ يۈزىدىكى تۈكلۈك قارا مېڭىمۇ كۆزۈمگە سەت كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى.

— سىز بۇ يەرنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى بىلەمسىز؟ — سورىدى ئۇ پوسۇققىدە.

— ئۇنى بىلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق، خانىم،— دېدىم مەن سوغۇققىلا جاۋاب بېرىپ. «خانىم» دېگەن سۆزنىڭ ئۇنىڭ تىتاڭ تومۇرىغا تېگىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم.

ئۇ ئەر ئالماسنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن ئوت بولۇپ ياندى.

— بىلىشىڭىز كېرەك، خانىم. مۇۋاپىق بولمىغان نېمىنى بەلگىلىمە دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنى ساراڭلار ئەمەس، ئەقلى - ھوشى جايىدا ئادەملەر تۈزۈشى كېرەك. مۇھىم بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغىنىم ئۈچۈن خەتنى سېلىۋېتىپ بولۇپلا قايتىپ كېلىپ سىزدىن خەتنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈندۈم. سىز مۇۋاپىق پوزىتسىيە تۇتقان بولسىڭىز، مەنمۇ قانائەت تاپقان بولاتتىم. ئەجەبا پوچتىخانا تولۇق بولمىغان، خاتا خەتلەرنىمۇ يوللىۋېتەمدۇ؟ پوچتىخانا دىكتاتورا ئورنى ئەمەس، ئالاقىلىشىش ئورنى. بۇ نۇقتا تولىمۇ چۈشىنىشلىك. مەن خالىمىغانىكەنمەن، مېنى خەت سېلىشقا زورلىيالمايسىلەر.

— بىراق ئۇ خەتنى سىز ئۆز ئىختىيارلىقىڭىز بىلەن سالغان.

— توغرا! — دېدىم مەن تۇۋلاپ دېگۈدەك،— لېكىن

سىزگە يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي، مەن ھازىر ئۇ خەتنى سېلىش ئويىدىن ياندىم.

— ماڭا ۋارقىرىماڭ! بۇنداق ئۆكتەملىك قىلغىنىڭىز بىلەن ئەمدى كېچىكتىڭىز.

— كېچىكمىدىم. خەت ئەنە ئاۋۇ يەردە، — دېدىم مەن ساندۇقتىكى بىر دۆۋە خەتنى كۆرسىتىپ.

كەينىمدە ئۆچرەتتە تۇرغانلار غۇدۇڭشىغىلى تۇردى. ئالدىمدىكى قېرى قىزنىڭ چىرايى ئاچچىقتىن پۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. مەن بارلىق ئاچچىقىمنىڭ ئۇنىڭ يۈزىدىكى ئاشۇ قارا مەڭگە مەركەزلەشكەنلىكىنى تولىمۇ بىزارلىق بىلەن ھېس قىلدىم.

— مەن ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ خەتنى سالغان ئادەم ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلىيالايمەن، — دېدىم مەن تەكرارلاپ ۋە كىملىك گۇۋاھنامەمنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ.

— ۋارقىرىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، مەن گاس ئەمەس، — دېدى ئۇ قېرى قىز، — بىرەر ئىش چىقسا، مەن ئىگە بولالمايمەن.

— ئەمىسە بىرىپ باشلىقىڭىزدىن سوراپ بېقىڭ.

— بولمايدۇ. خەت سالىمىز دەپ كۈتۈپ تۇرغانلار كۆپ. بىز بەك ئالدىراش. چۈشىنىۋاتامسىز؟

— لېكىن بۇمۇ سىزنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىڭىزدىكى خىزمەت ـ دە.

ئۆچرەتتە تۇرغان بىرنەچچەيلەن ئۇنى خېتىمنى تېزدىن قايتۇرۇپ بېرىشكە دەۋەت قىلغىلى تۇردى. ئۇ باشقا ئىش قىلغان بولۇپ بىرئاز ئىككىلىنىپ قالدى. كېيىن ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپ، خېلى

بىرھازادىن كېيىن ھاسىرغىنىنچە چىــــقتـــــى ۋە خەت ساندۇقىنى مالتىلاشقا باشلىدى.

— نېمە قورۇق دېدىڭىز، — سورىدى ئۇ. ئاۋازى زەھەرلىك يىلاننىڭ ئاۋازىدەك چىرقىراپ چىقتى.

— ئېمەن قورۇقى، — مەن قەستەن ئالدىرىماي جاۋاب بەردىم.

ئۇ يالغاندىن خېلى ئۇزۇن ئىزدىگەن بولۇپ بىر پارچە خەت ئالدى ۋە سودىدا ئالدىنىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەن ئالارمەندەك خەتنى ئىنچىكىلەپ كۆزىتىشكە باشلىدى.

— بۇنىڭدا خەت ئالغۇچىنىڭ ئادرېسى بىلەن ئىسمىلا بار ئىكەن، — دېدى ئۇ.

— بۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟

— ئۆزىڭىزنىڭ خەت سالغۇچى ئىكەنلىكىڭىــــزنـــــى ئىسپاتلايدىغان بىرەر ئاساسىڭىز بارمۇ؟

— مەندە خەتنىڭ ئورگىنالى بار، — مەن شۇنداق دەپ خەتنىڭ ئورگىنالىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم.

ئۇ قولۇمدىن ئېلىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن خەتنىڭ ئورگىنالىنى يەنە ماڭا قايتۇرۇپ بەردى:

— بىز ئۇنىڭ خەتنىڭ ئورگىنالى ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىمىز؟

— بۇ بەك ئوڭاي. خەتنى ئېچىپ ئىچىدىكىنى بۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقساقلا بولغىنى.

ئۇ ئايال سەل - پەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىــــن كونۋېرتقا قاراپ قويدى ۋە ماڭا دېدى:

— بۇ خەتنى سىزنىڭ يازغان - يازمىغانلىقىڭىزنى بىلمەي تۇرۇپ ئېچىپ بەرسەك قانداق بولىدۇ؟ مەن بۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلالمايمەن.

كىشىلەر يەنە غۇلغۇلا قىلغىلى تۇردى. مەن غەزەپتىن زەردىگۈش بولۇپ كېتىۋاتاتتىم.

— بۇ كىنىشكىلەر ئاساس بولالمايدۇ، — دېدى ئۇ جادۇگەر.

— سىزچە كىملىك گۇۋاھنامەم ئاساس بولالارمۇ؟ — مەن قەستەن ياۋاش بولۇۋالغان بولۇپ سورىدىم.

— كىملىك گۇۋاھنامىسى؟

ئۇ سەل ئويلىنىۋېلىپ ھېلىقى خەتكە قاراپ قويدى ۋە ئېغىز ئاچتى:

— ياق، يالغۇز كىملىك گۇۋاھنامىسى بولغان بىلەن بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا سىزنىڭ بۇرۇنقى ئەھۋالىڭىزلا بار. سىز ماڭا يەنە تۇرالغۇ كىنىشكىڭىزنى كۆرسىتىشىڭىز كېرەك، ئەسكەرلىك گۇۋاھنامىسى بولسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا ئائىلىڭىزنىڭ ئادرېسى يېزىلغان.

ئۇ يەنە ئويلىنىۋېلىپ:

— سىزنى ئون سەككىز ياشقا كىرگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۆي كۆچمىدى دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، تۇرالغۇ كىنىشكىڭىزنى كۆرسەتسىڭىز توغرا بولغۇدەك، — دېدى.

مەندىكى زادى باسقىلى بولمايدىغان ئاچچىق بىر غەزەپ ئاخىر پارتلىدى. ماڭا بۇ مارىيە بىلەن مىمىغا قارىتىلغان ئاچچىقتەك تۇيۇلدى.

— مۇشۇ پېتى سېلىۋېرىڭ، ئۆلمىگۈر خوتۇن! — مەن ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ كەينىمگە ياندىم. پوچتىخانىدىن ئاچچىقىم بىلەن چىقتىم. كېيىن

ھېلىقى كۆزنەك ئېسىمگە كېلىپ قېلىپ ھېلىقى ساندۇقتىكى خەتلەرنى كۆيدۈرۈۋەتمەكچىمۇ بولدۇم. بىراق، قانداق كۆيدۈرۈش كېرەك؟ سەرەڭگە تاشلايمۇ؟ ياق، بۇنداق قىلسام يېرىم يولدىلا ئۆچۈپ قالىدۇ. ئاۋۋال ئاررا،ق بېنزىن چېچىۋەتسەمغۇ ياخشى بولاتتى، لېكىن بۇنىڭدا ئىش بەك مۇرەككەپلىشىپ كېتەتتى. مەن قانداقلا بولمىسۇن ھېلىقى قېرى قىزنى ئىشتىن چۈشكۈچە كۈتۈپ راسا بىر تىللىۋالغاندىن كېيىن قايتىش ئويىغا كەلدىم.

## 31

مەن بىر سائەت ساقلىغاندىن كېيىن يەنىلا قايتىپ كېتىش نىيىتىگە كەلدىم. دېمىسىمۇ ئۇ بولۇمسىزنى تىللاپ نېمە پايدا تاپارمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى كۈتۈش جەريانىدا قايتا ئويلىنىشتىن كېيىن ئاچچىقىممۇ يېنىپ قالغانىدى. ئۇ خەت ناھايىتى ياخشى يېزىلغانىدى، مارىيەنىڭ قولىغا تەگسە كۈتكىنىمدەك ئىش بولاتتى. (مەن دائىم مۇنداق بىر ئەھۋالغا دۇچ كېلەتتىم: ئۆزۈم زۆرۈرىيىتى بار ھەم پايدىلىق دەپ قارىغان ئىشلارنى قىلىشىمغا توسقۇنلۇق قىلغان ئامىللارغا قارىغۇلارچە قارشى چىقاتتىم. مەغلۇبىيەتكە ئاچچىق ئىچىدە چىداشقا مەجبۇر بولاتتىم. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەسلىدە قىلغانلىرىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكى ئىسپاتلىناتتى.) ئەمەلىيەتتە، مەن ئۇ خەتنى يېزىشقا ئەرزىمەيدىغان بەزى زەھەرلىك گەپلەرنىمۇ قوشۇپ ئويلانمايلا يازغانىدىم. بىراق مەن ھازىر خەت يېزىشتىن ئىلگىرىكى ئىشلارنى

www.uyghurkitap.com

ئەسلىسەم، غەرق مەست بولغان كۆنى كېچىدە كۆرگەن چۈشۈم تۇيۇقسىز ئېسىمگە كېلىدۇ: مەن ئۆزۈمنى دالىدىغا ئېلىپ سىرتقا مارىلىدىم. . . قارىسام مەن قاراڭغۇ بىر ئۆيگە بىر شىرەنى تىزنۇېتىپتىمەن، ئۆيدە ھېچقانداق جاھازا يوق ئىكەن. مارىيە بىلەن ۋېنتىر كەينىمدە مەسخىرىلىك كۈلگىنىچە بىر ـ بىرىگە قاراپ تۇرۇپتۇ.

ئاشۇ چۈش ئېسىمگە كەلسىلا، ئېيتقۇسىز بىر ھەسرەت يۈرىكىمنى چۇلغىۋالىدۇ. . . مەن پوچتىخانىنىڭ ئالدىدىن ئېغىر قەدەملەر بىلەن يۈرۈپ كەتتىم.

ئۇزۇن ئۆتمەي رىكېلتا كوچىسىدىكى بىر تۈپ كاداڭ دەرەخنىڭ ئاستىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇم. مارىيە ئىككىمىزنىڭ كۆڭۈللۈك مىنۇتلىرى مۇشۇ يەردە ئۆتكەنىدى. دەل ـ دەرەخلەر، كىچىك كوچىلار پىكىر ـ خىيالىمنى ئۆزگەرتىشكە باشلىدى. ئېنىقىنى ئېيتسام، مەن مارىيەنىڭ قايسى تەرىپىنى ياخشى كۆرمەس بولۇپ قالغىنىمنى بىلمەيتتىم. مۇھەببەتلەشكەن چاغلىرىمىزدىكى كۆڭۈللۈك مەنزىرىلەر (مارىيەنىڭ چىراي ئىپادىسى، مېھرىلىك بىر بېقىشى، چاچلىرىمنى سىلاشلىرى) ئاستا ـ ئاستا، تۇيدۇرماي قەلب ئېكرانىمنى ئىگىلەشكە باشلىدى.

مەن ئورنۇمدىن ئاستاغىنا تۇردۇم، كۆڭلۈمدىكى دەرد ـ ئەلەم ئۇمىدكە، مارىيەگە بولغان نەپرىتىم ئۆزۈمگە بولغان نەپرەتكە، ئەسلىدىكى ھاڭۋاقتىلىق ئۆيگە قايتىش ئىستىكىگە ئالماشتى. رەسىمخانامنىڭ ئالدىغا كەلگەندىلا داچىغا تېلېفون بەرگۈم كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. تېز بولۇش كېرەك! ئەمدى يەنە كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. بۇ

ئامال نېمىشقا بۇرۇنراق ئېسىمگە كەلمىگەندۇ؟
تېلېفون ئۇلانغاندا، مەندە گەپ قىلغۇدەك جۈرئەت قالمىغانىدى. مەن تېلېفوننى ئالغان خىزمەتكارغا مارىيە بىلەن جىددىي سۆزلىشىدىغان ئىشىم بارلىقىنى ئېيتتىم. بىرئازدىن كېيىن ئۇ ماڭا مارىيەنىڭ بىر سائەتتىن كېيىن تېلېفون قايتۇرىدىغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى.
ماڭا مارىيەنىڭ تېلېفوننى كۈتۈش ئەبەدىي داۋاملىشىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.
تېلېفوندا مارىيەگە نېمىلەرنى دېگىنىم هازىر ئېسىمدە يوق. ئەمما، ئاشۇنداق بىر خەتنى يازغىنىمنى كەچۈرۈشنى ئىلتىماس قىلىش تۈگۈل (ئەسلىدە ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىشتىكى مەقسىتىممۇ شۇ ئىدى)، مارىيەگە تېخىمۇ قاتتىق سۆزلەرنى قىلغانلىقىم يادىمدا تۇرۇپتۇ. ئەلۋەتتە، بۇنداق قىلىشىمنى پۈتۈنلەي ئاساسسىز دېگىلىمۇ بولمايتتى. دەسلەپىدە مەن مارىيە بىلەن ئاۋازىمنى تۆۋەن چىقىرىپ تولىمۇ سىپايىلىك بىلەن سۆزلەشتىم. ئەمما ئۇنىڭ گەپلىرىدىكى ئازاب تۇيغۇسىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىشى، سورىغانلىرىمغا ئۇدۇلمۇئۇدۇل جاۋاب بەرمەسلىكى قايتىدىن ئاچچىقىمنى كەلتۈرۈپ قويدى. چۈنكى مېنىڭ نەزەرىمدە ئۇنىڭ ئازابلىنىشقا ئاساسى يوق ئىدى، ئەيىبلەشكە توغرا كەلسە مەن ئۇنى ئەيىبلىسەم بولاتتى. مەن پاراڭنىڭ ئاخىرىدا ۋارقىراپ تۇرۇپ ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىدىغانلىقىمنى، ئۇنىڭ ئالدىمدا ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى، بۇئېنوس ئايرېستا هازىرنىڭ ئۆزىدە كۆرۈشمىسەك بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتىم.
مارىيە هېچقانداق سوئالىمغا جاۋاب بەرمىدى.

www.uyghurkitap.com

كېيىن، قايتا ـ قايتا جاۋاب بېرىشكە زورلاپ «ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن» دەپ تەھدىت سالغاندىن كېيىنلا ئەنە بۇئېنوس ئايرېسقا كېلىشكە ماقۇل بولدى. ئەمما، نېمە ئۈچۈن كېلىدىغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى.

— ئەمدى قولىمىزدىن كېلىدىغان بىردىنبىر ئىش، — ئۇ زەئىپ ئاۋازدا شۇنداق دېدى، — ئۆزىمىزنى رەھىمسىزلىك بىلەن قايتا ئازابلاش.

— قايتىپ كەلمىسىڭىز، ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن، — دېدىم مەن ئاخىر گېپىمنى تەكرارلاپ، — بىر قارارغا كېلىشتىن بۇرۇن ئوبدانراق ئويلىنىڭ.

مەن ئارتۇق گەپ قىلمايلا تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتىم. شۇ چاغدا «مارىيە قايتىپ كەلمىسە، راستتىنلا دەيدىغاننى دەپ ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن» دېگەن ئويغا كەلدىم ۋە چۈشىنىكسىز بىر قانائەت تۇيغۇسى ئىچىدە قالدىم. ئىچىمدە بولسا: «قاراپ تۇر، مارىيە» دەيتتىم قىساس ئېلىشقا تەييارلانغان ئادەمدەك.

## 32

بۇ تازىمۇ بىر قارغىش تەگكۈر كۈن بولدى.

مەن جۇدۇنۇم تۇتقان ھالدا رەسىمخانامدىن چىقتىم. مارىيە بىلەن ئەتىلا كۆرۈشىدىغىنىم ئېنىق بولسىمۇ، كەيپىياتىم ياخشى ئەمەس ئىدى. ئېيتقۇسىز بىر غەزەپ يۈرىكىمنى كۆيدۈرەتتى. ئەمدى ئويلىسام شۇ چاغدا مەن ئۆزۈمگە لەنەت ئوقۇپتىكەنمەن. چۈنكى شۇ چاغدا مارىيەگە قىلغان ھاقارەتلىك سۆزلىرىمنىڭ قىلچىلىك ئاساسى يوق

ئىكەنلىكى كۆڭلۈمگە ئايان ئىدى. بىراق مەن ئۇنىڭ ئۆزىنى قوغداشنى بىلمىگىنىگە غەزەپلىنەتتىم. ئۇنىڭ ئازابلىق، ئايانچلىق ئاۋازى ئاچچىقىمنى پەسەيتىش تۇگۇل ئوت ئۇستىگە ماي چاچقاندەك غەزىپىمنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەنىدى.

مەن ئۆزۈمنى پەس كۆرەتتىم. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن مەن يەنە غەرق مەست بولغۇچە ئىچكەندىن كېيىن ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىدىغان بىرەرنى تېپىش ئۈمىدىدە رىئاندىرو ئارىمو كوچىسىدىكى بىر قاۋاقخانىغا كەلدىم. مەن ئاخىر كۆزۈمگە ھەممىدىن بەك شاللاق كۆرۈنىدىغان بىر ئايالنى تاپتىم، كېيىن ئۇنىڭغا تېتىقسىز چاقچاقلارنى قىلغىنى ئۈچۈن بىر ماتروس بىلەن ئۇرۇشۇپمۇ قالدىم. ھە دېگەندە مۇشتلىشىپ كەتكىنىمىز، باشقىلارنىڭ تاماشا كۆرۈپ بىزنى تېخىمۇ قاتتىق سوقۇشۇشقا دەۋەت قىلغانلىقىدىن باشقا ئىشلار ئانچە ئېسىمدە يوق. كېيىن مەن ئۇ ئايال بىلەن كوچىغا چىقتىم. سوغۇق شامال كاللامنى ئويدانلا سەگىتتى. تاڭ ئېتىشقا يېقىن مەن ئۇنى رەسىمخانامغا باشلاپ كىردىم. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپ رەسىم جازىسىغا قىستۇرۇقلۇق رەسىمنى كۆرۈپلا كۈلۈۋەتتى (مېنىڭ ئۇ رەسىمىم كىچىك كۆزنەكتىكى كۆرۈنۈشتىن باشلاپ ئۆزىدىكى ئادەم ۋە نەرسىلەر ئالەمنىڭ كاتتا ئۆزگىرىشىنى باشتىن كەچۈرگەندەك ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىشكە باشلىغانىدى. بۇ ھەقتە سىلەرگە بىرنېمە دېگەن ـ دېمىگەنلىكىم ئېسىمدە يوق. كېيىن بۇ ئىشلار توغرۇلۇق يەنە سۆزلەيمىز. چۈنكى، ھازىر ئاشۇ ھالقىلىق بىرنەچچە كۈندە بولغان ئىشلارنىلا سۆزلەش ئويۇم بار).

ھېلىقى ئايال كۆلگىنىچە رەسـمگە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، چۈشەندۈرۈش بېرىشىمنى كۈتكەندەك نەزەرىنى ماڭا يۆتكىدى. ئۇ شەرمەندىنىڭ رەسىمىگە قانداق كۆز قاراشتا بولۇشىغا قىلچە پەرۋا قىلمايدىغانلىقىمنى سىلەر پەرەز قىلالايسىلەر. شۇڭا مەن:

— بولدى، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلمايلى، — دېدىم.

كارىۋاتقا چىقتۇق. تۇيۇقسىز بىر قورقۇنچلۇق ئوي كاللامدىن لىپ قىلىپ ئۆتتى: بۇ رومىنىيىلىك ئايالنىڭ چىرايىدىكى ئىپادىلەرنى مەن بىر قېتىم مارىيەنىڭ چىرايىدىمۇ كۆرگەنىدىم.

— جالاپ! — مەن ساراڭلاردەك ۋارقىراپ ئۇنى ئىتتىرىۋەتتىم، — سېپى ئۆزىدىن جالاپ!

ھېلىقى رومىنىيىلىك ئايال يىلاندەك پۈكلىنىپ، بىلىكىمنى قان چىققۇچە چىشلىدى. ئۇ مېنى تىللىدى دەپ چۈشىنىپ قالغانىدى. پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە بولغان كەمسىتىش، قىساس تۇيغۇسى ئىچىدە ئۇنى ئۆيدىن تېپىپ قوغلاپ چىقاردىم، ئاندىن: «كۆزۈمدىن ھازىرلا يىتمىسەڭ، ئىتنىڭ ئورنىدا بوغۇزلاپ تاشلايمەن» دەپ تەھدىت سالدىم. خېلى جىق پۇل بەرگىنىمگە قارىماي ئۇ مېنى بولۇشىچە تىللاپ كېتىپ قالدى.

مەڭدىگەن پېتى خېلى بىرھازاغىچە تۇرۇپ قالدىم. نېمە قىلىشىمنى بىلمەيتتىم، كۆڭلۈمدىكى ئەلەملىرىمنى چىقىرىۋېتىشكە، خىلمۇخىل ئويلىرىمنى رەتكە سېلىشقا رايىم بارمايتتى. خېلى بىر ۋاقىتتىن كېيىن مۇنچىغا كىرىپ ۋاننىنى سوغۇق سۇغا لىق تولدۇردۇم - دە، كىيىمىمنى سېلىپلا ئۆزۈمنى ئاتتىم. گادىرماچ

ئويلىرىمنىڭ باش - ئۇچىنى تۈزەشتۈرۈش ئويى بىلەن ۋاننىدا كاللام پۈتۈنلەي سەگىدىگىچە تۇردۇم. كاللام ئاستا - ئاستا نورمال ھەرىكەتكە قايتقاندىن كېيىن ئەستايىدىل بىر ئويلىنىش قارارىغا كەلدىم. پەممىچە، ھالقىلىق پەيت يېتىپ كەلگەندى. «ئەڭ ئاۋۋال نېمىنى ئويلىغان بولغىيدىم؟» شۇ سوئالنى ئۆزۈمگە قويۇش بىلەن كاللامدا نۇرغۇن سۆزلەر پەيدا بولدى. ئاشۇ سۆزلەردىن رومىنىيىلىك ئايال، مارىيە، پاھىشە ئايال، ھۇزۇرلىنىش، ساختىپەزلىك دېگەنلەر ھەرھالدا ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيتتى ھەم مەلۇم چوڭقۇر داۋلىغا ئىگە ئىدى. ئەشنى مۇشۇ سۆزلەرنى تەھلىل قىلىشتىن باشلىسام بولاتتى. كاللامدىكى شۇ سۆزلەرنى تولىمۇ تەسلىكتە ئېنىق، چۈشىنىشلىك قىلىپ تىزىپ چىقتۇدىم، قورقۇنچلۇق ئەمما ئىشەنچلىك بىر ئوي پەيدا بولدى: ھېلىقى بۇزۇق ئايالنىڭ چىرايىدىكى ئىپادىلەر مارىيەنىڭ چىرايىدا بار؛ بۇزۇق ئايال يالغان ھۇزۇرلانغان بولۇۋالىدۇ، مارىيەمۇ شۇنداق قىلىدۇ؛ دېمەك، مارىيە — بۇزۇق ئايال.

— جالاپ! جالاپ! جالاپ! — مەن ۋارقىرىغىنىمچە ۋاننىدىن چىقتىم.

كاللامدا كەيپىم ئەڭ ياخشى چاغدىلا ئەكس ئېتىدىغان شەپقەتسىزلىك ئويى قايتا پەيدا بولدى. ئويۇننى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرۇش، ئۇنىڭ ئازابلىق ئاۋازى ۋە ساختا چىراي ئىپادىسىگە ئەمدى ئالدىنىپ يۈرۈۋەرمەسلىك كېرەكلىكىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇۋالدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم مەنتىقىلىق پىكىر يۈرگۈزۈپ، مارىيەنىڭ ئاغزىدىن

چىققان شۇبھىلىك گەپلەر، بارلىق چىراي ئىپادىسى ۋە مۇلايىم ھالەتتە جىمىغۇر بولۇۋالغان چاغلىرىنى باشتىن ـ ئاخىر رەتكە تۇرغۇزۇپ چىقىشىم كېرەك ئىدى.

قاباھەتلىك چۈشتىكى خىيالىي تۇيغۇغا ئوخشايدىغان بۇ ئويلار چاقماق تېزلىكىدە كاللامدىن ئۆتتى. كىيىملىرىمنى تېز ـ تېز كىيىۋېتىپ بارلىق چىگىش تۈگۈنلەرنى خىيالىمدىن بىر قېتىم ئۆتكۈزۈپ چىقتىم: تۇنجى قېتىم تېلېفوندا سۆزلەشكەن چېغىمىزدا مارىيە ئۇن ـ تىنسىز تۇرۇۋالغانىدى. بۇ ئۇنىڭ تولىمۇ ئۇستاتلىقىنى، ئۇزۇن مەشىق قىلغان ساختىپەز ئايال ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى؛ مارىيەنىڭ ئەستەرلىك گەپلىرىدىن ئۇنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن كۆرۈنمەس سايىلەرنىڭ بارلىقى مەلۇم بولۇشى؛ مارىيەنىڭ «ماڭا بەختسىزلىك ئېلىپ كېلىشى» تىن ئەنسىرىشى؛ بۇ ئۇنىڭ «مەن بىر ـ بىرىگە زىت، يالغان گەپلەرنى قىلىش ئارقىلىق ۋە ھېسسىيات ـ سېزىملىرىمنى نىقابلاپ سىزگە بەختسىزلىك ئېلىپ كېلىمەن» دېگىنىدىن دېرەك بېرەتتى. چۈنكى، يۇرتىمدە ماڭا نىسبەتەن ھەقىقىي مۇھەببەت بولسا، مارىيە مېنى ھەرگىز بەختسىزلىككە دۇچار قىلمىغان بولاتتى. خىيالىمدىن يۇقىرىقى چىگىش ئويلار بىلەن يەنە خادا تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ سەرەڭگە چاققاندىكى ئازابلىق كۆرۈنۈش، مارىيەنىڭ ئەڭ دەسلەپتە سۆيۈشۈمدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى، مېنى ئۆچ كۆرىدىغان ـ كۆرمەيدىغانلىقى، چىن دىلىدىن سۆيىدىغان ـ سۆيمەيدىغانلىقىنى دېيىشكە مەجبۇر قىلغان چېغىمدىلا ھېلىقىدەك ئىشنى قىلىشقا قوشۇلغانلىقلىرى ئۆتتى.

ئەلۋەتتە، بۇ ھال مېنى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندە ئۇنىڭ زىيادە ھوزۇرلىنىپ كېتىشىدىن، دېگەن گەپلىرىدىن، كىشىنى ئۆزىگە رام قىلىدىغان ئىپادىلىرىدىن گۇمانلاندۇراتتى. ئۇنىڭ ئېرىگە بولغان مۇھەببىتى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرى كىشىنى «بۇ ئايال ھېسسىياتىنى نىقابلاپ ئادەم ئالداشقا بەك ئۇستىكەن» دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ساپلا قۇرۇق سۆلەت بەگزادىلەر ۋە ساختىپەزلەر ئىدى.

## 33

بۇ ئېنىق، ئەمما ئۇششاق ـ چۈششەك ئەسلىمىلىرىمىنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن ھۆكۈملەر پەقەت قىياستىنلا ئىبارەت ئىدى. ئۆزۈمنىڭ خاتا ھۆكۈم چىقارمايدىغانلىقىمغا ئىشەنسەممۇ، ئەمما بۇنى ئېغىزدىن چىقىرىشقا پېتىنالمايتتىم. تۇيۇقسىز مەن بۇگۈنگە قەدەر مۇھىم بىر تەكشۈرۈش ئۇسۇلىغا — باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ بېقىشقا سەل قاراپ كەلگەنلىكىمنى سەزدىم ۋە تولىمۇ سەگەكلىك ھەم كۆرەڭلىك بىلەن شۇ ئۇسۇل ھەققىدە تۇنجى قېتىم ئويغا چۆمدۇم. ئاخىر ئېسىمگە ۋېنتىرنىڭ يېقىن دوستى رادىگېر كەلدى. ئۇمۇ بىر تېتىقسىز ئادەم ئىدى، ئۆزى ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى بارلىق ھەرىكەتنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر شېئىرلار توپلىمى يازغان بولۇپ، ئۆزىگە دۆلەتلىك مۇكاپات تارقىتىلمىغانلىقتىن ھازىرغىچە

www.uyghurkitap.com

ئاغرىنىپ يۈرەتتى. ئىچىمدە بۇ ئادەمگە ئۆچ بولساممۇ، قىلچە ئىككىلەنمەي تېلېفون بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن دېيىشىدىغان مۇھىم ئىشىمنىڭ چىقىپ قالغانلىقىنى ئېيتتىم. ئۇنىڭ بىلەن ئۆيىدە كۆرۈشتۇق. ئاۋۋال ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ماختاپ بىرھازا كۆككە كۆتۈردۇم، ئاندىن (ئۇ ئۆزى ھەققىدە كۆپرەك سۆزلىشىمنى ئۈمىد قىلغىنى ئۈچۈن بۇ گەپلىرىمگە پەقەتلا خۇش بولمىدى.) ئۇنىڭغا ئۆزۈم ئويلىغان سوئالنى قويدۇم. رادىگىر چۆچۈپ كەتتى:

— مارىيەنىڭ ۋېنتىرنىڭ ئاشنىسى بولغىنىغا قانچىلىك بوپتۇ؟

كىچىككىمدە ئانام بىزدىن ھەرگىز: «ئالما يېدىڭلارمۇ؟» دېگەن سوئالنى سورىمايتتى، چۈنكى ئۇنداق دېسە بىز «يېمىدۇق» دەپ تېنىۋالاتتۇق. شۇڭا ئۇ «نەچچە ئالما يېدىڭلار؟» دېگەن ۋاستىلىك سوئال قويۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئالما يېگەن - يېمىگەنلىكىمىزنى بىلىۋالاتتى. بىز بولساق «نەچچە» دېگەن سوئال ئالمىشىغا ئالدىنىپ، ئالما يېگىنىمىزنى دەپ سالاتتۇق.

رادىگىر شۆھرەتپەرەس بولغىنى بىلەن ھاماقەت ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇ سوئالىمنىڭ تېگىدە باشقىچە مەنە بارلىقىغا گۇمانلاندى ۋە ئۇدۇلمۇئۇدۇل جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى تارتىپ:

— مەن بۇ ھەقتە ھېچنېمىنى بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى.

ئۇ يەنە شېئىرلار توپلىمى ۋە ئەدەبىيات مۇكاپاتى توغرۇلۇق گەپ ساتقىلى تۇردى. مەنمۇ چەكسىز بىزارلىق

تۇيغۇسى ئىچىدە گېپىگە يارىشا:
— ئۇلار كىتابىڭىزغا ئادالەتسىز مۇئامىلە قىپتۇ! — دەپ قويدۇم.
مەن رادىگېرنىڭ ئۆيىدىن ئالدىراپ چىقتىم. ئۇ ئەخمەق بولمىغىنى بىلەن ئۆز گېپىنىڭ مەسلىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بەرگىنىنى سەزمەيتتى.
چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ بولغانىدى. «مارىيە بۇ چاغقا كەلگەندۇ» دېگەن ئوي بىلەن رەسىمخانامغىمۇ قايتماي بىر قەھۋەخانىدا ئۇنىڭغا تېلېفون بەردىم ۋە مارىيە تۇرۇپكىنى ئېلىشىغىلا:
— مەن سىز بىلەن هازىرلا كۆرۈشۈشۈم كېرەك، — دېدىم.
ئۇنىڭ گۇمانلىنىپ ئۇچرىشىشقا چىقماسلىقىدىن ئەنسىرەپ قەلبىمدىكى قىساس تۇيغۇسىنى يوشۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. بىز سائەت بەشتە رىكېلتا كوچىسىدىكى كونا جايدا كۆرۈشىدىغان بولۇپ كېلىشتۇق.
— بىراق مەن ئۇچرىشىپ نېمە پايدا تاپىدىغانلىقىمىزنى هېچ بىلمىدىم، — دېدى مارىيە هەسرەتلىك ئاهاڭدا.
— نۇرغۇن پايدا تاپىمىز، — دېدىم مەن، — نۇرغۇن پايدا.
— سىز مۇشۇنداق قارامسىز؟ — ئۇ ئۈمىدسىزلىك بىلەن سورىدى.
— ئەلۋەتتە!
— ئەمما مېنىڭچە بىز قەلب يارىمىزنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىۋېتىشىمىز، ئارىمىزدىكى ئانچە مۇستەهكەم بولمىغان مۇناسىۋەت كۆۋرۈكىنى بۇزۇۋېتىشىمىز،

ئۆزىمىزنى تېخىمۇ شەپقەتسىزلەرچە ئازابلىشىمىز مۇمكىن. . . ۋېنتىر زورلاپ تۇرۇۋالغاچقا، بۇ قېتىم بۇئېنوس ئايرېسقا كېلىشكە مەجبۇر بولدۇم. ئەسلىي قورۇقتا قالسام توغرا بولاتتى. ۋېنتىر ئاغرىپ قالغانىدى.

«يەنە يالغان سۆزلەۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدىم مەن.

— رەھمەت، — دېدىم مەن سوغۇقلا، — گېپىمىز گەپ. بەشتە كۆرۈشىمىز.

مارىيە ئىلاجسىزلىق ئىچىدە ئۇھ تارتتى.

## 34

مەن سائەت بەش بولماستىلا رىكېلتا كوچىسىغا كېلىپ بىز دائىم ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇم. ئەسلىدىنلا تازا ياخشى بولماي تۇرغان كەيپىياتىم مۇھەببىتىمىزنىڭ شاھىدى بولغان دەل - دەرەخلەرنى، كىچىك كوچىلارنى، ئورۇندۇقلارنى كۆرۈش بىلەن تېخىمۇ ئوساللاشتى. مەن رىكېلتا كوچىسىدىكى مەركىزىي باغچە ۋە فرانسىيە مەيدانىدا ئۆتكۈزگەن چاغلىرىمىزنى چەكسىز ھەسرەت ئىچىدە ئەسلەپ چىقتىم. تولىمۇ يىراقتا قالغاندەك بىلىنىدىغان ئۇ چاغلاردا، مەن مۇھەببىتىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك بولىدىغانلىقىغا بەكلا ئىشىنىپ كەتكەن، ھەممە نەرسە كۆزۈمگە مۆجىزە كەبى رەڭدار كۆرۈنگەنىدى. ئەمدى بولسا بۇ چۆل، ئەقىلسىز دۇنيادا ھەممە نەرسە كۆزۈمگە قاراڭغۇ ۋە قىرۇۋدەك سوغۇق كۆرۈنۈۋاتاتتى.

ھايال ئۆتمەي مەن يەنە ئۇمىد شامى ئۆچەي دەپ

قالغان مۇھەببىتىمىزنىڭ گۇمران بولۇشىدىن، ئۆزۈمنىڭ پۈتۈنلەي تەنها قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ ئىككىلىنىپمۇ قالدىم. «باشنى ئاغرىتىدىغان بۇ چىگىش تۈگۈنلەردىن قۇتۇلغىلىمۇ بولار» دەپ ئويلىدىم. ئارىمىزدا ھېسسىياتلا بولسا، مارىيەنىڭ باشقا ئىشلىرىنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى؟ مەن ئالدىمدىكى دەرەخ ۋە ئورۇندۇقلارغا قاراۋېتىپ: «بىزنىڭ شېرىن مۇھەببەتلەشكەن، ھېسسىيات ئالماشتۇرغان ۋاقتىمىز ئەسلىدىنلا شۇنداق قىسقا. مارىيەنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالسام، ئۇ ئازابقا مەن قانداق چىدارمەن؟» دەپ ئويلىدىم. شۇنداق ئويلىغانسېرى كۆڭلۈم ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىشقا مايىل بولاتتى، ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم قېلىشتىن ئەنسىرەيتتىم. ئاشۇ قورقۇنچ ئىچىدە كۆڭلۈمدە ئاستا ـ ئاستا «چىشىمنى چىڭ چىشلەپ يول قويۇش» ئويى پەيدا بولدى. كىشى ھېچقانداق تاللاش يولى قالمىغاندىلا مۇشۇنداق ئويغا كېلەتتى. ئاخىر مەن ئۆزۈمنىڭ ھېچنېمىدىن مەھرۇم قالمىغانلىقىمنى، ھازىردىن باشلاپ يېڭىچە بىر تۇرمۇشنى باشلاشقا يەنە مۇمكىن بولسا، خۇشلۇقۇمنى باسالماي قالىدىغانلىقىمنى سەزدىم.

قاملاشمىغىنى، مارىيە مېنى يەنە بىر قېتىم ئالداپ قويدى. سائەت بەش يېرىم بولغاندا مەن رەللە بولۇپ ئۇنىڭغا تېلېفون بەردىم. تېلېفون ئالغۇچى مارىيەنىڭ ئۇشتۇمتۇت قورۇققا كېتىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئاچچىقىمنى باسالماي ئۇ خىزمەتكار ئايالغا ۋارقىراپ تاشلىدىم:

— بىراق، بىز بەشتە كۆرۈشۈشكە كېلىشكەن

تۇرساق!

— مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن، ئەپەندى،— ئۇ ئازراق ھەيرانلىق بىلەن جاۋاب بەردى،— خانىم بىر سائەت ئىلگىرى ماشىنىسىنى ھەيدەپ كەتكەن. ئاز دېگەندە بىر ھەپتە تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

ئاز دېگەندە بىر ھەپتە! ماڭا ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ كەتكەندەك، ھەممە نەرسە ئەھمىيىتىنى يوقاتقاندەك، ھەممە نەرسە ئىشەنچسىزدەك تۇيۇلدى. قەھۋەخانىدىن ئۇچقاندەك چىقتىم. كوچا چىرىغى، يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەر... ئىشقىلىپ نۇرغۇن نەرسە كۆزۈمگە مەنىسىزدەك كۆرۈنەتتى. بۇ مارىيەگە شۇنچە موھتاج بولغانلىقىمنىڭ، ئۇنى كۆرۈشكە شۇنچىلىك تەشنا ئىكەنلىكىمنىڭ نەتىجىسى ئىدى. مەن چەكسىز ئازاب تۇيغۇسى ئىچىدە: «ئۇ مېنى باغچىغا تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى ۋېنتىر بىلەن ئويناش ئۈچۈن كەتكەن گەپ. گەپ يوق شۇنداق» دەپ ئويلىدىم. شۇنى خىيال قىلىۋېتىپ كاللامدىن پاللىدە بىر ئوي كەچتى. ياق، توغرىسىنى ئېيتسام، ياخشى بىر ئامال تاپتىم. مەن ئەڭ ئاخىرقى بىر قانچە كوچىدىن ئۇچقاندەك ئۆتۈپ رەسىمخانامغا كەلدىم ۋە ئالاندىنىڭ ئۆيىگە يەنە بىر تېلېفون بەردىم. خىزمەتكار ئايالدىن:

— خانىم مېڭىشتىن ئىلگىرى قورۇقتىن تېلېفون كەلگەنمىدى؟ — دەپ سورىدىم.

— ھەئە،— ئۇ سەل ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى.

— ۋېنتىر ئەپەندى تېلېفون بېرىپتىكەنمۇ؟

ئۇ يەنە ئىككىلىنىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ ئىككى قېتىم ئىككىلەنگىنىگە دىققەت قىلدىم.

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ئاخىر.

ئازاب تۇيغۇسى ۋۇجۇدۇمنى چىرماشقا باشلىدى. پەرىزىم توغرا چىققانىدى! چەكسىز بىسەرەمجانلىق ۋە سوغۇق ئىپتىخارلىق ھېسسىياتى كۆڭلۈمگە كىرىۋالدى. مەن ئۆزۈمنىڭ خاتا قىلمىغىنىم ئۈچۈن ئىپتىخارلىناتتىم.

ماپوللىنى ئىسمىگە ئالدىم ۋە يۇگۇرگەن پېتى ئاشخانىغا كىرىپ پىچاقتىن بىرنى ئېلىپ رەسىمخانامغا قايتىپ چىقتىم. خۇئان بابىلو كاستېر سىزغان بۇ رەسىملەرنىڭ ئەمدى نىمە ئەھمىيىتى قالدى؟ مېنى بىناكارلارنىڭ ئورنىدا كۆرىدىغان ئاشۇ ھاماقەتلەر ئەمدى كۆرەڭلىگۈدەك ئاساس تاپتى! خۇددى بىر ئادەم ئۆزىنىڭ تۇغما تەبىئىتىنى ئۆزگەرتىشكە قادىردەك! ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەن پۇتكۇزگەن بۇ بىنانىڭ ئاستىدا، كىشىنى ئويغا سالىدىغان بىر يېرىدە پارتلاش ئالدىدا تۇرغان بىر يانار تاغنىڭ بارلىقىغا كىم دىققەت قىلغان! ئەمدى ئۇلار ئەرەختەن - پەرەختەن بولۇپ كەتكەن بۇ تۇۋرۇكلەرنى، چېقىلغان ھەيكەللەرنى، ئىس چىققان خارابىلەرنى، دوزاخ شوتىسىدەك پەلەمپەيلەرنى كۆرۈشكە يېتەرلىك ۋاقىت چىقىرالايدىغان بولدى! بۇ نەرسىلەر بەئەينى قاباھەتلىك چۈشتىكى تاشقا ئايلانغان جىسىملار مۇزىيى ياكى ئۈمىدسىزلىك ۋە نومۇس مۇزېيلىرىدىكى بۇيۇملارغا ئوخشايدۇ. ئەمما، بىر نەرسە يوقالغان، گۇمران بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئىز قالمايدۇ، مەن ئۇنى ئاۋۋال كۆردۈم، كېيىمغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك

ئازابلاندىم. ئەمما، قىلچە دىلغۇل بولماي ياشلىق كۆزلىرىمدە ئاشۇ ساھىلنى، يىراقتا تۇرغان ھىلىقى ئايالنى، تەخىرسىز كۈتۈشنىڭ قانداق بولۇپ پارچىلانغانلىقىنى كۆردۈم. رەسىم سىزىدىغان لاتىلارنى دەسسەپ، يىرتىپ پارچە - پارچە قىلىۋەتتىم. ئاشۇ تۈگىمەس كۈتۈشلەر ئەمدى يەنە جاۋابقا ئېرىشىشنى ئويلىماسلىقى كېرەك! ئەمدى ئېنىقمۇ چۈشەندىم، بۇ خىل كۈتۈش ئۆزىنى قۇرۇق ئۈپرىتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس!

يۈگۈرگەن پېتى ماپوللىنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئەمما ئۇنى تاپالمىدىم. ئۇنى «بىياق كىتابخانىسىدا بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئاڭلاپ كىتابخانىغا باردىم. ھەرنىمە بولسا ئۇنى تاپتىم. ئۇنى بىلىكىدىن تۇتقىنىمچە بىر ياققا تارتىپ ماشىنىسىنى ئىشلىتىدىغان بولۇپ قالغىنىمنى ئېيتتىم. ئۇ ماڭا تەئەججۇپ ئىچىدە قاراپ: «بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولدىمۇ؟» دەپ سورىدى. قىلچە ئىدىيە تەييارلىقىم بولمىغاچقا، «دادامنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قاپتۇ، بۈگۈن پويىز يوقكەن» دەپ ئۇنى ئالدىدىم ۋە ئۇنىڭ ئاپىرىپ قويۇش ھەققىدىكى تەكلىپىنى رەت قىلدىم. ئۇ ماڭا يەنە بىر قېتىم ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ قويدى. ئەمما، ھەرھالدا ماشىنىنىڭ ئاچقۇچىنى قولۇمغا بەردى.

## 35

سائەت ئالتە بولغانىدى. چامامچە ماپوللىنىڭ ماشىنىسىدا قورۇققا سائەت ئونلاردا بارالايتتىم. «دەل ۋاقتى» دەپ ئويلىدىم مەن ۋە كومۇش دېڭىز شەھىرى

يولغا چىقىپلا ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى بىر يۈز ئوتتۇز كىلومېتىرغا چىقىرىۋەتتىم. كاللامدا بىر خىل غەلىتە ئوي پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئەمدى ئويلاپ باقسام، بۇنىڭغا مارىيەگە كونكرېت تەدبىر قوللىنىش قارارىغا كەلگەنلىكىم سەۋەبچى بولغانىكەن. مارىيە ئىلگىرى ئەينەك تامنىڭ كەينىدە تۇرغان ئادەمگە ئوخشايتتى. مەن ئۇنى كۆرەلەيتتىم، ئەمما ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايتتىم، ئۆزىنى چۈشەنمەيتتىم. بىز ئىلگىرى مانا مۇشۇنداق ئەينەك تامنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئايرىلىپ تۇرۇپ كۈتۈش ۋە ھەسرەت ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزەتتۇق.

كاللامدا پەيدا بولغان غەلىتە تۇيغۇلار ئىچىدە پىغان، نەپرەت ۋە مۇھەببەت تۇيغۇلىرى دەممۇدەم ئالمىشاتتى. مارىيەنىڭ ئاغرىپ قالدىم دەپ يالغان ئېيتىشى كۆڭلۈمگە قاتتىق كەلگەنىدى. ئىككىنچى قېتىم ئاللاندلارنىڭ ئۆيىگە تېلېفون بەرگەندىن كېيىن پەرىزىمنىڭ توغرا چىقىشى ئەمدى مېنى تولىمۇ ئازابلىماقتا ئىدى. ئۇ — مارىيە مەسخىرىلىك كۈلەلەيدۇ، ۋېنتىر دېگەن نومۇسنى بىلمەيدىغان سۆلەتۋاز ئەبلەخقە، ھېلىقى كۆرەڭ، ساختا شائىرغا تىز پۈكىدۇ! مەن ئۇنى قانچىلىك پەس كۆرىمەن - ھە! مەن مارىيەنىڭ ئىككى يۈزلىمچىلىكىنى ئويلاۋېتىپ، ئەڭ ئاخىرقى قارارىمدىن ئازابلىق بىر قانائەتنى تاپتىم. بىر تەرەپتىن مەن ئۆزۈمنى، ھېلىقى كۈنى چۈشتىن كېيىن بەرگەن ۋەدەمنى ئويلايتتىم. مەن ئۇ يەرگە نېمىشقا باردىم؟ توغرا! كۆڭۈلسىز ئازابلىق ئىشلار ئۈستىدە سۆزلىشىش، مارىيەنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئىمكانقەدەر ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن! ئەينەك تامدىن

بۆسۈپ ئۆتۈپ قارشى تەرەپكە يېقىنلىشىش، ئۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن! بۇ خىيالىي چۈشنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن! مەن يەنە بىر تەرەپتىن ۋىنتېرنى ئويلايتتىم. ئۇ بىر تېلېفون بەرسىلا، مارىيە ھېچنېمىگە قارىماي بېرىپ ئۇنىڭ كارىۋىتىغا ئۆزىنى ئاتىدىكەن. بۇ نېمىدېگەن يىرگىنىشلىك، نومۇسسىز ئىشلار ـ ھە!

ئۇندىن چارەك ئۆتكەندە قورۇققا يېتىپ باردىم. ئۇلارنىڭ ماشىنا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ماشىنىنى چوڭ يولدىلا توختىتىپ پىيادە ماڭدىم. ھاۋا چىدىغۇسىز دەرىجىدە دىمىق ئىدى. دېڭىزنىڭ ئېغىر ھالسىرىشىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. تال ـ تال ئاي نۇرلىرى تۇرۇپ ـ تۇرۇپ بۇلۇتلار قاتلىمىنى يېرىپ ئۆتۈپ زېمىنغا سېپىلەتتى. مەن ئىككى تەرىپى ئورمان بىلەن قاپلانغان يولدا ئوڭۇشلۇق كېتىۋەردىم. ھەيۋەتلىك بىناغا يېقىن بارغاندا، مەن ئاستىنقى قەۋەتتىكى چىراغلارنىڭ يېنىق تۇرغانلىقىنى كۆردۈم ۋە «ئۇلار تېخى تاماقخانىدا بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم.

ھاۋانىڭ بۇگۈنكىدەك چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئىسسىپ كېتىشى ياز جۇدۇنىنىڭ بېشارىتى ئىدى. ئۇلار تاماقتىن كېيىن چوقۇم سىرتقا چىقاتتى. مەن گۈللۈكنىڭ ئەپچىل بىر يېرىگە كېلىپ يوشۇرۇندۇم. ئۇ يەردىن پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقانلارنى كۆرگىلى بولاتتى.

## 36

كۈتۈۋېرىپ تاقىتىم تاق بولماقتا ئىدى. سائىتىمنىڭ

قانچە بولغىنىنى بىلمەيتتىم. پۈتۈن دۇنيادىكى سائەتلەردە كۆرسىتىلىپ تۇرغان ۋاقىت بىزنىڭ ھېسسىياتىمىز ۋە تەقدىرىمىزگە، مۇھەببەت ئىشىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىز ياكى مەغلۇپ بولۇشىمىزغا باقمايدۇ، ئۆلۈمنى كۈتۈشنىڭ تولىمۇ ئازابلىق بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئەمما مېنىڭ سائىتىمدە ۋاقىت ماڭدامدا بىر توسالغۇغا، تەكرارلىنىشقا دۇچ كېلىدۇ؛ گاھىدا كۆۋەجەپ تۇرغان چەكسىز دەريادەك چاپچىپ ئالدىغا تاشلانسا، گاھىدا تىنچ ئېقىۋاتقان پايانسىز دېڭىزدەك جىمىپ قالىدۇ. مارىيە ئىككىمىز دېڭىز بويىدا بىر - بىرىمىزگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل قارىشىپ تۇرىمىز. گاھىدا ۋاقىت قايتىدىن چەكسىز دەرياغا ئايلىنىپ، بىزنى چوڭ كۆرۈۋاتقاندەك بىر ھالەتتە بالىلىقىمىزغا باشلاپ كېتىدۇ. مەن مارىيەنىڭ ئاتقا مىنىپ ئۇچقاندەك ئالغا تاشلانغانلىقىنى، چاچلىرى شامالدا يەلپۈنۈپ كۆز ياشلىرىنىڭ يامغۇردەك قۇيۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن؛ ئۆزۈمنى بولسا جەنۇبتىكى يۇرتۇمدا بالىنېتسىغا سولىنىپ مەڭزىمنى دېرىزە ئەينىكىگە تىرىگەن، ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىمنى خىرۇستالدەك ئاپئاق قارغا تىككەن ھالەتتە كۆرىمەن. بىز ئىلگىرى يانداش كەتكەن تار كوچىلاردا ياكى يەر ئاستى يولىدا ياشىغان، ئەمما بىرلا ۋاقىتتا مىجەزى كېلىشىدىغان ئىككى يۈرەكنىڭ بىر - بىرىگە تەلپۈنگىنىگە ئوخشاش بىر - بىرىمىزگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىمىزنى، ئاخىردا يەر ئاستى يولىدىكى بىر پارچە رەسىم ئالدىدا ئۇچرىشىشىمىزنىڭ قىسمەتكە پۈتۈلۈپ كەتكىنىنى بىلمىگەنىكەنمىز. مەن سىزغان ئۇ رەسىم بېشارەت سۈپىتىدە مارىيەگە مېنىڭ يەر ئاستى يولىغا

كەلگەنلىكىمنى، يەر ئاستى يولىنىڭ ئاخىر تۈتاشقانلىقىنى، ئۇچرىشىدىغان پەيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى.

ئۇچرىشىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى! لېكىن، يەر ئاستى يولى راستتىنلا تۇتاشتىمۇ؟ قەلبلىرىمىز تۇتاشتىمۇ؟ مېنىڭ بۇ ئويلىرىم نېمىدېگەن ئەخمىقانە ئويلار - ھە! ياق، يەر ئاستى يولى ھېلىھەم بىر - بىرىگە ياندىشىپ كەتكەن. ئىككى يەر ئاستى يولىنى ئايرىپ تۇرغىنى ئەينەك تامدەك قىلىسىمۇ، مەن مارىيەنى ئۆزىنى تۇتقىلى، ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولمايدىغان سايىگە ئوخشاش كۆرەلەيمەن... ياق، بۇ تام ھەمىشە ئەينەك پېتى تۇرىۋەرمەيدۇ، گاھىدا قارا تاش تامغىمۇ ئايلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بىلەن مەن تامنىڭ ئۇ تەرىپىدە نېمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى، مارىيەنىڭ قانداق بولۇپ كەتكىنىنى، قانداق غەلىتە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگىنىنى بىلمەي قالىمەن. ھەتتا بۇ ۋاقىتتا ئۇنى بىر تال يالغان چىش چىرايىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، ئۆزى باشقا بىر ئەر بىلەن كۈلكە - چاقچاق قىلىشىپ تۇرغان ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلىمەن. شۇنىسى كۆڭۈلگە ئايانكى، يەر ئاستى يولىدىكى جىمى نەرسە مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇم بويىچە تولىمۇ كۈلكىلىك قوراشتۇرۇلغان. پەقەت بىر قاراڭغۇ، غېرىبانە يەر ئاستى يولى — مەن تۇرىدىغان يەر ئاستى يولىلا ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. مېنىڭ بالىلىقىم، ياشلىقىم ۋە پۈتكۈل ئۆمرۈم ئاشۇ يەر ئاستى يولىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. مەن تاش تامنىڭ يوچۇقىدىن بۇ قىزنى كۆردۈم ۋە ساددىلىق بىلەن «ئۇ باشقا بىر يەر ئاستى يولىدىن مەن تۇرغان يەر ئاستى يولىغا كېلىۋېتىپتۇ» دەپ

ئويلىدىم. ئەمەلىيەتتە ئۇ قىز كەڭ بىر دۇنياغا، يەر ئاستى يولىدا ياشىمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئىلكىدىكى چېكى يوق دۇنياغا مەنسۇپ ئىدى؛ ئۆزى قىزنىڭ تۇيەيلىدىنلا مەن تۇرغان يەر ئاستى يولىنىڭ ئاجايىپ دېرىزىسىگە يېقىنلىشىپ مېنىڭ قۇتۇلۇش مۇمكىن بولمىغان غېرىبلىق ھالىتىمنى كۆزىتىپ باققاندەك، ياكى بولمىسا رەسىممىدىكى ئاشۇ ھالقىلىق جاي ئۇنىسىز تىلى بىلەن ئۇنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغاندەك قىلاتتى. شۇڭا مەن يەر ئاستى يولىنى بويلاپ توختىماي ئىلگىرىلەۋاتقان پەيتتە، ئۇ سىرتتا نورمال تۇرمۇشنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. بۇ تۇرمۇش تېتىقسىزلىك، بىمەنىلىك بىلەن تولغان، تانسا، زىياپەت، خۇشاللىق ۋە ھەسرەت ئىچىدە داۋالغۇپ تۇرغان تۇرمۇش ئىدى. يەر ئاستى يولىنىڭ مەلۇم بىر دېرىزىسىدىن ئۆتكەن گاھى چاغلىرىمدا، ئۇ مېنى ئۇن - تىنسىز ھەم سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتەتتى. (نېمىشقا مېنى كۈتىدۇ؟ نېمىشقا جىم تۇرۇۋالىدۇ؟ نېمىشقا سەۋرسىزلىنىدۇ؟) بىراق، گاھى چاغلاردا مارىيە ۋاقتىدا كېلەلمەيمۇ قالاتتى ياكى يەر ئاستى يولىغا سولىنىپ تۇرغان مەن بىچارىنى ئۇنتۇپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا مەن ئەينەككە يۈزۈمنى يېقىپ ئۇنىڭ يىراقتا كۈلۈمسىرەپ تۇرغىنىنى ياكى غەم - ئەندىشىسىز ئۇسسۇل ئويناپ يۈرگىنىنى كۆرەتتىم. تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى، گاھىدا ئۇنى پەقەتلا كۆرەلمەي قالاتتىم، ئۇنى يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان بىرەر مۇدھىش جايدا تۇرۇۋاتسا كېرەك، دەپلا تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. بۇنىڭ بىلەن: «ئەبەدىلئەبەت تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىنمۇ بەكرەك غېرىبلىق ئىچىدە ياشاش پېشانەمگە پۈتۈلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ» دېگەن يەرگە كېلەتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 37

شۇنداق قىلىپ كاللامدا پايانسىز دېڭىز ۋە يەر ئاستى يولىنى دەۋر قىلغان خىياللىرىم خېلى ئۇزۇن ھۆكۈم سۈردى. ئاخىر ئۇلار پەلەمپەيدىن چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى قولتۇقلىۋالغانلىقىنى كۆرگەن چېغىمدا، يۈرىكىم لەپپەڭلەپ كەتتى، قاتتى، بىر پارچە مۇزغا ئايلانغاندەك بولۇپ قالدى.

ئۇلار بىكار تەلەپ ئادەملەردەك پەلەمپەيدىن شۇنچە ئاستا قەدەملەر بىلەن چۈشۈپ كەلدى. «دېمىسىمۇ ئۇلارنىڭ نېمە جىددىي ئىشى بولسۇن؟» دەپ ئويلىدىم ئازاب ئىچىدە مەن. مارىيە مېنىڭ ئۆزىگە قانچىلىك موھتاج ئىكەنلىكىمنى، چۈشتىن كېيىن ئۇنى ساقلىغانلىقىمنى، كۈتۈپ بىكار ئاۋارە بولغان ھەربىر مىنۇتتا قانچىلىك تىت - تىت بولغىنىمنى بىلەتتى؛ ئۆزى خىيالىي ئويناپ يۈرگەندە مېنىڭ بىشىمنىڭ قېتىقى چىققۇدەك ئويلىنىپ دوزاخ ئازابىنى تارتىدىغانلىقىمنىمۇ بىلەتتى. روھى تولىمۇ زەئىپ بۇ ئايالنىڭ ۋۇجۇدىغا ياۋايى ھايۋانلاردىلا بولىدىغان تاش يۈرەكلىك، شەپقەتسىزلىك، پەسكەشلىك ئورناپ كەتكەنىكەن ئەمەسمۇ! مارىيە ئۇشتۇمتۇت ياسالما بىر ھالەتتە ئاسمانغا قاراپ تۇردى ۋە ۋېنتىرنىڭ بىلىكىدىن (ئاشۇ نومۇسسىز ئەبلەخنىڭ بىلىكىدىن) تۇتۇپ گۈللۈكتە ئايلاندى، تېخى ئۇنىڭ بىلەن چىملىققا كىلىپ ئولتۇردى. بولمىسا ئۇ مېنىڭ شۇ تاپتا ئۇنى ساقلىماۋاتقانلىقىمنى، ئۆيىگە تېلېفون بېرىپ ئۇنىڭ قورۇققا كېلىدىغانلىق خەۋىرىنى بىلىپ قالىدىغانلىقىمنى، بىر قاراڭغۇ باياۋانغا

كىرىپ قالغاندەك بولۇپ قالىدىغانلىقىمنى، ئىچىرقاپ كەتكەن قۇرت - قوڭغۇزلارنىڭ ئىچ - باغرىمنى يەپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى.

مارىيە ئەمدى ئۇ بەچچىخەر بىلەن پاراڭغا چۈشتى. ئۇنىڭ بۇ ئادىمىي ھايۋان بىلەن سۆزلەشكۇدەك نىمە گەپلىرى باردۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن قانداق ئۇسۇلدا پاراڭلىشىدىغاندۇ؟

بەلكىم مەن بىر ياۋۇز ئالۋاستىدۇرمەن. بەلكىم ئۇلار مېنى زاڭلىق قىلىۋاتقاندۇ. دىمىسىمۇ مەن دۆتقۇ؟ يەر ئاستى يولىدىكى ھاماقەتمۇ، ئۇ يەرنىڭ مەخپىي ئۇچۇرىنى سىرتقا يەتكۈزۈپ بەرگەن ئادەممۇ ئوخشاشلا مەنغۇ؟

ئۇلار گۈللۈكتە ئاستا قەدەم بىلەن ماڭاتتى. شۇ ئارىدا قاتتىق يامغۇرنىڭ شەپىسى كۆرۈنۈپ قارا بۇلۇتلار بېسىپ كېلىشكە، گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىشقا باشلىدى. تەلۋە شامال قانپاز ئوتلىقىدىن ھۇشقىتىپ كەلدى، يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ئۇلار شۇندىلا نائىلاج بىناغا قاراپ مېڭىشقا باشلىدى. يۈرىكىم ئازاب ئىچىدە تېپچەكلەپ كەتتى. ئۆزۈمنى دەرەخنىڭ دالدىسىغا ئالدىم. ئۆزۈمنى تولىمۇ يىرگىنىشلىك، ئەمما نەچچە قېتىم يېشىشنى ئويلىغان بىر سىرنى ئېچىش ئالدىدا تۇرغاندەك سېزەتتىم.

كۆزۈم ئىككىنچى قەۋەتنىڭ چىرىغىدا ئىدى. ئۇ يەر ھازىرچە قاراڭغۇ ئىدى. ھايال ئۆتمەي ئوتتۇرىدىكى ئۆينىڭ چىرىغى يورۇدى. ئۇ ۋېنتىرنىڭ ئۆيى ئىدى. شۇ چاغقىچە ھەممە ئىش نورمال كېتىۋەردى. ۋېنتىرنىڭ ھۇجرىسى پەلەمپەيگە ئۇدۇل بولغاچقا، چىراغىنىڭ ئۇ ئۆيدە

www.uyghurkitap.com

بالدۇر يورۇشى تەبىئى ئەھۋال ئىدى. ئەمدى ياندىكى يەنە بىر ئۆينىڭ چىرىغى يانسا بولاتتى. مارىيە پەلەمپەيدىن چىقىپ ئۆيى تەرەپكە بۇرۇلغان ئاشۇ مىنۇتلاردا يۈرىكىم ئۆزۈم ئاڭلىغۇدەك دەرىجىدە قاتتىق سوقۇپ كەتتى.

ئەپسۇس، يەنە بىر ئۆينىڭ چىرىغى يانمىدى!

ئاھ خۇدا، شۇ چاغدا قانچە ئىغىر غىرىبلىــــق، غەمكىنلىك تۇيغۇسىنىڭ قەلب خانەمنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى ئىپتىشقا جۈرئەت قىلالمايمەن! ماڭا قاقاس ئارالدىن مىنى قۇتۇلدۇرۇپ كىتەلەيدىغان ئاخىرقى بىر پاراخوت بەرگەن سىگنالىمنى كۆرمەي يىراقتىــــن كىتىــــپ قالغاندەك تۇيۇلدى. بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا قىرىلىق بوسۇغىسىغا قەدەم قويغاندەك بەدىنىم ئاستا ـ ئاستا بوشىشىپ كەتتى.

## 38

مەن شامالدا ئىرغاڭلاپ تۇرغان دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا تۇراتتىم. ئۇستىۋىشىم چىــــپ ـ چىــــپ ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. مەن تىنچسىز پەيتنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ھىس قىلدىم. ئىيقــۋاتقان ياش، چۈشۈۋاتقان يامغۇردا خىرەلەشكەن كۆزلىرىم ئاخىر يەنە بىر ئۆينىڭ چىرىغىنىڭ يانغىنىنى كۆردى.

كىيىنكى ئىشلار قاباھەتلىــــك چۈش كۆرگەندەك ئىسىمدە. مەن چىلەكلەپ يىغىۋاتقان يامغۇردا سالاسۇنى بويلاپ ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقتىــــم، ئاندىن بالكوندا سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ بىر ئىشىكنىــــڭ ئالدىغا كەلدىم. ئىشىكنىڭ تۋۋىنىدىكى يوچۇقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئازغىنا

يورۇقتىن بۇنىڭ مارىيەنىڭ ھۇجرىسى ئىكەنلىكىنى بىلدىم ۋە پىچاقنى قولۇمغا ئېلىپ غالىلداپ تىترىگىنىمچە ئىشىكنى ئىتتىردىم. مارىيە ماڭا كۆزىنى چەكچەيتىپ قاراپ قالدى. مەن ئۇنىڭ كارىۋىتىغا قاراپ ماڭدىم. يېقىن كەلگەن چېغىمدا مارىيە:

— سىز نېمە قىلماقچى، خۇئان بابىلو؟ — دېدى ھەسرەت ئىچىدە.

مەن ئۇنىڭ چاچلىرىنى سول قولۇمدا قامالاپ تۇرۇپ:

— مەن سىنى ئۆلتۈرمەكچى، مارىيە. سەن مېنى تاشلىۋەتتىڭ، — دېدىم.

مەن يىغلاپ تۇرۇپ خەنجەرنى ئۇنىڭ كۆكسىگە سانجىدىم. ئۇنىڭ ئېغىزى بىرھازاغىچە لىپىلداپ كەتتى، كۆزلىرى يۇمۇلدى. قانلىق پىچاقنى مەيدىسىدىن تارتقان چېغىمدا، مارىيە كۆزىنى تەستە ئېچىپ تولىمۇ ئازابلىق، ئېچىنىشلىق بىر نەزەردە ماڭا قارىدى. مەن تۇيۇقسىز كەلگەن ئاچچىقىمغا چىدىماي، ئۇنىڭ كۆكرىكى بىلەن قورسىقىغا توختىماي پىچاق ئۇرىۋەردىم.

ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن، تېزلىك بىلەن ئۆمىلەپ دېگۈدەك پەسكە چۈشتۈم. چاقماق يورۇقىدا مارىيە بىلەن ماڭغان يوللارنى ئىلغا قىلالىدىم.

مەن ماشىنىنى ئۇچقاندەك تېز ھەيدەپ سەھەر سائەت تۆت ـ بەشلەر بىلەن بۇئېنوس ئايرېسقا يېتىپ كەلدىم ۋە بىر قەھۋەخانىدا ئاللاندلارنىڭ ئۆيىگە تېلېفون بەردىم. مەن ئاللاندقا دەرھال كۆرۈشمىسەك بولمايدىغانلىقىنى، بىر مىنۇتمۇ كېچىكمەسلىك كېرەكلىكىنى ئېيتتىم. بوساتا

كوچىسىغا كەلسەم، ھېلىقى پولشالىق خىزمەتكار ئايال مېنى دەرۋازا ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغانىكەن. مەن بەشىنچى قەۋەتكە چىقىپ ئاللاندىنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ لىفت ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم ۋە شۇ زامات قولىدىن سۆرىگىنىمچە ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ كىردىم. ھېلىقى خىزمەتكار ئايالمۇ تاپ باستۇرۇپ كىرىپ كەلدى ۋە ماڭا چۆچۈگىنىچە سەپسىلىشقا باشلىدى. مەن ئۇنى ھەيۋە بىلەن چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئالدىمدىكى قارىغۇ ئادەمگە تۆۋلاپ دېگۈدەك:

— ھازىر قورۇقتىن كېلىشىم. مارىيە ۋېنتىرنىڭ ئاشىنىسىكەن! — دېدىم.

ئاللاندىنىڭ چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك پۇرۇشۇپ كەتتى.

— ھاماقەت خۇمپەر! — ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ غەزەپ بىلەن تۆۋلىدى.

ئۇنىڭ قىلغان گېپىمدىن گۇمانلىنىشى جۇدۇنۇمنى قاتتىق ئۆرلىتىۋەتتى.

— ھاماقەت دېگەن ئۆزۈڭ! مارىيە مېنىڭمۇ ئاشنام ئىدى، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئاشنىسى ئىدى.

مەن دېگەن گېپىمدىن خېلى قانائەتلىنىپ قالدىم. ئۇ تۇرغان جايىدا ھەيكەلدەك قېتىپلا قالغانىدى.

— راست دەۋاتىمەن! — ۋارقىرىدىم ئۇنىڭغا، — ئىلگىرى مەن سىزنى ئالدىغان. لېكىن، مارىيە بىز ھەممىمىزنى ئالدىدى! ئەمدى ئۇ ھېچكىمنى ئالدىيالمايدۇ! چۈشىنىۋاتامسىز؟ ئەمدى ئۇ ھېچكىمنى ئالدىيالمايدۇ!

— خۇمپەر! — ئاللاند ھايۋاندەك چىرقىرىدى، قوللىرىنى كېرىپ ئېتىلىپ كەلدى.



www.uyghurkitap.com

مەن ئۆزۈمنى شارتتىدە دالدىغا ئېلىۋالدىم. ئۇ بىر كىچىك جوزىغا پۈتلىشىپ يىقىلدىيۇ، دەرھال ئۆمىلەپ قوپۇپ ئورۇندۇق ۋە جاھازىلارنىڭ ئارىسىدا دەلدۈگۈنۈپ دېگۈدەك مېنى قوغلاشقا باشلىدى. ئۇ بوغۇق ئاۋازدا: «خۇمپەر!» دېگەن بىرلا سۆزنى تەكرارلايتتى.

مېنى توسۇشقا كەلگەن خىزمەتكارنى ئىتتىرىۋېتىپ پەلەمپەيدىن ئۈچقاندەك چۈشۈپ كەتتىم. قەلبىمنى نەپرەت، كەمسىتىش، ھېسداشلىق تۇيغۇلىرى ئىگىلىۋالغانىدى.

ساقچى مەھكىمىسىگە ئۆزۈمنى مەلۇم قىلغىلى كەلگەندە سائەت ئالتە بولغانىدى.

مەن كامېرنىڭ كىچىككىنە روجىكىدىن يېڭى بىر كۈننىڭ قانداق باشلىنىدىغانلىقىغا قاراپ تۇراتتىم. ئاسماندىكى قارا بۇلۇتلار ئاللىبۇرۇن تارقالغانىدى. ئىچىمدە: «نۇرغۇن ئەر ـ خوتۇنلار شۇ تاپتا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ناشتا قىلىۋاتقاندۇ، گېزىت ئوقۇۋاتقاندۇ ياكى ئىشخانىلىرىغا ئالدىراپ مېڭىشقاندۇ ياكى بولمىسا باللىرىغا سۈت، ئاسلانلىرىغا يېگۈدەك بىر نەرسە بېرىپ تۇنۇگۈن ئاخشام كۆرگەن كىنو توغرۇلۇق پاراڭلىشىۋاتـ قاندۇ» دەپ ئويلىدىم.

ماڭا بەدىنىمدىكى بىر قارا كامار ئاستا ـ ئاستا كېڭىيىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.



كامېردا ياتقان بىرنەچچە ئاي ئىچىدە ئاللاندىنىڭ مېنى

نېمە ئۈچۈن «خۇمپەر!» دەپ تىللىغانلىقىنىڭ سەۋەبى توغرۇلۇق كۆپ قېتىم ئويلاناقچىمۇ بولدۇم. لېكىن، زىيادە ھارغىنلىق، توغرىراقى تۇغما تەبىئىتىم مېنىڭ بۇ ئويۇمنى توسۇپ قويدى. بەلكىم كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقارمەن ھەم شۇ چاغدا ئاللاندىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقى توغرۇلۇق ئوبدان تەھلىل يۈرگۈزەرمەن.

مەن سوراق جەريانىدا ساقچىلارنىڭ رەسىمىمدىكى كىچىك كۆزنەك ھەققىدە ئېيتقانلىرىمنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشىدىن گۇمانلانغانغا ئوخشاشلا دوختۇرلارنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقتا مېنى مەسخىرە قىلىشىدىنمۇ گۇمانلىنىمەن، ئەمما بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق رەسىم سىزىۋېرىمەن.

ئىلگىرى مېنىڭ رەسىمىمنى چۈشىنىدىغان بىرلا ئادەم بار ئىدى. ئەمدى بۇ رەسىملىرىم تېخىمۇ كۆپ ئەخمىقانە قاراشلارنىڭ چىقىشىغا سەۋەبچى بولىدىغان بولدى، ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، بۇ تۈرمىنىڭ ئەتراپىدىكى تاملارمۇ بارغانسېرى شامال ئۆتۈشمەيدىغان مۇستەھكەم تاملارغا ئايلىنىدۇ.

(خەنزۇچە «غەلىتە مۇھەببەت» ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىنغان.)

www.uyghurkitap.com

[General Information]
书名=成吉思汗的白云　维吾尔文
SS号=40296203